مۇھەممەت شاھنىياز

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



بهار چیچیکیدین بر تاثر
نازنین نازلی چیچیک کملر سنگا مفتون ایمس
گر نصیب بولسا جمالنگ کمه وراول مجنون ایمس
قنش بویی قویق بولت آستیده موزلاب بوکوگل
کوییه وریب کوب اورتیدی کوب قالدی سوزلردین بوتل
کیچه من کورگنچ چیچکنی خودی کورشتم یار ایله
یغلیه م بی اختیار عرضمنی ایتم زار ایله
دیدم ای محبوبی شاهی مینی بو عرضمنی آل
لتفی قیل موشکل اشغیلی برنچه کون یانیمدا قال
عرض حالیمنی سنگا باشتین آیاق قلسام بیان
کونگلینگ دریاندا عالم بولغوسی آزمان آیان
ای فریلرنه اوچون سنزلرده یوق بوبر وفا
کوییه وریب مجنون قلیب جانغه قیلورسنزلر جفا
قایتورونگ لتفی جواب عاشق کونگلنی تنده ورونگ
بی وفالیق رسمینی عهدینی امدی سندورونگ
انگلغاچ آقتی چیچگیمننگ کوزیدین یاشلری تار ایم
کوب قشیمانلر بیدیم ایتقان سوزرو نگه من قارام
کوزنی باستی قفقراق اغلوق جهان ظلمات بولوب
اختیارسز کوزلریمدین اقتی قانلیق یاش تولوب
کوریدی اول شاهی چیچیک حالی فریشانم قاراب
سوریدی ای بیچاره مسکین نه اوچون حالنگ خراب
چاقا قاینیاب بوتلم سوزلرگه حالی یوق ایدی
اودلامدا اول چیچیک خودی قزل گل جوغ ایدی

**ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قول يازمىسى**

ماھمۇت زەئىدى تەمىنلىگەن

مۇھەممەت شاھنىياز

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

关于阿布都哈力克的故事/买买提·沙尼牙孜著。乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004.4

ISBN 7 — 228 — 08741 — 0

Ⅰ．关…　Ⅱ．买…　Ⅲ．阿布都哈力克（1901～1933）一生平事迹一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．K825.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 037114 号

责任编辑：艾合买提·伊明

责任校对：组莱哈·艾孜则

绘　　图：伊明·阿斯力

封面设计：艾克拜尔·达吾提

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）

新疆新华书店发行

乌鲁木齐光彩印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本 16 印张 3 插页

2004 年 4 月第 1 版

2004 年 4 月第 1 次印刷

印数：1 — 4000

---

ISBN7 — 228 — 08741 — 0　　　定价：24.00 元



يازغۇچى مۇھەممەت شاھنىياز

# ئاپتوردىن

1981 - يىلى 10 - ئىيۇن ئەتىگەن ئىشقا چۈشۈپ تەھرىر بۆلۈمىگە كىردىم - دە، «تۇرپان» ژۇرنىلىغا كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆرۈشكە باشلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن قولۇمغا چىرايلىق پوچۇركىدا يېزىلغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» سەرلەۋھىلىك بىر گۇرۇپپا شېئىر چىقىپ قالدى. مەن قىزىققان ھالدا بۇ شېئىرلارنى ئىچىمدە بىر قېتىم ئوقۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك بولدۇم. مەن قاتتىق ھاياجانلانغىنىمدىن «باردۇر» ماۋزۇلۇق شېئىرنى ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۈنلۈك ئوقۇپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن. بۇ شېئىر تېمىسىدىن تارتىپ مىسرالىرىغىچە مېنى چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈردى، بەلكى بىر نەچچە كۈنگىچە بارلىق ئوي - پىكرىمنى چۇلغىۋالدى، ھەتتا كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەجەبا بۇنىڭدىن دەل ئاتمىش يىل مۇقەددەم يېزىلغان بۇ شېئىر ئوقۇرمەن قەلبىدە نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا زور زىلزىلە قوزغايدۇ؟ بۇنىڭدىكى سېھرىي كۈچ زادى نەدە؟

مەن شېئىرنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم، ئەسەر يېزىلغان دەۋر شارائىتىنى ئۆگىنىپ سېھرىي كۈچنى تاپتىم. شېئىر مېنى ئويغاتتى. شېئىر ئىلھامى قەلبىمدە شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. بۇ قىزىقىش ئاشۇ تېمىدا بىرەر ئەسەر يېزىش ھەۋىسىمنى ئويغاتتى. قىزغىن ھەۋەس مېنى چوڭقۇر تۈرمۈش قاينىمىغا باشلىدى. گەرچە تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشقا لايىق قابىلىيەت، ماھارەت ۋە تەجرىبە مەندە يېتەرلىك بولمىسىمۇ،

ئۇلۇغۋار غايە، قەتئىي ئىرادە، بولۇپمۇ شائىرغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى مېنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمگە تۈرتكە بولدى. ئاخىر تالانتلىق ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ ئىگىلىگەن ھەقىقىي ۋەقەلەر ئاساسىدا تارىخىي بىئوگرافىك ئوچېركلار — «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر»نى يېزىپ چىقتىم.

بۇ كىتابنى يېزىشتا، شائىرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇرمەنلەرنى شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردىم.

مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ۋاقتىمدا، شائىرنىڭ ئىنىسى ئابدۇساتتار ھاجىم، قېيىنسىڭلىسى تۇردىخان ھاجىم، سىڭلىسى خەلچىخان ھاجىم، نەۋرە ئىنىسى ئابلەق ساتتار ھاجىم، يېقىن دوستى ۋە زامانداشى ئەكبەرخاننىڭ ئوغلى مەخمۇت ئەكبەر، مەخسۇت ئەكبەر، يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئىبراھىم ھەسەن، ياقۇپ ھاجى، ئابدۇللا ئەپەندى ۋە ئابدۇگۇل ئابدۇللا، ئابدۇراخمان باقى، ساۋاقدىشى ئىمىن ھاجى داموللا ۋە ماجۇڭشەن قاتارلىق كىشىلەر ھەمدە شائىر بىلەن بىر مەھەللىلىك نۇجىۋۇللا ھاجى، سادەتخان ئايلا، ئابدۇرېھىم ناۋاي، ئۇمىد قارىيدەك نۇرغۇن پېشقەدەملەر ۋە نۇرىدىن داموللا ھاجىم، ھەمدۇللا (دوتەي)، ئابدۇرېشىت داموللا قاتارلىق زاتلار ماڭا شائىرنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ پۈتكۈل ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن تەسىرلىك، قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار مېنى بۇنىڭدىن سەكسەن - توقسەن يىل بۇرۇنقى كونا زاماننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاينىمىغا باشلاپ كىرىپ، يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمگە يول ئېچىپ بەردى. مەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىزلىرىنى ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان ئانا ماكانى تۇرپاندىن، ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغان پىچان،

توقسۇن، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، چۆچەك ۋە ئۇ تۇنجى قېتىم رۇسىيىگە سەپەر قىلغان چاغدا بېسىپ ئۆتكەن بەخت چېگرا ئېغىزىدىن ئىزدىدىم. ئۆز زامانىسىدا چۆچەكتە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سودا شىركىتى، دۇكان ۋە مال ئىسكىلاتلىرىنىڭ ئورنى بولغان، كېيىن «گۇلەندەھيە مەكتىپى» گە بېرىلگەن، ئازادلىقتىن كېيىن مەلۇم يىللارغا كېلىپ 6 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن بىنا جايلاشقان ئاشۇ قەدىمىي كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم زىيالىيلار، مائارىپچىلار مېنى قىممەتلىك ماتېرىيال، يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى.

مېنىڭ بۇ ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقىشىمنى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا سەدۇللا سەيپۇللايوپ، يۇسۇپ ئەيسا قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز قوللاپ مۇھىم كۆرسەتمە بەردى، مۇھەممەت زەئىدى، ئىبراھىم مۇتىئى، سىراجىدىن زۇپەر قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ھەر جەھەتتىن قوللىدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شائىر مەخمۇت زەئىدى، تەتقىقاتچى، ژۇرنالىست ئىسمايىل تۆمۈرى، تۇرپاندىن لىتىپ سەمىدى، ياقۇپجان ئۆمەرى قاتارلىق شائىر، ئەدىبلەر مېنى مول تارىخىي ماتېرىياللار، تارىخىي پاكىتلار، مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئوقۇغۇچىسى مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم مۇھەممەت زەئىدى ھەمدە تەتقىقاتچى ئىسمايىل تۆمۈرى 1988 - يىلى 9 - ئايدا بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى كۆرۈپ چىقىپ قىممەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى.

مەن يۇقىرىدا ئىسمى شەرىپى زىكرى قىلىنغان رەھبەرلەر، ئۇستازلار ۋە بارلىق يولداشلارغا، ئاكىلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە ھېكايىلەر» شائىر توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي ياردىمىگە موھتاجمەن.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1

شەمەينىڭ سوۋغىتى ........................ 8

پىرچەڭگى بولىمەن ........................ 14

ئالىم بولىدىغان بالا ........................ 21

قىسقارغان ئۇزۇن تۈنلەر ........................ 27

تۈننى يورۇتقان مەشئەل ........................ 32

قورقۇنچلۇق ئەگرى شاخ ........................ 38

كەلگۈسىنىڭ شائىرى ........................ 55

ئابدۇخالىق يوقاپ كەتتى ........................ 63

رۇسلارنىڭ ئەلىشىر نەۋائىسى ........................ 70

شەمەيدىكى رۇس مەكتىپىدە ........................ 81

يالقۇنلۇق ئىستەك ........................ 91

بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدى ........................ 99

باردۇر ........................ 106

بىر توپ قىزىل تاۋار ........................ 113

ئەڭ چوڭ ئەمەل ........................ 120

تەخەللۇس ........................ 123

گۈل لوڭقىسى ۋە ياغ كوزا ........................ 130

تەڭداشسىز كۈچ ........................ 135

چىچەك سەيلىسى ........................ 140

يۈرەك ئارزۇسى ........................ 148

بالىلىرىنى سورىمايلاغۇ ........................ 152

بۇ — مەدەنىيەت ........................ 157

ئۈچ چوڭ ئاپەت .................... 161
قوۋزاقسىز دەرەخ ياشنالامدۇ .................... 166
چاتقالدىكى يېڭى باغ .................... 170
خانىنىڭ تۇرمۇشى .................... 175
ئالتۇن ئاچقۇچ .................... 182
مۇسابىقىدە ئۆتۈپ چىقىش .................... 189
بىباھا گۆھەر .................... 198
چوڭ ساۋابلىق ئىش .................... 205
خوپ بولدى .................... 211
قىممەتلىك سوۋغىچە .................... 215
بىر ۋاراق قەغەز لازىمكەن .................... 220
چىراغ .................... 224
قاملاشمىدى .................... 230
يول دېگەن شۇ .................... 235
جۇدالىق زارى .................... 244
يۈرەك سۆزى .................... 248
خورۇششي پېرىۋۇد .................... 253
بۇلبۇل ناۋاسى .................... 259
قىممەتلىك سوۋغا .................... 273
بىر ساتىرا .................... 281
بۇ كېچە .................... 286
قالمىدى .................... 297
نەپسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش توغرا كەلسە .................... 302
پارچە - پۇرات .................... 307
زالىمنىڭ ئۆمرى قىسقا .................... 312
دەل تەگكەن ئوق .................... 316
ھەققانىيەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ .................... 323
ھەقيار ۋە بەختىيار .................... 335

راھىتى بەدەن .......... 345
دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە .......... 353
ئۇنى قويۇۋېتىپ مېنى تۇتۇڭلار .......... 355
رەستىدىكى ئىلھاملار .......... 361
شېئىرىيەت ھېكمەتنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك .......... 368
ئىككى خەمەك، ئىككى كۇرە بۇغداي .......... 377
ئەڭ مۇھىم ئىش .......... 388
خەلقىم كۈلگەندە كۈلىمەن .......... 395
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي .......... 405
خەلقىنىڭ تۇنجى قوراللىق قوشۇنى .......... 416
غەلىتە تۇتقۇن .......... 419
يىگىت جەڭدە سىنىلىدۇ .......... 429
ساڭ چاشقىنىنى تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋەتتى .......... 435
زەپەرنامە .......... 442
ئۇنىڭ ئىزىنى باس .......... 455
رەھمەتنى سەنمۇجاڭغا ئېيتقىن .......... 461
مەن ئوغۇز ئەۋلادى ، ئەلدىن ئايرىلمايمەن .......... 465
ئابدۇخالىق ئۆز گېپىدىن تانمىدى .......... 474
سۆڭەك ئىچىدىن چىققان شېئىر .......... 478
ياڭراق خىتاب .......... 484

# مۇقەددىمە

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتا جەمەتى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم سۆيەر ئادەملەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىمىن ئاخۇن 1783 ـ يىلى كونا تۇرپاننىڭ باغرى يېزىسى قالىغاچ بۇلاق كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق، قول ئىلكىدە بار، چوڭ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەقىللىق، تىرىشچان ئىمىن ئاخۇن بالىلىق دەۋرىدە ئاتىسىدىن ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئائىلىسىدە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان، كېيىن مەھەللە خۇسۇسىي مەكتىپىدە ئوقۇپ موللا نامىنى ئالغان.

ئىمىن موللا تىرىشچان، ئەمگەك سۆيەر ئادەم بولغاچقا، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆز كەنتىدىكى ئاخۇن كارىز دەپ ئاتىلىدىغان سۈيى غول كارىز ۋە باغرى كەنتىدە ئالتە يۈز تۈپ ئۈزۈملۈك تەككە ئىگە نوپۇزلۇق بايلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆمرىدە مۇسا، ئوسماننىياز ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل ۋە ئۈچ قىز پەرزەنتلىك بولغان.

ئىمىن موللا سەكسەن يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1863 ـ يىلى قالىغاچ بۇلاق كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىمىن موللىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ بوۋىسى مۇسا ئاخۇن 1811 ـ يىلى قالىغاچ بۇلاق كەنتىدە تۇغۇلغان. مۇسا ئاخۇن كىچىكىدىن باشلاپلا ئاتىسى ئىمىن موللامدىن تەلىم ئېلىپ، ئائىلىسىدە ئوقۇپ، خەت ساۋاتلىق بولغان. ئۇ كېيىن

مەدرىسىدە ئون ئىككى يىل ئوقۇپ موللا بولۇپ يېتىشىپ چىققان. مۇسا ئاخۇن ئوقۇشىنى تاماملاپ بولۇپ ئۆز كەنتىگە قايتىپ كېلىپ، كەنتىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ يول ياقىسىغا قىلخانا (تالىپلارنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپ) سېلىپ نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ موللا قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان.

مۇسا ئاخۇن ئاتىسى ئىمىن موللامىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇرپانغا ئاخۇن بولۇپ تەيىنلىنىپ، مۇسا ئاخۇنلۇق نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. مۇسا ئاخۇن گەرچە تۇرپانىنىڭ قازىسى بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزمىگەن ئەمگەك سۆيەر ئادەم ئىدى. مۇسا ئاخۇن ئۆمرىدە ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت يۈزى كۆرگەن. ئوغۇللىرى: مۇھەممەت ئابدۇللا ئاخۇن، ھېزىبۇللا ئاخۇن، ئاقۇپ ئاخۇن، قىزلىرى: رەھىمخان، زۆھرەخان.

مۇسا ئاخۇن سەكسەن بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1896 ـ يىلى قالىغاچ بۇلاق كەنتىدە ۋاپات بولغان.

مۇسا ئاخۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بوۋىسى ھېزىبۇللا ئاخۇن 1841 ـ يىلى قالىغاچ بۇلاق كەنتىدە تۇغۇلغان. ھېزىبۇللا ئاخۇننى كىچىكىدىن باشلاپلا ئاتىسى مۇسا ئاخۇن ئۆزى ئوقۇتقان. ھېزىبۇللا ئاخۇن دىنىي مەكتەپتە ئۇزۇن يىل ئوقۇپ موللا بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ھېزىبۇللا ئاخۇن قىرىق يېشىدا تۇرپانىنىڭ لامپا گۆڭشاڭ يېزىسىغا ئاخۇنلۇققا تەيىنلەنگەن. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تۇرپانغا مۇپتى بولغان.

ھېزىبۇللا مۇپتى ئۆمرىدە ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنت يۈزى كۆرگەن، ئوغۇللىرى: ئابدۇراخمان مەخسۇم، ھەبىبۇللا ئاخۇن، ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن، قىزلىرى: گۈلسۈمخان، رەيھانخان، ھېپىزىخان، مەرەگۈزخان.

ھېزىبۇللا مۇپتى ئەللىك ئىككى يېشىدا 1893 ـ يىلى باغرىدا ۋاپات بولغان.

ھېزىبۇللا مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى 1868 - يىلى تۇرپاننىڭ باغرى يېزىسىنىڭ باغرى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئابدۇراخمان مەخسۇم دەسلەپكى تەربىيىنى ئائىلىسىدە ئاتىسى ھېزىبۇللا مۇپتى ئاخۇنۇمدىن ئالغان، ئۇ ئائىلىسىدە ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان. كېيىن مەھەللە خۇسۇسىي دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن باغرى مەدرىسىسى قۇرۇلغاندا، ئابدۇراخمان مەخسۇم باغرى مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ، مەدرىسىدە ئون يىلدىن ئوشۇق ئوقۇپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى تولۇق ئىگىلەپ موللا بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئابدۇراخمان مەخسۇم بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تۇرپان يېڭىشەھەردە ئولتۇرۇشلۇق سودىگەر مىجىت ھاجىمنىڭ قىزى نىيازخانغا ئۆيلەنگەن. مىجىت ھاجىنىڭ شۇ زاماندا ئوغلى بولمىغاچقا، قۇدىسى ھېزىبۇللا مۇپتىغا تەلەپ قويۇپ كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن قىزى نىيازخاننى يېڭىشەھەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ بىر ھويلىدا ئۆتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئابدۇراخمان مەخسۇم قېيناتىسى مىجىت ھاجىنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى كۈچلۈك ياردەمچىسى بولۇپ قالغان.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىلىم سۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر، تىرىشچان، كىتابخۇمار ئادەم بولۇپ، سودا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ نۇرغۇن مەشھۇر كىتابلارنى يىغىپ ساقلىغان. 1935 - يىلى مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ئۇلۇغ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ ھاجى بولغان، كېيىن بىر مەزگىل تۇرپانغا قازى بولغان. ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى تۇرپان، ئۈرۈمچىدە تەسىرى چوڭ، ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇپ، گومىنداڭ دەۋرىدە تۇرپان ناھىيىلىك كېڭەش ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەشكە (سەنيىخۇيگە) ھەيئەت بولغان.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى سەككىز پەرزەنتلىك بولغان.

ئوغۇللىرى: ئابدۇخالىق، ئابدۇقەييۇم، ئابدۇجاپپار، ئابدۇساتتار، ئابدۇكېرىم.

قىزلىرى: ھەلىمىخان، توختىخان، خەلچىخان.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ، ئوغۇل، قىزلىرىنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقان. ئۇ چوڭ ئوغلى ئابدۇخالىقنى خەنزۇچە شۆتاڭغا ئوقۇشقا بەرگەن، كېيىن ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ موسكۋادا ئوقۇشىنى قىزغىن قوللىغان. ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇجاپپارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىپ تاشكەنتتە ئوقۇتقان. 1913 - يىلى ئەتىيازدا قېيناتىسى مىجىت ھاجى مىرزا باينىڭ قورۇسىدا بىر سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئاچقاندا ۋە 1913 - يىلى كۈزدە مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى ئاستانىدە «مەقسۇدىيە مەكتىپى» نى ئاچقاندا، قەتئىي قوللىغان. 1926 - يىلى كۈزدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ھويلىسىدا بىر سىنىپلىق يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچقاندا ۋە 1927 - يىلى «ئاقارتىش مەكتىپى»، 1928 - يىلى «ھۆررىيەت مەكتىپى» نى ئاچقاندا، ئۇنى قىزغىن قوللاپ مەدەت بەرگەن.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى 1950 - يىلى سەكسەن ئىككى يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئانا جەمەتى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاپىسى نىيازخان مىجىت ھاجىنىڭ قىزى بولۇپ، مىجىت ھاجى تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابلىمىت كۆندى دېگەن ئادەمنىڭ چوڭ ئوغلى.

ئابلىمىت كۆندى 1827 - يىلى تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان. چاتقالدىكى كۆندىنىڭ كارىزى دېگەن سۇيى غول كارىز ئۇنىڭغا تەۋە بولغان (كۆندى — شۇ زاماندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئەمەل نامى).

ئابلىمىت كۆندى ئاتمىش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1887 - يىلى

ۋاپات بولغان. ئابلىمىت كۇندى ئۆمرىدە بەش ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنتلىك بولغان. ئوغۇللىرى: مىجىت ئاخۇن، ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن، توختى ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن، ئابدۇللا ئاخۇن.

ئابلىمىت كۇندىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى 1847 ـ يىلى چاتقالدا تۇغۇلغان. مىجىت ھاجى بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئىلىم سۆيەر، كىتابخۇمار ئادەم بولغان. ئۇ ياشلىقىدىن باشلاپلا ئەلىشىر نەۋائىي، شاھ مەشرەپ، ھۇۋەيدا، سوپى ئاللايار قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزغىن ئوقۇغان، نۇرغۇن داڭلىق كىتابلارنى يىغىپ ساقلىغان.

مىجىت ئاخۇن بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، چاتقال يېزىسىنىڭ چوڭ ئاخۇنى موللا سادىق ئاخۇنۇمنىڭ چوڭ قىزى ئەرەمسىماخانغا ئۆيلەنگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ ئانىسى ئەرەمسىماخان بالىلىق دەۋرىدە ئاتىسى موللا سادىق ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولۇپ يېتىشكەن.

مىجىت ئاخۇن ئەرەمسىماخان بىلەن توي قىلىپ چاتقالدا ئۆز مەھەللىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. مىجىت ئاخۇن ئاتىسى ئابلىمىت كۇندى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۇرپان يېڭىشەھەرگە كۆچۈپ كىرىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

مىجىت ھاجى چوڭ قىزى نىيازخاننى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ياتلىق قىلىپ بىر ھەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن كۈيئوغلى بىلەن قىزىنى ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇراخمان مەخسۇم قېيناتىسى مىجىت ھاجىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كۈچلۈك ياردەمچىگە ئېرىشكەن مىجىت ھاجىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ روناق تاپقان. 1890 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مىجىت ھاجىنىڭ سودا تىجارىتى كېڭەيگەن. ئۇ ھەر يىلى تۇرپاننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كارۋان تارتىپ

رۇسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىدە بولىدىغان سودا يەرمەنكىسىگە ئاپىرىپ ساتقان. ئۇ يەردىن پولات ـ تۆمۈر، تۈنىكە ئەسۋابلار، گەزمال ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاندا توپ سېتىش سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان.

مەرىپەتپەرۋەر مىجىت ھاجى قىزى نىيازخاننىڭ ئوغلى، نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنى ئۈچ يېشىدىن باشلاپلا ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ تەربىيىسىگە ئالغان. مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى رۇسىيىگە بىللە ئېلىپ بېرىپ شەمەيدىكى رۇس مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەرگەن. كېيىن ئابدۇخالىقنىڭ تۇرپاندىكى خەنزۇ مەكتىپى شۆتاڭغا كىرىپ ئوقۇشىنى ۋە 1923 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ موسكۋادا ئوقۇشىنى قوللىغان. بۇ زات ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

مىجىت ھاجى سەكسەن ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1930 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مىجىت ھاجىنىڭ قىزى نىيازخان 1870 ـ يىلى تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئائىلىسىدە ئاپىسى ئەرەمسىماخان ھاجىدىن تەلىم ئېلىپ، ئائىلىسىدە ئوقۇپ خەت ساۋاتلىق بولۇپ يېتىشكەن چېچەن، زېرەك، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. نىيازخان چوڭ ئوغلى ئابدۇخالىقنىڭ ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىنىپ، ئەتراپلىق ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇنى مۇقەددەس ئانىلىق بۇرچى دەپ بىلىپ، ھەر دائىم ئابدۇخالىققا ئازادە، تىنچ، گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خاس خانىسىدا شېئىر يېزىۋاتقان ياكى كىتاب

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا نىيازخان باشقا بالىلىرى، ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقا چوڭ كىشىلەرنىڭ ھويلىدا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىششى، خىزمەتكارلارنىڭ تاراق - تۇرۇق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلارنى چىقىرىشىنى چەكلىگەن، كېيىن بىرىپ بۇ ئىش ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىدە ھەممە ئادەم ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ئادەتكە ئايلانغان.

نىيازخان بىر يۈز بىر يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1971 - يىلى تۇرپاننىڭ ئۈزۈمچىلىك كوممۇنا (ھازىرقى باغرى يېزىسى) دا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# شەمەينىڭ سوۋغىتى

ئابدۇخالىقنى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى، چوڭ ئانىسى ئەرەمسىماخېنىم قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئابدۇخالىقنىڭ ئاپىسى نىيازخان ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇقەييۇمنى تۇغقاندىن كېيىن، مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىماخېنىم سۆيۈملۈك نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. ئەمدىلا ئۈچ ياشتىن ئاشقان ئابدۇخالىق شۇنىڭ بىلەن چوڭ دادىسى مىجىت، چوڭ ئانىسى ئەرەمسىماخېنىم بىلەن بىرگە تۇرىدىغان بولدى.

ئابدۇخالىقنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودىگەر ئىدى. ئۇ ھەر يىلى كۈزدىن باشلاپ كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇم يېزىلاردىن يىغقان پاختا، يۇڭ، تېرە، قۇرۇق ئۈزۈم، ئۈچەي قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ، تايلاپ، ئۈزۈمنى ئىشلەمچىلەرگە پاكىز پارلىتىپ تاغارغا قاچىلاپ تەييار قىلاتتى. ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا تەييارلىغان ماللىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ كارۋان تارتىپ بىر مۇنچە ھەمراھلىرى بىلەن رۇسىيىگە سودىغا ماڭاتتى. ئۇ شەمەي، قازان، موسكۋاغىچە بېرىپ، پولات - تۆمۈر، تۇنىكە جابدۇق، گەزمال، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئېلىپ يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپانغا قايتىپ كېلەتتى. ئابدۇراخمان مەخسۇم قېيناتىسى رۇسىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ئۈرۈمچى، تۇرپاندا توپ ساتاتتى.

مىجىت ھاجى كىتابخۇمار ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر يىلى رۇسىيىگە سودىغا بارغىنىدا، قازان، شەمەي شەھەرلىرىدىن يېڭى كىتابلارنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇيتتى،

لېكىن كۆپ چاغلاردا كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. بۇنداق چاغلاردا، كىچىككىنە ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ ئېتىكىدە ئولتۇرۇۋېلىپ چوڭلار بىلەن بىللە كىتاب ئاڭلايتتى. ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنى چاقىرىپ:

— كەچ بولۇپ قالدى، يېتىپ ئۇخلىسىلا، — دەيتتى.

ئابدۇخالىق بويىنىنى تولغاپ:

— ياق، كىتاب تېخى ئوقۇلۇپ تۈگىمىگەن تۇرسا، — دەپ ئۇخلىغىلى ئۇنىمايتتى.

بۇ ھال بىر نەچچە مەرتىۋە تەكرارلانغاندىن كېيىن ئەرەمسىما خېنىم: «بوپتۇ ئەمىسە، كىتاب ئوقۇغاننى ئاڭلىغاننىڭ پايدىسى باركى، زىيىنى يوقتۇ» دەپ ئويلاپ، سۆيۈملۈك نەۋرىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

كىچىك باللار ھەممىگە قىزىقىدۇ ۋە چوڭلارنى دوراپ ئىش قىلىدۇ، چوڭلارغا تەقلىد قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بىر كۈنى ئۆيدە ئەرەمسىما خېنىم بىلەن ئابدۇخالىقلا قالدى. ئەرەمسىماخېنىم تەكچىدىن قېلىن بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، بىر ھازا كىتاب ئوقۇغاندىن كېيىن كۆزى تالغاندەك بولدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇخالىققا قارىدى. ئابدۇخالىق چوڭ بىر كىتابنى ئېچىۋېلىپ ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى بىلىدىغاندەك كىچىككىنە بۇدرۇق قولى بىلەن ھەر بىر قۇرنى بىر باشتىن بېسىپ ھەدەپ پىچىرلاپ ئولتۇراتتى. ئەرەمسىما خېنىم ھەيران قېلىپ سورىدى:

— نېمە قىلىۋاتىدىلا، جېنىم قوزام؟

— چوڭ ئانا، مەنمۇ كىتاب ئوقۇۋاتىمەن، — ئابدۇخالىق كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردى. ئۇ بىر پەس چوڭ ئانىسىغا قاراپ تۇرۇپ، بىردىنلا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— چوڭ ئانا، ماڭىمۇ خەت ئوقۇش بىلەن يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىلاچۇ!

— ئالدىرىمىسىلا بالام، چوڭ دادىلىرى شەمەيدىن كەلگەندە ئاندىن خەت ئوقۇش بىلەن يېزىشنى ئۆگىتىپ قويااي، — دېدى ئەرەمىسىما خېنىم مۇلايىملىق بىلەن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇخالىق «چوڭ دادام كېلىۋاتامدىكىن» دەپ ھەر كۈندە كوچىنىڭ بېشىغا چىقىۋالىدىغان بولدى.

كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مىجىت ھاجى رۇسىيىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ شەمەيدىن ئابدۇخالىققا ئېلىپبە، دەپتەر، قېرىنداش، قەلەم قۇتىسى، تۇنىكىدىن ياسالغان يېشىل سىرلاقلىق چىرايلىق قول سومكىسى ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇخالىق خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئوغلاقتەك سەكرەپ كەتتى. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا مەھەللىگە پۇر كەتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ دوستلىرى «شەمەينىڭ سوۋغىتىنى كۆرىمىز» دەپ ئابدۇخالىقنى ئورىۋالدى.

— بۇ نېمە؟ ئەجەب چىرايلىققۇ؟ تۇتۇپ كۆرسەم بولامدۇ؟ — دېدى قارىمۇتۇق كەلگەن ئابدۇراخمان سومكىغا قىزىقىپ.

— مانا ئادىشىم، ئۆز قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ باق، — ئابدۇخالىق سومكىسىنى ئابدۇراخمانغا سۇندى.

ئابدۇراخمان سومكىنى قولىغا ئېلىپلا:

— ۋۇي، ئەجەب ئېغىرغۇ، ئىچىدە نېمە بار؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.

— ئەكېلە مەن كۆتۈرۈپ باقاي، — ھەبىبۇللا سومكىغا قول ئۇزاتتى.

ئابدۇراخمان سومكىنى ھەبىبۇللاغا بەردى. ھەبىبۇللا ئابدۇخالىققا قاراپ:

— ئېچىپ باقايچۇ، — دېدى.

ئابدۇخالىق ھەبىبۇللانىڭ قولىدىن سومكىنى ئېلىپ:

— مەن ئېچىپ بېرەي، — دەپ سومكىنى ئاچتى.

باللار تەڭلا سومكىنىڭ ئىچىگە قارىدى. سومكا دەپتەر، قەلەم بىلەن تولغان بولۇپ، ئېلىپبە كىتاب ئەڭ ئۈستىدە ئايرىم تۇراتتى.

— بۇ نېمە؟

— ۋۇيىۇ، قاراڭلارچۇ!

— مۇنۇ چىرايلىق چوكىلارنى!

— ماۋۇ كىتاب ئىكەن!

— ھەممىسىلا سېنىڭما؟ ھوي ئادىشىم، سەن ئەمدى باي بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ.

— راست، تۇرپاندا تېخى ھېچكىمنىڭ بۇنداق نەرسىلىرى يوق جۇمۇ!

باللار بىرى بىر نېمە دەپ، يەنە بىرى بىر نېمە دەپ چۇرقىرىشىپ ھويلىنى بېشىغا كىيىشتى. ئۇلارنىڭ دېگىنى راست ئىدى.

تۇرپان باللىرى تېخى بۇنداق ئېلىپبە، دەپتەر، قېرىنداش، سومكىنى كۆرمىگەنىدى. چۈنكى، تۇرپاندا تېخى يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئېچىلمىغانىدى. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللارغا موللامىلار قوش ئالىقانچىلىق چوڭلۇقتىكى تۇتقۇچى بار تاختايغا ياكى قوينىڭ گۆرجەك سۆڭىكىگە ئوقۇيدىغان دەرس ساۋاقلىرىنى يېزىپ بېرەتتى. بۇ ساۋاقلارنى ئۆگىنىپ بولغان باللار بىرەر يېرىم يىلدىن كېيىن قۇرئان كەرىمدىكى ئۇششاق سۈرىلەر بېسىلغان «ھەپتىيەك» نى ئوقۇشقا باشلايتتى.

دەرۋەقە ئېلىپبە، دەپتەر، قېرىنداش، قەلەم، سومكا دېگەنلەر تۇرپانغا چوڭ بىر يېڭىلىق ئىدى. باللار بىردەم ئېلىپبەنى ۋاراقلاپ:

— ھوي قاراڭلار، بۇ كىتابتا جىق رەسىم باركەن، — دېيىشسە، بىردەك دەپتەرنى كۆرسىتىپ، — ئىچىدە بىر خەت

يوقـقۇ؟ بـۇ قانـداق كىـتاب؟ — دېيىشىپ ھەيران بولۇشتى.

ئابدۇخالىق چوڭ دادىسىنىڭ بۇ سوۋغاتنـــى بەرگۈچە دەپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ دوستلىـــرىغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— بۇ كىتاب بالىلار ئوقۇيدىغان ئېلىپبە.

— ئېلىپ ... بە، ئېلىپ ... بە، — دېيىشتى بالىلار تەكرارلاپ.

— مانا بۇلار كىتاب ئەمەس، دەپتەر، — دېدى ئابدۇخالىق سومكىدىن يەنە بىر دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ.

— دەپتەرنى نېمە قىلىدۇ؟

— بۇ دەپتەرگە ئېلىپبەدىن ئۆگەنگەن خەتنى يازىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق دوستلىرىغا چۈشەندۈرۈپ.

— مۇنۇ چوكىلارنى نېمە قىلىدۇ؟

ئابدۇخالىق كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ھەي ئاداشلىرىم، بۇ چوكا ئەمەس، دەپتەرگە ئېلىپبەدىن ئۆگەنگەن خەتلەرنى يازىدىغان قېرىنداش قەلەم، — دېدى.

بالىلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئابدۇخالىقنى ئورىۋېلىپ پاراڭلىشىپ تۇرۇشتى. بىر چاغدا ھېسامىدىننى ئاپىسى چاقىردى. ئۇ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا بالىلارمۇ ھويلىدىن چىقىــــپ كېتىشتى.

ئابدۇخالىق تەڭتۇش دوستلىرى ھويلىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۇ جايناما‌زدا تەسۋى سىرىپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان چوڭ ئانىسىنىڭ دۇئا ياندۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەرەمىسما خېنىم ئۇزۇن ئۆتمەيلا دۇئا يانـدۇرۇپ ئـورنىـدىـن تـۇردى ـ دە، جايناماز‌نى يىغىشتۇردى.

ئابدۇخالىق چوڭ ئانىسىنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى:

— چاققان بولسىلا، چوڭ ئانا، ماڭا خەت ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويسىلا، كەچ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، كۈن ئولتۇرۇپ كېتىدۇ.

ئەرەمىسما خېنىم نەۋرىسىنىڭ قىياپىتىدىكى جىددىيلىكتىن

كۆلكىسىنى تەستە بېسىۋېلىپ:

— بۇگۈن كەچ بولۇپ كەتسە، ئەتە يەنە كۈن چىقىدىغۇ، ئالتۇن قوزام، ئالدىرىمىسىلاچۇ، — دېدى.

ئابدۇخالىق «ياق، ياق» دەپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇۋالدى.

ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ تۇرقىدىن تەسىرلەندى ـ دە:

— بولىدۇ، مەن ئۆزلەنــــى مۇرات ـ مــەقســەتلىــــرىگــە يــەتكــۈزەي، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرەمسىما خېنىم كىچىككىنە ئابدۇخالىققا ئېلىپبەدىن ھەرپلەرنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ھەر بىر يېڭى دەرسنى ئاجايىپ بىر تەشنالىق بىلــەن ئۆگىــنەتتــى. ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭغا دەرسلەر شۇنداق كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۈندە ئۆگەنگەن يېڭى دەرسنى رەتلىك، چىــرايلىـــق يېزىپ دەپتەرنىڭ بېتىنى تولدۇرمىغۇچە ئۆگىنىشتىن زادى توختىمايتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئالتە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ئېلىپبەنى خېلىلا راۋان ئوقۇپ، خەتلەرنى رەتلىك يازالايدىغان بولدى.

# پىرچەڭگى بولىمەن

ئەرەمسىما خېنىم ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئېرى مىجىت ھاجى بىلەن بىللە رۇسىيىگە سودىغا ماڭغان كارۋانلارغا قوشۇلۇپ شەمەيگە بارغان، ئۇ يەردىن قازان شەھىرىگە بېرىپ، قازاندىن شۇ يىلقى ھەج تاۋاب قىلىشقا ماڭغان ھاجىلار بىلەن قىرىمغا، ئۇ يەردىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ قارا دېڭىزدىن ئۆتۈپ تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە بارغان. ئۇلار ئىستانبۇلدا بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئارقىلىق مىسىرغا بارغان، ئاندىن جەنۇبقا يۈرۈپ سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتۈپ قىزىل دېڭىزغا كىرىپ ھىجازنىڭ[1] جىددە شەھىرىگە يېتىپ بارغان، قۇربان ھېيت ھارپىسىدا، مۇقەددەس شەھەر مەككىدە ئۇلۇغ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان. ئۇلار ۋەتەنگە قايتقۇچە مىسىر، پەلەستىن، لېۋان، سۈرىيە، ئىراق، ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا بولغان. ئەرەمسىما خېنىم ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، كۆرگىنى، ئاڭلىغان - بىلگىنى كۆپ ئايال ئىدى. ئۇ ناھايىتى كۆپ چۆچەكلەرنى بىلەتتى. ئۇ تېخى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ناخشا - بېيىتلىرى بىلەن شۇنداق كېلىشتۇرۇپ، تەسىرلىك ئېيتاتتىكى، ئۇنى ئاڭلاۋاتقان ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

مىجىت ھاجى رۇسىيىگە سودىغا كەتكەندە، ئەرەمسىما خېنىم

---

① ھىجاز — ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى

نەۋرىسى ئابدۇخالىق بىلەن ئۆيدە قالاتتى. كىچىككىنە ئابدۇخالىق چوَچەك ئاڭلاشقا بەك ئامراق ئىدى، كۈندە ئاخشىمى ئانىسىدىن بىرەر چوَچەك ئاڭلىمىغۇچە ئۇخلىغىلى ئۇنىمايتتى.

1906 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى ئىدى. مىجىت هاجى سودا ئىشى بىلەن ئۇرۇمچىگە كەتكەچكە، ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسى ئابدۇخالىق بىلەن قالغانىدى. ئەرەمسىما خېنىم ناماز شامنى ئوقۇپ بولۇپ، ئابدۇخالىقنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى سېلىپ بېرىپ:

— ئۇيقۇلىرى كېلىپ قالغاندۇ، يېتىۋالسىلا، جېنىم بالام، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن نەۋرىسىگە قاراپ.

— ياق، ياق، — دېدى ئابدۇخالىق ئاغزىنى ئۇمىچەيتىپ بېشىنى چايقاپ، — چوَچەك ئاڭلىمىغان تۇرسام، قانداق ئۇخلايمەن؟

مېھرىبان ئانا نەۋرىسىنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرگەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ چوَچەك ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقىنىنى سەزدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئويلاشقا باشلىدى. «دىر ـ دىر قوزام»، «يېرىلىڭ تاش»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ياغاچ ئات»، «ئۇچ ئاكا ـ ئۇكا»، «ئەۋلىيا قىز رىۋايىتى»، «يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى رىۋايىتى»، «يەتتە يىگىت ۋە يەتتە قىز»، «دەقيانۇس شەھرىنىڭ بىنا قىلىنىشى»، «موللازەيدىن لەتىپىلىرى» دېگەندەك تالاي چوَچەك، رىۋايەت، لەتىپىلەر ئېيتىپ بولۇنغان. «بوز يىگىت»، «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ۋە زوَھرە»، «يۇسۇپ ـ ئەخمەت»، «سەنۇبەر» قاتارلىق داستانلارنىڭ بەزى بېيىتلىرىنى بۇ بالا كىچىكلىكىگە باقماي يادلاپمۇ ئالغان، ئۇ تېخى بىر قېتىم ئېيتىپ بولغاننى ياندۇرۇپ قايتا ئېيتسا شۇئان بىلىۋېلىپ ئۇنىمايدۇ. «ھەي مۇشۇ بالىنى، ئادەم ئەمدى چوَچەك بالاسىغا قالدىغۇ؟» ئەرەمسىما خېنىم شۇنى ئويلاپ، بېشىدىكى لېچەكنى تامدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ نەۋرىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ

ئۇلتۇردى. ئۇ بىر قولى بىلەن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بۇدرۇق قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ خىيال دەرياسىغا كېمە سالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ساھىل كۆرۈندى. ئانىنىڭ ئېسىگە بىردىنلا ئۇمۇ خۇددى ھازىرقى ئابدۇخالىقتەك كىچىككىنە بالا چېغىدا ئۆز ئانىسىدىن ئاڭلىغان قەدىمكى زاماندىكى ناخشا ئۇستازى — پىرچەڭگى ھەققىدىكى ئاجايىپ ئەپسانە كەلدى. ئانا بۇ ئەپسانىنى ئېيتىشقا باشلىغاندا، زىرەك نەۋرە چەكسىز شادلىققا چۆمدى. ئۇ سەللا دىققەتسىزلىك قىلسا، خۇددى بىرەر ئېغىز گەپ تۆكۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئانىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ، قىمىرلىماي شۈك ئولتۇراتتى.

— زامانە ئەۋۋەلدە ھەر قانداق ھۈنەرنىڭ پىر - ئۇستازى بولغىنىدەك، ناخشىچىلارنىڭمۇ پىرى بولغانىكەن. ناخشىچىلارنىڭ پىرىنىڭ ئىسمى پىرچەڭگى ئىكەن. ئۇ ناخشا ئېيتىشتا شۇنداق كامالەتكە يەتكەن ئىكەنكى، ئۇنىڭ ناخشا ساداسىنى ئاڭلىغان بۇلبۇللارمۇ خىجىللىق ئىلكىدە سايراشتىن توختايدىكەن. يىغلاۋاتقان بالىلارمۇ پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسى قۇلىقىغا ئاڭلانغان ھامان يىغىسىدىن چىپپىدە توختايدىكەن. دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان ئاتا - ئانىلارمۇ پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش بىلەن كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ، دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇيدىكەن. پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسىدەك يېقىملىق، خۇشناۋا ناخشا دۇنيادا بىر بولسا ئۆزى شۇ، ئىككى بولسا بىرى شۇ ئىكەن. ناخشا پىرى پىرچەڭگى ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ ناھايىتى نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپتۇ. ئۇ شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ، يۇرت كېزىپ، ئىنسانلارغا خۇشناۋا، يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خەستە كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىكەن، پىرچەڭگى بىر كۈنى بىر مەھەللىدە ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ كەچ قاپتۇ. ئۇ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپتۇ. قەبرىستانلىق ئارىسىدا

كېتىۋاتسا، يەر تېگىدىن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق نالە - پەريادلار ئاڭلىنىپتۇ. ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق، مېھرىبان پىرچەڭگىنىڭ بۇ نالە - پەريادنى ئاڭلاپ كۆڭلى غەش بوپتۇ. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ - دە، ياڭراق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى قەبرىستانلىقتا ياڭراپ يىراقلارغا كېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقان نالە - پەريادلار توختاپ قاپتۇ. پىرچەڭگى گويا ئۇستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىپتۇ. ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ قايتماقچى بولۇپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىپتىكەن، يەر تېگىدىن بايىقىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك نالە - پەرياد كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان پىرچەڭگى ئارقىسىغا قايتىپ يەنە ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. قەبرىستانلىقتا پىرچەڭگىنىڭ ناخشىسى ياڭراش بىلەن يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقان نالە - پەريادلار يەنە توختاپ قاپتۇ. ھەيران قالغان پىرچەڭگى: «بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟» دەپ ئۇيان قاراپتۇ، بۇيان قاراپتۇ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. دەل شۇ ئەسنادا قەبرىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر سادا ئاڭلىنىپتۇ:

— ئەي ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى، بىزنىڭ شاپائەتچىمىز، ناخشىچىلارنىڭ پىرى — پىرچەڭگى، ساڭا مىڭ مەرتەم رەھمەت! ...

پىرچەڭگى ھەيران قالغان ھالدا، سادا چىققان تەرەپكە قاراپ سوراپتۇ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟

يەر تېگىدىن — قەبرىلەردىن جاۋاب چىقىپتۇ:

— بىز ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ روھلىرى.

پىرچەڭگى سوراپتۇ:

— سىلەر ئادەمنى ئېچىندۇرۇپ نېمىشقا يىغا - زار قىلىسىلەر؟

— ئەي ئادەملەرگە ئارامبەخش شادلىق كەلتۈرگۈچى، — دېگەن جاۋاب ئاڭلىنىپتۇ يەر تېگىدىن، — سەن سوراپ قالدىڭ، بىز ئېيتايلى، ھەر كېچىسى ئاسماندىن ئازاب پەرىشتىلىرى چۈشۈپ بىزنى قاتتىق ئازابلاپ، دەھشەتلىك قىينايدۇ، بىز شۇنىڭغا چىدىماي زار - زار يىغلايمىز، بايا سەن ناخشا ئېيتىۋىدىڭ، ئاۋازىڭنى ئاڭلاش بىلەنلا پەرىشتىلەر بىزنى قىيناشتىن توختاپ كېتىپ قالغانىدى. چۈنكى ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغان يەردە پەرىشتىلەر تۇرمايدىكەن. سېنىڭ ناخشاڭ توختاش بىلەن تەڭلا ئۇلار يەنە كېلىپ بىزنى قىيناشقا باشلىدى، — روھلار شۇنداق دەپلا يەنە نالە - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. چۈنكى، پىرچەڭگى ناخشىدىن توختاپ قالغاچقا، پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇلارنى يەنە ئازابلاشنى باشلىغانىكەن.

پىرچەڭگى ھېچبىر ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئەڭ مۇڭلۇق، ئەڭ جاراڭلىق ناخشىدىن يەنە بىرنى باشلاپتۇ، ئاڭلىنىۋاتقان داد - پەريادلار چېپپىدە توختاپتۇ - دە:

— ھىممىتىڭگە مىڭ رەھمەت، ناخشا پىرى، خۇدا ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلغاي! — دېگەن سادالار ياڭراپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پىرچەڭگى كۈندۈزى مەھەللىمۇ مەھەللە، يۇرتمۇ يۇرت ئەل كېزىپ شاگىرتلىرى بىلەن ئاجايىپ تەسىرلىك ناخشىلارنى ئېيتىپ ئىنسانلارغا شادلىق بېغىشلىسا، كېچىلىرى ھاردىم - تالدىم دېمەستىن قەبرىستانلىققا كېلىپ ناخشا ئېيتىپ، روھلارنى پەرىشتىلەرنىڭ ئازابلىشىدىن قۇتقۇزۇپ ئۇلارغا ئارامبەخش ئاتا قىپتۇ. جىمى ئىنسانلار پىرچەڭگىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ. خۇدا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىپ، مىڭ يىلدىن ئوشۇق ھايات كەچۈرۈپتۇ.

ھەر كېچىسى پىرچەڭگى قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا ئېيتىپ توختىمىغانلىقتىن، پەرىشتىلەر ئۇ يەردە تۇرالماي ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار

خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ:

— ئى قۇدرەتلىك خۇداۋەندە كەرىم، سەن بىزگە ئۆلگەن گۇناھكار بەندىلىرىڭنىڭ روھلىرىنى قىيناپ ئازابلاشنى تاپشۇرۇۋىدىڭ، بىز ساڭا ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىۋاتساق، ناخشا پىرى پىرچەڭگى ناخشا ئېيتقاچقا، بىز ئۇ يەردە تۇرالمىدۇق، نەتىجىدە ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق، سەن پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئۇنى پانىي ئالەمدىن يوقات! بولمىسا، بىز سەندىن يۈز ئۆرۈپ شەيتان قوۋمىغا قوشۇلۇپ كېتىمىز!

خۇدا پەرىشتىلەرنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەزرائىلغا بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ناخشا پىرى ئۆلۈپتۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە تەسىرلىك ناخشىلىرى بىلەن ئىنسانلارغا خۇشاللىق بېغىشلىغاچقا، ئىنسانلار ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇنتۇماي ياد ئېتىدىغان بوپتۇ.

ئەرەمسىما خېنىم پىرچەڭگى ھەققىدىكى ئەپسانىنى سۆزلەپ بولۇپ نەۋرىسىگە قاراپ ھەيران قالدى. چۈنكى، ئابدۇخالىق قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگىنىچە، ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىۋالغان، جامدەك ئېچىلغان قارا كۆزلىرى كۈمۈش شامدان ئۈستىدە پىلىلداپ يېنىۋاتقان شامغا تىكىلىپلا قالغانىدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىناتتى. بەزىدە ئېغىر دەردتە قالغان كىشىدەك چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى، ئۇنىڭ كىچىككىنە مۈشتى چىڭ تۈگۈلگەنىدى. ئانا نەۋرىسىنى ئىلگىرى بۇ قەدەر قاتتىق ھاياجانلانغان ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا كۆرمىگەنىدى.

— ئابدۇخالىق، جېنىم بالام، نېمە خىيال قىلىۋاتىدىلا؟ — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئاخىر چىدىيالماي.

ئابدۇخالىق يالت قىلىپ ئانىسىغا قارىدى، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس، لېكىن ۋەزمىن ئاھاڭدا، ئىرادە بىلدۈرۈپ قەسەمىيات قىلغاندەك دېدى:

— مەن چوڭ بولغاندا پىرچەڭگى بولىمەن.

ئانا چۆچۈپ كەتتى.

— خۇدايىم توۋا، نېمىلەرنى دەيدۇ بۇ بالا!؟

كىچىككىنە ئابدۇخالىق بولسا پىلىلداپ يېنىۋاتقان شام نۇرىغا گويا ئۆز كەلگۈسىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئويچان كۆزلىرى بىلەن تىكىلگەنىدى.

# ئالىم بولىدىغان بالا

تۇرپاندا ئەتىياز بالدۇر كېلىدۇ. مارت ئېيى كىرىشى بىلەنلا يەر ـ جاھان ئىللىشقا باشلاپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى، ئېتىز ـ قىرلاردا ئوت ـ چۆپ، مايسىلار ئۈنۈپ چىقىدۇ، دەل ـ دەرەخلەر بىخ سۈرىدۇ، يەر يۈزىنى يېشىللىق قاپلاشقا باشلايدۇ. بالىلار تال چىۋىقتىن لېپىر تولغاپ چۇرقىرىتىپ چېلىپ ئويناپ، كوچا، مەھەللىلەرنى بىر ئالىدۇ، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چېپىشىپ بەيگىگە چۈشىدۇ.

1907 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ خەيرلىك بىر كۈنى ئالتە ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىقنى مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم تۇرپان يېڭىشەھەردىكى قازىخانا مەسچىتى ئىچىگە جايلاشقان خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەردى.

خېلىل موللام پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشىغا گۈللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا كانۋا گۈل ئىشلەنگەن ئاق كۆڭلەك، ئاستىغا سۇر تېرىكىدىن شىم، پۇتىغا قارا خۇرۇم ئاياغ كىيگەن ئابدۇخالىقنىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ ئەدەپ بىلەن بەرگەن سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ گىردىدەك پارقىراپ تۇرغان مەڭزىگە، ئەقىل نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ:

— بېرى كېلىڭ، بالام! — دەپ يېنىغا چاقىرىپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق تېتىك قەدەم تاشلاپ ئۇستاز خېلىل مىرللامىنىڭ قېشىغا باردى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم خاتىرجەم بولۇپ ئۆيىگە قايتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇخالىق خېلىل موللامدا ئوقۇشقا باشلىدى.

خېلىل موللام ياشلىقىدا ئاۋۋال تۇيۇق ئەسھابۇلكەھف يېنىدىكى مەدرىسىدە ئوقۇغان، كېيىن لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىسىنى تاماملاپ، قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىدە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئىدى. ئۇ ئۇستا خەتتات بولۇپ، بىر قانچە خىل ھۆسنىخەت نۇسخىلىرىغا كامىل ئىدى، شېئىرىيەتكىمۇ قىزىقاتتى، گاھى ئىلھامى كېلىپ قالغان چاغلاردا غەزەل، رۇبائىيلارنى يېزىپ قوياتتى.

كۆزى پىششىق، تەجرىبىلىك ئۇستاز خېلىل موللام ئابدۇخالىق ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى بالا ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدىغان زېھنىي قابىلىيەت، ئالاھىدە خىسلەت بارلىقىنى روشەن سەزگەنىدى. شۇڭا، خېلىل موللام ئابدۇخالىققا ئۆزى دەرس بەردى، خەلپەتلىرىگە تاشلاپ قويمىدى. يېرىم يىلدىن كېيىن خېلىل موللام ئابدۇخالىقنىڭ تولۇق ساۋاتى چىقىپ بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» يادلاتقۇزۇشتىن تاشقىرى قوشۇمچە ھۆسنىخەت يېزىشنىمۇ ئۆگىتىشكە باشلىدى.

ئابدۇخالىق ياندۇرقى يىلى ئەتىيازغىچە «قۇرئان كەرىم» نى يادلاپ تاماملىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆسنىخەتنىمۇ خېلىلا چىرايلىق يازالايدىغان بولدى.

ئابدۇخالىق مەكتەپكە كىرىپ بىر يىل ئىچىدە «قۇرئان كەرىم» نى يادلاپ تاماملىغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن مىجىت ھاجى بىر يوغان بورداق قوي، بىر دراپ پەلتۇ بىلەن خېلىل موللامنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتتى.

ئابدۇخالىق خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇدى. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئابدۇخالىق ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئوقۇپ باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتلارنى ئەلا دەرىجىدە تاماملىدى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ خېلىل موللامغا تون ياپتى ۋە يۈز سەر پۇل ئىنئام قىلدى. خېلىل موللام ئابدۇخالىققا دۇئا بەرگەندىن كېيىن مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىمغا قاراپ دېدى:

— ھاجىم، ئەمدى پەقىرنى ئەپۇ قىلغايلا، مەن ئابدۇخالىقنى مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇتاي، بۇ بالىدا بىر خىسلەت بار، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۇنى ھەقدادىغا يەتكۈچە ئوقۇتسىلا، ئىنشائاللا، ئابدۇخالىق كاتتا ئالىم بولىدۇ.

ئابدۇخالىق 1909 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇرپان يېڭىشەھەردىكى مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھەمدۇللا داموللام ئىدى. شۇڭا بۇ مەدرىسە تۇرپاندا «ھەمدۇللا داموللام مەدرىسىسى» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. تۇرپاننىڭ ئەئلەم ئاخۇنى بولغان ھەمدۇللا داموللام ياشلىقىدا تۇرپاندىكى يار مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ يار مەدرىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە تۆت يىل ئوقۇپ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەن ۋە داموللا ئۇنۋانىنى ئالغان. ئىلىم تەشناسى ھەمدۇللا داموللام قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند شەھرىگە بېرىپ

خانلىق مەدرىسىسىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. ئۇ قوقەند خانلىق مەدرىسىسىدىكى ئوقۇشقا قانائەت قىلماي، بۇخاراغا بېرىپ ئىسلام دۇنياسىدا داڭلىق بۇخارا مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، تۆت يىل ئوقۇغان. ھەمدۇللا داموللام بۇخارا مەدرىسىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن تەكلىپ بويىچە رۇسىيىنىڭ ئوفا، قازان شەھەرلىرىگە بېرىپ ئۆلىما، ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە بەھەس - مۇنازىرىلەردە بولۇپ داڭقى چىققان. ھەمدۇللا داموللام سەككىز ياشلىق ئابدۇخالىقنىڭ مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگىنىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ئۇ ئابدۇخالىقنى دەرس بېرىشنى پېشقەدەم مۇدەررىس نىياز موللامغا تاپشۇردى. نىياز موللام ئۆز شاگىرتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ئۇستاز ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھەمدۇللا داموللام ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۆگەنگەن دەرسلىرىدىن ئۆزى ئىمتىھان ئېلىپ تۇردى. ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئابدۇخالىق ھەمدۇللا داموللامنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، ئۇستازىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولاتتى.

ئابدۇخالىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ بىر يىل بولغاندا، ھەمدۇللا داموللام مۇدەررىس نىياز موللام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇخالىقتىن يىللىق ئىمتىھان ئالدى. ئابدۇخالىق تىل - ئەدەبىيات، ئىلمى تەجۋىد (قۇرئاننى قىرائەت بويىچە ئوقۇش)، ئەبجەد ھېساب قاتارلىق دەرسلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ ئۇستازلىرىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. ئىككى ئۇستاز ئابدۇخالىقنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىنى كۆپ ماختاپ، ئۇنى يەنىمۇ تىرىششقا رىغبەتلەندۈردى.

ھەمدۇللا داموللام:

— ئىلىم ئۆگىنىشكە مۇشۇنداق ئىشتىياق باغلاپ، سەئىي ئىجتىھات قىلغان تىرىشچان بالىنى تېخى ئۇچراتمىغانىدۇق. تىل ئۆگىنىش، تىلنى پۇختا ئىگىلەش — ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. ئابدۇخالىقنى بۇ ئالتۇن ئاچقۇچقا ئىگە قىلىشىمىز لازىم، — دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا ئەتراپتا تۇرغان مۇدەررىسلەر ۋە خەلپەتلەرگە قاراپ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇخالىقا مەدرىسىدە ئوقۇلىدىغان ئادەتتىكى دەرسلەرگە قوشۇپ نىياز موللام پارس تىلىدىن، ھەمدۇللا داموللام ئەرەب تىلىدىن مەخسۇس دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىككى خىل يېڭى دەرس قوشۇلغاندىن كېيىن ئابدۇخالىقنىڭ يۈكى ئېغىرلاشتى. بىراق، «ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەيدۇ» دېگەندەك، ئۇ قىلچە بوشاشماي تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. مەدرىسىدە بەزى بالىلار ئۇيۇنغا بېرىلىپ ساۋاقلىرىنى پىششىق تەكرارلىمىغاچقا، موللاملار ئىمتىھان ئالغاندا دۇدۇقلاپ توغرا ئوقۇيالماي تەنبىھ ئاڭلايتتى، ئېغىرراق بولغاندا جازاغا ئۇچرايتتى. ئابدۇخالىق بولسا مەيلى خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىدە بولسۇن، مەيلى مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغاندا بولسۇن، تاكى مەدرىسىنى پۈتتۈرگۈچە بىرەر قېتىممۇ ساۋىقىنى خاتا ئوقۇپ باقمىدى، تەنبىھمۇ ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ماختاش، تەقدىرلەش ۋە تەھسىن ئوقۇشلا بولدى.

ئابدۇخالىق مەدرىسىدىن دەرسنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن كەچلىك تامىقىنى ئالدىراش يەيتتى، ئاندىن ئازراق دەم ئېلىۋېلىپلا، شىرەگە كىتابىنى يېيىپ شۇ كۈنى ئۆگەنگەن دەرسنى تەكرارلايتتى، ھۆسنىخەت يېزىشنى مەشىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىزچىل ئادىتى شۇ ئىدىكى، شۇ كۈنكى ئۆگەنگەن دەرسنى

تەكرارلاپ پىششىق بىلىۋالمىغۇچە شىرەدىن زادى تۇرمايتتى.

ئەرەمىسىما خېنىم ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىقنىڭ يىگىرمە ياشلىق تالىپلار ئوقۇيدىغان چوڭ كىتابلارنــــى ئوقۇپ يۈرگىنىدىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولاتتى، بىراق يەنە بىر تەرەپتىن «بالا تېخى كىچىك تۇرسا، ئۆگىنىشكە بەك زورۇقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىغاي» دەپ ئويلاپ، ئابدۇخالىقنى مەدرىســدىن كەلگەندە دەم ئالدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى. مەدرىسىدە ھەر جۈمە كۈنى تالىپلار دەم ئالىدىغان بولغاچقا، ئەرەمىســما خېنىــم ئابدۇخالىقنى دەم ئالدۇرۇپ، ھاۋالاندۇرۇپ كېلىشكە باغرىدىكى ئۈزۈملۈك، باغ ـ ۋارانلىق ھويلىغا، گۈزەل مەنزىرىلىــك بۇيلۇققا، بەزى جۈمە كۈنلىرى بولسا چاتقالغا ئېلىپ باراتتى. ئابدۇخالىق بولسا پاتراق قايتىپ دەرس تەكرارلاشنى ئويلاپ، چوڭ ئانىسىنى ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىتاتتى. كۈنلەر ئايلارنى ياساپ، ئايلاردىن يىل پۈتۈپ، ئابدۇخالىق ئون ئىككى ياشتىن ئاشتى. ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى تولۇق ئوقۇپ بولۇپلا قالماي، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئىگىلەپ مەدرىسىنى ئەلــيۇل ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈردى. بۇنىڭدىن كۆپ سۆيۈنگەن مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم مەدرىسىگە خېلى كۆپ پۇل ئىئانە قىلدى، مەدرىسىدە يېتىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارغا ئۇن ـ ياغ، ئوتۇن، كۆمۈر ئاپىرىپ بەردى.

مىجىت ھاجى خەيرلىك بىر كۈنى مېھمان چاقىرىپ ھەمدۇللا داموللام باشلىق مۇدەررىسلەر ۋە ئابلىتىپ قازى ئاخۇنۇم قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرىغا ئۆيىدە چوڭ زىياپەت بەردى، زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا ھەمدۇللا داموللام بىلەن نىياز موللامغا ئېسىل تون كىيگۈزدى.

# قىسقارغان ئۆزۈن تۈنلەر

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا بىلىدىغان، خەنزۇ تىلىدىنمۇ خەۋىرى بار ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. ئۇ كىتابنى ناھايىتى تەسىرلىك ئوقۇيتتى. قىشنىڭ ئۆزۈن تۈنلىرىدە شام يورۇقىدا ئابدۇراخمان مەخسۇم كىتاب ئوقۇسا، ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ قېشىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. بەزى ئاخشاملىرى ئەخمەت خۇجامنىياز قىسسۇرىنىڭ[1] «رەۋزاتۇل زەھرا» (گۈزەل باغ) دېگەن داستانى ئوقۇلسا، بەزى ئاخشاملىرى نەسرىدىن رابغۇزىنىڭ[2] «قىسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) ناملىق كىتابى ئوقۇلاتتى.

مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىدە قىش كۈنلىرى بولىدىغان بۇنداق كىتاب ئوقۇش سورۇنىغا بەزى چاغلاردا تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى[3] ئىشتىراك قىلاتتى. مەخسۇت مۇھىتى ياش جەھەتتىن مىجىت ھاجىدىن خېلىلا كىچىك ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ مىجىت ھاجى رۇس، تاتار تىللىرىنى بىلىدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، يېڭىلىق ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتىلگۈچى بۇ ياش سودىگەر بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى. ئۇلار ھەر يىلى رۇسىيىگە بىللە سەپەر قىلاتتى، رۇسىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ پات ـ پات ئۇچرىشىپ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا

① ئەخمەت خۇجامنىياز قىسسۇرى — (1717 ـ 1827) لۈكچۈنلىك شائىر.

② نەسرىدىن رابغۇزى — (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى) يازغۇچى، مۇتەپەككۇر.

③ مەخسۇت مۇھىتى — (1885 ـ 1933) مەرىپەتپەرۋەر زات.

كېتىشىپ تۇراتتى.

مەخسۇت مۇھىتى مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىدە تۇزۇلگەن كىتاب ئوقۇش سورۇنىغا بەزەن چاغلاردا تەڭ دېمەتلىك دوستى، ياش شائىر نەمەت خەلپەتنى بىللە ئېلىپ كېلەتتى. شائىر نەمەت خەلپەت[1] قىزىقچى، ھەزىلكەش ئادەم بولۇپ، بەزىدە موللا زەيدىنىنىڭ لەتىپىلىرىدىن سۆزلىسە، بەزىدە ئۆزى لەتىپە توقۇپ ھەممىنى كۇلدۇرەتتى، بەزەن چاغلاردا ئۆزى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ سورۇننى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. نەمەت خەلپەت شېئىرنى ناھايىتى يېقىملىق ئاھاڭدا ئوقۇغاچقا، مىجىت ھاجى ئۇنى بەك ياقتۇراتتى. شۇڭا، مىجىت ھاجى لۇكچۇنگە پات - پات ئادەم ئەۋەتىپ نەمەت خەلپەتنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا شېئىر ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. ئابدۇخالىق بۇ ياش شائىرغا ئامراق ئىدى. نەمەت خەلپەتمۇ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ئابدۇخالىقنى ياخشى كۆرەتتى. نەمەت خەلپەت كىتاب ئوقۇشنى باشلىمايلا ئابدۇخالىق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتى. نەمەت خەلپەت يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن ئۇستاز ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇلمەئانى» («چاھار دىۋان») دىن ئوقۇغان غەزەللىرىنى ۋە «خەمسە» (نەۋائىينىڭ بەش داستانىنىڭ توپلىمى) دىن ئوقۇغان ئاجايىپ قىزىقارلىق داستانلارنى، بەزىدە «گۇلىستان»[2] دىن ئوقۇغان ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىك، ھېكمەتلىك ھېكايەتلەرنى، بەزىدە شاھ مەشرەپ، ھۇۋەيدا، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللانىيازى قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ دىۋانلىرىدىن ئوقۇغان لىرىك غەزەللەرنى، نايخانىنىڭ[3] ساتىرىك شېئىرلىرىنى ناھايىتى

---

① نەمەت خەلپەت (كەمى) — (1888 ـ 1962) شائىر، جامائەت ئەربابى.

② گۇلىستان — پارس كلاسسىك شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى.

③ نايخان — (1850 ـ 1910) پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن بازىرىدا ئۆتكەن ساتىرىك شائىر.

قىزىقىپ ئاڭلاپ بەزىلىرىنى پىچىرلاپ يادلىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

مىجىت هاجى بۇنداق كىتاب ئوقۇش سورۇنىنى «ئۇزۇن تۈننى قىسقارتىش» دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتى بەزەن چاغلاردا مىجىت هاجىغا: «هاجىكا، بۈگۈن ئاخشام ئۇزۇن تۈننى بىر قىسقارتساقچۇ» دەپ قوياتتى. 1910 - يىلى 12 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئابدۇخالىق مەدرىسىدىن قايتىپ كېلىپ تامىقىنى يېدى، ئۇ تاماقتىن كېيىن بىرئاز ئارام ئېلىپ دەرس تەكرارلاشقا كىرىشتى. ئارىدىن بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ تەكرارنى تۈگىتىپ جىلتىسىنى قوزۇققا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇشىغا ئۆيگە ئابدۇراخمان مەخسۇم كىردى. ئۇ جايناماردا تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغان ئەرەمىسىما خېنىمغا قاراپ:

— بۈگۈن چۈشتە لۈكچۈندىن تاھىر بەگ ئاكىمىز بىلەن نەمەت خەلپەت كەلگەنىدى. تېخى بايا مەخسۇتباي ئۇلارنى باشلاپ كەلدى. مېھمانخانىدا بۈگۈن ئاخشام كىتاب ئوقۇلماقچى، ئابدۇخالىقنى ئاڭلىسۇنمىكىن دەپ چاقىرغىلى كىرىشىم، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق شادلىقتا چۆكۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىغا قارىدى. نەۋرىسىنىڭ قارىشىنى چۈشەنگەن چوڭ ئانا:

— بارسىلا، بالام، ئەممازە، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بولسىلا، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەكلەرگە قول سۇنمىسىلا، — دېدى جېكىلەپ.

— دېگەنلىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن هويلىغا چىقتى. ئابدۇخالىق هويلىدا مېھمانخانىغا كىتىۋېتىپ ئاتىسىدىن سورىدى:

— بۈگۈن ئاخشام قايسى كىتاب ئوقۇلىدۇ؟

— پىر ئۇستاز ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى ئاڭلايمىز، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

ئاتا ـ بالا مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. ئابدۇخالىق مېھمانلارغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى. مېھمانلار ئابدۇخالىقنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. نەمەت خەلپەت ئابدۇخالىقنى يېنىغا چاقىردى. ئابدۇخالىق ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم كىتاب تەكچىسىدىن جىگەررەڭ قىرىم تاشلىق قېلىن ھەم يوغان بىر كىتابنى ئېلىپ ئەمەت خەلپەتكە ئۇزاتتى. نەمەت خەلپەت ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ قولىدىن كىتابنى ھۆرمەت بىلەن ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى ـ دە، قەددىنى رۇسلاپ تىك ئولتۇردى، ئاندىن كىتابنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ سۆيدى. ئۇ كىتابنى ئاۋايلاپ ئالدىدىكى شىرەگە قويدى ـ دە، ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ كىتابنى ئاچتى. «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى ئوقۇلۇشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىدە نەمەت خەلپەتنىڭ تەسىرلىك ئۈنى يېقىملىق سادا پەيدا قىلاتتى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن داستاننى ئاڭلاۋاتقان ئابدۇخالىق شاھزادە پەرھادنىڭ ئاجايىپ قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۇستازىدىن ئىلىم ئۆگىنىشكە بېرىلگەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە نەمەت خەلپەتكە ئەگىشىپ داستاننىڭ بەزى مىسرالىرىنى ئىچىدە پىچىرلاپ تەكرارلايتتى.

بۇنداق «قىسقارغان ئۇزۇن تۈن» لەر تولا ـ تولا تەكرارلىناتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش مىجەت ھاجى ئائىلىسىنىڭ بىر ياخشى ئادىتىگە ئايلاندى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئابدۇخالىقنىڭ ئىككىنچى مەكتىپى بولۇپ قالدى. بۇ مەكتەپتە ئابدۇخالىقنىڭ كۆزى تېخىمۇ روشەنلىشىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندە، پېشىۋالىرىدىن ئەلىشىر نەۋائى، شاھ مەشرەپ، قۇل خوجا ئەخمەت يەسەۋى ۋە كېيىنكى

دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى، ئەخمەت خۇجامنىياز قىسسۇرى قاتارلىق شائىرلارنىڭ جاھانغا مەشھۇر ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلىدى، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرى ئابدۇخالىقنىڭ بىغۇبار قەلبىگە بىر ئۇچقۇن بولۇپ ئورناشتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇچقۇن بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ئاخىر كۈچلۈك بىر يالقۇنغا ئايلاندى.

# تۈنىنى يورۇتقان مەشئەل

تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ئۆرۈمچى كوچىسىدا مىرزا باي ئىسىملىك بىر سودىگەر ئولتۇراتتى. بىر كۈنى مىرزا باينىڭ شېرىپجان ئىسىملىك بىر تۇغقىنى غۇلجىدىن ئۇنى يوقلاپ كەلدى. مىرزا باي قېرىندىشىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

مىرزا باي ئەسلىدە ئاتۇشلۇق سودىگەر ئىدى. ئۇ تۇرپانغا سودا ئىشى بىلەن كېلىپ تۇرپاننى ياقتۇرۇپ قالغان ۋە ھازىر ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان قورۇ - جاينى سېتىۋېلىپ، تۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغىلى ئون يىلدىن ئاشقانىدى. مىرزا باي بىلەن مىجىت ھاجىنىڭ كۆڭلى يېقىن بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىشاتتى.

مىجىت ھاجى مىرزا باينىڭ غۇلجىدىن شېرىپجان ئىسىملىك ئۇكىسى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆيىگە چايغا چىللىدى. تاماق ئۈستىدە مىجىت ھاجى شېرىپجان بىلەن تونۇشۇپ قالدى. مىجىت ھاجى شېرىپجاننىڭ ئوچۇق - يورۇق، چىقىشقاق، كىچىك پېئىل مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلار قىزغىن سۆھبەتتە بولدى.

سۆھبەتتە مەلۇم بولدىكى، شېرىپجان ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھۇسەينىيە مەكتىپى» دە ئوقۇغان، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىگە بارغان، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلەپ تاشكەنت شەھىرىگە يۆتكەلگەن، ئۇ يەردە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغان. شېرىپجان ئۈچ يىل

بۇرۇن چۆچەك ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىجىت ھاجى شېرىپجانغا نەۋرىسى ئابدۇخالىقنىڭ يېقىندا مەدرىسىنى پۈتتۈرگەنلىكىنى، ئەمدى ئۇ بالىنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تۇرپاندا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىلمىغاچقا، ھازىر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

شېرىپجان مىجىت ھاجىنىڭ ئابدۇخالىقنى يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشىغا قىزغىن ھېسداشلىق قىلدى.

شۇ كۈنى كەچتە مىجىت ھاجى مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا:

— بىر سىنىپلىق يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئابدۇخالىقنى شۇ مەكتەپتە ئوقۇتساق قانداق؟ — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم قېيناتىسىنىڭ بۇ پىكرىنى قىزغىن قوللىدى. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى مىجىت ھاجى بامدات نامىزىدىن يانغاندا «بىر سىنىپلىق يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىش» ئىشىنى زۇپەر ھاجى بىلەن ئەبەيدۇللا شەمەيچىگە دېدى. ئۇ ئىككىيلەن:

— بۇ كاتتا ئىش ئىكەن، باللىرىمىز ھېسامىدىن بىلەن ھەبىبۇللانى ئاشۇ مەكتەپتە ئوقۇتىمىز، — دەپ قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. بۇنىڭدىن مىجىت ھاجى تولىمۇ خۇشال بولدى. ئۇ:

— تۇرپاندىكى چوڭ بايلاردىن ئىككىسى بۇ ئىشنى قوللىدى. ئىشىمىز روياپقا چىقىدىغان بولدى. ئەمدى مەكتەپتە بالىلارنى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىم تاپساقلا مەكتەپنى ئېچىشىمىزدا گەپ يوق، — دېدى.

مىجىت ھاجى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن غەربىي قۇۋۋەتتىن چىقىپ، ئۇرۇمچى كوچىسىغا يول ئالدى. ئۇ ئۇدۇللا مىرزا باينىڭ ئۆيىگە باردى. مىجىت ھاجى سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئانچە ھايال قىلمايلا «يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىش» ئىشىنى مىرزا بايغا

دېدى. مىرزا باي «مەكتەپ ئېچىش» نى قوللىدى. ئۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ شېرىپجاننى يېڭى قۇرۇلىدىغان مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلماقچى بولۇشتى. مىرزا باي بۇ گەپنى شېرىپجانغا ئۇدۇللا دېدى. شېرىپجان يېڭى ئېچىلىدىغان مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇشقا قوشۇلدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مىجىت ھاجى ئۆز ئۆيىگە زوپەر ھاجى، ئەبەيدۇللا شەمەيچى، مىرزا باي، شېرىپجانلارنى چاقىرىپ داستىخان سالدى. تاماق ۋاقتىدا مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا مەكتەپنى نەدە ئېچىشنى مەسلىھەتلەشتى. ئاخىر ھەممەيلەن:

— بۇ نازۇك ئىش، يامان كۆزدىن يىراقراق بولۇش ئۈچۈن، شەھەر سىرتىدا، خالىيراق بىر جايغا مەكتەپ ئورنىنى تاللىساق، چوڭ داغدۇغا قىلمىساق، — دېگەن پىكىرگە كەلدى.

مىرزا باي:

— بىزنىڭ قورۇ خالىيراق، شېرىپجانغىمۇ قولايلىق، مەكتەپنى بىزنىڭ قورۇدا ئاچساق، — دېگەن تەكلىپنى بەردى.

سورۇن ئەھلى بۇنىڭغا بىردەك قوشۇلدى. بىر ئۆينى سىنىپقا تەييارلاش، پارتا - ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىقلارغا چىقىم قىلىدىغان پۇلنى مىجىت ھاجى، زوپەر ھاجى، ئەبەيدۇللا شەمەيچى ئۈستىگە ئېلىشتى.

1913 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىرزا باينىڭ قورۇسىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ رەسمىي ئېچىلىپ دەرس باشلاندى. ئابدۇخالىق شېرىپجان مۇئەللىمگە ھەر ئايدا ئىككى سەر كۈمۈش پۇل تۆلەپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلىدى.

شېرىپجان مۇئەللىم ئابدۇخالىقنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن پەرقلىق ھالدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلىرىنى ئۆتۈشكە باشلىدى. شېرىپجان ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەر بىر دەرسنى ناھايىتى

ئەستايىدىل، پىششىق ئۆگىتىدىغان ئۇستاز ئىدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قېتىم ئىمتىھان ئالاتتى. تىرىشچان ئابدۇخالىق ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشەتتى.

شېرىپجان مۇئەللىم دەرس ئارىلىقلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا رۇسىيىدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى, دەرستىن سىرتقى چاغلاردا، بالىلارنى ھەر تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، ئۇز ئارا مۇسابىقىلەرگە ئۇيۇشتۇراتتى. بۇ بالىلارنى مەكتەپكە تېخىمۇ جەلپ قىلدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇيمىز دېگەن بالىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەتتا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بەزەن بالىلارمۇ يوشۇرۇنچە بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزا باينىڭ قورۇسىدا ئېچىلغان بۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ يېڭى مەكتەپنى ئۆزلىرىگە «تەھدىت» دەپ بىلگەن جاھىل مولىلار، سوپى - ئىشانلار: «مىرزا باينىڭ قورۇسىدىكى يېڭى مەكتەپ دېگىنى جەدىت مەكتىپى ئىكەن، بۇ مەكتەپتە بالىلارغا ھېساب، جۇغراپىيە دەپ ساپلا بىسمىللاسى يوق بىر نېمىلەرنى ئوقۇتىدىكەن، تېخى يەرنى يۇمىلاق دەيدىكەن» دېگەندەك پىتنە - پاساتلارنى توقۇپ، شېرىپجانغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلىدى. بۇنى ئەسقەر ھاجى، ئابلىتىپ قازى، ئابدۇللا رەئىس قاتارلىق بايلار، قازى ئاخۇنۇملارمۇ قوللىدى. سوپى - ئىشانلار بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ بۇ مەكتەپ ئۇستىدىن تۇرپان يامۇل مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. بۇ ئەرزنى تاپشۇرۇۋالغان ئامبال جاڭ خۇالىڭ بۇنى دەرھال ئۈلكىگە — ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلدى. يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىشكە باھانە تاپالماي تىت - تىت بولۇۋاتقان ياڭ زېڭشىن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، تۇرپان ئامبىلى جاڭ خۇالىڭغا مىرزا باينىڭ قورۇسىدىكى «يېڭىچە پەننىي مەكتەپ» نى دەرھال تاقاشنى بۇيرۇدى. ياڭ زېڭشىننىڭ قارىشىچە، شىنجاڭدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا بولمايتتى. چۈنكى، يەرلىك

خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە خەۋپ يېتەتتى. «نادان مىللەتنى باشقۇرماق ئاسان» دەپ قارايدىغان ياڭ زېڭشىن غالچىسى جاڭ خۇالىڭغا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇرپاندا تۇنجى ئېچىلغان بۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپنى تاقىۋەتتى. شېرىپجان مۇئەللىمنى قاتتىق دۇمبالاپ تۇرپاندىن قوغلىۋەتتى. بۇ 1913 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمىدى. ئوقۇۋاتقان مەكتىپى تاقىلىپ قالغاچقا ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىد چىرىغى يەنەياندى. پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىشنى قەلبىگە پۈككەن مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى جاھالەت بولۇتلىرى قاپلىغان كونا تۇرپاندا ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇرۇپ، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ يۇرتى ئاستانىدە ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، چوڭ ـ چوڭ دېرىزىلەر ئورنىتىلغان، ئازادە، يورۇق سىنىپ سالدى، يېڭىچە پارتا ـ ئورۇندۇق ياساتتى، رۇسىيىگە سودىغا بارغاندا قازان شەھىرىدە تونۇشۇپ قالغان لاتىپ ئىسمىلىك تاتار دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاتار زىيالىيلىرىدىن ئاۋۋال ھەيدەر سايراننى، كېيىن مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستەي، ئەلى ئىبراھىموفلارنى رۇسىيىدىن تەكلىپ قىلىپ تۇرپانغا ئەكەلدى.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇرپان ئاستانىدە يېڭىچە پەننىي مەكتەپ رەسمىي ئېچىلدى. تۇرپان ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا داڭقى كەتكەن بۇ مەكتەپ خۇددى قاپقاراڭغۇ زۇلمەت تۈننى يورۇتقان نۇرلۇق مەشئەلدەك، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ توپا ـ چاڭلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان بۇ قەدىمىي ماكانغا ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرلىرىنى چېچىپ تەشنا قەلبلەردە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ پەيدا قىلدى. بۇ مەكتەپ «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. يېڭى ئېچىلغان بۇ مەكتەپكە ھەيدەر

سايرانى ئوقۇتقۇچى بولدى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن، ئۇرۇمچى، گۇچۇڭلاردىن بولۇپ قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىق بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇقەييۇمنى ئېلىپ ئاستانىــگە — مەقسۇدىيە مەكتىپىگە باردى. ھەيدەر ئەپەندى ئابدۇخالىقنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ بالا خېلى كۆپ نەرسە بىلىدىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا لايىق ئىكەن، بىز ئەمدىگىنە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىنى ئاچتۇق، — دېدى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇقەييۇم مەقسۇدىيە مەكتىپــــگە قوبۇل قىلىندى. ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى ۋە ئاتىسى بىلەن شەھەرگە قايتتى.

# قورقۇنچلۇق ئەگرى شاخ

1914 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى، جۈمە كۈنى ئىدى. ئابدۇخالىق چۈشكىچە دەرس تەكرارلىدى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كوچىغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ھېسامىدىن ئۇنى چاقىرغىلى كەلدى. ئۇ ئىككىسى دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇ يەردە ئۇلارنى ھەبىبۇللا بىلەن ئابدۇراخمان كۈتۈپ تۇراتتى. ھەبىبۇللا ئۇلارنى ئالدىراتتى:

— تېز بولۇڭلار، ماڭىلى.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى ئابدۇخالىق دوستلىرىغا قاراپ.

— كونىشەھەرگە، — دېدى ھەبىبۇللا.

— ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى بارىمىز؟ — سورىدى ئابدۇخالىق يەنە.

— ۋاي ئاداش، بارغاندا بىلىسەن، يۈرۈڭلار، — دېدى ئابدۇراخمان ئالدىغا كىرىپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ كەينىگە قاراپ.

— نېمە قىلغىلى بارىدىغىنىمىزنى دەپ بەرمىسەڭلار، ئۆزۈڭلار بېرىڭلار، مەن بارمايمەن، — دېدى ئابدۇخالىق دومسىيىپ.

— بارغاندا بىلىسەن، ۋاي ئادىشىم، يۈرۈ، — ھەبىبۇللا ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى.

— ياق، دېمىسەڭلار، زادى ماڭمايمەن، — ئابدۇخالىق تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالدى.

ھېسامىدىن:

— بولدىلا، بۇ ئادىشىمىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرمايلى، مەن دەپ بېرەي: ئابدۇخالىق سەن ئاڭلىمايسەن - دە، تۈنۈگۈن يامۇلنىڭ

چېرىكلىرى كونىشەھەر بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى يوغان تېرەككە قارا خوجىلىق ئەمەت دېگەن باتۇرنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېسىپ قويۇپتۇدەك، — دېدى تېز - تېز سۆزلەپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق چۆچۈپ كەتتى - دە:

— بۇ راستمۇ؟ — دېدى ئېسەنگىرەپ.

— بىز خەقتىن ئاڭلىدۇق، ئاداش، كونىشەھەرگە بېرىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ، — دېدى ھەبىبۇللا.

— باشتىلا شۇنداق دېمەمسىلەر، يۈرۈڭلار، — ئابدۇخالىق شۇنداق دەپ دوستلىرى بىلەن كونىشەھەرگە يول ئالدى. ئۇلار ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىكى ئىككى كىلومېتىردىن ئۇششۇق كېلىدىغان توپا يولدا بىردەم يۈگۈرۈشۈپ، بىردەم توختاپ، ھايال بولمايلا كونىشەھەر سىرتىدىكى «غەربىي قوۋۇق بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان كالتە بازارغا يېتىپ كەلدى.

قىش كۈنى قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكانلار تاقاقلىق تۇراتتى. ئۇششاق يايمىچىلاردىن تارتىپ كوچىدا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرىدىغان تىلەمچىلەر، سەرگەردان ساياقلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتە ئادەم مىغىلداپ كېتىدىغان بۇ ئاۋات كىچىك بازار ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

تۆت بالا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بۇ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كوچىنىڭ شىمالىي قاسنىقىغا جايلاشقان بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ ئەگمەچ شېخىغا ئېسىلغان ئادەم بېشىنى يىراقتىنلا كۆردى.

— قاراڭلار، ئەنە ئاۋۇ ئەگمەچ شاختا راستتىنلا بىر ئادەم بېشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، — دېدى ھېسامىدىن قورقۇمسىراپ.

دەرۋەقە، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ قاقشال بولۇپ قالغان قاپاق تېرەكنىڭ بىر يوغان ئەگمەچ شېخىغا چاچلىرى چۈۋۇلغان بىر

ئادەم بېشى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئىزغىرىن شامالدا ئۇنىڭ چاچلىرى بىردە كەڭ پېشانىسىنى يېپىۋالسا، بىردە ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ، ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك كۆرسىتەتتى. ئابدۇخالىق ئىختىيارسىز ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم تاشلاپ قاپاق تېرەككە يېقىنلاشتى. ئەگمەچ شاخقا ئېسىلغان بۇ باشتىكى يوغان بىر جۈپ كۆز دەھشەت بىلەن بۇ زېمىنغا قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى. بۇ كۆزگە چەكسىز غەزەپ ۋە نەپرەت، قانلىق قىساس ئوتى مۇجەسسەملەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ياڭاق سۆڭىكى بۇرتۇپ چىققان، قارىيىپ كەتكەن سۇرلۇك چىرايى ئۆلۈم دەھشىتىنى چېچىپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتاتتى. قارىغان كىشىگە ئۇنىڭ كىرىشكەن چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىگە قاقشال قاپاق تېرەك خۇددى چۆچەكلەردىكى قان شورىغۇچ ياۋۇز ئالۋاستىدەك، ئادەم بېشى ئېسىلغان ئەگمەچ شېخى بولسا ئۇنىڭ ھەممىنى قاماللاپ تۇتۇۋالىدىغان لەنەت تەگكۈر قولىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈندى. ئابدۇخالىقنىڭ سەبىي، بىغۇبار قەلبىنى قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ئېچىنىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى، بالىلىق يۈرىكى ئۆرتىنىپ، گويا قوقاستا يۆچىلانغاندەك بولدى، كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلار سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى يۇدى.

نەدىندۇر بىر توپ قارا قاغىلار ئۇچۇپ كېلىشتى. ئۇلار قاپاق تېرەككە قونۇپ ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلداشقا باشلىدى:

«قاق ـ قاق ـ قاق!»

بالىلار چۆچۈپ كەينىگە داجىدى. ئۇلار ھەسرەت بىلەن ئازابلىق ئاھ ئۇرۇپ، ئاغزىلىرىنى ئۇمچەيتىشىپ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى ئېرتىشتى. شۇ ئەسنادا كوچىنىڭ شەرق تەرىپىدە بۇ ياققا كېلىۋاتقان بىر ھارۋا كۆرۈندى. ھارۋىكەش ئايىت يىراقتىنلا قاپاق تېرەككە قاراپ تۇرۇشقان تۆت بالىنىڭ ئارىسىدىكى ئابدۇخالىقنى تونۇۋالغانىدى. ئۇ ھارۋىدا ئولتۇرغان ئابدۇراخمان مەخسۇمغا

قاراپ:

— قارىسىلا، ئاۋۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇخالىق تۇرۇپتۇ، — دېدى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ئۇلار بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— ھەي، — دېدى ئايىت ئېغىر خورسىنىپ، — قاپاق تېرەكنىڭ ئەگمەچ شېخىدىكى ئەمەت تاماقنىڭ بېشىغا قاراپ تۇرامدۇ نېمە؟.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئىككى كۈن بۇرۇن چاتقالغا كەتكەن بولۇپ، بۈگۈن ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشى ئىدى.

— ھارۋىنى تېز ھەيدە، ئۇلارنى دەرھال ئۆيگە ئېلىپ كېتەيلى، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئالدىرىتىپ.

ئايىت «چۇۋ!» دەپ ئاتلارغا قامچا سالدى.

قامچىنىڭ تاراسلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بالىلار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. بىر پەستىن كېيىن ئۈچ ئات قوشۇلغان ھارۋا بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— يۈرۈڭلار، ئۆيگە كېتىمىز، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىق ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا.

بالىلار ئۈنچىقماي ھارۋىغا چىقتى. ئايىت ھارۋىكەش قورقۇنچلۇق ئەگمەچ شاخقا قاراپ ئېغىر خورسىندى. ئۇ:

— ئەل قىسساسۇل مىنەلھەق، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ قىساسنى ئالىدىغان ئەر چىقىدۇ، — دېدى ـ دە، سەكرەپ ھارۋىغا چىقىپ «چۇۋ!» دەپ ئاتلارغا بىر قامچا سالدى . شۇ كۈنى ئابدۇخالىق ئۆيگە قايتىپ كېلىپ خامۇش ھالەتتە يۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قاپاق تېرەكنىڭ قورقۇنچلۇق ئەگمەچ شېخى كەتمەيتتى. ئەمەتنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى، كىرىشكەن چىشلىرى ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆڭلى غىزاغا تارتمىغاچقا، كەچلىك

تاماقنىمۇ ئازلا يېدى. تاماقتىن كېيىن ئابدۇخالىقنىڭ دەرس تەكرارلاشقا رايى بارمىدى. ئۇ بىر پەس كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ بېقىپ، يىغىشتۇرۇپ جىلتىسىگە سېلىپ قوزۇقىقا ئېسىپ قويىدى ـ دە، ھويلىغا چىقتى.

ئابدۇخالىق ھويلىدا ئاتلارغا بوغۇز بېرىپ بولۇپ، دەرۋازا تۈۋىدىكى ئۆيگە ماڭغان ئايىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئايىت ئاكا، قولىڭىز ئىشتىن بوشىدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق. ئايىت دەرھال:

— خوش، نېمە ئىش بار، مانا مەن تەييار، — دېدى.

— بىرەر ئىشقۇ يوق، مەن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، — دېدى ئابدۇخالىق يېقىن كېلىپ.

— قېنى سورىسىلا.

— سىز ئەمەتنى تونۇمسىز؟

ئايىت داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كونىشەھەردىكى قاپاق تېرەكنىڭ قورقۇنچلۇق ئەگرى شېخىغا ئېسىلغان ئەمەتنىڭ كاللىسى كەلدى ـ دە، بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ بىر پەس ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇۋېلىپ:

— شۇ گەپمۇ، يۈرسىلە ئۆيگە كىرسىلە، بۇ ئۇزۇن گەپ، — دېدى.

ئايىت ھارۋىكەش ئابدۇخالىقنى ئۆيگە باشلاپ كىردى، كاڭغا كۆرپە سېلىپ ئابدۇخالىقنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى.

— داستىخان راسلايمۇ، ئۈزۈم، قوغۇن يەملا؟ — سورىدى ئايىت.

ئابدۇخالىق «ياق» دەپ بېشىنى چايقىدى.

ئايىت ھارۋىكەش بۇ بالىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ «خىزمەتكار» دەپ ئائىلىسىدىكى چاكارلارنى كەمسىتمەيتتى. ئەدەپلىك، سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، ھۆرمەتلەيتتى. بەزەن چاغلاردا ئۇ ئايىتنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭدىن چۆچەك، رىۋايەت

ئاڭلايتتى. «ئۇر توقماق»، «كىشمىش يەيدىغان تۈلپار»، «قىزىل تاغ (ئىدىقۇت تېغى) نىڭ پەيدا بولۇشى»، «كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەندەك چۆچەك، رىۋايەتلەرنى، نۇرغۇن قوشاقلارنى ئابدۇخالىق ئايىت هارۋىكەشتىن ئاڭلىغانىدى.

ئايىت هارۋىكەش قىرىقتىن هالقىغان، كۆرگەن، ئاڭلىغىنى كۆپ، نۇرغۇن يۇرت، شەهەرلەرنى كۆرگەن، سۆزمەن ئادەم ئىدى. ئايىت كاڭغا چىقىپ ئابدۇخالىقنىڭ قارشىسىغا ئولتۇرۇشىغا ئابدۇخالىق سوراپ قالدى:

— سىز ئەمەتنى قاچان كۆرگەن؟

ئايىت كەكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېتىپ:

— ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدا ئاتلىرى بىلەن قاراخوجىغا بارغاندا كارساڭدا① ئۇچرىشىپ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشقان، بىز خېلى بۇرۇنلا تونۇشاتتۇق، كۆپ قېتىم ئۇچراشقان. ئەمەت ئاخۇن باتۇر، مەردانە، جىگەرلىك بىرىنچى ئوغۇل بالا ئىدى. ئىلاهىم رەهمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، — دېدى ئايىت ئېچىنىش بىلەن «چىك» قىلىپ تامىقىنى چېكىلدىتىپ.

— يامۇلنىڭ چېرىكلىرىمۇ ناهايىتى ئەسكى بىر نېمىلەركەن، نېمىشقا شۇنداق ياخشى ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ ئۇ يەرگە ئاسىدۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۆرتەنگەن هالدا.

— هەي - ي، گەپ قىلساق گەپ تولا، گەپتىن دەرد تولا، — دېگىنىچە ئايىت بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. جىنچىراغ پىلىلدىغىنىچە ئاجىز نۇر چېچىپ ئۆي ئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆكتى. بىر هازا ئۆتكەندىن كېيىن ئايىت:

— ئۆزلە سوراپ قالدىلا، مەن هەممىنى سۆزلەپ بېرەي، —

---

① كارساڭ — قاراخوجا يېزىسىدىكى مەهەللە.

دەپ گېپىنى باشلىدى، — ئەمەت ئەسلىي قاراخوجا يېزىسىنىڭ تۈگمەنبېشى مەھەللىلىك بىر نامرات دېھقان ئىدى. ئۇ پاكار بويلۇق، كۆزى چوڭ، قارىمۇتۇق ئادەم بولۇپ، گەپ - سۆز قىلغاندا سەل كېكەچلەيتتى. ئۆزى ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ئادەم ئىدى. شۇڭا، باشقىلار ئۇنىڭغا «ئەمەت تاماق» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى. ئەمەت جۇغى كىچىكرەك بولغىنى بىلەن ناھايىتى يۈرەكلىك، باتۇر، جىگەرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ يامانغا بوزەك بولمايتتى، يۇۋاشنى بوزەك قىلمايتتى. ئۇ ئادالەتنى ياقىلاپ، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەدىپىنى بېرىپ ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ داڭق چىقارغانىدى. شۇ زامانلاردا يۇرت ئىچىدە قىمار ئويناش، ئوغرىلىق قىلىش ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. ئەمەتمۇ ياش ۋاقتىدا باشقىلارنىڭ قىزىقتۇرۇپ ئازدۇرۇشى بىلەن ئانچە - مۇنچە قىمار ئويناپ، ئوغرىلىقمۇ قىلغانىكەن. لېكىن ئۇ نامرات، يوقسۇللارنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلماي، زالىم ئەمەلدار، ئاچ كۆز بايلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلىغانىكەن. ئۇ زاماندا تۇرپان يامۇلى ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلارغا جىسا قويغانىكەن.

پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئايىتنىڭ ئەمەت توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقان ئابدۇخالىق ئىختىيارسىز سورىدى:

— جىسا دېگەن نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— جىسا دېگەن شۇ زاماندىكى بىر ئەمەل، جىسالار ناھايىتى ھوقۇقلۇق. جىسا يامۇل ئامبىلىغا ياردەملىشىپ يەرلىك ئىشلارنى بېجىرىدۇ، گۇناھكارلارنى قولغا ئېلىپ قامايدۇ، تولىراق «خەلقنىڭ رايىنى تەكشۈرۈش» بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يامۇل جىسالاردىن پايدىلىنىپ يۇرت خەلقىنى قاتتىق باشقۇرىدۇ، باستۇرىدۇ، — دېدى ئايىت چۈشەندۈرۈپ.

— جىسا دېگەن ناھايىتى ئەسكى بولىدىكەن، — دېدى ئابدۇخالىق نەپرەت بىلەن.

— شۇنداق، — دېدى ئايت گېپىنى داۋام قىلىپ، — شۇ زاماندا ئاستانىدىكــــى مۇمۇت دېگەن ئادەم ئاستانە، قاراخوجا، سىڭگىم، مۇرتۇق، ياڭخى بەش قىشلاقتا جىسا ئىكەن. مۇمۇت جىسا ناھايىتى كۆڭلى قارا، زالىم ئادەم بولۇپ، ئۆز ھوقۇقىغا، كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز خىيالىغا كەلگەنچە ئىش كۆرۈپ، ئەل يۇرتقا زورلۇق - زومبۇلۇق قىــــلغان، ئۇنىـــڭغا سەل - پەل بىھۆرمەتلىك قىلغان، سۆزىگە قۇلاق سالماي ئاز - تولا تاكاللىشىپ قالغان ھەر قانداق ئادەمنى ئۇرۇپ، قاماقخانىسىغا قامىغان، ھەتتا پۇت - قولىغا كىشەن سېلىپ كوچىلاردا سازايىــى قىــلغــان. ئــۇ ئــاز - پازلا گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشىلەرنى يوقىلاڭ بەتناملارنى توقۇپ، ياپىلىرىغا تۇتقۇزۇپ ئەكېلىپ، قاتتىق ئۇرۇپ، جازالاپ قىيىنغان. شۇڭا، پۇقرالار مۇمۇت جىسادىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا دىر - دىر تىترەيدىغان بولۇپ كەتكەن. شۇ يىللاردا قاراخوجا، ئاستانىدە ئاتا - ئانىلار يىغلاپ قەغىشلىق قىلغان بالىلىرىنى «مۇمۇت جىسا كېلىۋاتىدۇ» دېسە ، ئۇلار قورقۇپ يىغلاشتىن توختاپ قەغىشلىق قىلمايدىغان بولغان.

بىراق، ئەمەت مۇمۇت جىسادىن قىلچە قورقمىغان، ئۇنــى ئانچە كۆزگە ئىلىپمۇ كەتمىگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇمۇت جىسا يۇرت ئىچىدىكى ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەتنى «خەتەرلىك ئادەم» دەپ تۇتۇپ كەلگەن ۋە پۇتىغا كىشەن سېلىپ، سوغۇق، زەي، سېسىق پۇراق پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيگە قامىغان، قاتتىق قىيناپ سوراق قىلغان. مۇمۇت جىسا بىر قېتىملىق سوراقتا ئەمەتتىن ھېچقانداق جاۋاب ئالالماي قاتتىق ئاچچىــقلانغان. ئۇ ھەددىدىن ئاشقان ھالدا ئۆزى چېكىۋاتقان غاڭزىسىدىكى تاماكىنىڭ ئوتىنى ئەمەتنىڭ پېشانىسىگە قېقىپ چۈشۈرۈپ، غاڭزىغا قايتا تاماكا سالغان، ئاندىن ئەمەتنىڭ پېشانىسىدىكى تاماكا ئوتىنــى غاڭزىسىغا سېلىپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغان. پېشانىسى تاماكا ئوتىدا پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان ئەمەت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك

قاتتىق كۆيۈك ئاغرىقىغا قىلچە پەرۋا قىلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمەت خېلى ئۇزۇنغىچە مۇمۇت جىسانىڭ تۇرمىسىدە ئازاب چەككەن.

ئايىت سۆزلەشتىن توختاپ ئورنىدىن تۇرۇپ چەينەكتىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئابدۇخالىققا چاي تۇتتى:

— چاي ئىچسىلە.

ئابدۇخالىق پىيالىنى ئېلىپ چايدىن ئىككى ئوتلاپ ئايىتقا قايتۇرۇپ بەردى. ئايىت چاينى جىقلاپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ بولۇپ، پىيالىنى قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— تۇرپان ئەزەلدىن باي، باياشات يۇرت بولسىمۇ، لوجاڭجۇن[1] تەختكە چىقىپ يۇرت سورىغاندىن بۇيان خەلق ئۇستىدىكى زۇلۇم - ستەم بەك كۈچىيىپ كەتتى، ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقلار ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، پۇقرانى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. بىر تەرەپتىن زالىم ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمى، يەنە بىر تەرەپتىن گاڭ - غوجاملارنىڭ زۇلمى، بۇلارنى ئاز دېگەندەك پارىخور ئەمەلدارلار، ئاچ كۆز بايلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، تالان - تاراجلىرى پۇقرالارنى جېنىدىن جاق تويغۇزدى. پىچاق سۆڭەككە يەتتى. ئاچ كۆز، كۆڭلى قارا زالىملار دېھقانىنىڭ ئاغزىغا تېگەي دېگەن ئاخىرقى بىر پارچە نانىنىمۇ تارتىۋالدى. بۇنداق ئېغىر زۇلۇم قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆرۈلمىگەن بولغىيدى. بۇ زۇلۇملارغا چىدىمىغان قومۇل دېھقانلىرى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ زالىم ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن چېرىكلىرىنى يوقىتىپ چوڭ نۇسرەت تاپقان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قاراخوجا، ئاستانە دېھقانلىرى مۇيدىن خەلپىنىڭ باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭغا پىچان، تۇرپان، توقسۇن دېھقانلىرىمۇ قوشۇلۇپ

---

① لو جاڭجۇن — ياڭ زېڭشىن.

زالىملارنى تىترىتىۋەتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن لو جاڭجۈن نۇرغۇن چېرىك ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئاخىر لوجاڭجۈن ھىيلە - مىكىر، سۇيىقەست ئىشلىتىپ قۇمۇلدىكى تۆمۈر خەلپە، تۇرپان قاراخوجىدىكى مۇيدىن خەلپە ھەم بۇ ئىككى يولباشچىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ئالداپ ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلدى. تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇيدىن خەلپە ئۇرۇمچىگە چىققاندىن كېيىن ئۇلارغا ھەربىي مەنسەپ بېرىپ بىخۇدلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ لوجاڭجۈن تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇيدىن خەلپىگە بەتنام چاپلاپ ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭغا قاتناشقان نۇرغۇن دېھقانلارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى، بەزىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى، بەزىلىرىنى سۇرگۈن قىلىپ ياقا - يۇرتلارغا پالىۋەتتى. «ئۇرۇش خىراجىتىنى تولدۇرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن خەلق ئۈستىدىكى باج - سېلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يىلىكىنى شوراپ قاقسەنەم قىلىۋەتتى، زۇلۇم - ستەم چېكىگە يەتتى.

ئەمدى ئەمەتكە كەلسەك، ئۇ مۇيدىن خەلپىنىڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدە مۇمۇت جىسانىڭ تۇرمىسىدە ئىدى. ئۇ تۇرمىدىكى قىناشلارغا چىدىماي، تۇرمىدىن قېچىپ چىقتى. بۇ مۇمۇت جىسانىڭ ياڭخېغا كەتكەن ۋاقتى ئىدى. ئەمەت تۇرمىدىن قېچىپ چىقىپ قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يۇرتداشلىرى مۇيدىن خەلپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا خەتمىقۇرئان قىلىۋاتقانىكەن. ئەمەت ئۇلارغا قوشۇلۇپ، خەتمىقۇرئان قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەمەت مۇيدىن خەلپىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا دېھقانلارنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشقا، مۇيدىن خەلپە ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا چاقىرغان. بۇنىڭ بىلەن قايغۇلۇق مۇسىبەت ئىچىدە غەزەپ يالقۇنلىرى يېنىش ئالدىدا تۇرغان دېھقانلارنىڭ غەزىپىگە ئوت تۇتاشقان. بۇ يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرى قاراخوجىدا ئەمەت

باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ پارتلىغان.

زۇلۇمغا قارشى بۇ قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن تۇمۇر خەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن ئىمىن، سېيىت قاتارلىق كىشىلەر قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قاراخوجىغا كېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلغان. بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى زورايغان.

ئەمەت ئالدى بىلەن مۇمۇت جىسادىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپ بۇنى يېقىن سەپداشلىرىدىن تاجى، مەتسىيىت، ئەزىز باقى قاتارلىقلارغا ئېيتىدۇ. ئۇلار ئەمەتنى قوللايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قوزغىلاڭچىلار مۇمۇت جىسانى تۇتۇش كويىغا چۈشىدۇ.

مۇمۇت جىسامۇ بىر ئامال بىلەن ئەمەتنى قولغا چۈشۈرۈپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قەستلەيدۇ. مۇمۇت جىسا ھەممە ئامال - چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. ئاخىر مۇمۇت جىسا تۇرپاندا «ئوغرى — قاراقچىلارنى تۇتۇش» تا داڭقى بار مايىت جىسانى ئەمەتنى تۇتۇپ بېرىشكە ئاستانىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

مايىت جىسا يايىلىرىنى ئېلىپ ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇمۇت جىسا بىلەن بىرلىكتە ئون بەش يايىنى قوراللاندۇرۇپ ئەمەتنى تۇتۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇلار ئەمەتنىڭ قاراخوجىدىكى مانتۇنىڭ مەھەللىسىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يەرگە بارىدۇ. بۇ چاغدا ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار شۇ مەھەللىدىكى مۇللا ھېمىتنىڭ ئۆيىدە ئىدى. قوزغىلاڭچىلار مۇمۇت جىسانىڭ ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ئەمەتنى تۇتماقچى بولۇپ ئادەم باشلاپ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. مايىت، مۇمۇت جىسالار يايىلىرىنى باشلاپ مانتۇنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ، مۇللا ھېمىتنىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىشىغا قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى ئوقتا تۇتىدۇ. مايىت جىسا بىلەن مۇمۇت جىسا قوزغىلاڭچىلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ،

ئۆزلىرىگە خەۋپ يېتىشىدىن قورقۇپ، دەرھال ئاستانىگە چېكىنىدۇ.

مۇمۇت جىسا بىلەن مايىت جىسا يايلىرىنى ئېلىپ ئاستانىگە بېرىۋېلىپ تۇرپان يامۇلىغا: «قاراخوجىدا يۈزدىن ئوشۇق ئوغرى ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈردى. ھۆكۈمەت دەرھال ئەسكەر ئەۋەتىپ توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشىمىزغا ياردەم بەرسۇن» دەپ مەلۇمات يوللايدۇ. تۇرپان يامۇلى مۇمۇت جىسانىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئوتتۇز نەچچە قوراللىق چېرىكنى ئاستانىگە ئەۋەتىدۇ. چېرىكلەر مۇمۇت جىسا، مايىت جىسالارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەمەت باشلىق قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا قاراخوجىغا ماڭىدۇ. ئۇلار قاراخوجىغا كاناي چېلىپ ھەيۋە بىلەن باستۇرۇپ كىرىدۇ.

ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بۇ چاغدا قاراخوجىدىكى ئابلىز زار نىيازنىڭ قورۇسىدا ئىكەن. ئۇلار چېرىكلەرنىڭ كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھاللا دەرۋازىسى پۇختا، تاملىرى قېلىن ھەم ئېگىز، يەر شارائىتى ئەپلىك بولغان تۇمۇر نىيازنىڭ قورۇسىغا يۆتكىلىدۇ. چېرىكلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۇمۇر نىيازنىڭ قورۇسىغا ئوق ياغدۇرىدۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. ئۇلار ئامالسىز قېلىپ بۇ چوڭ قورۇنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردىن ھېچقانداق شەپە بولمايدۇ. چېرىكلەر ئاخىر زېرىكىپ بىر نەچچىسى يىغىلىشىپ ئەپيۈن چېكىشكە باشلايدۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئەپيۈن ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ چېرىكلەر خۇدىنى يوقىتىپ مەست بولۇپ يىقىلىدۇ. ئۇلار مىلتىقلىرىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆلۈك ئىتتەك ئۇدۇل كەلگەن يەردە يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. چېرىكلەرنى كۆزىتىپ تۇرۇشقان قوزغىلاڭچىلار ئەمەتنىڭ باشچىلىقىدا قورۇدىن ئېتىلىپ چىقىپ چېرىكلەرنىڭ قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىنى بىرنى قويماي

يىغىشىۋالىدۇ ـ دە، پىچانىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇلار پىچانىنىڭ شىمالىدىكى كۆكيارغا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار كۆكياردا بىر مەزگىل تۇرۇپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارىدۇ.

تۇرپان يامۇلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆكياردا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. تۇرپان يامۇلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى سۇڭ شاۋشاڭ قوزغىلاڭچىلار تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ يەر شارائىتى ھۇجۇم قىلىش قىيىن ۋە خەتەرلىك، مۇداپىئە قىلىپ ساقلاش ناھايىتى ئەپلىك جاي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دارىن جاڭ خۇالىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ «قوزغىلاڭچىلار يۇرتقا قايتىپ كەلسە، ھېچقانداق سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دەپ، كۆكياردىكى قوزغىلاڭچىلارغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەمەت باشلىق قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭ بىر خەۋپلىك توزاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەلچىگە ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي قايتۇرۇۋېتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار كۆكياردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن «يامۇل مۇمۇت جىسانى ھەرگىز جازالاپ بەرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە يۇرتقا قايتىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزىمىز بەرگىنىمىز تۈزۈك» دېگەن قارارغا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا كۆكياردىن قاراخوجىغا كېلىدۇ.

بۇ چاغدا قاتتىق ۋەھىمىدە قالغان مۇمۇت جىسا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ قارا خوجىدىكى يېقىن ئادىمى ئابدۇللانى ئىشقا سېلىپ ئەمەتنى تۇتماقچى بولىدۇ. ئابدۇللامۇ مۇمۇت جىساغا ئەمەتنى ئالداپ ئەكېلىپ تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ.

ئابدۇللا كۆرۈنۈشتە مۇمۇت جىسانىڭ يېقىن ئادىمى بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇمۇت جىسانىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن نارازى ئىدى. ئۇ ئەمەتلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى ئاستىرتتىن قوللايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا يوشۇرۇن ھالدا مۇمۇت جىسانىڭ يېڭىدىن

مەخپىي تۇزاق قۇرۇپ ئەمەتنى تۇتماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئەمەتكە ئېيتىپ قويىدۇ. ئەمەت بۇنى ئاڭلاپ ئابدۇللادىن كۆپ مىننەتدار بولىدۇ. ئەمەت ئابدۇللاغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۇنى مۇمۇت جىسانى تۇتۇپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىر كېچىسى ئەمەت، مەتسىيىت، تاجى، ئەزنىباقىلار مۇمۇت جىسانىڭ قورۇسى ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئابدۇللا سۇ ئۆتىدىغان سۇڭگۈچ ئارقىلىق مۇمۇت جىسانىڭ ھويلىسىغا كىرىدۇ. ئابدۇللا مۇمۇت جىسانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، مۇمۇت جىسا ئورنۇغا كىرىپ يېتىۋالغانىكەن. ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئەمەتلەرنى ئالداپ بىر ئۆيگە ئەكىلىپ سولاپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇمۇت جىسا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيىۋاتقاندا، ئابدۇللا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ بېسىۋالىدۇ ۋە ۋارقىراپ ئەمەتكە خەۋەر بېرىدۇ. ئەمەت ھەمراھلىرى بىلەن دەرھال ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدۇ ـ دە، مۇمۇت جىسانى چەمبەرچاس باغلىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى بىر ئېشەككە مىندۈرۈپ سىڭگىم ئېغىزىدىكى قىزىل سىڭىر[1] غا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار تاغ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەردە مۇمۇت جىسانىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى ئارغامچا بىلەن قاتتىق باغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويىدۇ. كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق قول تەگكۈزمىگەندەك قىلىپ بىر كىگىزنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بىر چاغدا مۇمۇت جىسا:

— پۇت ـ قولۇم بەك ئاغرىپ كەتتى، ئارغامچىنى يېشىۋاتساڭلار، — دەپ زارلىنىپ قاقشايدۇ.

ئەمەت ھېچنېمىنى كۆرمىگەنگە سېلىپ:

— بىز سىنى ھېچنېمە قىلمىدۇققۇ، نەدىكى ئارغامچىنى بوشاتقۇدەكمىز؟ — دەيدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇمۇت جىسانى تۇتۇپ كەتكەنلىك

---

① قىزىل سىڭىر — يالقۇنتاغنىڭ يەرلىك تىلدا ئاتىلىشى.

خەۋىرى ئاستانە، قاراخوجىغا پۇر كېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۇمۇت جىسانىڭ قولچوماقچىلىرى سىڭگىم ئېغىزىغا بېرىپ يىراقتىن قارىسا، تاغ ئۈستىدە مۇمۇت جىسا ھېچنەرسە بولمىغاندەك كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان. مۇمۇت جىسانىڭ ئادەملىرى دەرھال ئاستانىگە قايتىپ ئۈچ يۈز سەر كۈمۈش يىغىپ قىزىل سىڭىرغا چىقىپ مۇمۇت جىسانى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئەمەت باشلىق قوزغىلاڭچىلار بۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتىدۇ. تۆتىنچى كۈنى تۇرپان يامۇلىنىڭ يۇجىسى (مەسلىھەتچى ھەربىي ئەمەلدارى) سۇن شاۋشياڭ ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن فىڭ يىڭجاڭ بىلەن ئەسكەر باشلاپ تۇرپاندىن قىزىل سىڭىردىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كېلىدۇ. پوستتا تۇرغان تاجى دۈشمەننى كۆرۈپلا ئالدىراپ كېتىپ، مۇمۇت جىسانى ئېتىۋېتىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ھۆكۈمەت چېرىكلىرىگە باتۇرلارچە تاقابىل تۇرىدۇ. قانلىق جەڭ بىر قانچە كۈن داۋام قىلىدۇ. دۈشمەننىڭ بىر نەچچە ھەربىي ئەمەلدارى، نەچچە ئونلىغان چېرىكلىرى يوقىتىلىدۇ. ئاز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن دۈشمەن تۇرپاندىن يېڭىدىن قورال - ياراغلىرى خىل نۇرغۇن چېرىك يۆتكەپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قوزغىلاڭچىلارغا كەينى - كەينىدىن قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. بىر كېچىسى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەسكىن جەڭ بولىدۇ. ھۆكۈمەت چېرىكلىرىدىن نەچچە ئونى ئۆلۈپ، يارىلىنىدۇ. دۈشمەن ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ چېكىنىپ قاچقان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى قوغلايدۇ. دەل شۇ چاغدا بىر دۆڭنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان چېرىكلەر كەينىدىن كېلىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان شاكىر ۋە نەچچە ئون قوزغىلاڭچىنى قورشاپ

تۇتۇۋالىدۇ. دۈشمەنلەر شاكىرنى تۇرپان شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ ئېتىپ تاشلايدۇ، شاكىر باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

ئەمەت ئاساسىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پىچانغا چېكىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار پىچاندىكى كۆكيارغا بارىدۇ. ئۇلار كۆكياردا دەم ئالماقچى بولۇۋاتقاندا، نۇرغۇن چېرىكلەرنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلاردا قورال - ياراغ ئاز، ئوق - دورا كەمچىل بولغاچقا، ئەمەت قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ تەگرىتېغىدىن ئېشىپ مورى ناھىيىسىگە بارىدۇ، گۈچۈڭ، جىمسار ناھىيىلىرىدىكى تاغلاردا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ.

ئەمەت سەپداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قوزغىلاڭنىڭ كۈچىنى زورايتىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ياۋلەن بىلەن سېيتنى قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئىككىسى يېرىم يولغا بارغاندا خائىننىڭ ساتقىنلىقى بىلەن دۈشمەن قولىغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ياۋلەن بىلەن سېيت قۇربان بولىدۇ. بۇ قوزغىلاڭچىلارغا نىسبەتەن ئېغىر زەربە بولىدۇ.

لوجاڭجۇن ئەمەتنى زور ئىچكى بالايىئاپەت دەپ بىلىپ، سۇن شياۋشاڭغا ئەمەتنى يوقىتىشقا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

شۇ يىل 8 - ئايدا ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار گۈچۈڭ تەۋەسىدىكى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لو جاڭجۈن ئۆلكە قوشۇنىدىن مافۇتەي، مىڭ گوسەي، شى زۇفەن دېگەن يىڭجاڭ، لىيەنجاڭلارنىڭ قوماندانلىقىدا نۇرغۇن چېرىكنى پۇقراچە كىيىندۇرۇپ تاغ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئىزدەيدۇ.

8 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۇلار بىر جىلغىدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشىپ قانلىق جەڭ قىلىدۇ. بۇ قانلىق جەڭدە ئەمەتنىڭ يېقىن سەپدىشى ئابدۇللا قۇربان بولىدۇ. بۇ ئەمەتكە ئېغىر روھىي زەربە بولىدۇ.

تاغدا بالدۇرلا سوغۇق چۈشۈپ قىش باشلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن قاتتىق قىينىلىدۇ. ئەمەت كېسەل بولۇپ قالىدۇ.

دۈشمەن كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا ئەمەتكە ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. باغرى تاش دۈشمەنلەر ئەمەتنىڭ بېشىنى كېسىپ گۇچۇڭدىن تۇرپانغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەتىگەندە ئۆزلە باشقا ئاغىينىلىرى بىلەن كونىشەھەر بۇتىنىڭ ئالدىدىكى تېرەككە ئېسىلغان ئەمەتنىڭ بېشىنى كۆردىلە، مانا ئۈچ كۈن بولدى، يامۇلدىكى قانخورلار ئەمەتنىڭ بېشىنى تېرەككە ئېسىپ سازايى قىلىۋاتىدۇ.

. . . . . .

ئايت سۆزلەشتىن توختىدى. ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆكتى. ئابدۇخالىقنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلگەنىدى. تۇرپاندا بۇ يىل پارتلىغان ئەمەت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى ئابدۇخالىققا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇ ئاستىنقى كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ قىزارتىۋەتكەنىدى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئەرەمىسىما خېنىم ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— ئابدۇخالىق، ھەي ئابدۇخالىق!

— ھەئە، مەن بۇ يەردە، ئانا!

ئابدۇخالىق شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئايت بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

# كەلگۈسىنىڭ شائىرى

مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم ئابدۇخالىقنى داۋاملىق ئوقۇتۇش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردى، ئاخىر مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن دوستى ئەلى ئىبراھىمۇفنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئىبراھىموف 1914 - يىلى 10- ئايدا تۇرپانغا كېلىپ، مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئابدۇخالىققا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

ئەلى ئىبراھىموف رۇس، تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان، بىلىمى مول ياش زىيالىي ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ئۆز مەقسىتىنى چۈشەندۈرەلىگىنى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ئابدۇخالىققا چۈشەندۈرەلمەيتتى. ئابدۇخالىقمۇ بەزى سۆزلەرنى چۈشەنگىنى بىلەن تاتارچىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا ئالدى بىلەن تاتار تىلى ئېلىپبەسىدىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۆزىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ئابدۇخالىقتىن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. ئابدۇخالىق تاتار ئېلىپبەسىنى ئوقۇپ تاماملىدى. ئۇ ئەلى ئەپەندىنىڭ تاتارچە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئەپەندى رەسمىي دەرس باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال ئابدۇخالىققا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنىڭ دەرسلىرىنى ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ چىن ئىخلاسى بىلەن تىرىشىپ ئۆگەندى. بۇ ھال ئەلى

ئىبراھىموفنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىقنىڭ بىلىمگە بولغان ئاجايىپ زور تەشنالىقىنى كۆزدە تۇتۇپ دەرس مەزمۇنىنى چوڭقۇرلىتىپ، دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇستاز بىلەن شاگىرت بىر - بىرىگە بەكمۇ ماسلىشىپ كەتتى. ئۇلار شۇ جەرياندا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. مۇنداق يېقىن مۇناسىۋەت ھەر ئىككىلىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى تېز يۇقىرى كۆتۈردى.

ئابدۇخالىق شېئىرغا قىزىقاتتى، دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلاردا دائىم ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى يادلايتتى، بەزىدە ئىلھامى كېلىپ كىچىك - كىچىك شېئىر - قىرشاقلارنى يېزىپ قوياتتى. ئەلى ئەپەندى شاگىرتى ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان ھەۋىسىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىن ئالغاچ كەلگەن ئاتاقلىق تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاي[1] شېئىرلىرى توپلىمىنى تەقدىم قىلدى. بۇ ھەدىيەدىن ئابدۇخالىق بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇنىڭ بۇ كىتابقا تولىمۇ قىزىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئەلى ئەپەندى شاگىرتىغا شائىر ئابدۇللا توقاي بىلەن شەخسەن تونۇشلۇقى بارلىقىنى، قازاندىكى چېغىدا شائىر بىلەن بىر نەچچە سورۇندا سۆھبەتتە بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەلى ئەپەندى ئابدۇللا توقاي ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇللا توقاي كىچىك چېغىدىلا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالغان بالا ئىدى. ئۇ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۆزى كىچىك بولسىمۇ بايلارغا ياللىنىپ ئېغىر ئىشلارنى قىلغان. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى

[1] ئابدۇللا توقاي — 1886 - يىلى تۇغۇلۇپ 1913 - يىلى ۋاپات بولغان.

تۇگىتەلىگەن. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئېغىر ئەمگەك، تىل - ھاقارەت، ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۈيۈك مەقسەت، ئۇلۇغ غايىنى قەلبىگە پۈككەن ئابدۇللا ئاجايىپ زور تىرىشچانلىق، غەيرەت - شىجائەت بىلەن بىر تەرەپتىن باشقىلارغا يالλىنىپ ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇپ ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرغان. ئۇ ئون ئۈچ - ئون تۆت يېشىدىلا باسما زاۋۇتىدا بالا ئىشچى بولۇپ نابورچىك (ھەرپ تىزغۇچى) بولغان. بۇ ئەلۋەتتە چوڭ ئادەملەر ئىشلەيدىغان ئېغىر ئەمگەك. شائىر كېيىن ئۆز ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپ يازغان:

قانچە خورلۇق ئازابلارغا دۇچار بولدۇم مەن يېتىم،
پېشانەمدىن سىلاپ - سىلاپ ئادەم قىلدى مىللىتىم.

دېگەن شېئىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى، بىر قېتىم ئۇ: «خەلقىم مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇستازىمدۇر» دېگەنلىكى ھازىرمۇ ئېسىمدە.

ئابدۇخالىق ئۇستازى ئەلى ئەپەندى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكىنىچە ئۇستازىغا قاراپ قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى.

ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام ئەتتى:

— ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە، تىرىشچان، قەيسەر روھ، ئالىي غايە ئابدۇللا توقاينى شائىر قىلىپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ھايات - ماماتىغا، جانىجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرنى، خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى تاتار ئەدەبىياتىدا تۇنجى بولۇپ كۆتۈرۈپ چىققان شائىر، ئابدۇللا توقاي زامانىمىزدىكى يېگى

دېموكراتىك تاتار شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى.

ئەلى ئەپەندى سۆزلەشتىن توختىدى. ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. جىمجىتلىقنى ئابدۇخالىقنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى بۇزدى:

— مۇئەللىم، بايا ئۆزلە ئوقۇغان ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرىنى قايتا ئوقۇپ بەرسىلە، خاتىرەمگە يېزىۋالاي.

ئەلى ئەپەندى غەزەلنى ئوقۇپ بەردى. ئابدۇخالىق ئۇنى خاتىرە دەپتىرىگە چىرايلىق يېزىۋالدى.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا ئابدۇللا توقاينىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى رەسمىي دەرس قىلىپ تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئۇ ئابدۇللا توقاينىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىنىڭ قاچان، قانداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش شارائىتىدا يېزىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈردى. بەزى شېئىرلارنى بولسا ئۆزى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بەردى.

دەرستىن كېيىن ئەلى ئەپەندى رۇسىيىدىن ئالغاچ كەلگەن ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرى بېسىلغان كىتاب - ژۇرناللارنى ئابدۇخالىققا ئوقۇشقا بەردى. ئابدۇخالىق بۇ كىتاب - ژۇرناللارنى خۇددى تىلتۇماردەك ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ئاجايىپ زور ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇپ كېتەتتى.

ئابدۇللا توقاي شېئىرىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئابدۇخالىقنىڭ بىغۇبار قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتتى. تىرىشچان ئابدۇخالىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ تاماملىدى. بىراق ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەيتتى. ئۇ يەنە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموف قوللىدى.

بىر كۈنى ئەلى ئىبراھىموف مىجىت ھاجىغا:

— ھاجىكا، ئابدۇخالىقنى مەن مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇتاي، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئەمدى رەسمىي مەكتەپتە ئوقۇتۇڭ، — دېدى.

مىجىت ھاجى:

— ئەپەندىم، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، تۇرپان ياكى ئۈرۈمچىدە ئۇنى ئوقۇتقۇدەك بىرەر يېڭىچە پەننىي مەكتەپ بولمىسا، — دېدى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

ئەلى ئىبراھىموف كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز ھەر يىلى رۇسىيىگە سودىغا بارىسىزغۇ، ئابدۇخالىقنىمۇ ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىڭ ـ دە، رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتۇڭ. ئۇ رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالسا، كېيىنكى كۈنلەردە سودا ئىشلىرىڭىزغا پايدىسى تېگىدۇ، — دېدى.

ئەلى ئەپەندىنىڭ بۇ گېپىنى مىجىت ھاجى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئەرەمسىما خېنىمغا دېدى. ئەرەمسىما خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئاتتام، نېمىلەرنى دەيدۇ ئەمدى، رۇسىيە دېگەن نە ئۇ، ھېلىمۇ ئابدۇخالىق جىق ئوقۇدى، موللا بولدى، شۇمۇ يېتۇر، مەن ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ئايرىلۇرمەن؟ — دەپ قوشۇلمىدى.

قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ قالغان ئابدۇراخمان مەخسۇم بىر ھازادىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ھاجىم ئاپامنىڭ دېگەنلىرىغۇ راست، ئورۇنلۇق، ئەممازە ئەلى ئەپەندىمنىڭ تەكلىپىنىمۇ ئويلاپ باقماي بولمايدۇ، «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار ئەمەسمۇ، بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلۇرمىز.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. مەخسۇت مۇھىتى رۇسىيىگە قىلىدىغان سودا سەپىرىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن مىجىت ھاجىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. شائىر نەمەت خەلپەتمۇ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە كەلگەنىدى.

دەل شۇ چاغدا، مېھمانخانىدا ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىقنىڭ

يېڭىدىن يازغان بىر شېئىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

مىجىت هاجى مېھمانلار بىلەن هويلىدا ئۇچراشتى. ئۇ ئىككى مېھمان بىلەن سالاملىشىپ ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى. قەدىناس دوستىنى كۆرگەن ئەلى ئەپەندى قۇچىقىنى ئېچىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ نەمەت خەلپەت بىلەن قول ئېلىشىش ئارىلىقىدا قولىدىكى شېئىر يېزىلغان قەغەزنى پەگادا مېھمانلارغا هۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان ئابدۇخالىققا سۇندى. كۆزى ئۆتكۈر، سەزگۈر نەمەت خەلپەت قەغەزدىكى مىسرالارنى غىل - پال كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەلى ئەپەندى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپلا:

— شېئىرمۇ نېمە، مەرھەمەت قىلسىلا، مەن بىر كۆرۈپ باقسام، — دەپ قولىنى ئۇزاتتى.

ئەلى ئەپەندى قولىدىكى قەغەزنى نەمەت خەلپەتكە سۇندى. نەمەت خەلپەت تۆردە ئولتۇرغان مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ پاتىهە قىلغاندىن كېيىن، قولىدىكى شېئىرغا كۆز يۈگۈرتتى.

— ئۆزلىرى يازغانمۇ؟ — سورىدى نەمەت خەلپەت ئەلى ئەپەندىدىن.

ئەلى ئىبراھىموف مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بېشىنى چايقىغىنىچە جاۋاب بېرىپ:

— يوقسۇ، ئابدۇخالىق يېزىپتۇ، — دېدى.

— ئابدۇخالىق؟ ! — نەمەت خەلپەت قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ بىر ئىشنى ئەسكە ئالغاندەك بولۇپ گېپىنى داۋام ئەتتى، — دۇرۇس، بۇ بالا ئالتە - يەتتە ياش چېغىدىلا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرگەنىدى.

نەمەت خەلپەت پەگادا ئەدەپ بىلەن تۇرغان ئابدۇخالىققا خۇددى ئۇنى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك باشتىن - ئايىغىغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— ئابدۇخالىق، قېنى بۇ يەرگە چىقىڭ، قېشىمدا بىردەم ئولتۇرۇڭ، — دەپ مەرھەمەت كۆرسەتتى نەمەت خەلپەت. مىجىت ھاجى:

— بېرىڭ، — دېدى شەرەت قىلىپ.

ئابدۇخالىق نەمەت خەلپەتنىڭ قېشىدىن ئەدەپ بىلەن ئورۇن ئالدى. نەمەت خەلپەت قولىدىكى شېئىرغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن نەمەت خەلپەت:

— ئۆزلەنىڭ كۆزلىرىمۇ پىششىق، بىر كۆرۈپ باقسىلا، — دەپ قولىدىكى شېئىرنى مەخسۇت مۇھىتىغا سۇندى.

مەخسۇت مۇھىتى شېئىرنى تېزلا ئوقۇپ چىقتى - دە، باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

— ياخشى يېزىپسىز، مۇبارەك بولسۇن، كىچىك شائىر! — دەپ ماختاپ كەتتى.

نەمەت خەلپەت مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قولىدىن شېئىرنى ئېلىپ ئىككى مىسرانى ئوقۇدى:

يەتتە يىلدۇر تىنىم تاپماي ئوقۇيمىزلا، ئوقۇيمىز،
بابى ئىستىنجاغا كەلدى ئەمدى بىزنىڭ دەرسىمىز.

ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىيەت بابىدا ئالاھىدە ئىستېداتى بارلىقى مۇشۇ مىسرالاردىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. مەن ئالدىنقى يىللاردا ئابدۇخالىقنىڭ بىر قانچە كىچىك شېئىر، قوشاقلارنى يازغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغانىدىم. مانا ئارىدىن بىرەر يىللار ئۆتۈپ ئۇ ناھايىتى ياخشى بىر شېئىر يېزىپتۇ ئەمەسمۇ. بىز كەلگۈسىنىڭ بۇ كاتتا شائىرىنى تونۇيالماي يۈرۈپتىمىز ئەمەسمۇ، ھەي ئەتتەڭ، — دېدى.

— بالىنى ئۆزلىرى تەربىيلىرىگە ئالۇرلا، خەلپىتىم، — دېدى مىجىت ھاجى.

— ئىنشائاللا، — دېدى نەمەت خەلپەت ئەستايىدىل هالدا، — مېنىڭ مەسلىهەتىم شۇكى، ئابدۇخالىقنى ئەپەندىم ئوقۇتۇپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن چەت ئەلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتماق كېرەك، بولمىسا ئابدۇخالىقتىكى ئالاهىدە قابىلىيەت زايە كېتىدۇ. ئالتۇن مىسقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

نەمەت خەلپەتنىڭ گېپى ئۆي ئىچىدىكىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ھەممەيلەن جىم ئولتۇرۇپ كەتتى.

بىر پەستىن كېيىن ئەلى ئىبراھىموف:

— نىغمەت خەلپەت بىزنىڭ قەلب سۆزىمىزنى ئېيتتى. مەن ھەم شۇنى تەكىتلىمەكچى، ئىنسان بالىسى ئۇچۇن بىلىمدىن ئارتۇق بايلىق بولماس، ئابدۇخالىقتەك تالانتلىق بالىنى ئاخىرغىچە ئوقۇتمىساق، كېيىن پۇتمەس پۇشايمانغا قالىمىز، — دېدى ساھىبخانىغا قاراپ.

— شۇنداق، — دېيىشتى نەمەت خەلپەت بىلەن مەخسۇت مۇھىتى تەڭلا.

شۇ ئەسنادا خىزمەتكار كىرىپ داستىخان سالدى. ئاۋۋال ئۇسسۇزلۇق، مېۋە - چېۋە قويۇلدى. بىر پەستىن كېيىن مېھمانلارغا ئوخشتىپ ئېتىلگەن نارىن چۆپ كەلتۈرۈلدى. تاماقتىن كېيىن مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى 2 - ئاينىڭ بېشىدا رۇسىيىگە سودىغا سەپەر قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ پۈتۈشتى. مەخسۇت مۇھىتى، ئەلى ئىبراھىموف ۋە نەمەت خەلپەتلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مىجىت ھاجى چەت ئەلگە ئابدۇخالىقنىمۇ بىرگە ئېلىۋالماقچى، ئىش ئوڭدىن كېلىپ قالسا، ئۇنى رۇسچە مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتماقچى بولدى.

# ئابدۇخالىق يوقاپ كەتتى

1916 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىجىت ھاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار تۇرپاننىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، پاختا، يۇڭ، تېرە قاتارلىق ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار تۆگە كارۋىنى بىلەن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە، ئاندىن چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۇزاقتا سوزۇلغان قازاق داللىرىنى بېسىپ، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەمەيگە يېتىپ بېرىشتى. ھەر يىلى 5 - ئايدا شەمەيدە سودا يەرمەنكىسى بولاتتى. يەرمەنكىدە جۇڭگو سودىگەرلىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن پاختا، يۇڭ، تېرە، قۇرۇق مېۋە - چېۋە قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ھەر خىل سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇراتتى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى شەمەيگە كېلىپ تونۇش سودىگەر ئىسھاقنىڭ سارىيىغا چۈشتى، ئۇلار ئەتىسىلا سودا يەرمەنكىسى بولۇۋاتقان بازارغا بېرىپ تونۇش سودىگەرلەر بىلەن ئۇچراشتى. شۇ كۈنىلا ئۇلار بىلەن بىر قىسىم ماللارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشتى.

تونۇش بىر تاتار سودىگەر ھازىر قازان شەھىرىدىمۇ چوڭ سودا يەرمەنكىسى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەتە ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى ئۇلار تاتار سودىگەر بىلەن قازان شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

مىجىت ھاجى قازان شەھىرىدىكى سودا يەرمەنكىسى بولىدىغان چوڭ بازارغا يېقىن جايدىكى بىر سودىگەرنى تونۇيتتى. ئۇلار ئاشۇ

تونۇش سودىگەرنىڭ سارىيىغا چۈشتى. ئۇ كۈنى ئۇلار سارايدا دەم ئېلىشتى. ئەتىسى مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى يەرمەنكە بولۇۋاتقان بازارغا كېلىپلا تونۇش سودىگەرلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. بازار ئارىلاپ سودا ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ يېنىدىن يىراق كەتمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈردى. چۈنكى، دادىسى قازان شەھىرىگە كەلگەن كۈنىلا ئۇنىڭغا:

— بالام، قازان چوڭ شەھەر، بۇ يەرگە ئورۇس سودىگەرلىرىدىن باشقا تېخى فەرەڭ[1] ، تۈركىيە سودىگەرلىرىمۇ كېلىدۇ، ئادەم كۆپ، سىز بۇ يەرگە يېڭى كەلدىڭىز، ئۆزىڭىز كىچىك، ھېچ يەرنى بىلمەيسىز، مەن سىزنى يوقاپ كەتمىگەي دەپ بەك گاشات[2] قىلىۋاتىمەن. مېنىڭدىن بىر غېرىچمۇ يىراق كەتمەڭ، — دېگەنىدى.

دادىسىنىڭ گېپىنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتقان ئابدۇخالىق ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ سايىسىدەك بىردەممۇ يېنىدىن ئايرىلماي يۈردى. تۆتىنچى كۈنى ئۇلار يەنە ئەتىگەندىلا سارايدىن چىقىپ يەرمەنكىگە باردى. مىجىت ھاجى بازار ئارىلاپ يۈرۈپ بىر تونۇش تاتار سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، مەخسۇت مۇھىتىنىڭمۇ ھەر يىلى مۇشۇ يەرمەنكىگە موسكۋادىن مال ئەپكېلىدىغان بىر رۇس سودىگەر تونۇشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئىككىلىسى يېرىم رۇسچە، يېرىم تاتارچە سۆزلەشكىلى تۇردى.

ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر ھازا تۇرۇپ زېرىككەن ئابدۇخالىق ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى، بىر چاغدا يېقىنلا يەردىكى بىر سېرىق بىناغا ئۆزى بىلەن تەڭ قورامىلىق، ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى

---

[1] فەرەڭ — ياۋروپانى دېمەكچى.

[2] گاشات — ئەندىشە دېگەن مەنىدە.

ئىككى تاتار بالىسىنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىر دەمدىلا بىردىن كىتابنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىككى بالا كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ ئابدۇخالىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا ماڭماي توختاپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇلارنى ئابدۇخالىقنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان دوپپىسى بىلەن ئۇچىسىدىكى قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن پەشمەت چاپىنى قىزىقتۇرغانىدى. ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلدى ـ دە، بىرى سورىدى:

— قايدىن كېلدىگىز، هوي بالىجان؟

ئابدۇخالىق ھېچبىر ئىككىلەنمەي تۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— تۇرپاندىن.

يەنە بىر تاتار بالا سورىدى:

— تۇرپان قاي تاماندا؟

ئابدۇخالىق شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ دېدى:

— مۇشۇ تەرەپتە.

— سەن تاتارمۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى بىرىنچى بالا.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقىغان پېتى ئويلىنىپ قالدى. ئۆتكەن يىلى قىشتا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مەخسۇت مۇھىتى، تاھىر بەگ[1]، نەمەت خەلپەتلەر كېلىپ دادىسى بىلەن پاراڭلاشقاندا، دادىسى ئابدۇخالىقنىمۇ بىللە ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغانىدى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، گەپ ئارىسىدا تاھىر بەگ:

— بىزنىڭ نامىمىز ئۇيغۇر، ھازىر بىز ئۆزىمىزنى تۇرپانلىق، كۇچارلىق، قەشقەرلىك، ئىلىلىق دەپلا ئاتايمىز. باشقىلار بىزنى «چەنتۇ» دېيىشىدۇ. بىز مىللىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك بولمايدۇ، — دېگەنىدى.

---

[1] تاھىر بەگ — (1878 ـ 1938)، 1936 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى، مىللەتلەر كومىتېتى رەئىسى، ئىچكى ئىشلار نازىرى بولغان.

تاھىر بەگ ئاكىنىڭ بۇ گەپلىرى ئېسىدە چىڭ ساقلىنىپ قالغان ئابدۇخالىق ئۇنى دەرھال يادىغا ئېلىپ، ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان تاتار بالىغا قاراپ دېدى:

— مەن ئۇيغۇر.

تاتار بالا — بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمراھى قولىدىكى كىتابنى ئابدۇخالىققا كۆرسىتىپ سورىدى:

— ئوقۇيالامسىز؟

ئابدۇخالىق بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئوقۇيالايمەن، — دېدى.

تاتار بالا ھەمراھىنى تارتىپ مېڭىۋاتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇلاردىن سورىدى:

— بۇ كىتابنى نەدىن ئالدىڭلار؟

— ئاۋۇ كىتابخانىدىن، — ھېلىقى بالا سىرىق بىنانى كۆرسەتتى.

ئۇلار خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئابدۇخالىق چوڭ دادىسىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە ئۈچ سودىگەر كېلىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق بىردەم قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ پارىڭى ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، «بىردەمدىلا چىقمايمەنمۇ» دەپ ئويلىغان ئابدۇخالىق ئىككى يۈز قەدەمچە نېرىدىكى سىرىق بىناغا قاراپ كەتتى. ئۇ تېز - تېز مېڭىپ كىتابخانىغا كىردى. كىتابخانا چاقچاقىنىنا زال بولۇپ، تام ياقىلاپ قويۇلغان جاۋەنلەرگە خىلمۇ خىل كىتابلار رەتلىك تىزىلغانىدى. مۇشۇنچىۋالا نۇرغۇن كىتابنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئابدۇخالىقنىڭ ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ بىر جاۋەنگە قارىسا، بىر بۇ جاۋەنگە تويماي قارايتتى. كىتابخانا خىزمەتچىسى ئەللىك ياشلاردىكى مۇلايىم كىشى ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە ئابدۇخالىقنىڭ يېنىغا كېلىپ جاۋەنلەردىكى كىتابلارنى ئېلىپ كۆرسە، لازىملىقلىرىنى

سېتىۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئابدۇخالىق جاۋەنلەردىكى كىتابلارنى ئېلىپ بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا بۇ كىتابلار بىر - بىرىدىن قىزىق تۇيۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. بىر چاغدا بىر كىتابنى كۆرۈپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ كىتابنى چىڭ تۇتۇپ، بىر بوش ئورۇننى تاپتى - دە، دەرھال ئولتۇرۇپ، باش كۆتۈرمەي ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئابدۇخالىقنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغان بۇ كىتاب تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «شېئىر ۋە داستانلار» توپلىمى ئىدى. ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموفتىن شائىر توغرىسىدا كۆپ مەلۇماتلارنى ئاڭلىغان بۇ ئۆسمۈرنىڭ بىغۇبار قەلبىدە تاتار خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئابدۇللا توقايغا كۈچلۈك ھۆرمەت، چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ شائىرنىڭ ئانا ۋەتىنى، ئۆز يۇرتىغا كېلىپ يېڭى نەشر قىلىنغان كىتابىنى تېپىۋالدى، بۇ شائىرنى كۆرگەنگە ئوخشاشلا خۇشاللىق ئىش ئىدى. بۇ كىتابتىكى شېئىرلار ئۇنىڭغا ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموف بەرگەن ھېلىقى كىتابتا يوق ئىدى. ئابدۇخالىق بۇ كىتابنى قايناق ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ كەچ كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. كىتابخانا خىزمەتچىسى ۋاقىت توشقانلىقىنى، ئىشتىن چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دەرھال پۇل تۆلەپ كىتابنى سېتىۋالغان ئابدۇخالىق سىرتقا چىقتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇ كىتابخانىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ئەمدى سەزگەنىدى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ يە دادىسىنىڭ، يە مەخسۇت ئاكىسىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەي تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىپ، چۈشتە تاماق يېمىگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزلىرى چۈشكەن سارايىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بىردىنلا

ئابدۇخالىقنى قورقۇنچ باستى: «سارايغا كېتەلمىسەم، قانداق قىلارمەن؟» ئۇ قولىدىكى كىتابنى مەيدىسىگە بېسىپ يىراققا نەزەر سالدى. دەل شۇ چاغدا كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن چوڭ دادىسىنىڭ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆردى.

— دادا! — ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈردى ئۇ.

مىجىت ھاجىمۇ نەۋرىسىنى كۆرگەنىدى. نەۋرىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— نەگە باردىڭىز، جېنىم بالام؟ ئادەمنى شۇنداقمۇ چۆچۈتەمسىز؟ سىزنى «يوقاپ كەتتى» دەپ بۇ قازان شەھىرىدە مەخسۇت ئاكىڭىز بىلەن ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. ھەي بالام، ھەي بالام! — مىجىت ھاجى شۇنداق دەپ ئابدۇخالىقنى قويۇپ بېرىپ، يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ كۆزىدىكى ياش، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى ئېرتىشقا باشلىدى.

ئابدۇخالىق ئەيىبلىك قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— ھېچ يەرگە بارمىدىم. ئۆزلە ھېلىقى ئۈچ تاتار سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ئەۋۇ كىتابخانىغا كىرىپ چىققاي دەپ ماڭغانىدىم. ئۆزلەگە دەپ قوياي دېسەم گەپنى بۆلۈپ ئەدەپسىزلىك قىلغۇدەكمەن، كىتابخانىغا كىرىپلا چىقمايمەنمۇ دەپ ئۇ يەرگە كىرىپ، كىتابلارغا قىزىقىپ كېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى.

— بۈگۈن سودىمىزمۇ بولمىدى. چۈشلۈك تاماقمۇ يېيەلمىدۇق. پۈتۈن كۈنىمىز سىزنى ئىزدەش بىلەن ئۆتتى. جۇرۇڭ بالام، — دېدى مىجىت ھاجى ساراي تەرەپكە مېڭىپ كېتىۋېتىپ، — مەخسۇتباي «مىلىتسىيىگە[1] خەۋەر قىلىمەن» دەپ كەتكەنىدى. ئەنە ئۇمۇ كېلىۋاتىدۇ.

يىراقتىن كېلىۋاتقان مەخسۇت مۇھىتى مىجىت ھاجى بىلەن

---

① مىلىتسىيە — ساقچى.

ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ جايىدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇمۇ ئەنسىرەپ، ئەتىگەندىن ھازىرغىچە كوچىمۇ كوچا بالا ئىزدەپ توختىماي ماڭغاچقا بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ دادىسىغا سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى تەكرارلاپ، قولىدىكى كىتابنى كۆرسەتتى.

— بىز ئەتىگەندىن بۇيان بىكارغا ئاۋارە بولۇپتىمىز، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى كېتىۋېتىپ، — بۇ بالىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى قارىمامسىلا، ھاجىم، چەت ئەلگە چىقىپ، قازان شەھىرىگە كېلىپ تۇنجى قىلغان سودىسى كىتاب ئېلىش بوپتۇ. كىتاب — بىلىم باغچىسى، ئىنساننىڭ يېقىن دوستى. ئابدۇخالىق، سىز بۈگۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر سودا قىلىپسىز. بىراق ئۇنداق ئۇن - تىنسىز يوقاپ كەتمەڭ، «پالانى يەرگە بارىمەن» دەپ ئېيتىپ قويۇڭ.

— بولىدۇ، مەن شۇ كىتابقا قىزىقىپ قاپتىمەن، كىتابخانىدىن كوچىغا چىقىپ قارىسام، چوڭ دادامىمۇ، ئۆزلەمۇ يوق، قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي قورقۇپ تەمتىرەپ تۇرغىنىمدا دادام كېلىۋاتىدۇ، بۈنىڭدىن كېيىن دادام بىلەن ئۆزلىدىن بىرقەدەممۇ نېرى كەتمەيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىپ.

# رۇسلارنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيسى

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى قازان شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى تېزلا سېتىپ بولدى - دە، ئابدۇخالىقنى بىرگە ئېلىپ موسكۋا شەھىرىگە باردى. ئۇلار شەھەر مەركىزىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا مېھمانسارايدىن چىقىپ، ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ چوڭ شەھەردە سەيلە قىلغاچ، ئۇنىڭغا ھەممە يەرنى كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق بۇ چوڭ شەھەرگە كېلىپ ئۆزىنى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. موسكۋانىڭ ئىككى قاسناقتا ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئازادە، پاكىز، ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭ كوچىلىرى، ئېگىز - ئېگىز ئىمارەتلەر، خىلمۇ خىل ماللارغا تولغان چوڭ ماگىزىنلار، كوچىلاردا ئۇياقتىن - بۇياققا تىنىمسىز قاتناۋاتقان چوڭ - كىچىك ماشىنىلار، بىر نەچچە ئات قوشۇلغان پەيتون، پوۋىسكىلار، كوچىدا كېتىۋاتقان خىلمۇ خىل كىيىنگەن ئادەملەردىن كۆرە، ئابدۇخالىقنى رەتلىك كىيىنىپ، ئوقۇغۇچىلىق سومكىلىرىنى مۈرىسىگە ئېسىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان شوخ، مەغرۇر رۇس بالىلىرى كۆپرەك قىزىقتۇردى.

ئۈچىنچى كۈنى مىجىت ھاجى «ھېرىپ - چارچاپ قالدىم، ياتاقتا ئارام ئالاي» دەپ مېھمانسارايدا قالدى. مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتتى - دە، ئاجايىپ چوڭ بىر مەيدانغا كېلىپ قالدى. مەيدانغا تۆت چاسا يوغان - يوغان قىزىل خىشلار

يېتىلغانىدى. مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇ بىناغا قىزىقىپ سورىدى:

— مەخسۇتكا، ئاۋۇ بىنا ئاجايىپ ئېگىز، چىرايلىق ئىكەنغۇ، ئۇ كىمنىڭ؟

— ئۇ كرېمل سارىيى، بۇرۇن ئۇ يەردە رۇسىيىنىڭ پادىشاھلىرى تۇرۇپتىكەن، كېيىنكى زامانلاردا پېتىر I دېگەن پادىشاھ رۇسىيىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى پېتىربورگ شەھىرىنى بىنا قىلىپ پايتەختىنى شۇ شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەتكەنىكەن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى كېتىۋېتىپ.

ئۇلار ئىككىسى مەيداندا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېرىپ قالدى. مەخسۇت مۇھىتى مەيداننىڭ بىر چېتىدىكى بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ پەلەمپەينىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى. ئابدۇخالىقمۇ مەخسۇت ئاكىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى قانات قېقىپ ئانا يۇرتى تۇرپانغا كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە تۇرپاننى دەسلەپتە شەمەيگە سېلىشتۇردى. «ياق، تۇرپان شەھىرى شەمەيچىلىك يوق، شەمەيدىن كىچىك» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭكۈۋرۈكتىكى قايناق، ئاۋات بازار، بۇ بازاردىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ سوزۇلۇپ سەنشىخاڭزىغا تۇتىشىدىغان، ياز كۈنلىرى پاتقاقتا، قىش كۈنلىرى كۆك مۇزدا مېڭىش تەس بولغان ئەگرى - توقاي كوچىلىرى كەلدى. ئۇ ئۆزىچە ئۈرۈمچىنى موسكۋا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى - دە، كۈلۈۋەتتى. مەخسۇت مۇھىتى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— نېمىنى كۆردىڭىز؟ نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟

— ئۆزۈمچە موسكۋانى بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم، شۇڭا، — ... ئابدۇخالىق ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

مەخسۇت مۇھىتى قىزىقىپ سورىدى:

— ھە، سىزچە ئۈرۈمچى چوڭمىكەن، موسكۋامۇ؟

— موسكۋا ئۈرۈمچىدىن جىق چوڭكەن، راستىنى دېسەم، ئۈرۈمچى موسكۋانىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر بازارچىلىك بارمۇ نېمە، بۇنداق بازارلار موسكۋادا جىقكەن، قارىسىلاچۇ، موسكۋا كوچىلىرىنىڭ كەڭ، تۈز، پاكىزلىقىنى، ئادەملىرى كوچىلارغا بىر نەرسە تاشلىمايدىكەن، تېخى كېچىلىرى كوچىلارنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋېتىدىغان ئېلېكتر چىراغلىرى بار ئىكەن. تۈنۈگۈن بىز ئارىلىغان كوچىدا ساناپ باقسام، چوڭ - كىچىك ئۈچ مەكتەپ بار ئىكەن. بىر كوچىدا ئىككى ئۈچتىن مەكتەپ بولسا، موسكۋادا قىرىق - ئەللىكتەك مەكتەپ بارمۇ نېمە؟ — ئابدۇخالىق هاياجان بىلەن سۆزلەيتتى.

— موسكۋادىكى مەكتەپلەر سىز مۆلچەرلىگەندىنمۇ كۆپمىكىن، — دېدى مەخسۇت مۇهىتى.

— بىزنىڭ تۇرپاندا ئۆزلە ئاچقان مەخسۇدىيە مەكتىپىدىن باشقا بىرمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ يوق، ئۈرۈمچىدىمۇ يوق تېخى، — دېدى ئابدۇخالىق هەسرەت بىلەن.

مەخسۇت مۇهىتى بېشىنى لىڭشىتىپ، ئېغىر خورسىندى - دە، يانچۇقىدىن پاپىرۇسىنى چىقىرىپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ تاماكىنى چېكىپ بولۇپ:

— جۈرۈڭ، كوچا ئايلىنايلى، — دېدى. ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى. ئانچە ئۇزاق ماڭماستىنلا يىراقتىن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ۋارقىرىغان پېتى قولىنى پۇلاڭلىتىپ يېتىپ كەلدى.

— مۇهىتوف، هاي مۇهىتوف!

مەخسۇت مۇهىتى بىر قاراپلا ئۇ ئادەمنى تونۇۋالدى:

— لاتىپ، قەدىناس دوستۇم! — مەخسۇت مۇهىتى خۇشاللىقىدىن قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.

ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، بىر - بىرىدىن هال - ئەهۋال سوراشتى.

مەخسۇت مۇھىتى لاتىپ بىلەن بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن قازان شەھىرىدە تونۇشۇپ قالغانىدى. رۇسچىغا ئۇستا لاتىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ رۇس سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىشىغا ياردەملىشىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن، بىر نەچچە سودا ئىشىغا ياخشى ياردەملەشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تېزلا يېقىنلىشىپ كەتتى. مەخسۇت مۇھىتى لاتىپتىن رۇسچە تىل - يېزىقنى ئۆگەندى.

ئەسلىدە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بۇ تاتار يىگىت يازلىق تەتىلدە قازان شەھىرىدىكى ئائىلىسىگە قايتىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ لاتىپنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاپىسى كەينى - كەينىدىن يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىپ قازا قىلدى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى داۋالىتىپ، كېيىن ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان لاتىپ قەرزدار بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن مەخسۇت مۇھىتى لاتىپنىڭ قەرزىنى مەردلىك بىلەن تۆلىۋەتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش باشلىنىشنىڭ ھارپىسىدا، ئۇنىڭغا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا يەتكۈدەك پۇل بەردى. شۇنىڭ بىلەن لاتىپ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈپ، ھازىر موسكۋادىكى بىر مەكتەپتە فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

لاتىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئابدۇخالىق بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەجەب ئوماق بالىكەن، ئوغلىڭىزمۇ؟ ئىسمى كىم؟ — سورىدى لاتىپ.

— ئاكىمىز مىجىت ھاجىنىڭ نەۋرىسى، ئىسمى ئابدۇخالىق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، — مەن ئۇنىڭغا شەھەرنى كۆرسىتىپ يۈرۈپتىمەن.

— كەلگىلى ئۈچ كۈن بولسۇنۇ، ئۆيۈمگە پەتىگە كەلمەڭ، بۇ

قانداق گەپ؟ — دېدى لاتىپ سەل قېيدىغاندەك بولۇپ، — ھازىر ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم، بىر ئوغلۇم بار، خوتۇنۇم دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ.

— ئىزدەي دەپ تۇراتتىم. تەلىيىمىزگە بۈگۈن مانا بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۆيىڭىز نەدە؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

— پۇشكىن كوچىسىدا، ئىشلەيدىغان مەكتىپىمگە يېقىن، جۇرۇڭلار، — دېدى لاتىپ ۋە كېتىپ بارغان پوۋىسكىنى توختاتتى.

— قېنى، مۇھىتوف، مەرھەمەت، ھە، ئابدۇخالىق، سىز كوچىلارنى كۆرگەچ ماڭىسىز - دە، شۇڭا ئالدىدا ئولتۇرۇڭ، — لاتىپ شۇنداق دەپ ئابدۇخالىقنى پوۋىسكىغا چىقىرىپ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئىككىسى كەينىدە ئولتۇردى.

— پۇشكىن كوچىسى 85 - نومۇر، ھەيدەڭ! — دېدى لاتىپ. ئۇچ ئات قوشۇلغان پوۋىسكا مېڭىپ كەتتى.

— خەيدەر سايرانى تېچ - ئامان كېتىپ بارامدۇ؟ ئاچقان مەكتىپىڭلاردا قانچە بالا ئوقۇۋاتىدۇ؟ — سورىدى لاتىپ يولدا كېتىۋېتىپ.

مەخسۇت مۇھىتى ھەيدەر سايرانىنىڭ ساق - سالامەت ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى ۋە مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى لاتىپقا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. لاتىپ گەپ ئارىلاپ ئەلى ئىبراھىموفنى سورىدى. مەخسۇت مۇھىتى:

— ئەلى ئىبراھىموف تۇرپان يېڭىشەھەردە مانا بۇ ئابدۇخالىقعا ئاز كەم ئىككى يىلغا يېقىن مۇئەللىم بولۇپ دەرس بەردى. ئابدۇخالىق تېخى يېقىندا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى تاماملىدى، — دەپ ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ

بەردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ بىر نەچچە كوچىلاردىن ئۆتۈپ ئىككى قاسىنقى قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان پۇشكىن كوچىسىغا يېتىپ كېلىشكەنلىكىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

ئابدۇخالىق قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، ئەتراپىدا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان بۇدرە چاچلىق بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ سورىدى:

— مەخسۇتكا، ئاۋۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى تاشقا ئورنىتىلغان كىمنىڭ ھەيكىلى؟

مەخسۇت مۇھىتى جاۋاب بەرگۈچە، لاتىپ:

— ئۇ شائىر پۇشكىننىڭ ھەيكىلى، — دېدى.

— شائىر بولسا بىر كۆرۈپ باقساق بوپتىكەن، — دېدى ئابدۇخالىق قىزىقىپ.

— بولىدۇ، كۆرەيلۇق، — دېدى لاتىپ.

پۇۋىسكا توختىدى. ئۇلار يەرگە چۈشتى. لاتىپ پۇۋىسكىنىڭ ھەققىنى بېرىۋەتتى. ئۇ ئىككى مېھماننى پۇشكىننىڭ ھەيكىلى ئالدىغا باشلاپ باردى. بىر يېرىم مېتىردەك ئېگىزلىكتىكى گرانىت تاش ئۈستىگە ئورنىتىلغان پۇشكىننىڭ باش ھەيكىلىنىڭ ئاستىغا ئىككى قۇر رۇسچە خەت يېزىلغانىدى. لاتىپ ئۇنى تاتارچە ئوقۇپ بەردى:

«ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن. 1799 - يىلى تۇغۇلۇپ 1837 - يىلى ۋاپات بولغان.»

لاتىپ:

— پۇشكىن ئورۇسنىڭ ئەڭ چوڭ شائىرى. رۇسلار ئۇنى «رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى، ئۇستازى» دەپ ناھايىتى چوڭ بىلىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىققا ھەيكەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئابدۇخالىق پۇشكىننىڭ ھەيكىلىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرۇپ لاتىپنىڭ «پۇشكىننى رۇسلار ‹رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى،

ئۇستازى، دەيدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئىچىدە تەكرارلاپ تۇرۇپ بىردىنلا ئېسىگە شائىر نەمەت خەلپەتىنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن نەۋائىنىڭ «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن سۆيۈپ تۇرۇپ «پىر ئۇستازىمىز، ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى. ئۇ پۇشكىننىڭ ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا پۇشكىن ئورۇسلارنىڭ ئەلىشىر نەۋائىسى ئىكەن ـ دە، — دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ۋەزمىن گەپلىرىنى ئاڭلاپ لاتىپ ھەيران قالدى. ئۇ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

— پاھ ـ ھوي! ماۋۇ بالىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى، — دېدى لاتىپ ئابدۇخالىققا تازا ئىنچىكىلەپ زەن سېلىپ قاراپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — مەن ئۆزۈمنى دۇنياغا داڭلىق موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن گىمنازىيە ئوقۇتقۇچىسىمەن دەپ يۈرۈپتىمەن. ھەقىقىي تالانت، بىلىم ئىگىسى بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ؟! مەن نەۋائىنىڭ ھەم پۇشكىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانمەن، بىراق پۇشكىننى نەۋائىغا سېلىشتۇرۇپ باقماپتىمەن.

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ئوخشىتىشى خېلى جايىدا. ئىككى شائىرنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ياشىغان دەۋر شارائىتى، تىل ـ يېزىق، شېئىرىيەت شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بار. ئەلىشىر نەۋائى بۇنىڭدىن تۆت يۈز يىل بۇرۇن ياشىغان بولسا، پۇشكىن بۇنىڭدىن يەتمىش ـ سەكسەن يىل بۇرۇن ياشىغان.

لاتىپ ئىككى مېھمانغا ئالدىدىكى بىنانى كۆرسىتىپ:

— بۇ بىنا شائىر پۇشكىن ئۆز ۋاقتىدا ئولتۇرغان جاي. ھازىر «پۇشكىن خاتىرە ئۆيى» قىلىنغان. بىز بۇ خاتىرە ئۆينى زىيارەت قىلىپ بولۇپ بىزنىڭ ئۆيگە بارايلۇق، بالا بەك قىزىقىۋاتسا كېرەك، — دېدى.

— ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقتى. قېنى، باشلاڭ

ئەمىسە، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

لاتىپ ئىككى مېھمىنىنى باشلاپ پۇشكىنىنىڭ قەدىمىي تۇرالغۇسىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىشىكنىڭ ئىچىدە ئۇلارنى ئوتتۇرا بويلۇق، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، خۇشخۇي، چىرايلىق بىر رۇس ئايال قىزغىن كۈتۈۋالدى.

بىر ئەر كىشى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن ئۇلارنى كىچىكرەك بىر زالغا باشلىدى. ئابدۇخالىق ھەممىسىنىڭ ئالدىدا زالغا كىردى. ئۇ كۆردىكى، زالنىڭ ئىچىگە تام ياقىلىتىپ قاتارىسىغا ئەينەكلىك يوغان ئىشكاپلار قويۇلغانىدى. لاتىپ ھەر بىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىشكاپقا تىزىپ قويۇلغان پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ رۇس، ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، لاتىن، تاتار، تۇرك، پولەك، ئىسپان، ياپون، ۋېنگىر، رومىن، ئەرەب، پارس، ھىندى ... تىللىرىدىكى ھەر خىل نەشر نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىپ ئابدۇخالىققا چۈشەندۈرەتتى. بىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئابدۇخالىق بىر كىتابقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ كىتابنى قەيەردىدۇر كۆرگەنىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر ئىش كەلدى:

1914 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەردىن ئاستانىگە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى كۈنى مىجىت ھاجى ئەتىگەندىلا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى مۇسۇلباينىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھويلىسىدا تەڭتۇش بالىلار بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە ئوينىدى. چۈشكە يېقىن ئابدۇخالىق ئويۇندىن زېرىكىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خاس خانىسىغا كىردى. مەخسۇت مۇھىتى كرېسلودا ئولتۇرۇپ جىگەررەڭ مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى.

ئابدۇخالىق «ئۇ قايسى كىتابتۇ؟» دەپ قىزىقىپ قالدى، بىراق

مەخسۇت ئاكىنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ ئوچۇق بېتىگە قاراپ ھەيران قالدى، چۈنكى، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ كىتابنى يېپىپ قويۇپ، ئابدۇخالىققا قاراپ:

— بۇ كىتابقا قىزىقىۋاتامسىز؟ بۇ ئورۇسنىڭ چوڭ شائىرى پۇشكىننىڭ كىتابى، — دېدى.

— ئورۇسچە كىتاب، — دېدى ئابدۇخالىق كىتابنى قولىغا ئېلىپ.

— شۇنداق، بۇ پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» دېگەن كىتابى. رۇسلار بۇنداق كىتابلارنى رومان دەيدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى چۈشەندۈرۈپ.

ئابدۇخالىق كىتابنى ئاچتى. ئۇ كىتابنىڭ ئىچ بېتىدىكى ئويچان، يوغان كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن، بۇدرە چاچلىق سۆلەتلىك بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ مەخسۇت مۇھىتىدىن سورىدى:

— بۇ كىم؟

— بۇ پۇشكىن دېگەن شائىر.

ئابدۇخالىق كۆڭلىدە: «ھەي مەنمۇ رۇسچە خەتنى بىلگەن بولسام، مەخسۇت ئاكامدەك مۇشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇيالايتتىم-غۇ» دېگەننى ئويلىدى.

...

— ئابدۇخالىق سىزنى دەۋاتىمەن، چاقىرساممۇ ئاڭلىمايسىزغۇ؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ. ئابدۇخالىق پەقەت شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنى خىيال ئىلكىدىن تارتىۋالدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ نېرىسىدا قاراپ تۇرغان لاتىپنىڭ يېنىغا باردى. لاتىپ

ئىشكاپلارغا تىزىپ قويۇلغان كىتابلارنى كۆرسىتىپ سۆزلىدى:
— مانا بۇ ئىشكاپتىكى ئاۋۇ كىتاب پۇشكىننىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ... ماۋۇ كىتاب بولسا پۇشكىننىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى ... بۇ بولسا پۇشكىننىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى شېئىرلار توپلاملىرى ... مانا ماۋۇ ئىشكاپتىكى پۇشكىن داستانلار توپلىمى ... ماۋۇ «سىگانلار» داستانى، ماۋۇ «پولتاۋا» داستانى، ماۋۇ «مىس چەۋەنداز» داستانى ... مانا بۇ ئىشكاپتىكى پۇشكىننىڭ «بېلكىن قىسسىلىرى» دېگەن كىتابى. مانا بۇ «دوبروۋىسكىي» دېگەن پوۋېستى. بۇ بولسا «بورىس گودۇنوپ» دېگەن دىرامىمىسى ... مانا ماۋۇ ئىشكاپتىكى بۇ يوغان، قېلىن كىتابلار پۇشكىننىڭ شېئىرىي رومانى «يېۋگېنىي ئونېگىن» نىڭ رۇسچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە نەشر نۇسخىلىرى، — لاتىپ ھەر بىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى.

ئابدۇخالىق پۇشكىننىڭ مۇقاۋىسى زەڭگەر رەڭلىك قېلىن كىتابى — «يېۋگېنىي ئونېگىن» غا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ئۆز - ئۆزىگە «پىر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ‹خەمسە› سىدەك بار ئىكەن» دېدى پىچىرلاپ.

لاتىپ ئابدۇخالىق بىلەن مەخسۇت مۇھىتىغا باشقا ئىشكاپلاردىكى كىتابلارنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرەتتى.

— بۇ ... ماۋۇ ...

ئابدۇخالىق زالدىكى شۇنچە نۇرغۇن ئىشكاپلارغا قويۇلغان پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ھەيران قالدى.

ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتى بىلەن لاتىپقا ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدە پۇشكىننىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ قوليازما نۇسخىلىرىنى كۆردى. بۇ ئۆي پۇشكىننىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇسخانىسى ئىدى ...

ئابدۇخالىق ئاخىرىدا لاتىپتىن ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز بۈيۈك تالانت ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئوتتۇز يەتتە يېشىدا چەت ئەللىك قاچاق دانتىس دېگەن لەنەتگەردىنىڭ ئوقىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى. ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى ئاچچىق ئازابلىق ھېسسىيات ئۆرتىگەچكە، غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

ئابدۇخالىق پۇشكىن خاتىرە ئۆيىدىن قايتىپ چىقىش ۋاقتىدا، ئۇلارنى زالغا تەكلىپ قىلغان ھېلىقى ئايالغا چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى «خەجلەڭ» دەپ بەرگەن يۈز رۇبلى پۇلنى «پۇشكىن خاتىرە ئۆيىگە ئىئانەم» دەپ تەقدىم قىلدى.

پۇشكىن خاتىرە ئۆيىدىن چىقىپ مەخسۇت مۇھەممەتتى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ لاتىپنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى شۇ يەردە يېدى. چۈشتىن كېيىن ۋە ئەتىسى بىر كۈن لاتىپ ئابدۇخالىقنى موسكۋانىڭ ئۇلار كۆرمىگەن جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئويناتتى. كەچقۇرۇن مىجىت ھاجىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئۆيىدە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

# شەمەيدىكى رۇس مەكتەپتە

مىجىت هاجى بىلەن مەخسۇت مۇهىتى ئاۋۋال موسكۋادىكى، كېيىن قازان شەھىرىدىكى سودىلىقىنى تۈگىتىپ، يىگىرمىنچى كۈنى شەمەيگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار شەمەيدە بىر كۈن دەم ئېلىپلا سېتىۋالغان ماللىرىنى رەتلەپ تېڭىپ ۋەتەنگە قايتىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇلار قازان شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ساراي خوجايىنى ئىسهاقنىڭ غەربىي سىبىرىيىنىڭ ئومسكى شەھىرىدىكى رۇس گىمنازىيە (ئوتتۇرا مەكتەپ) سىدە ئوقۇيدىغان ئوغلى شىرىپ يازلىق تەتىل قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك شىرىپ بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ دوست بولۇپ كەتتى. شىرىپ ئانا تىلىدا سۆزلەۋېتىپلا بەزىدە رۇسچە سۆزلەپ كېتەتتى. ئابدۇخالىق بۇ بالىنىڭ رۇسچە راۋان، يېقىملىق ئاهاڭدا سۆزلىگىنىگە قاراپ هەيرەتتە قالدى. ئۇ شىرىپنىڭ ئاغزىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىگىنىچە بوينىنى قىسىپ تۇرۇپ قالدى.

شىرىپ چېچەن بالا ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقتىكى ئۆزگىرىشنى سېزىۋېلىپ سۆزلەشتىن توختاپ سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى؟

ئابدۇخالىق چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئۇنچىقماي بېشىنى چايقىدى.

— سىز مەندىن چوقۇم بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىز؟

ئابدۇخالىق شىرىپقا دەردىنى بىراقلا تۆكتى:

— بىزنىڭ نەس باسقان تۇرپاندا مەدرىسىلەردىن باشقا يېڭىچە

پەننىي مەكتەپ يوق. پەقەت ئاستانىدىلا مەخسۇتكام ئاچقان مەخسۇدىيە مەكتىپى بار، — دېدى مەيۇسلىنىپ.

— رۇس مەكتىپى يوقمۇ؟

— ئورۇس مەكتىپى يوق، بولسىمۇ كىم ئوقۇيدۇ؟

— نېمىشقا ئەمدى؟

— تۆرپاندا ئورۇسلار بولمىسا؟

— ئۇنداقتا تۆرپاندا كىملەر بار؟

— بىز ئۇيغۇرلار بار - دە، — دېدى ئابدۇخالىق ئويلىنىپ، — يەنە ئازراق تۇڭگانلار بىلەن خەنسۇلارمۇ بار.

شېرىپ دوستىنىڭ گەپلىرىگە ھەيران قالدى. ئۇ:

— ئابدۇخالىق، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار راستىن چاتاق ئىكەن جۇمۇ، — دېدى ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ.

ئىككى دوست بىر پەس جىمىپ قالدى.

ئابدۇخالىق قازان شەھىرىدە كىتابخانىغا كىرگىنىدە، كىتابخانىدىكى كىتابلارنىڭ يېرىمى تاتارچە، ئەرەبچە، تۆركچە، پارسچە كىتابلار، يېرىمى رۇسچە كىتابلار ئىدى. ئۇ موسكۋادىكى چوڭ كىتابخانىغا كىرىپ كۆرگىنى بولسا كۆپىنچىسى رۇسچە كىتابلار ئىدى. تاتارچە، تۆركچە، ئەرەبچە كىتابلار ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇ چاغدا ئابدۇخالىق «رۇسچە بىلگەن بولسام، مۇشۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقماسمىدىم، ھەي ئىست!» دېگەنىدى ئىچىدە ئۆزىچە خورسىنىپ.

— نېمىنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ — سورىدى شېرىپ.

ئابدۇخالىق ئۇنىڭغا قاراپ:

— مەنمۇ ئورۇسچە ئوقۇيمەن. ئورۇسچىنى بىلمىسەم بولمايدىكەن، — دېدى قەتئىي ھالدا.

— ئوچىن خاراشۇ،[1] سىز شەمەيدە قېلىپ مەن بۇرۇن

---

[1] ئوچىن خاراشۇ — ناھايىتى ياخشى.

ئوقۇغان رۇس مەكتىپىدە ئوقۇڭ، — دېدى شېرىپ خۇشاللىقىدىن ئابدۇخالىقنى قۇچاقلاپ.

ئابدۇخالىق بىردىنلا ئەنسىرەپ قالدى:

— مېنى ئورۇسچە مەكتەپكە قوبۇل قىلارمۇ؟

— ئاتام مەكتەپ مۇدىرى مىخايلوپ بىلەن خېلى يېقىن. ئۆتكەندە مەكتەپكە ئاتام بەش يۈز سوم پۇل ئىئانە قىلغۇىدى، مۇدىر بەك خۇشال بولغان، ئاتام ئۆزى مەكتەپكە بېرىپ مۇدىر بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسە قوبۇل قىلامدىكىن، — دېدى.

ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقنىدى. شېرىپ سورىدى:

— بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون بەشكە.

— راست گەپنى دېگەندە، سىز بىزنىڭ ئومىسكىدىكى گىمنازىيىگە لايىق. بۇ يەردە سىز يەتتە - سەككىز ياشلىق باللارنىڭ ئارىسىدا بەك چېنىپ قالىسىز. ھەي بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟ — شېرىپ ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ ئىككى قولىنى كېرىگىنىچە ئويلىنىپ قالدى.

ئابدۇخالىق قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى.

ئەتىسى مىجىت ھاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىقنى رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتۇش ئۈچۈن شەمەيدە قالدۇرۇپ، ئاغىنىسى — ساراي خوجايىنى ئىسھاققا تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مىجىت ھاجى مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق ھەمراھلىرى بىلەن ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. سودا كارۋىنىنى ئۇزىتىپ قېپقالغان ئابدۇخالىق دوستى شېرىپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر ئەقىل تاپتى. شېرىپ يازلىق تەتىل ۋاقتى توشقۇچە ئۇنىڭغا رۇسچە ئۆگىتىدىغان «كىچىك مۇئەللىم» بولماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن جانجىگەر دادىسىدىن ئايرىلىپ يات ئەلدە قالغىنىغا ئازراق كۆڭلى يېرىم بولغان ئابدۇخالىق تەسكىن تاپتى.

شېرىپ «ئابدۇخالىق مېنى جىنىدەك ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپلا ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ بىر بوكۇار (رۇس تىلى ئېلىپبەسى) دەپتەر، قەلەمنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇخالىق شېرىپنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن رۇسچە ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى.

شېرىپ ئابدۇخالىقنىڭ رۇسچە ئۆگىنىشكە بۇنچىۋالا بېرىلىپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىدى. دوستىنىڭ قىزغىنلىقىغا بېقىپ ئۇمۇ خۇددى مۇئەللىملەر سىنىپتا دەرس ئۆتكەندەك ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆگىتىشكە باشلىدى. شېرىپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالدىنقى كۈنى ئۆگەتكەن دەرسنى ئابدۇخالىققا ئوقۇتاتتى، ئاندىن كىچىك تاختىغا يازغۇزۇپ بىر قېتىم تەكرار ئوقۇتاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن يېڭى دەرسنى باشلايتتى. چۈشتىن كېيىن بولسا ئابدۇخالىق چۈشتىن بۇرۇنقى ئوقۇغان يېڭى دەرسنى ئوقۇش، يېزىشنى مەشىق قىلاتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئابدۇخالىق ئەتىگەندە يېڭى دەرس ئۆتۈلگەندە، خۇددى قېقىپ قويۇلغان مىختەك قىمىر - سىمىر قىلماي پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن دەرس ئاڭلايتتى، شېرىپنىڭ يېتەكلىشىدە ئوقۇشنى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ مەشىق قىلاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئىچىدە پىچىرلاپ ئوقۇپ دەپتىرىگە كۆچۈرۈپ يېزىشقا باشلايتتى، چۈشتىن كېيىن بولسا ياتاق ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ دەرس تەكرارلايتتى، «كىچىك مۇئەللىم» بەرگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەيتتى. ئۇ دەرس تەكرارلاشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتەتتىكى، بەزەن چاغلاردا ھەتتا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ساراي خىزمەتچىسى ئەكىرىپ قويغان تاماقمۇ سوۋۇپ كېتەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئىككى يېرىم ئاي ئۆتتى. ئىككى دوستنىڭ تىرىشچانلىقى چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ئابدۇخالىق بوكۇارنى ئوقۇپ تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىق ئادەتتىكى كىچىك تېكىست، شېئىرلارنى ھەجىلەپ ئوقۇيالايدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر مۇنچە

ئاددىي سۆزلۈكلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولدى. يازلىق تەتىل ئاخىرلاشتى. ئابدۇخالىق بۇ چاغدا شەمەيگە يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىن خېلىلا جۇدەپ، ياداپ قالغانىدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى شېرىپ ئابدۇخالىق بىلەن قىيالمىغان هالدا خوشلىشىپ، ئۈمىسكى شەھىرىگە ئوقۇشقا كەتتى. ساراي خوجايىنى ئىسهاق ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ تىككۈچى لارىسانىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ باردى. ئۇ لارىساغا ئابدۇخالىقنىڭ بويىنى ئۆلچىتىپ مېغىزرەڭ چىبەرقۇتتىن ئوقۇغۇچىلار فورمىسى تىككۈزۈپ بەردى.

ئابدۇخالىق تۇرپاندىن كىيىپ كەلگەن دوپپا، پەشمەت چاپان بىلەن شالۋۇرنى سېلىۋېتىپ يېڭى كىيىملەرنى كەيدى. ئوقۇغۇچىلار فورمىسى بىلەن فوراژكا (ئالدى ئېگىز چىكىلىكى پارقىراق شەپكە) ئابدۇخالىققا قاملاشتى. بۇنى كۆرگەن ئىسهاق:

— ھە، مانا ئەمدى بۇ كىيىملىرىڭىز بىلەن مەكتەپكە بارسىڭىز، رۇس باللىرىنىڭ ئارىسىدا چانمايسىز، — دېدى.

1 - سېنتەبىر كۈنى ئەتىگەندىلا ساراي خوجايىنى ئىسهاق ئابدۇخالىقنى رۇس مەكتىپىگە ئېلىپ باردى. مەكتەپ مۇدىرى مېخايلوف ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ يۇرتى، ئىسىم - فامىلىسى، يېشى قاتارلىقلارنى سورىدى. ئابدۇخالىق مۇدىرنىڭ ھەر بىر سوئالىغا دۇدۇقلىمايلا رۇسچە جاۋاب بەردى. ئىسهاق بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران قالدى. ئۇ بۇرۇن بىر ئېغىزمۇ رۇسچە سۆز بىلمەيدىغان ئابدۇخالىقنىڭ ئىككى يېرىم ئاي ئىچىدە ئۆگىنىشتە بۇنچىلىك تېز ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىنى ئويلىمىغانىدى. «نېمىدېگەن زېھنى ئۆتكۈر، تىرىشچان بالا - ھە، بۇ!» ئىسهاق شۇنى ئويلاپ ئابدۇخالىقنىڭ مۇرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى مەمنۇنلۇق بىلەن.

مۇدىر مېخايلوف بوكۋارنى ئېچىپ ئاخىرىدىكى ئىككى تېكىستنى ئابدۇخالىققا ئوقۇشنى بۇيرۇدى. ئابدۇخالىق ھەر ئىككى

تېكىستنى راۋان ئوقۇدى. مۇدىر ئىككىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇش كىتابىنى ئېچىپ بىر ماۋزۇنى كۆرسىتىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇ تېكىستنىمۇ ئوقۇپ بولدى. مۇدىر ئابدۇخالىققا يېرىم بەت ئىنشا يازغۇزدى. ئابدۇخالىق خېلى قىينىلىپ، بىر مۇنچە خەتلەرنى بىر يېزىپ، بىر ئۆچۈرۈپ، يەنە باشقىدىن يېزىپ ئاخىر ئىنشانى يېزىپ بولدى. مۇدىر ئۇنى كۆرۈپ بېقىپ بىر يەردىكى خاتانى تۈزىتىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىفمېتىكىدىن (ھېساب) قوشۇش، ئېلىش ئەمەللىرىنى ئىشلىتىپ سىناپ كۆردى. ئابدۇخالىق مۇدىر كۆرسەتكەن بىر مۇنچە ئەمەللەرنى قىينالمايلا توغرا ئىشلىدى.

مۇدىر مىخايلوف ئابدۇخالىققا قايىل بولۇپ ئۇنى ئىككىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلدى. ئىككىنچى سىنىپنىڭ مەسئۇل مۇئەللىمى ئاننا ۋاسىلىيېۋنا ئىدى. مۇدىر ئابدۇخالىقنى ئاننا ۋاسىلىيېۋنا مۇئەللىمگە تاپشۇردى.

ئاننا ۋاسىلىيېۋنا ئوتتۇرا بويلۇق، يېشى ئوتتۇز بەشتىن ئاشقان تەجرىبىلىك، بىلىمى مول ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ رۇس مەكتىپىدە ئوقۇش ئۈچۈن يىراق تۇرپاندىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ تىرىشچان، قەيسەر، ئەدەپلىك، ئېغىر - بېسىق مىجەز - خۇلقىنى ياقتۇرۇپ قالدى. قازان شەھىرىدە چوڭ بولغان بۇ رۇس قىزى تاتار تىلىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ تۇرپاندىكى چېغىدا ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموفتىن تاتارچىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇنىڭدىن سۆيۈندى. چۈنكى ئۇنىڭغا رۇس تىلىدىكى بەزى مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ، مەنىسى ۋە رۇس تىلى گراماتىكا قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئاسانغا توختايدۇ - دە.

ئاننا مۇئەللىم ھەر كۈنلۈك دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇخالىققا يەنە بىر سائەت رۇس تىلىدىن قوشۇمچە دەرس ئۆتۈپ تۇردى. ئابدۇخالىق ئاننا مۇئەللىمنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ زور

تىرىشچانلىق بىلەن رۇس تىلى ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتتى.
ئابدۇخالىقنىڭ بىر ئادىتى شۇ ئىدىكى، ئۇ سىنىپتا ئۆتۈلگەن ھەر سائەتلىك دەرسنى شۇ سائەتتە بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئەگەر ئۇ شۇ سائەتتىكى دەرسنى تولۇق بىلىۋالمىسا، كەم يېرىنى مۇئەللىمدىن ياكى ساۋاقداشلىرىدىن خىجىل بولماي سوراپ تولۇق بىلىۋالمىغۇچە توختىمايتتى.

بىر كۈنى ئاننا مۇئەللىم بىر دوستى ئارقىلىق قازان شەھىرىدىن ئالدۇرغان «تاتارچە ـ رۇسچە لۇغەت» نى ئابدۇخالىققا تەقدىم قىلدى. ئابدۇخالىق ئاننا مۇئەللىمنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن لۇغەتتىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكە ئاسانلىق تۇغۇلدى.

1917 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا شېرىپ قىشلىق تەتىل قىلىپ ئومىسكىدىن شەمەيگە قايتىپ كەلدى. ئابدۇخالىق شېرىپنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. شېرىپ ئابدۇخالىقنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئېغىز تاتارچە سۆزنى قوشماي رۇسچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خۇشاللىقىدىن ئۇنى قىزغىن قۇچاقلاپ تەبرىكلىدى:

— ئابدۇخالىق، مەن سىزنى رۇسچىنى بۇنچىلا تېز ئۆگىنىۋالا دەپ ئويلىمىغانىدىم. سىز نېمىدېگەن تىرىشچان ـ ھە.

— ئەگەر سىز يازلىق تەتىلدە ماڭا بوكۇاردىن دەرس بەرمىگەن بولسىڭىز، رۇسچىنى مۇنچىلىك بىلىشىم نەدىدى، — دېدى ئابدۇخالىق كەمتەرلىك بىلەن.

شېرىپ گەپ ئارىلاپ ئابدۇخالىقنىڭ ئىككىنچى سىنىپتا ئاننا ۋاسلىيېۋنا مۇئەللىمدە ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بولدى:

— ئاننا ۋاسلىيېۋنا ياخشى مۇئەللىم. ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى بالىسىدەك ياخشى كۆرىدۇ. مەنمۇ باشلانغۇچتا ئاننا مۇئەللىمدە ئوقۇغان.

شېرىپ ھەر كۈنى تەتىللىك تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولۇپلا، ئابدۇخالىقنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. چۈشتىن كېيىن ئىككىسى سىرتقا چىقاتتى. شەمەيدە قىشتا سوغۇق ناھايىتى قاتتىق بولاتتى. قار قېلىن ياغاتتى، ئىككى بالا قېلىن قىشلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بىرسى بىردىن چاننى كۆتۈرەتتى - دە، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىككە بېرىپ چانا تېيىلىپ ئوينايتتى. شېرىپ ئومسكىدىن ئابدۇخالىققا كانكى (مۇز تېيىلىش ئايىغى) ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ ئابدۇخالىققا كانكىدا مۇز تېيىلىشنى ئۆگەتتى. ئابدۇخالىق بىر نەچچە كۈن مۇزغا گۈپۈلدەپ يىقىلىپ يۈرۈپ كانكىدا مۇز تېيىلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى.

كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى دوست قىشلىق تەتىلنىڭ قانداقلارچە توشۇپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاندى. ئاننا مۇئەللىم ئابدۇخالىقنىڭ تۇرالغۇسىغا ئۆيى يېقىن بولغان ئاليوشا، تۆلە ئىسىملىك ئىككى رۇس ۋە سارجان ئىسىملىك بىر قازاق بالا بىلەن تۆتىسىنى بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ قويدى. بۇ تۆت ساۋاقداش ھەر كۈنى تۆت سائەت دەرستىن كېيىن بىرلىكتە دەرس تەكرارلاپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەيتتى، تەكرارنى تۈگىتىپ بىللە ئوينايتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق زېرىكىشلىك ھېس قىلمايدىغان بولدى، ئۆگىنىشتىمۇ تېز ئىلگىرىلىدى.

1917 - يىلى 6 - ئايدا يىللىق ئىمتىھان ئېلىندى، ئابدۇخالىق ھەممە دەرسلەردىن ئەلا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچىنچى سىنىپقا كۆچتى.

ئابدۇخالىق ئۈچىنچى سىنىپقا ئەلا كۆچكەنلىكىنى ئاڭلاپ مەكتەپتىن ئالدىراش مېھمانسارايغا قايتىپ كېلىپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى. چۈنكى، مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى سودا كارۋانلىرىنى باشلاپ شەمەيگە كېلىپ مېھمانسارايدا ئابدۇخالىقنىڭ مەكتەپتىن كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

دادا! بىلەن نەۋرە چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئىزدىراستىۋۇيتتى[1] ، — دەپ قۇچىقىنى ئاچتى مەخسۇت مۇھىتى.

— ئىزدىراستىۋۇيتتى، — دەپ ئابدۇخالىق مەخسۇت ئاكىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ رۇسچىنى تەبىئىي سۆزلىگىنىدىن خۇشال بولغان مەخسۇت مۇھىتى ئۇنى ماختاپلا كەتتى.

مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنىڭ ئۈچىنچى سىنىپقا ئەلا دەرىجىدە كۆچكەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرى مىخايلوف بىلەن ئاننا ۋاسلىيىۋنا مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە تورپاننىڭ قۇرۇق يېشىل ئۈزۈمى، ئۆرۈك قېقى، مېغىز، قوغۇن قېقى قاتارلىق نۇرغۇن سوۋغا - سالام ۋە بەش يۈز سومدىن پۇل ئېلىپ يوقلاپ باردى. مەكتەپكە بولسا مىڭ سوم پۇل ئىئانە قىلدى.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى بىر ھەپتە ئىچىدە ماللىرىنى مالغا ئالماشتۇرۇپ بولۇپ، ئىككى كۈن جىددىي تەييارلىق قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئابدۇخالىق بىلەن خوشلىشىپ تورپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

يېڭى ئوقۇش يىلى يېتىپ كەلدى. بىرىنچى سېنتەبىر مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى. ئابدۇخالىق ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇشقا باشلىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە قارشى تۇرۇپ ئۆچمەنلىك قىلغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى، ياردەم بېرىشى بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر، ئاق باندىتلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ يېڭى قۇرۇلغان سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان قىزىل ئارمىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن

---

[1] ئىزدىراستىۋۇيتتى — رۇسچە «ياخشىمۇسىز» دېگەن مەنىدە.

ئاقلارغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. بۇنىڭ بىلەن رۇسىيەدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، گراژدانلار ئۇرۇشى باشلاندى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئاق باندىتلار سىبىرىيەدىمۇ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇرۇش ئوتى ھەممە يەرگە تۇتاشتى. 1918 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا مەكتەپلەر تاقىلىپ ئوقۇش توختىدى. شەمەيمۇ باندىتلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچراپ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالدى. ئابدۇخالىقتا ئوقۇشنى داۋام قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

مېھمانساراي خوجايىنى ئىسھاق باندىتلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قورۇ ـ جايلىرىنى سېتىۋېتىپ سودا قىلىش نامى بىلەن جۇڭگوغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

ئۈچىنچى ئاينىڭ بىر كېچىسى ئىسھاق بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ بىر قانچە ئون تۆگىلەرگە مال ـ مۈلكىنى ئارتىپ يوشۇرۇنچە چۆچەككە قاراپ يولغا چىقتى. ئابدۇخالىقمۇ ئىسھاقنىڭ كارۋىنى بىلەن چۆچەككە كەلدى. ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان سودىگەرلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈرۈمچىدىن 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

# يالقۇنلۇق ئۆستەڭ

ئابدۇخالىق ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ھېسامىدىن، ھەببۇللا، ئابدۇراخمان قاتارلىق دوستلىرى بىلەن يېڭىشەھەر قازىخانا مەسچىتى ئالدىدىكى سەيناغا ئوينىغىلى كېلەتتى. بۇ سەينانىڭ جەنۇب تەرىپىدە ھەيۋەتلىك قازىخانا مەسچىتى، غەرب تەرىپىدە راھىبسىز قالغان شىڭ سۇڭمياۋ بۇتخانىسى، شىمال تەرىپىدە ئاشپۇزۇل، چەرچىن مال دۇكانلىرى جايلاشقانىدى. سەينانىڭ شەرقى يېڭىشەھەر بازىرىغا تۇتىشاتتى.

ئابدۇخالىق دوستلىرى بىلەن بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەندە، سەينانىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق خۇيزۇ بالىلىرىدىن سۇڭ شاۋ، ماجۇڭشەن، ماجەنلىڭ، ماجاۋ گۇيلەر ئۆيلىرىدىن چىقاتتى. ئۇلار ئابدۇخالىق ئېلىپ كەلگەن توپنى تالىشىپ بىرلىكتە ئوينايتتى. بەزەن چاغلاردا سۇڭ شاۋ ئاغىنىلىرىنى باشلاپ ئابدۇخالىقنى ئىزدەپ ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە باراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىق دوستلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر توپ بالا قىي - چۇۋۇلىشىپ غەربىي قوۋۇقتىن چىقىپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئەسقەر ھاجى كارىزى بويىغا بېرىپ ئوينايتتى. بەزەن چاغلاردا يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىغا چىدىماي يېڭىشەھەرنىڭ غەربىدىكى پولوچىنىڭ تالللىقىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمىلەتتى. بالىلار بىللە ئوينىغان چاغلىرىدا تەبىئىيكى ئۆز ئانا تىللىرىدا سۆزلەيتتى. بەزەن چاغلاردا خۇيزۇ بالىلار يېرىم خەنزۇچە، يېرىم ئۇيغۇرچە سۆزلەپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابدۇخالىقمۇ ئۇلارنى دوراپ يېرىم ئۇيغۇرچە، يېرىم خەنزۇچە سۆزلەپ ئۆز مەقسىتىنى ئۇقتۇراتتى. سەككىز -

ئون يىل ئەنە شۇ يوسۇندا ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئون بەشتىن ئاشقاندا، خەنزۇچىنى خېلى ئوبدانلا سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شەمەيدىكى رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئابدۇخالىق 1918 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىگىچە ئۆيىدىن تالاغا چىقمىدى. ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېرىپ ئاخىر زېرىكتى بولغاي، كوچىغا چىقتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قازىخانا مەسچىتى ئالدىغا كېلىپ قالدى، ئۆزلىرىنىڭ دۇكىنى ئىچىدە ئولتۇرۇپ يىراقتىنلا ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ قالغان سوۋۇك شاۋ يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى بالا قىزغىن سالاملاشتى.

ئابدۇخالىق سوۋۇك شاۋنىڭ يېگىنە ھەمەردىكى شىرتالىغۇ[①]دا ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ خۇرسىنغانىدەك جىم بولۇپ قالدى. بىرنى سەزگەن سوۋۇك شاۋ:

— ھەي ئابدۇخالىق، ئۆزلە نېمە بولدى شۇ؟ — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دەردىنى تۆكتى:

— شەمەيدە رۇس مەكتىپىدە بىر يېرىم يىل ئوقۇپ رۇسچىنى خېلىلا بىلىپ قالغانىدىم، مەن تازا شور پېشانە. بىر ياخشى ئوقۇۋاتسام شەمەيدە ئۇرۇش بولۇپ مەكتەپ يېپىلدى. مەن ئىلاجسىز تۇرپانغا قايتىپ كەلدىم.

سوۋۇك شاۋ ئابدۇخالىققا ھېسداشلىق قىلىپ دېدى:

— ئۆزلە شۇ، خەنزۇ گەپ بىلىدۇما، خەنزۇ خېتى ئاسان ئۆگىنىۋالىدۇ. سىز شۆتاڭ كىرسۇن، بىز بىللە ئوقۇيمىز.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ:

— ياق، مەن ئون يەتتە ياشتا تۇرسام، كىچىك باللارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇشقا ئىزا تارتمايمەنمۇ؟ — دېدى.

---

① شۆتاڭ — خەنزۇچە مەكتەپ.

سۇلۇك شاۋ:

— ھەي ئابدۇخالىق ئاداش، ھازىر بىز تەتىل، مەن، ماجۇڭشەن، ماجەنلىڭ ئۈچ تۇڭگان بالاڭزا ئۆزلەگە خەنزۇ خەت ئۆگىتىمىز، دەرس باشلانسۇنما، ئۆزلەنى بىزنىڭ چوڭ بالاڭزا سىنىپقا ئەكىرىۋالىمىز، — دەپ ئابدۇخالىقنى قىزىقتۇرۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق شۇ كۈنى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى. «ھەي قانداق قىلسام بولار؟...» ئۇ شۇنى ئويلاپ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ تەستە ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى سۇلۇڭ شاۋ ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، بۇ چاغدا ئابدۇخالىق قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. سۇلۇڭ شاۋ ئابدۇخالىقنىڭ شۇتاڭدا ئوقۇش قارارىغا كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئۇ تۆتىنچى سىنىپقا كۆچكەنىدى. ئۇ پۇختا ئىش قىلىدىغان بالا بولغاچقا، بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇغان دەرسلىك كىتابلىرىنى ساقلاپ قويغانىدى، ئۇنى ئابدۇخالىققا بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇخالىق سۇلۇڭ شاۋدىن خەنزۇچە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

مىجىت ھاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىقنىڭ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنى ئاڭلاپ، بىر قارارغا كېلەلمەي، بۇنى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا دېدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم:

— ئابدۇخالىقنى ئورۇسچە ئوقۇتىمىز دېيىدۇق، ئۇ يەردە ئۇرۇش بولۇپ قېلىپ ئەپلەشمەي يېرىم يولدا توختاپ قالدى. ئەمدى ئۇ ئۆزى «شۇتاڭدا ئوقۇيمەن» دېگەن بولسا ياخشى بولغۇدەك، ئوقۇتايلى. ئابدۇخالىق شەمەيگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئەلى ئەپەندىنىڭ ئۆزلە بىلەن ماڭا دېگەن: «ئابدۇخالىقتا تۇغما قابىلىيەت بار، ئۇنى ئوقۇتمىساق ئۇنىڭدىكى قابىلىيەت، ئەقىل - پاراسەت نۇرلىنالارمۇ؟ بىر ئاتا - ئانا ئۇچۇن ئۆز پەرزەنتىنى مەكتەپتە ئوقۇتماسلىق پەرزەنتكە زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن باراۋەر» دېگەن گەپلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۇۋۇمدە ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ.

هازىر بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشقا ئابدۇخالىق سەل كىچىكلىك قىلىدۇ، — دېدى ئۆز مەقسىتىنى چۈشەندۇرۇپ.

ئاتا بىلەن كۈيئوغۇل شۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىدا مەخسۇت مۇھىتى كىرىپ كەلدى. ئۇ بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ھاجىكا، بۇرۇن ئۆزلىرى مېنى باشلاپ مەغرىپكە بېرىپ رۇسلار بىلەن سودا قىلغانىدۇق. ھازىر ئۇ يەر ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. شۇ ۋەجىدىن بىز ئەمدى مەشرىققە بېرىپ شاڭخەي بىلەن سودا قىلىپ قېلىشىمىز ئېھتىمال. بۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇچە بىلمىسەك بولمايدۇ. كىم بىلىدۇ، ئابدۇخالىق شۆتاڭدا ئوقۇپ، خەنزۇچىنى ئىگىلىۋالسا، كېيىنچە شاڭخەي بىلەن بولىدىغان سودىمىز راسا ئېقىپ كېتەمدۇ، تېخى، — دېدى تەكىتلەپ.

مىجىت ھاجى بېشىنى لىڭشىتىپ مەخسۇتباينىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ:

— مەخسۇتباي ئۇكام، كۆڭلۈمدىكى چىگىشنى يېشىۋېتىپ ئوبدان ئىش قىلدىلا، بوپتۇ، ئابدۇخالىق شۆتاڭدا ئوقۇسۇن، — دېدى.

بۇ چاغدا ئەرەمسىما خېنىم، ئايخان قۇشناچىم[1] نىيازخانلار «ئابدۇخالىقنى ئۆيلەپ قويايلى» دېيىشىپ، بۇ ئىشنى مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمغا مەسلىھەت سالماقچى بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئابدۇخالىقنىڭ شۆتاڭغا كىرىپ ئوقۇماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ «خۇدايا توۋا، بىز نېمە خىيالدا، بۇ بالا نېمە خىيالدا» دېيىشىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىشتى.

ئىلىم تەشناسى ئابدۇخالىق بەزەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تاپا - تەنىسى ۋە مەسخىرىلىرىگە پىسەنت قىلماي،

---

① ئايخان قۇشناچىم — ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئاپىسى.

شۆتاڭدا ئوقۇش نىيىتىدە چىڭ تۇردى. ئۇ كۈندە دېگۈدەك سۇڭ شاۋدىن، بەزەن چاغلاردا ماجاۋگۈيدىن خەنزۇچە ئاددىي خەتلەرنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئىككى ئاي ئۆتتى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئابدۇخالىق تۇرپان يېڭىشەھەردىكى شۆتاڭغا ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپ مۇدىرى ۋە مۇئەللىملەر ئابدۇخالىقنى سىناپ بىرىنچى سىنىپنىڭ دەرسلىكىدىكى ئاددىي سۆزلۈك ۋە تېكىستلەرنى ئوقۇتۇپ كۆردى. بىر مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر نەچچە خەتنى ئېيتىپ بېرىپ يازغۇزدى. ئابدۇخالىق ئوقۇش ۋە يېزىشتا قىينالمايلا سىناقتىن ئۆتۈپ مەكتەپ مۇدىرى ۋە مۇئەللىملەرنى قايىل قىلدى.

مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇخالىقنى ۋۇلاۋشى[1] مەسئۇل بولغان ئىككىنچى سىنىپقا ئورۇنلاشتۇردى. ۋۇ لاۋشى پىچان ناھىيىسىنىڭ خاندو يېزىسىدىن بولۇپ، ئىبراھىم ئىسىملىك ئۇيغۇر مۇئەللىم ئىدى. ئۇ ياشلىقىدا ئۈرۈمچىدە شۆتاڭنى ئەلا پۈتتۈرۈپ شيۇسەي (تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان) ئۇنۋانىنى ئالغانىدى. ئۇ يېڭىشەھەردىكى بۇ شۆتاڭغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگىلى تۆت يىلدىن ئاشقانىدى. شۆتاڭدا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ۋۇلاۋشى دەپ ئاتايتتى.

ۋۇ لاۋشى بۇرۇنلا ئابدۇخالىقنىڭ رۇسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىدە رۇس مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقىنىنى ئاڭلىغانىدى. ۋۇلاۋشى دەسلەپكى بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئابدۇخالىقنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ بەك يۇقىرىلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئەرەب، پارس، رۇس، تاتار، قازاق تىللىرىنى بىلىدىغانلىقى، تېخى شېئىرمۇ يازىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ سۆيۈندى. ئۇ ئابدۇخالىقتا ئۇرغۇپ تۇرغان تالانت بارلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇ زامانىنىڭ مەكتەپ قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭغا

---

[1] ۋۇلاۋشى — ۋۇ ئۇستاز، ۋۇ مۇئەللىم.

«خاۋېنسەي» (ئەدەبىي تالانت ئابدۇخالىق) دەپ خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ قويدى. ۋۇلاۋشى ئابدۇخالىقتا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنى سىنىپتا ئايرىم پارتىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئايرىم يېتەكچىلىك قىلدى. ھەر كۈنى دەرستىن سىرت بىر سائەت خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتۈپ ئايرىم تاپشۇرۇق بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇردى. ئابدۇخالىق ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ، ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ماسلىشىپلا قالماي، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئاز ئۇيناپ كۆپ دەرس تەكرارلىدى، خەنزۇچە خام خەتلەرنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى دائىم مەشىق قىلدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، شۆتاڭنىڭ يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن سوك شاۋ، ماجۇڭشەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ خام خەتلەرنى سوراپ ئۆگەندى.

تىرىشچانلىق چېچەكلەپ مېۋە بەردى. بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئابدۇخالىقنىڭ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ چىقتى. ۋۇ لاۋشى بۇنى مەكتەپ مۇدىرىغا مەلۇم قىلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇخالىقنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرۈپ قايىل بولدى. ئۇ:

— خاۋېنسەي ھەقىقىي رېنسەي (تالانت ئىگىسى) ئىكەن، — دەپ ماختىدى.

مۇدىر 1918 - يىلى 2 - ئايدا ئىككىنچى مەۋسۇملۇق دەرس باشلانغاندا، ئابدۇخالىقنى ئۈچىنچى سىنىپقا ئاتلىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ۋۇلاۋشىنى ئۆيىگە چىللاپ زىياپەت بەردى، نۇرغۇن سوۋغا بېرىپ ئۇلارغا رەھمىتىنى بىلدۈردى، شۆتاڭغا يۈز سەر پۇل ئىئانە قىلدى.

1919 - يىلى 9 - ئايدا شۆتاڭغا بېيپىڭدىن[1] بەي فامىلىلىك

---

① بېيپىڭ — بېيجىڭنىڭ شۇ زاماندىكى نامى.

ياش بىر مۇئەللىم كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئوقۇۋاتقان تۆتىنچى سىنىپقا مەسئۇل بولدى. بەي مۇئەللىم ئابدۇخالىقنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق، زېھنى ئۆتكۈر ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى ياتىقىغا دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا ئابدۇخالىقنى باشلاپ ئەكىرىپ خەنزۇچە خام خەتلەرنى ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەتتى. بەزىدە ھۆسنخەت يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى تېزلا يېقىنلىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى بەي مۇئەللىم ئابدۇخالىقنى ياتىقىغا باشلىدى. ئۇلار ئىككىسى ياتاقتا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى، بەي مۇئەللىم ئابدۇخالىققا بېيپىڭدا پارتلىغان «4 - ماي ھەرىكىتى» توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بۇ ئابدۇخالىقنى قىزىقتۇردى. ئابدۇخالىق ئۇنى - بۇنى سورىۋىدى، بەي مۇئەللىم «4 - ماي ھەرىكىتى» نىڭ ئالدى - كەينىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قانات يايغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغان لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسى بېسىلغان گېزىتنى ئابدۇخالىققا كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق لۇشۈننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» دېگەن ھېكايىسىنى قولىغا ئېلىپ ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. بەي مۇئەللىم ئۇ بىلمىگەن نۇرغۇن خام خەتلەرنى ئۆگىتىپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئابدۇخالىق بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇخالىق تالاغا قاراپ قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئاز خىجالەت بولۇپ قالدى. ئۇ:

— كەچۈرۈڭ، بەي مۇئەللىم، مەن سىزنى كەچلىك تاماقتىنمۇ قويۇپتىمەن. بۇگۈن سىزنى مەن مېھمان قىلاي، جۈرۈڭ، بۇتخانىنىڭ يان تەرىپىدىكى سۇۋازىنىڭ ئاشپۇزۇلىغا بارايلى، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن.

بەي مۇئەللىم «بولىدۇ» دەپ قوشۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئىككىسى ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگەچ خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى.

ئابدۇخالىق شۇ تاپتا تىرىشىپ ئوقۇغاچقا، يۇقىرى سىنىپقا چىققاندا ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىن ساۋاتى چىقىپ كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان بولغانىدى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن بەي مۇئەللىم بېيپىڭدىن يوشۇرۇن ئالدۇرغان ئىلغار كۆز قاراشتىكى كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنى ئابدۇخالىققا ئوقۇشقا بېرىپ تۇردى. ئابدۇخالىق بۇ كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنى ئوقۇپ، كۆز ئالدىدا بىر يېڭى دۇنيا نامايان بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئابدۇخالىق بۇنىڭدىن يەتتە ـ سەككىز يىل بۇرۇن ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئالەمشۇمۇل ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ سەبىي بالىلىق قەلبىگە گويا ئۆچمەس نەقىش بولۇپ ئورناپ كەتكەن پىر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىدىن شاھ مەشرەپ، ئابدۇرېھىم نىزارى، ئەخمەت خۇجامنىياز قىسسۇرى، پارس كلاسسىك شائىرلىرىدىن فىردەۋسى، شەيخ سەئدى، ئۆمەر ھەييام قاتارلىق بۈيۈك ئىسىملار قاتارىغا شەمەيدە ئوقۇشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە مەشھۇر تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاي، ئاتاقلىق قازاق شائىرى، قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ئاباي قۇنانبايېۋ قوشۇلغانىدى. مانا ئەمدى يىگىرمە ياشتىن ئاشقان بۇ يىگىتنىڭ قەلبىدە جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى لۇشۈن ۋە تالانتلىق شائىر گومورولارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى زىلزىلە قوزغاپ، ئۇنى جۇشقۇن، يالقۇنلۇق ئىستەكلەر بىلەن تولغان ئىنتىلىش قاينىمىغا باشلاپ كىردى.

# بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدى

1919 ـ يىلى، گۈزەل باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق تۇرپان كونىشەھەر نەنمەن (جەنۇبىي دەرۋازا) دا ئولتۇرۇشلۇق ئاغىنىسى قادىرنىڭ① ئۆيىگە ئۇ ئارىيەت ئېلىپ كەتكەن ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» ناملىق كىتابىنى ئالغىلى باردى. قادىر ئەزىز دوستىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئۇبدان كۈتۈۋالدى. ئىككىي دوست تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىتابلىرى توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى. قادىر «خەمسە» نى كۆرسىتىپ سورىدى:

— ئابدۇخالىق، بۇنىڭدىكى «پەرھاد ـ شىرىن» نى ئوقۇغان بولغىيدىلا؟

ئابدۇخالىق بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب بەردى:

— ھەئە، بۇ كىتابتىكى ھەممە داستانلارنى ئوقۇپ چىققان.

— ئۆزلە ئوقۇغان چاغلاردا قانداق تەسىرات ئېلىشۇدىلاكىن، بىلمىدىم، مەن بىر ئوقۇپ چىقىپ بەش كۈنگىچە بىھوش بوپقالغان ئادەمدەك يوچۇنلا بولۇپ يۈردۈم.

ئابدۇخالىق كۈلۈپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. قادىر بولسا «پەرھاد ـ شىرىن» داستانى ھەققىدە خېلى

---

① قادىر — قادىر ئاشۇرۇف 1903 ـ يىلى تۇغۇلغان، تۇرپانلىق. 1922-يىلى تاشكەنتكە بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ شۇ مەكتەپتە قېلىپ پروفېسسور بولغان تىلشۇناس ئالىم، 1938 ـ يىلى سىياسىي زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا قىلغان، 1957 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلگەن.

ئۇزۇنغىچە زوق - شوخ بىلەن سۆزلەپ ئولتۇردى.

بۇ باھارنىڭ ئاخىرقى ئېيى بولۇپ، تۇرپاندا ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ ياز بولۇپلا قالغان چاغلار، شۇڭا ئۆي ئىچى قىزىپ كەتكەنىدى. چۈشتىن كېيىن قادىر دوستىنى ھاۋالانغاچ ئايلىنىپ كىرىش ئۈچۈن قورۇنىڭ كەينىدىكى باغقا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇخالىق باغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، نەمخۇش ئىللىق ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ ئارىلاپ يۈرۈپ باغنىڭ غەربىي چېتىگە بېرىپتۇ، باغنىڭ غەربىدىكى تام ياقىلاپ قاشا ئورنىدا قاتارىسىغا تىكىلگەن، يېڭىدىن چېچەكلىگەن جىگدىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئۇنىڭ دىمىغىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى غۇچچىدە چېچەكلىگەن بىر شاخقا ئۇزىتىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋالدى - دە، بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ ھەۋەس بىلەن پۇراشقا باشلىدى. جىگدە چېچىكىنىڭ ئۆزىگە خاس شېرىن پۇرىقى ئابدۇخالىقنىڭ ۋۇجۇدىنى غىدىقلاپ، ئۇنىڭ يىگىتلىك ھېسسىياتىنى قوزغىۋەتتى. قادىر ئابدۇخالىقنىڭ كەينىدە قالغانىدى. ئۇ دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى جىگدە چېچىكىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

— قولىلىرىدىكىنى چاپسان تاشلىسىلا، ئاداش، ئۆزلە قىز بالا بولمىغاندىكىن، جىگدە چېچىكىنى پۇراپ …

ئابدۇخالىق پەرۋاسىزلىق بىلەن «ئىھى!» قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— بەك خۇشبۇي پۇرايدىكەن ئەمەسمۇ؟ جىگدە گۈلى قىزلار ئۈچۈنلا يارىتىلمىغانغۇ؟ ئۇ دېگەن كونا گەپ، ئاغىنە، — دېدى قولىدىكى جىگدە چېچىكىنى پۇلاڭلىتىپ.

ئىككى دوست شۇ تەقلىدتە چاقچاقلىشىپ باغنىڭ كەينى ئىشىكىگە كېلىپ قېلىشتى. ئابدۇخالىق سورىدى:

— بۇ ئىشىك بىلەن نەگە چىققىلى بولىدۇ؟

— باغنىڭ كەينىدىكى ئېرىققا چىقىمىز. يۇرسىلە، ئېرىق بويىغا چىقىپ يۈز - قوللىرىمىزنى يۇيۇپ كىرەيلى، — قادىر دوستىنى باغنىڭ كەينى ئىشىكىدىن باشلاپ ئېرىق بويىغا ئېلىپ چىقتى. ئېرىقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى قادىرلارنىڭ بېغىنىڭ كەينى ئىدى. ئېرىقنىڭ غەربىي تەرىپى يەنە بىر چوڭ باغقا تۇتىشاتتى. ئىككى يىگىت تۇرغان يەردىن يۈز قەدەمچە يۇقىرىدا ئۇ باغنىڭ ئېرىققا قاراپ ئېچىلىدىغان بىر كەينى ئىشىكى بار ئىدى. ئابدۇخالىق مېۋىلىك دەل - دەرەخلىرى گۈللەپ ياشنىغان چوڭ باغقا نەزەر سېلىپ قىزىقىپ سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ بېغى؟

— بىلمەملا تېخى؟

ئابدۇخالىق «چىك» قىلىپ تامىقىنى چېكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى.

— بۇ نىدا لوپىنىڭ بېغى، — دېدى قادىر.

— ئۇنداق دېسىلە، نىدا لوپى دېگىنىمىز ئىمىننىياز بەگ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئادەم مەخسۇم ئاتام بىلەن بەك يېقىن.

— شۇنداقمۇ تېخى، — دېدى قادىر دوستىغا قاراپ، — ئۇنداقتا، ئۇزلىرى بېغىنى بىلمىگەن بىلەن ئىمىننىياز ئاكىنى تونۇيدىكەنلا - دە؟

— شۇنداق، ئىمىننىياز ئاكام بىزنىڭ ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن قۇربان ھېيتتا ئاتام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن. مەن بۇ باغقا چىقىپ باقمايتىكەنمەن.

ئىككى يىگىت ئېرىقتىكى سۇغا قاراپ شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، ئۇلار قاراپ ئولتۇرغان باغنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قاپاق كۆتۈرگەن بىر قىز چىقتى. ئۇ قىز خۇددى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى ھۆر - پەرىلەردەك گۈزەل ئىدى. سۇزۇك ئاق يۈزلۈك، تولۇق كەلگەن دوپدوملاق ئىككى مەڭزى ئالمىدەك قىزارغان، شەھلا كۆزلىرى تاڭ چولپىنىدەك

چاقناپ، ساغرىسىغا چۈشكەن قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان غۇنچە بويلۇق ئۇ قىز ئۇچىسىغا ئانارگۈلى رەڭلىك دوخاۋىدىن كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا قىزىل كەشمىر ياغلىق چىگىۋالغانىدى. يىگىتلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئون سەككىز ياشلىق ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىگە ئۇ قىز ئەمەس، بەلكى بىر پارچە يالقۇن بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ يالقۇندىن چاچرىغان بىر ئۇچقۇن ئابدۇخالىقنىڭ يۈرىكىنى «پىژ» قىلىپ كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئىختىيارسىز چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئاھ ئۇرۇپ قويدى.

گۈزەل قىز ئۆزىدىن يۈز چامدامچە تۆۋەندە ئېرىق ياقىسىدا دەرەخلەرنىڭ تۆۋىدە ئولتۇرغان بىر جۈپ يىگىتنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمەسكە سالدىمۇ، ئەيتاۋۇر، كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن قاپىقىنى سۇغا پاتۇرۇپلا قۇشتەك يەڭگىل مېڭىپ قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز كۆزدىن غايىب بولدى. ئابدۇخالىق تاقىدە قىلىپ يېپىلغان باغنىڭ ئىشىكىگە قاراپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئاھ ئۇردى. دوستىنىڭ كەيپىياتىنى نەزەرىدىن ساقىت قىلماي ئولتۇرغان قادىر سورىدى:

— قانداق، ئىمىننىياز ئاكامنىڭ قىزى چىرايلىقمىكەن؟

ئابدۇخالىق «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— مەن بۇنداق چىرايلىق قىزنى تۇرپاندا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، — دېدى كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي ۋە بىر ئازدىن كېيىن دوستىدىن سورىدى، — ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— نىيازخان.

— نىيازخان؟ ! — ئابدۇخالىق ئاستا تەكرارلاپ بىر پەس جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى، — مېھنىبانۇ شاھنىڭ سىڭلىسى مەلىكە شېرىن ھەر قانچە چىرايلىق بولسىمۇ ئاشۇ نىيازخانچىلىكلا بولغىيدى! ؟ ...

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ گېپى قادىرنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ بىر

پەستىن كېيىن كۆلكىدىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ دېدى:

— راست گەپ قىلدىلا، شاھزادە پەرھادمۇ ھەر قانچە بولسا ئۆزلىرىچىلا بولغىيدى، بۈگۈن تازا خاسىيەتلىك كۈن بولدى، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدى دېگەن شۇ ـ دە.

— نېمىلەرنى دەپ كەتتىلە، ئۇ قىز يە ماڭا قارىمىسا؟

— قىز دېگەننىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ. بىزنىڭ قىزلىرىمىز بەك نومۇسچان، يۈزى تۆۋەن. نىيازخان قارىماققا ئۆزلەنى كۆرمىگەندەك، بۇ تەرەپكە قارىمىغاندەك قىلغان بىلەن ئۇ چوقۇم ئۆزلىرىنى كۆردى. بولمىسا، ئۇ ئىشىكنى ياپقۇچە بۇرۇلۇپ كەينىگە قارامدۇ؟

نىيازخان ھەقىقەتەن كەينىگە بۇرۇلغان، ھەر قانداق ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك كېلىشكەن ئابدۇخالىققا خۇش تەبەسسۇم بىلەن بىر قارىغان بولسىمۇ، تولىمۇ ھاياجانلانغىنىدىن يۈرىكى ئويناپ كەتكەن ئابدۇخالىق بۇنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىگەنىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇخالىقنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى تۇتاشتى. قادىرنىڭ سىڭلىسى نىيازخان بىلەن دوست ئىدى. قادىر سىڭلىسىدىن نىيازخاننىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى سوراپ دوستى ئابدۇخالىققا سۆزلەپ بەردى. ئابدۇخالىقنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى، بارغانسېرى جۇدەشكە باشلىدى. نىيازخاننى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن ئابدۇخالىق كېچىچە ئۇخلىماي مۇنداق بىر شېئىر يازدى:

ئەي قەمەر، قارىشىڭدا مەن ھەيرەتتە قالدىم ئۇشبۇ تۈن،
ماھ رۇخسارىڭ سېنىڭ ئون تۆت ئىكەن تولغان بۇ كۈن.

بىر قاراشتا گۈل يۈزۈڭگە ئاشىق بولدۇم بىقارار،
قاپقارا شەھلا كۆزۈڭ، خۇددى ئېلېكتر يالتىرار.

لەۋلىرىڭنىڭ قېنى ئانار رەڭگىدىنمۇ ياخشىراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۈنچىدىن، تىللىرىڭ مەھبۇبىراق.

قاشلىرىڭدۇر يېڭى چىققان ئەينى شەۋۋالنىڭ ئېيى،
سېنىڭ ئالدىڭدا باراۋەردۇر گادا، شاھۇ بېيى.

سېھىرگەر گۆل، كۆزگە ساقچى، كىرپىكىڭ بىر نەيزىدۇر،
ھەر قاراشىڭدا كېلىپ نەيزەڭ يۈرەكنى ئېزىدۇر.

ساچلىرىڭ رەقىبلىرىڭ كۆڭلى كەبى بىر سىرقارا،
ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ سالدى كۆڭۈلگە جىق يارا.
..................
بويلىرىڭ زىلۋالىقى سەرۋىگە ئوخشار ئەي قەمەر،
كۆرمىدىم ھېچبىر چىرايلىق ساڭا ئوخشاش بىر نەپەر.

تەۋرىنىپ كەتسەڭ ئەجەب يەلپۈنەدۇر بۇ ساچلىرىڭ،
ئىلتىپاتىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ ئاقۇر قان ـ ياشلىرىم.
..................

ئابدۇخالىق بۇ شېئىرنى قەغەزگە چىرايلىق كۆچۈرۈپ قادىرنىڭ سىڭلىسى ئارقىلىق نىيازخانغا ھەدىيە قىلدى. نىيازخان بۇ شېئىرنى كۆرۈپ تېزلا ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار ئەيلەپ ئابدۇخالىققا جاۋاب خەت يازدى.

ئابدۇخالىقتىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار ئوغلىنىڭ ئاغىنىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ نىيازخانغا كۆيۈپ قالغانلىقىنى بىلىشتى.

دۇنيادا مۇنداق بەختلىك يىگىت ـ قىزلارمۇ بولىدۇ، بىراق

جاھالەتنىڭ قارا بۇلۇتى پەلەكنى قاپلىغان ئەلدە بۇنداق ئىش ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. ئابدۇخالىقنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن نىيازخاننىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى يىل بۇرۇنلا قۇدىلىشىش ئۈچۈن پۈتۈشۈپ قويۇشقانىدى.

شۇ يىلى كۈزدە ئابدۇخالىق بىلەن نىيازخاننىڭ داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى بولۇپ ئۆتتى، ئابدۇخالىقنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمىمۇ نىيازخان بولغاچقا، تويدا نىكاھ ئوقۇلغۇچە يېڭى كېلىننىڭ ئىسمى ئايىمخانغا يۆتكەپ قويۇلدى ...

# باردۇر

1921 ـ يىلى كۈزدە، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بېيپىڭدا ئېچىلىدىغان بىر قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاقلاردىن ۋەكىل سايلاشقا سان چۈشۈردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تۇرپاندىن بىر نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىل سايلاشقا سان تەقسىم قىلدى. بۇ خەۋەر تۇرپانغا تارقىلىش بىلەن ئەمەلدارلار، بەگ ـ خوجىلار، سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تالاش ـ تارتىش باشلاندى، ھەممەيلەن ۋەكىللىككە ئۆزى سايلىنىشنى تەمە قىلىشتى.

ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. گەرچە ئۇ چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدىن چىققان بولسىمۇ، بايلىق، ئەمەلنى دوست تۇتماي، بارلىقىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە، خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلاۋاتاتتى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئەرەبچە، پارسچە تىل ـ يېزىقلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، رۇسچە، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقلارنىمۇ ئىگىلەپ ئىلغار پەن ـ مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىپ، كونا تۇرپاننىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق بىر يۇلتۇزغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىقنىڭ كىچىك پېئىل، كەمتەر، مەردلىكى، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ئۇنى ئاۋام خەلقكە يېقىنلاشتۇرغان، خەلق ساداسىنىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئادالەت ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشى، كەمبەغەل،

نامراتلارنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئەل ئىچىدىكى نام - شەرىپىنى، ئابرۇيى - ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئۇنى ۋەكىللىككە سايلىدى. تۇرپان ئامبىلى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆلكىگە — ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەمەلپەرەس، ھەسەتخور ئەمەلدار، بايلار تىل بىرىكتۈرۈپ، ئابدۇخالىقنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلىنى سايلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتى؛ بىر مۇنچە ئالتۇن، كۈمۈش ھازىرلاپ «تۇرپان پۇقرالىرىنىڭ ئەرزىيىتى»، «تۇرپان خەلقىنىڭ تەلىپى» دېگەندەك ئىككى پارچە ئەرزنامە تەييارلاپ، ئابدۇخالىقنىڭ ۋەكىللىككە سايلىنىشى توغرا بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەزى ئەمەلدار، بايلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق سايلىنىۋالغانلىقىنى ئىزھارلاپ مەخسۇس ئىككى ئادەمنى ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرۇشتى. ئۇ ئىككى ئادەم دەرھال ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاۋۋال ياڭ زېڭشىنغا پارا ئۈچۈن ئېلىپ چىققان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى، ئاندىن ئىككى پارچە ئەرزنامىنى تاپشۇردى. ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن ۋەكىللىككە ئابدۇخالىقنى سايلاش ياكى ئۇنى قالدۇرۇۋېتىپ باشقا ئادەمنى سايلاش ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈش ھەممىدىن مۇھىم، قانۇن - پرىنسىپمۇ، ھەق - ئادالەتمۇ ئاشۇ ئالتۇن - كۈمۈش ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھېلىقى ئىككى ئادەمدىن تۇرپاندىكى سايلام ئەھۋالىنى سورىدى، «تۇرپان خەلقىنىڭ بۇ ئىككى ۋەكىلى» ۋەكىل سايلاش ئەھۋالىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. ھىيلىگەر ياڭ زېڭشىن تۇرپاندىكى سايلامدا ئەمەلدارلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ئۆزىگە ئۆزى «باش ئاغرىقى» تاپماسلىق ئۈچۈن تۇرپاندىن سايلانغان ۋەكىلنى قالدۇرۇۋېتىپ، توقسۇندىن بىر نەپەر ۋەكىل سايلاشنى قارار قىلدى. بۇ ئارقىلىق بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرپاندىن ۋەكىل بولۇپ

چىققانلارنىڭ شېرىن تەمەسى سىرپۈن كىرپۈكىمدەك ئۇچۇپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توقسۇندىن بىر كىشى سايلاندى.

توقسۇندىن بىر كىشى ۋەكىل قىلىپ سايلانغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ئەمەلدار، بايلار ئۈرۈمچىگە ئەرزگە چىققان ئىككى ئادەمنى «نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى شامالغا ئۇچۇرۇۋېتىشتى»، «كارغا كەلمىدى» دەپ ئەيىبلەپ چوڭ ماجىرا قوزغىدى. بىر گۇرۇھ ئەمەلدار، بايلار: «بۇ ئىشتا سىلەر ئەيىبلىك» دەپ يەنە بىر گۇرۇھ باي، ئەمەلدارلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلار: «ئالدى بىلەن سەۋەنلىك سىلەردىن ئۆتتى» دەپ قارشى تەرەپنى ئەيىبلىشەتتى. ئىچكى جەھەتتىكى بۇ قورساق سوقۇشى ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشكارا سورۇنلاردىكى قاتتىق تالاش - تارتىشقا ئايلاندى. بىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھنى ئەيىبلەپ ئارتمىغان گۇناھى، ئېيتمىغان يامان گېپى قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ياك زېكشىنىغا پارا بېرىپ ئابدۇخالىقنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكى خەلقئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ چاۋىسى چىتقا يېيىلدى.

10 - ئاينىڭ بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىككىنچى قەۋەتتىكى يېزىقچىلىق خانىسىغا كىرىپ كەتكەن ئابدۇخالىق تاكى يېرىم كېچىگىچە ئۇ يەردىن چىقمىدى.

ھۇجرىسىدا قەدىردانىنىڭ كىرىشىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ ئۇخلىمىغان ئايىمخان ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ يېنىغا كىرگەندە شائىر باش كۆتۈرمەي يېزىۋاتاتتى. ئۇ بەزى مىسرالارنى بىر قېتىمدىلا يېزىپ بولدى قىلسا، يەنە بەزى مىسرالارنى راسا ئويلىنىپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن يازاتتىيۇ، يازغىنىنى ئوقۇپ كۆرۈپلا ئۆچۈرۈۋېتەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە يازاتتى ...

ئايىمخان ئۈنچىقماي ئۇنىڭ كەينىدە ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

ئۇ گەپ قىلىشقا ئىنتىلىسىمۇ سۆيۈملۈكىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈشنى خالىمىدى. ئۇ شۇ تەقلىدتە تۇرۇۋەردى. بىر چاغدا ئاق قەغەزلەرنى تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن تولدۇرغان ئابدۇخالىق چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئالدى تەرەپتىكى تامغا چۈشكەن كۆلەڭگىنى كۆرۈپ كۆلۈمسىرىگىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ سۆيۈملۈكىدىن سورىدى:

— تېخىچە ئۇخلىمىغانمۇ؟

— ئۇيقۇم كەلمىدى. شېئىرىممۇ پۈتتى.

— ئىجازەت بەرسىلە، بىر ئوقۇپ باقسام.

— ئىختىيارىڭىز، قېنى ئولتۇرۇڭ، — ئابدۇخالىق ئورۇندۇقىنى ئايىمخان تەرەپكە سۈرۈپ قويدى.

شېئىر يېزىلغان قەغەزلەرنى قولىغا ئالغان ئايىمخان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئابدۇخالىق «بىردەم ئۆرە تۇراي» دەپ بىر قولى بىلەن ئايىمخاننىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ساغرىسىغا چۈشكەن توم قارا چېچىنى سىلىغىنىچە ئۆرە تۇردى. ئايىمخان يېقىملىق ئاۋازى بىلەن شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۆن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ بۇگۇنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.

زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاكىيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

ئىلىمنىڭ ئىجتىھاتىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز - ئوقۇتۇرمىز سېغىز چايناشىمىز باردۇر.

تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،

يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئورۇپ يىققانىمىز باردۇر.

ئايىمخان غەزەلىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر تىنىۋېلىپ شائىرغا قارىدى. شائىر «ئوقۇڭ» دېگەندەك بېشىنى يېنىك ئېغىتىپ قويدى. ئايىمخان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.
. . . . . . . . . . . . . .
ئويۇن ـ چاقچاق تۇپەيلىدىن ئۆز ئارا بىئەت بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.

ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە ـ ئۈزۈر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۇركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي ھاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.

ھۇنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق» ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.

مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،

ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز - سۇلتانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك - تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.
. . . . . . . .

غەزەلنى ئوقۇپ بولغان ئايىمخان چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، قولىدىكى شېئىر يېزىلغان ۋاراقلارنى قاتلاپ ئۈستەلگە ئاۋايلاپ قويدى. ئۇ ئۆزىگە قىزغىن مۇھەببەتلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇغان ھالدا تىكىلىپ تۇرغان شائىرغا نازغىن تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

— بۇ غەزەلدە يازغانلىرى يۇرت ئىچىدە بار ئىشلارغۇ ھەممىسى، يۇرسىلە ئەمدى ئارام ئالسىلا، — دېدى.

ئۇلار شۇ تەقلىدتە شېئىر توغرىسىدا سۆزلىشىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئابدۇخالىق «باردۇر» ناملىق شېئىرىنى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا دوست - يارەنلىرىگە ئوقۇپ بەردى. بۇ شېئىر دوستلارنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بەزىلەر شۇ يەردىلا شېئىرنى كۆچۈرۈۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «باردۇر» شېئىرى تۇرپانغا كەڭ تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئەمەلدار، بايلار «ئابدۇخالىق نەزمە پۈتۈپ بىزنى ھاقارەتلەپتۇ، بىز ئۇنىڭ بىلەن زاكونلىشىمىز» دەپ تۇرپان ئامبىلىغا ئەرز قىلىشتى. بەزى كۆكەمىلەر ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ جېدەللەشتى. بۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ بۇ شېئىرىغا قىزىقىدىغانلار تېخىمۇ كۆپەيدى، ئاڭلىمىغانلار باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى،

يادلاپمۇ ئېلىشتى. ئەمەلدار، بايلار ئابدۇخالىققا قارا چاپلاپ ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ شەرمەندە قىلىمىز، دەپ قانچە ھەرىكەت قىلغانسېرى ياش شائىرنىڭ بۇ شېئىرى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرى شەرمەندە بولۇشتى، ئەكسىچە ئابدۇخالىقنىڭ ئەل ئىچىدىكى شان - شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ تۇرپاندا چوڭ غوۋغا، جېدەل - ماجىراغا سەۋەبچى بولغان «باردۇر» شېئىرى تېزلا سىڭگىم، مۇرتۇققا يېتىپ باردى. شائىر نەمەت خەلپەت بۇ شېئىرنى يادلىۋالغان بىراۋدىن ئاڭلاپ، سۆيۈنۈپ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۆتكەندە ئۇرۇمچىگە چىقىپ بىر سورۇندا بىر قانچە بۇرادەرلەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلىلا كاتتا بىر ئادەم ماڭا چىرماق سېلىپ: «ئاداش، سىلەرنىڭ تۇرپاندىن شائىر چىقمايدۇ» دېۋىدى، مانا ئەمدى تۇرپاندىن شائىر چىقتى، چىقاندىمۇ ئەل - يۇرتنى تەۋرىتىپ، ھۆكۈمدارلارنى تىترىتىدىغان، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدىغان شائىر چىقتى. «ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەن مانا شۇ.

# بىر توپ قىزىل تاۋار

1922 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىگەنلىك تامىقىنى تېزلا يەپ بولدى. ئۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئوقۇغۇچىلار فورمىسىنى كىيىپ ئالدىراش مەكتەپكە ماڭدى. بۇگۈن مەكتەپ زالىدا يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى.

مەكتەپ بىناسىنىڭ لى تاڭ دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ زالى بۇگۈن پاكىز تازىلانغانىدى. سەھنىنىڭ تۆرىگە سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە چەپراس قىلىپ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغانىدى. سەھنىنىڭ زال تەرەپ ئالدىغا ئاددىيغىنا ئېگىز جوزا قويۇلۇپ ئۈستىگە قىزىل شەلپەر يېپىلغان، جوزا ئارقىسىغا ئورۇندۇق قويۇلۇپ كىچىك قىزىل كۆرپە سېلىنغان، سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇندۇقلار قاتار قويۇلغانىدى. زالنىڭ ئىچىگە بولسا ئۇزۇن ئورۇندۇقلار رەتلىك تىزىلغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەن چاغدا، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوتتۇز ئوقۇغۇچى ئىككى رەت بولۇپ تىزىلىۋاتاتتى. سىنىپ باشلىقى ماجۇڭشەن ئۇنى چاقىردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىتتىك كېلىپ رەتكە تىزىلدى. بالىلار رەتلىك هالدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن زالغا كىردى. ئۇلار زالنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۈتتىن قاتار بولۇپ ئولتۇردى. ئوقۇغۇچىلار شۇ زاماننىڭ ئالىي رەختى هېسابلىنىدىغان قارا شەيتان تېرىسى (هازىرقى قارا كاجىغا ئوخشاش) دىن تىكىلگەن مەكتەپ فورمىسى — تۈت

يانچۇقلۇق كالتە چاپان ۋە شىم كىيگەندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ باللىرى بېشىغا چوققىسىدا قۇبىسى (گادازىسى) بار خەنزۇ تەقىيىسى (پوسما)، ئۇيغۇر باللىرى بولسا گۇللۇك دوپپا كىيىشكەندى. بىر قاراشتىنلا ئۇلار ئېنىق پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئاتىلار، تۇڭچىلار (تەرجىمانلار) ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ھەتتا تۇرپاننىڭ ئامبىلىمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. مېھمانلار بىر - ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىدى. كۆتكۈچىلەر ئۇلارنى باشلاپ مۇۋاپىق ئورۇنلارغا ئولتۇرغۇزاتتى. زال ئىچى ئىسسىق بولغاچقا، مېھمانلار ئولتۇرۇپلا يەلپۈگۈچلىرىنى چىقىرىپ ئۈزلىرىنى يەلپۈشكە باشلايتتى. ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش شاھادەتنامىسى تارقاتقاندا، تەنتەنە نەغمىسى قىلىدىغان بىر گۇرۇپپا دۇمباقچى، جاڭ - جاڭچىلار ئۈزلىرىنىڭ داقا - دۇمباقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ زالنىڭ سەھنىسىگە يېقىن سول تەرىپىگە جايلاشتى. ئانچە ھايال بولماي‌لا مۇدىر سەھنىنىڭ ئارقا يان ئىشىكىدىن چىقىپ كەلدى. شۇئان سىنىپ باشلىقى ماجۇڭشەن:

— لى جىڭ! (دىققەت) — دەپ توۋلىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئەدەپ بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

سىنىپ باشلىقى:

— تەزىم! — دەپ يەنە كوماندا بەردى.

ئوقۇغۇچىلار ئۇستازىغا بىر قېتىم تەزىم قىلىپ ھۆرمىتىنى بىلدۇردى. مۇدىر بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن قول ئىشارىسى قىلىپ:

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار! — دېدى سىپايىلىق بىلەن. ئوقۇغۇچىلار سىنىپ باشلىقىنىڭ كوماندىسى بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى.

مۇدىر ئۆز نەزىرىنى مېھمانلارغا بۇراپ ئۇلارغا قولىنى جۈپلەپ سالام بەردى. مېھمانلارمۇ مۇدىرغا ھۆرمەت بىلدۈردى. مۇدىر ئاتىلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشتى. ئۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ سەھنىگە چىقىپ ياندىكى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ئامبال تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. شۇ ئارىلىقتىكى بوش ۋاقىتنى زايە كەتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن مۇدىر ئوقۇغۇچىلارغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇلار سىنىپ باشلىقى ماجۇگشەننىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن ئىككى جىڭ گىر[1] ئوقۇدى. ئوتتۇز ئوقۇغۇچىنىڭ بىردەك تەكشى چىققان ئاۋازى زالنى زىلزىلىگە كەلتۇرۇۋەتتى. ئوقۇغۇچىلار ياڭراق ئاۋازلىرى بىلەن زالنى راسا جانلاندۇرۇۋاتـ ناندا، كىمدۇر بىرى «ئامبال دارىن كەلدى» دېدى. شۇ زامان جىڭ گىر ئوقۇش توختىدى. زال ئىچىدىن مۇدىر، ئوقۇتقۇچى ۋە مېھمانلار زالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ ئامبالنى قارشى ئالدى. ئامبال قولىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ زالغا كىردى.

ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ ئامبالغا ھۆرمەت بىلدۈردى. داقا - دۇمباقچىلارمۇ دۇمباق، جاڭ - جۈگلىرىنى چېلىپ قارشى ئالدى. ئامبال ئۇلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆتۈپ سەھنىگە چىقىپ قىزىل كۆرپە سېلىنغان ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئامبال بىلەن بىللە كەلگەن پوچتىخانا باشلىقى، باج ئىدارىسى باشلىقى ۋە ياملۇل ئەمەلدارلىرى ئىككى چەتتىكى ئورۇندۇقلاردىن جاي ئالدى. كۈتكۈچى ئامبال ۋە باشقا مېھمانلارغا سوغۇق چاي تۇتتى. مۇدىر شاھادەتنامىلەرنى، بىر ۋاراق قىزىل قەغەزگە يېزىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئەكېلىپ

[1] جىڭ گىر — خەنزۇچە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش.

ئامبالنىڭ ئالدىغا ئىككى قوللاپ قويدى. ئامبال قىيسىق كۆزلىرىنى يۇگۇرتۇپ ئىسمىلىكنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ، نېمىشقىدۇر يەنە باشتىن قاراشقا باشلىدى. ئامبالنىڭ كۆزى ئىسمىلىك يېزىلغان بۇ قەغەزنىڭ باش قىسمىدا توختاپ قالغانىدى.

مۇدىر ئامبالنىڭ ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئامبال بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىدى. مۇدىر شۇئان ئامبال دارىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ قەددىنى ئېگىپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

— خاۋېنسەي؟ — دېدى ئامبال سوئال ئاھاڭىدا قەغەزدىكى ئىسمىلىكنىڭ باش تەرىپىگە بىرىنچى قىلىپ يېزىلغان ئوقۇغۇچىنى كۆرسىتىپ، — بىزنىڭ تۇرپاندا «خا» فامىلىلىك دەپمۇ ئادەم بارمۇ؟

— يوقسۇ دارىن، خاۋېنسەي دېگەن چەنتۇ (ئۇيغۇر) بالىسى، ئۇ ئۆزىنى «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدۇ، — دېدى مۇدىر.

ئامبال قايتۇرۇپ سورىدى:

— چەنتۇ بالىسى؟

— خوش شۇنداق، دارىن، ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ھەممە ئوقۇغۇچىدىن يۇقىرى.

— ئەجەبلەنگۇدەك ئىش ـ ھە، — دېدى ئامبال قاپىقىنى ئۇچۇرۇپ غودۇڭشىپ، — ئۇلاردىنمۇ مۇشۇنداق رېنسەي چىقىپتىما؟

بۇنىڭدىن ئۈركۈپ كەتكەن مۇدىرنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئامبالغا چۈشەندۈردى:

— شۇنداق دارىن، ئوقۇش نەتىجىسى ئادەم ئەجەبلەنگۇدەك يۇقىرى، ھەر قانچە قىلساممۇ ئامال بولمىدى. ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئىسمىنى بىرىنچى ئورۇنغا تىزىشقا توغرا كەلدى.

— بۇ «ئۇيغۇر» قەدىمي تارىخنامىلەردە ئۇچرايدىغان سۆزغۇ؟ ھازىر ئۇلار ئۇ سۆزنى ئىشلەتمەيدىغان تۇرسا، بۇنى ئۇ قانداق بىلىدۇ؟ — دېدى ئامبال تەئەججۈپلىنىپ.

— بۇنىڭغا مەنمۇ ھەيران، — دېدى مۇدىر ئىزاھلاپ، — بۇ ئوقۇغۇچى دۆلەت تىل - يېزىقىنى ئىككى يىلغا يەتمەيلا خېلى ياخشى بىلىۋالدى. ئۇ بىز ئوقۇتقان دەرسلىكلەرگە قانائەت قىلمىدى. ئۇ قەدىمىي كىتابلاردىن «ئۈچ دۆلەت قىسسىسى»، «غەربكە ساياھەت»، «سۇ بويىدا» نى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بەك تىرىشچان، بىلمىگەن خام خەتلەرنى بىزدىن سوراپ ئۆگىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كېيىن قارىسام تارىخنامىلەرنى كۆرۈپ يۈرىدۇ. ئۇ «يىگىرمە تۆت تارىخ» تىن غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرىنى، ئىدىقۇت، يارغول، كۈچار، پەرغانە تەزكىرىلىرىنى، ھونلار تەزكىرىلىرىنى ئوقۇپ بولدى. ئۇ بەلكىم تارىخنامىلەردىن تۇرپانلىقلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان ئوخشايدۇ. مەنمۇ بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ناھايىتى زېرەك، ئۆتكۈرلۈكىگە كۆپ ھەيران. مەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان مۇنداق قابىلىيەت ئىگىسىنى زادى ئۇچرىتىپ باقمىغان.

— ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، — دېدى ئامبال بېشىنى لىڭشىتىپ.

— شۇنداق دارىن، بۇ توغرىدا جىق باش قاتۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تولا بەك يۇقىرىلىقىدىن ئۇنىڭغا بىرىنچى ئورۇننى بەرمەي بولمىدى، — دېدى مۇدىر يانچۇقىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى چىقىرىپ ئامبالغا سۇنۇۋېتىپ.

ئامبال ئابدۇخالىقنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرۈپ ئۈستىخانلىق، چىرايلىق يېزىلغان خەتلەرگە، چوڭقۇر مەنىلىك جاۋابلارغا قارىغىنىچە ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئامبال بىلەن مۇدىر ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان بۇ سۆھبەتتىن باشقىلار بىخەۋەر قالدى. چۈنكى بۇلارنىڭ سۆزىنى داقا - دۇمباق ساداسى ئاڭلاتمايتتى. مۇدىر سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ شەرەت بىلەن

دۇمباقچىلارنى توختاتتى. ئۇ بۇگۈنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

مۇدىر ھەممەيلەننىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىغا كوماندا بەردى. زالدىكى ھەممە ئادەم ئورنىدىن تۇردى. ھەممەيلەن دۆلەت بايرىقى بىلەن سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ رەسىمىگە قارىدى. مۇدىر ئۈچ قېتىم كوماندا بەردى. ھەممەيلەن ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆز جايىغا ئولتۇردى.

ئامبال ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— خاۋېنسەي!

— بار!

ئابدۇخالىق ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىپ ئامبال بىلەن مۇدىرغا قائىدە بويىچە تەزىم قىلدى. ئامبال كۆز ئالدىدا تۇرغان يىگىرمە بىر ـ يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن، قاۋۇل، بەستلىك، قويۇق قارا قاشلىق ئۇيغۇر بالىسىغا باشتىن ـ ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن شاھادەتنامىنى ئۇزاتتى. زالدا داقا ـ دۇمباق ساداسى ياڭرىدى. ئابدۇخالىق شاھادەتنامىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئورنىغا قايتتى.

ئامبال يان تەرەپكە قاراپ يامۇل ئەمەلدارلىرىدىن بىرىنى ئۆز يېنىغا چاقىردى. ئەمەلدار كېلىۋىدى، ئۇ پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئەمەلدار شۇئان «خوپ، خوپ!» دېگىنىچە سەھنىدىن چۈشۈپ زالدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ئامبال رەت تەرتىپى بويىچە ئىسىملىكلەرنى ئوقۇپ شاھادەتنامە تارقاتتى. ئىسىملىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا مەمتېلى، نۇرمۇللا، ئەسرا قاتارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا شاھادەتنامە تارقىتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا «روزى موللا» دەپ چاقىرغاندا، چىرايى سارغايغان بىر ئوقۇغۇچى چىقىپ ئامبالغا

قاراپ ھىجايغىنىچە خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن كەينى - كەينىدىن ئېگىلىپ تەزىم قىلغان پېتى شاھادەتنامىنى ئېلىپ ئۆز ئورنىغا قايتتى.

شۇ ئەسنادا يامۇل ئەمەلدارى بىر چېرىككە بىر توپ قىزىل تاۋار رەختنى كۆتۈرگۈزۈپ زالغا كىردى. زالدا پىچىرلاشلار باشلاندى. ئەمەلدار چېرىكنىڭ قولىدىن ئۇ بىر توپ تاۋارنى ئېلىپ ئامبالنىڭ ئالدىغا قويدى.

ئامبال زال ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سۆز باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ ئاخىر مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىنى ماختىدى. ئاخىردا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خاۋىنسەي ھەقىقىي رىنسەي بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. تۇرپاندىن مۇشۇنداق بىر رىنسەينىڭ چىققانلىقىدىن بىز تۇرپانلىقلار ئالاھىدە پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. مەن تۇرپان يامۇل مەھكىمىسى ۋە ئۆز نامىمدىن خاۋىنسەينىڭ ئەلىيۇل ئەلا دەرىجە بىلەن شۇ تاڭنى پۈتتۈرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. مەن ھازىر ئۇنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايمەن! — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. يامۇل ئەمەلدارى دەرھال كېلىپ جوزىنىڭ ئۈستىدىكى بىر توپ رەختنى ئامبالنىڭ قولىغا بەردى. زالدا قىزغىن چاۋاك ساداسى ياڭرىدى. دۇمباقچىلار داقا - دۇمباقلىرىنى چالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەھنىگە چىقىپ مۇكاپاتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئابدۇراخمان مەخسۇم مەكتەپ ۋە مۇدىرغا، ئامبالنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتتى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپكە ئىككى يۈز سەر پۇل ئىئانە قىلدى. زالدا يەنە بىر قېتىم ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

مۇدىر بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا شاھادەتنامە تارقىتىش مۇراسىمى ئاخىرلاشتى.

# ئەڭ چوڭ ئەمەل

ئابدۇخالىقنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ئەلاچى بولۇپ بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ ئاتىسىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولغانلىقى خەۋىرى ھەش - پەش دېگۈچە تۇرپانغا يېيىلىپ كەتتى. چۈنكى، تۇرپاندا مەكتەپ (شۆتاڭ) ئېچىلىپ بىرەر ئوقۇغۇچى بۇنداق مۇكاپاتقا ئېرىشىپ باقمىغانىدى. بىر نەچچە كۈنلەرگىچە چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا، ھەممە يەردە مۇشۇ گەپ ئېقىپ يۈردى.

ئۇ زاماندا شۆتاڭنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قويۇلاتتى. شۇڭا كىشىلەر: «ئابدۇخالىق ئەمدى چوڭ ئەمەل تۇتىدىغان بولدى» دېيىشتى.

بىر كۈنى ئاتىسى ئابدۇخالىقنى يامۇل مەھكىمىسىگە چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەلگە تەيىنلىنىش توغرىسىدا ئۇرۇمچىگە نامە يوللايدىغانلىقىنى، ياڭ جاڭجۈندىن تەستىقنامە كەلگۈچە يامۇلنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىپ تۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمدىلا يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن بۇ ئىران يىگىتنىڭ پاك قەلبىدە قانداق ئۇلۇغۋار غايە، بۈيۈك ئىستەكلەرنىڭ يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى تۇرپان ئاتىسى نەدىنمۇ بىلسۇن؟! ئۆز ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارىغۇچى ئابدۇخالىق ئاتىسىنىڭ ئىلتىپاتىنى رەت قىلدى. ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئاتىسى قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ: «دۇنيادا ئەمەلگە، پۇلغا، چىرايلىق ئايالغا ئىنتىلمەيدىغان ئادەم يوق» دەپ ئويلايتتى. ئۆزىمۇ بىر ناھىيىنىڭ ئاتىسى بولۇشتەك بۇ ئەمەلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچە يىل تىرىشىپ - تىرمىشىپ نىمە ئىشلارنى قىلمىدى؟ يۇقىرىغا قاتراپ قانچىلىك ئالتۇن،

كۆمۈش سۆڭگۈتمىدى؟ شۇڭلاشقا ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئۆز ئىلتىپاتىنى رەت قىلغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇخالىق بىلەن بىللە شۇ تاڭدا ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، ھەتتا بىر مۇنچىسى خېلى يۇقىرى نام - ئەمەلگە مۇشەررەپ بولدى. پەقەت ئابدۇخالىق ئابدۇراخمانلا ئەمەل تۇتۇشنى خالىماي ئاددىي پۇقرا پېتىچە قالدى. لېكىن، ئابدۇخالىق ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزمەيتتى، دائىم ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى، چارچاپ قالسا بازار ئارىلايتتى، يېزا - سەھرالارغا بېرىپ ھەر خىل قاتلام، تۈرلۈك تەبىقىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشاتتى، جەمئىيەتنى كۆزىتىپ باراتتى، شۇ ئاساستا جۇش ئۇرغان يالقۇنلۇق ئىلھامى بىلەن تىنىمسىز ھالدا ئىجاد قىلىپ شېئىر يازاتتى. ئۇ شېئىر يېزىپ، ئىلىم - مەرىپەتنى تەرغىب قىلىپ، جاھالەت بۆشۈكىدە يېتىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان خەلقنى ئويغىتىپ كۆرەشكە قوزغاشنى، ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا جان پىدا قىلىشنى ئەڭ ئالىيجاناب، بۈيۈك ئىنسانىي بۇرچ ھېسابلايتتى.

بىر كۈنى، جامائەت يىغىلىشقان چوڭ مەرىكىدە موللىلاردىن بىرى ئابدۇخالىقنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش غەرىزىدە سۆز ئېچىپ قالدى:

— ئى ئابدۇخالىق! سىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوقۇيمەن دەپ قىزىل، يېشىل كىتابلارنى كۆتۈرۈپ يۈردىڭىز، ئۆزىڭىز ياش بولسىڭىزمۇ ئەرەبى، پارسقا كامىلسىز، ئورۇسنىڭ زۇۋانىنىمۇ ياخشى ئۇقىسىز، بەزىلەر سىزنى: خىتايچىنى سۇدەك بىلىدۇ، دەيدۇ، تېخى ئامبالنىڭ تۆگچىلىرىمۇ ئۆزلىرى بىلەلمىگەن خەتلىرىنى سىزدىن سورايدىكەن. ۋەھالەنكى سىز بىلەن بىللە ئوقۇغانلار چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتتى. سىز بولسىڭىز تىرناقچىلىكمۇ ئەمەلگە ئىگە بولالمىدىڭىز، بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟

سىزگە بەك ئۇگال[1] بولدىغۇ؟

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇررىدە ئابدۇخالىققا قاراشتى.

ئابدۇخالىق موللىنى مەنسىتمىگەن ھالدا مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يوقسۇ، مۆھتىرەم داموللام، يۈزدە يۈز خاتالاشتىلا، مەن زامان، خەلقىم يۈكلىگەن پەخرىي ئەمەلدىمەن، يەنى خەلقىمنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش ئۈچۈن شېئىر ـ نەزمە يېزىۋاتىمەن. قېنى ئېيتىپ باقسىلا، ياخشى ئادەمگە خەلق خىزمىتىدىنمۇ چوڭ ئەمەل بولامدۇ؟ مېنىڭچە دۇنيادا ئۆز خەلقىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشتىن چوڭ ئەمەل يوق!...

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ھەققانىي جاۋابىنى ئاڭلىغان جامائەت بىردەك ھالدا:

— بەرھەق، ئابدۇخالىق شويى[2] توغرا دەيدۇ، — دېيىشتى ئۇنى قوللاپ.

ھېلىقى موللام بولسا قوللاشتىن مەھرۇم قالغاچقا، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ تاتىرىپ ئېغىز ئاچالماي قالدى.

---

① ئۇگال — ئۇۋال.

② شويى — بەگزادە مەنىسىدە. ئابدۇخالىق نىدا لويىنىڭ (ئىمىننىياز بەگ) قىزى ئايىمخانغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن بەزىلەر ئۇنى «شويى» دەيتتى.

# تەخەللۇس

ئابدۇخالىقنىڭ ئايىمخانغا بېغىشلاپ شېئىر يازغانلىقىنى، بۇ شېئىرنىڭ ئايىمخاندا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئايىمخاننىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ تويىدىن كېيىن ئاڭلاشتى. ئۇلار ئايىمخاننىڭ «مېنى تولا خىجالەت قىلماڭلار» دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغىنىــــغا قويماي، ئۇنىڭدىن شېئىرنى ئېلىپ ئوتتۇرىدا ئاۋازلىق ئوقۇشتــى. ھەتتا ئايىمخاننىڭ شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغان بەزى دوستلىرى ئۇنـى كۆچۈرۈۋېلىشتى. كۆچۈرۈۋالغانلاردىن ئۇلارنىڭ دوستلىرى كۆچۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالــىقنىــڭ ۋاپادار يارى ئايىمخانغا بېغىشلاپ يازغان «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق شېئىرى ئەل ئىچىگە تارقىلىپ كەتتى.

ئۆتكەن زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىــۋاتقان شەرق شائىرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىــچە ئابدۇخالــىق ئۇسمۇر چېغىدىن باشلاپلا يازغان مەشىق شېئىرلىرىنىڭ ئاخىــرىغا ئۆز ئىسمىنى قوشۇپ قوياتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆزىچە «ياخشى يازدىم» دەپ ھېسابلىغان شېئىرلىرىنىمۇ ئۇستازلىرىدىن باشقا ئادەملەرگە كۆرسەتمەيتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى، بىلىمىنىڭ كۆپىيىشــى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىــدە جۇشقۇن ئىنتىلىشلەر پەيدا بولدى. بولۇپمۇ بالاغەتكە يېتىشكە ئەگىشىپ ئۇنىڭدا ئىشق ـ مۇھەببەت ئويغاندى. گۈزەل، ۋاپادار ئايىمخانغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۇنىڭدىكى ئوتلۇق ھاياجان ۋە جۇشقۇن ھېسسىياتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. نەتىجىدە ئۇ «ئۇيغۇر قىزى» نى يــازغــانــدىــن كــېــيــىــن «بەخــتــىــگــۈل»، «ئۈمىد تەبەسسۇمــى»،

«سېغىنىش» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ دوست - بۇرادەر، ساۋاقداشلىرىنىڭلا قىزىقىشىنى قوزغاپ قالماي، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئابدۇخالىقنىڭ هەر بىر شېئىرى بىر چوڭقۇر مەزمۇننى جانلىق، ئىخچام، گۈزەل قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەتتى. شېئىردىكى بۇنداق پىكىر كۆپىنچە خەلق كۆڭلىدە ئويلىغان، ئەمما دېيەلمەيۋاتقان نەرسىلەر بولاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى كلاسسىك شېئىرلاردەك چاغاتاي تىلىدا يېزىلىپ، ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن بېزەلگەن بولماستىن، ئۇيغۇر خەلقىگە چۈشىنىشلىك گۈزەل، جانلىق تىل ئىدى.

ئابدۇخالىق بىر كۈنى شائىر نەمەت خەلپەت بىلەن شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆزلەشكەندە پېشقەدەم شائىر نەمەت خەلپەت ئۇنىڭغا «بىرىنچىسى، شېئىردا يېڭى پىكىر بولۇشى، باشقىلار دېگەن كونا مۇقامنى توۋلىماسلىق كېرەك. ئىككىنچىسى، شائىر شېئىرنى خەلقكە ئاتاپ يېزىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى خەلق چۈشىنىدىغان گۈزەل تىلدا يېزىشى كېرەك» دېگەنىدى. ئابدۇخالىق پېشقەدەم شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ئىجادىيەتتە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدى.

1922 - يىلى كۈزنىڭ بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۆيىدە شېئىر يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۆيىگە سالام بېرىپ يېقىن قوشنا هەم تەڭتۇش ئاغىنىسى هېسامىدىن زوپەر كىرىپ كەلدى. ئۇ پاتىهە قىلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، ئەكبەرخان ۋە ساۋاقداش دوستلىرىدىن ئابدۇراخمان قارى، هەبىبۇللا، يۇنۇس بەگلەرمۇ كىرىپ كېلىشتى.

— پاھ، پاھ! شائىر يېڭى شېئىر يېزىپتۇ - دە، — دېدى ئەكبەرخان ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا، ئۇستەلدىكى قاندەك قىزىل سىياھتا يېزىلغان شېئىرنى كۆرۈپ.

— ئوقۇپ كۆرسەك بولارمۇ؟ — دېدى هەبىبۇللا ئۇستەلدىكى قەغەزگە قولىنى سۇنۇپ.

— بولىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئەكبەرخان ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— قېنى، ئۆزەملا ئوقۇۋېتەي، ماڭا بەرسىلە، — دەپ شېئىر يېزىلغان قەغەزگە قول ئۇزاتتى.

ھېسامىدىن زۇپەر ھەبىبۇللاغا قاراپ:

— بەرسىلىرا بوۋادەر، ئەكبەرخان تۈرەم ئوقىسۇن، ئۇ شېئىر ئوقۇشقا كامىل، — دېۋىدى، ھەبىبۇللا قولىدىكى شېئىرنى ئەكبەرخانغا بەردى.

ئەكبەرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى رۇسلاپ «ئويغان» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىرغا باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن شېئىرنى ھاياجانلىق ھېسسىيات بىلەن ناھايىتى تەسىرلىك ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ شېئىرنى ئىككى كۇپلېت ئوقۇپ سەل تىنىۋېلىپ دوست ـ يارەنلىرىگە قارىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ ئۈن ـ تىنسىز قېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ شېئىرنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەكبەرخان شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان ياشنى قولى بىلەن ئېرتىۋېتىپ كېيىنكى مىسرالارنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپلا ئىتتىك تالاغا چىقىپ كەتتى. بىر چەتتە ئولتۇرغان يۇنۇس بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇراخمان قارى بىلەن ھەبىبۇللا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئېغىر تىناتتى. قاپىقى تۈرۈلۈپ چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالغان ھېسامىدىن زۇپەر ئۆينىڭ شىمالىي تەرەپ تۆرىدىكى دېرىزە ئالدىدا يىراقتىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئاقۋاش چوققىلىرىغا نەزەر تاشلاپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، نېمىنىدۇر ئويلاپ تۇرغان ئابدۇخالىققا قاراپ دېدى:

— ۋاي ـ ۋۇي ئابدۇخالىق ! قەلەملىرى باتۇر ئەزىمەتنىڭ ياۋغا سانجىيدىغان نەيزىسىدەك ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپ بارىدىغۇ ئەمەسمۇ؟! بۇ شېئىرلىرى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى جىغىلدىتىۋەتتى

جۇمۇ.

ئابدۇخالىق كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇستەلگە يېقىنلىشىپ كېلىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا:

— ئەل غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۆلۈكسىمان ئۇخلاپ ياتماقتا. ھالىمىز ئىنتايىن ئېغىر ۋە خەتەرلىك، دوستلار، — دېدى ئۈلۈغ ـ كىچىك تىنىپ.

— دۇرۇس، — دېيىشتى ھەممەيلەن تەڭلا.

بىر پەستىن كېيىن ئۆي ئىچى سۈكۈتكە چۈمدى. جىمجىتلىقنى تالادىن كىرگەن ئەكبەرخان بۇزدى:

— ئابدۇخالىق، بۇ شېئىرلىرى ئىنسان قەلبىگە نەقلا ۋاقىدە تېگىدىكەن جۇمۇ، ئۇنى ئوقۇپ ۋۇجۇدۇمغا ئوت تۇتاشقاندەك، ئۇ ئوت گويا ئىچىمدە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقاندەك بىر يەردە تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

ئولتۇرغانلار شېئىرنى بىر پەس ماختاشتى. خىجالەت بولۇپ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ئابدۇخالىق:

— دوستلار، بىر ئىلتىماسىم بار، مەن بەك خىجالەتتە قالدىم. مېنى ئارتۇقچە ماختاپ قىينىمىساڭلار، — دېدى ئۆتۈنۈپ.

— بۇ ھېچقانداق ئارتۇقچە ماختاش ئەمەس، ئادىل باھا، — دېدى ئەكبەرخان.

— ئەكبەرخان تۆرەمنىڭ دېگىنى دۇرۇس، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن ھەبىبۇللا:

— ئاداش، ئۆزلىرىدىن بىر گەپنى سورىماقچىمەن، ئۆتكەندە يازغان نەزمىلىرىنىڭ ئاخىرىغا «ئابدۇخالىق» دەپ ئىسىملىرىنى قوشۇپ يازاتتىلا، ئەمدى ئەجەب بۇ شېئىردا ئۆز ئىسىملىرىنى تاشلاپ قويۇپتىلاغۇ؟

ئابدۇخالىق ئېغىز ئاچقۇچە ئەكبەرخان جاۋاب بەردى:

— بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېت تۆتىنچى مىسرادىكى «شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرسەن» دېگەندىكى «ئۇيغۇر» نى كۆرمىدىلەمۇ؟

ھەبىبۇللا قىزىشىپ دېدى:

— «ئۇيغۇر» قانداق ئابدۇخالىقنىڭ ئىسمى بولسۇن؟

— سىز شائىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى يازغان شېئىرلىرىغا دىققەت قىلماپسىز ـ دە، — دېدى ئەكبەرخان ھەبىبۇللاغا، — ئابدۇخالىق «ئۇيغۇر» دېگەن تەخەللۇسنى ئىلگىرى يازغان بەزى شېئىرلىرىدىمۇ ئىشلەتكەن. مەسىلەن:

بىر كۈنلەر بولۇر،
گۈللەر ئاچىلۇر.
ئۇيغۇرنىڭ ئەيىبى،
شۇندا ياپىلۇر.

— ئابدۇخالىق دەپلا يېزىپ قويماي نېمىشقا ئەمدى نەزمىلىرىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇيغۇر» دەپ يازدىلا، بۇ يېڭى گەپقۇ؟ — دېدى ئابدۇراخمان قارى.

دوستلىرىغا قارىغىنىچە ئۆرە تۇرغان ئابدۇخالىق ئورۇندۇقنى ئۇستەلگە يېقىن سۈرۈپ ئولتۇردى.

خىزمەتكار كىرىپ جوزا ئۈستىدىكى قەغەز، دۇۋەت ـ قەلەم، كىتابلارنى يىغىشتۇردى ۋە داستىخان سېلىپ مېھمانلارغا چاي تۇتتى. دوستلار چاي ئىچكەچ شائىرنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشتى.

— ھەبىبۇللا سوراپ قالدى، بۇنى ئىزاھلاپ بېرەي، — دېدى ئابدۇخالىق ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەر سېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇنىڭدىن ئۈچ يىل مۇقەددەم تاھىربەگ ئاكام بىلەن مەخسۇت ئاكام بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن. ئۇلار دادام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا تاھىربەگ ئاكام مۇنداق

بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى: «تۈرك قوۋملىرىنىڭ قاغانى ئوغۇزخان يېگانە تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، تاغىلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنى قوبۇل قىلماپتۇ. نەتىجىدە ئوغۇزخان بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپتۇ. ئاخىرىدا دۈشمەنلەر قەبىلىلىرى بىلەن ئوغۇزخانغا تەسلىم بوپتۇ. غەلىبىدىن كېيىن ئوغۇزخان داغدۇغىلىق مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىگە ياردەم قىلغان ۋە قوشۇلغان قېرىنداشلىرىنى، سەركەردە، لەشكەرلىرىنى كۆتۈۋاپتۇ، ئۆزى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيۇشقانلارغا «ئۇيغۇر» نامىنى بېرىپتۇ». تۈركىي تىلىدا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشقاق»، «ياردەملەشمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىپ جاھانغا داڭقى كەتكەنىكەن. ئۆتكەن يىلى ئۇستازىم ئەلى ئەپەندى تۈركىيىدىن ئالدۇرغان «تەۋارىخى شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق كىتابىنى بەرگەنىدى. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ كۆرسەم، تاھىربەگ ئاكام ئېيتىپ بەرگەن رىۋايەتكە ئوخشاش رىۋايەتلەر بار ئىكەن. تارىختا بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ جاھانغا تونۇلغان شۆھرەتلىك خەلقلەردىن ئىكەنمىز. ئېلىمىزنىڭ «يىگىرمە تۆت تارىخ» ىدىمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار يېزىلغان. بىراق، يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يۈز يىلدىن بۇيان بىزنىڭ بۇ زېمىنىمىزدا بالايىئاپەتلىك جەڭگى - جېدەل، يېغىلىقلار تۈگىمىدى. ياتلار رودۇپايدەك شىلىلىمىزغا مىنىۋالدى. بىز «جاھان مۇشۇ» دەپ ئۆزىمىز تۇرغان يەرنىلا بىلىپ، ئۆزىمىزنى تۇرپانلىق، قەشقەرلىك، ئىلىلىق ... دەپ مىللەت نامىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. دۇنيادىن بىخەۋەر قالدۇق. زۇلۇم، زورلۇق، خورلاپاتلىق، نادانلىق خەلقىمىزنى قۇمدەك چېچىۋەتتى. بۇنىڭغا مېنىڭ پاك ۋىجدانىم، ئىنسانىي غۇرۇرۇم قانداق چىدايدۇ؟ ! مەن ئاتا - بوۋىلارنىڭ تارىختىكى ئالەمشۇمۇل شان - شۆھرىتىنى ياد ئېتىپ، «ئۇيغۇر»

نامىنى ئۆزۈمگە تەخەللۇس قىلىۋالدىم.

ئابدۇخالىقنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھەبىبۇللا قايىل بولۇپ:

— ئۇيغۇر دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىشلىرىدە چوڭقۇر مەنە بار ئىكەن - دە! — دېدى.

— بۇرۇندا بىز تازا بىلمەي يۈرۈپتىمىز، ئابدۇخالىقنىڭ «ئويغان» دېگەن شېئىرىنى ئاڭلاپ بىزمۇ ئويغانغاندەك بولدۇق، بۇرادەرلەر، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر ھەممەيلەنگە نەزەر سېلىپ، — مەن بۈگۈن مىللىتىمىزنىڭ نامى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم.

— شۇنداق بولدى، — دېدى يۈنۈسبەگ ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — شائىرىمىزنىڭ بۇ يېڭى شېئىرى بىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى.

— ئويغانغانغا تۇشلۇق بىر ئىش قىلساق بولۇردى، — دېدى ھەبىبۇللا ھەممەيلەنگەن تەكشى قاراپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلساق بولىدۇ، — دېدى ئابدۇراخمان قارى سۆزگە قوشۇلۇپ.

ئۇلار شۇ تەقلىدتە كەچكىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن دوست - بۇرادەرلىرى ئابدۇخالىقنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇيغۇر» نى قوشۇپ ئاتايدىغان بولۇشتى. بۇ نام شۇنىڭدىن باشلاپ ئەل ئىچىگە كەڭ تارقالدى.

# گۈل لوڭقىسى ۋە ياغ كوزا

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسى چوڭ سودىگەرلەردىن بولغاچقا، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى، ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇملار «ئابدۇخالىق بىزنىڭ كەسپىمىزنىڭ مۇناسىپ ۋارىسى بولىدۇ» دېگەن ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن ئۇنى ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇپلا قالماي، بەلكى رۇسچە، خەنزۇچىمۇ ئوقۇتقانىدى. ئەقىللىق ئابدۇخالىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن دائىم ئۆگىنەتتى. كۆپ چاغلىرىنى ئۆزىنىڭ خاس خانىسىدا ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ھالدىن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئىچى پۇشاتتى. بىر كۈنى ئابدۇراخمان مەخسۇم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئابدۇخالىق چوڭ بولغانسېرى مىجەزى باشقىچىلا بولۇپ كېتىپ بارىدىغۇ تاڭ؟ ئۇ ئۈچ كۈن ئاچ قالغان ئادەم نانغا يېپىشقاندەك كىتابقىلا يېپىشۋالىدۇ، ئۇنى گاتتارلىق① قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتامدىكىنىيە دېسەك، نەزمە پۈتىدۇ، ھەي، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز تۇزغاقتەك ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتەمدۇ نېمە؟

— سۇنى ئېقىشىغا، بالىنى قىلغىنىغا قويما دېگەن گەپ بار. ئۇ بالىغا گەپ قىلمايزە ... ئۇ ئەمدى چوڭ بولدى، سودىگەرچىلىك قىلسا پاتلا يول تېپىپ بىر پۇلنى ئۈچ - تۆت قىلالىغۇچىلىكى بار، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئويلانغان ھالدا.

---

① گاتتار — ئەقىلسىز دېگەن مەنىدە.

— شۇنداق، — دېدى نىيازخان ئايلا ئاپىسى ئەرەمسىما خېنىمغا قاراپ، — ئۆزلىرى ئابدۇخالىققا بىر نەسىھەت قىلىپ قويسىلامىكىن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈنلا مۇشۇ خۇسۇستا گەپ قىلىشىپ ئۇنى راغا كەلتۈرىمەن، — دېدى زور ئىشەنچ بىلەن ئەرەمسىما خېنىم.

شۇ كۈنى چۈشتە ھويلىدا ئەرەمسىما خېنىم بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلا قالدى. ئەرەمسىما خېنىم تاشقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان نەۋرىسىنى چاقىردى:

— ئابدۇخالىق! بۇ يەرگە كەلسىلىچۇ، بالام.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەينىگە ياندى. ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە زوقلىنىپ قاراپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، دۇپدۇگىلەك يۈزىنىڭ سەلپەل سارغايغانلىقى بولۇپ يادلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ سورىدى:

— دەم ئالغىلى چىقتىلامۇ، بالام؟

— ھەئە، چارچاپ قاپتىمەن، بازار چۆگىلەپ كېلەي دەيمىنا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسىنىڭ يېنىغا، سۇپىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— شۇنداق قىلسىلا، بالام، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قەغەز ـ قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ زېرىكىپمۇ قالۇرلا، — ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ گاختى[1] ـ قەرەلى بولىدۇ، بالام، ئەمدى ئۆزلەنىڭمىچۇ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتىدىغان پەيتلىرى بوپقالدى. بىزدە پۇل دېسە پۇل بار، گەزمال دېسە گەزمال بار، گەزمالدىن ئېلىپ بىر دۇكان ئاچسىلا، بالام، ئۆزلىرى كۆپ شەھەر كۆرگەن، ئوقۇغان تۇرسىلا، ئوڭايلا يۈرۈش تېپىپ كېتەلەيلا.

بۇ گەپنى ئىڭشاپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسىغا

---

[1] گاختى — ۋاقتى.

قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— راست گەپنى قىلسام، ئۇنداق ئىش مېنىڭ پىسەنتىمگە كەلمەيدۇ، چوڭ ئانا.

— نېمىشقا ئەمدى، سودىگەرچىلىك دېگەن ئاتا كەسپى تۇرسا؟ — ئەرەمسىما خېنىم ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— مەن ئۇنى قاملاشتۇرالمايمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، توۋا خۇدايىم، بۇ بالىنىڭ گېپىنى، ھەي ئابدۇخالىق، ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بەزى ئادەملەر سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ، چوڭ باي بوپكەتتى، ئۆزلىرىنى دېگەن تۇرپان تەۋەسىدە ئوقۇتالايدىغان موللا چىقماي شەمەيدە ئوقۇتمىدۇقمۇ؟ مېنىڭ بالام تۇرۇپ سودىگەرچىلىكنى قاملاشتۇرالمىغۇدەك، بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟

ئابدۇخالىق ئانىسىغا قاراپ ئوچۇق كۈكۈللۈك بىلەن كۆڭلىدىكى گەپنى بىراقلا ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— جېنىم ئانا، سودىگەرچىلىككە ئايىغى ساياق، ئاغزى ئىلدام، قولى ئىتتىك ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. ھەر قايسىلىرى مېنى «مىجەزى ئېغىر» دېيىشىدىلاغۇ، سودىگەرچىلىك مېنىڭ مىجەزىمگە ماس كەلمەيدۇ. چۈنكى مەن دۇكاندارغا ئوخشاش يالغان سۆزلەپ، ئادەم ئالداشنى بىلمەيمەن. راست سۆزلەپ جان بېرىشكە رازىمەنكى، يالغان سۆزلەپ بىر كۈن ئارتۇق ياشاشنى نومۇس بىلىمەن.

نەۋرىسىنىڭ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن تەمكىن ھالدا ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان ئەرەمسىما خېنىم بىر پەستىن كېيىن سورىدى:

— ھە، ئۇنداق بولسا ئۆزلىرىگە قايسى ئىش ماقۇل، بالام؟

— ئاتامغا دېسەم راۋرۇس بىر ھارۋا ياسىتىپ بەرسە، يۈك توشىسام بولارمۇ؟

— دەۋاتقان گېپىنى قارا، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئىستىهزا بىلەن كۈلۈپ، — مىجىت هاجى، ئابدۇراخمان مەخسۇم دېسە ئەل - يۇرتنىڭ ئاغزىغا بىر كېلىدۇ، بالام، ئۇزلىرىدەك كاتتا ئوقۇمۇشلۇق بايۇەچچىزە، هارۋىكەشلىك قىلسا بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟

— ئۇ دېگەن هالال ئىش، ئادەم ئالدىمايدۇ، هالال ئىشنى قىلىشمۇ نومۇسمۇ؟

— ئوشتە، بالام، بىزنىڭچۇ كۈزىمىز يۇمۇلماي تۇرۇپ ئۇزلىرىگە ئۇنداق نالايىق ئىشنى قىلدۇرىمىزمۇ؟

— ياق، ئانا، ماقۇل دېسىلە، مەن هارۋىكەشلىك قىلاي، — دېگىنىچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسىنىڭ يېنىدىكى ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسى هازىرلا بىرىپ هارۋىكەش بولۇپ كېتىدىغاندەك ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتتى. ئابدۇخالىق ئانىسىنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈۋېتىشكە تاس - تاماس قالغان بولسىمۇ، چاندۇرماستىن:

— مەن مېهمانخانىغا كىرىپ چىقاي، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېهمانخانىدىن ئاجايىپ نەپىس، چىرايلىق ئىشلەنگەن قەدىمىي پاسوندىكى گۇل لوڭقىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ قولىدىكى گۇل لوڭقىسىنى كۆرۈپ، بۇ ئېغىر - بېسىق ئوغۇلنىڭ قىلىقىغا هەيران قېلىپ، بۇنىڭدىن نېمە گەپلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كارىۋاتقا يېقىن كېلىپ خۇددى گۆدەك بالىلار ئەركىلىگەندەك قىلىپ:

— ئانا، بۇنى ماڭا بەرسىلەچۇ، — دېدى.

ئەرەمسىما خېنىمغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ گۆدەك، سەبىي چاغلىرىنى ئەسلەتتى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ئالسىلا، بالام، ئالسىلا، ئۇنىمۇ مېنىڭدىن سورامىلا، —

ئەرەمسىما خېنىم شۇنداق دەپ بولۇپ نېمىنىدۇ ئويلاپ قالدى - دە، سورىدى، — بۇ گۈل لوڭقىسىنى نېمە قىلىدىلا، بالام؟

— مەن هارۋا ياستىپ ئۇنى هەيدەپ مال يۆتكەيمەن دېدىمغۇ، هارۋىغا ئۇنىڭ ئوقىنى ياغلىغاندا ئىشلىتىدىغان قارا ياغنى قاچىلايدىغان ياغ قاچىسى كېرەك - تە، مەن بۇ گۈل لوڭقىسىنى ئەشۇ هارۋامغا ياغ قاچىسى قىلىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئەرەمسىما خېنىمنىڭ چىرايىدىن بايىقى كۈلكە ئىزلىرى ئۆچۈپ قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇ نارازى بولغان ئاهاڭدا خاپا بولۇپ:

— هەي، نېمە دەۋاتىدۇ بۇ بالا، ئېسىل گۈل لوڭقىسىنى هارۋىغا ياغ قاچىسى قىلىسىزە، بۇ زايا كەتمەمدۇ؟ بۇ نەدىن كەلگەن بىلەملا؟ بۇنىچۇ، رەهمەتلىك بوۋىلىرى كۈلىيغا سودىغا بارغاندا شىگەندىن بىر قەدىمكى نەرسىلەرنى ساتىدىغان دۇكاندىن سېتىۋاپتىكەن، بۇنىڭغا ئەللىك يىلدەك بوپقالدى. بۇنداق قىممەتلىك تەۋەررۈكنى ياغ قاچىسى قىلسا بولامدۇ؟

چوڭ ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرهاللا:

— ئانا، ئۆزلەنىڭ مېنى سودىگەرچىلىك قىلىپ دۇكان ئاچقىن دېگەنلىرى مۇشۇ چىرايلىق، ئېسىل گۈل لوڭقىسىنى «هارۋىغا ياغ قاچىسى قىلاي» دېگەن گېپىم بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سالمىقى ئېغىر، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپ قايىل بولدى. ئۇ بىر پەس ئۇنچىقماي ئولتۇرغاندىن كېيىن سەمىمىيلىك بىلەن دېدى:

— ۋاي بالام، ۋاي بالام، مەن ئۇنچىلىكنى بىلمەپتىمەن، هازىر قىلىۋاتقان كىتاب ئوقۇش، نەزمە يېزىش ئىشلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن سودىگەرچىلىكتىن مۇهىم بولسا، بوپتۇ، قىلىۋەرسىلە. ئىلاهىم، ياراتقان ئاللا ئىگەم ئۆزلىرىنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي ...

# تەڭداشسىز كۈچ

1922 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئولتۇرغانىدى، دوستلىرىدىن ھېسامىدىن زۇپەر، قادىر ئاشۇرۇپ، يۇنۇسبەگ، ھەبىببۇللا، ماجۇڭشەنلەر كىرىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار داستىخاندىكى قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋىلەردىن يەپ، خۇش پۇراق دەملەنگەن چايدىن ئىچىشىپ بىر پەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ھەبىببۇللا:

— ۋۇسۇڭ كارامەت باتۇركەن جۇمۇ، — دېدى پاراڭنىڭ تېمىسىنى بۇراپ.

— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ ئولتۇرغان، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ، — قېنى كىتابنى قوللىرىغا ئېلىپ ئوقۇشنى باشلىسىلا، ھەممىمىز ۋۇسۇڭنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاش تەقەززاسىدا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھويلىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كۇتۇپخانىسىغا چىقىپ خەنزۇچە رومان «سۇ بويىدا» نى ئېلىپ چۈشتى. ئۇ خەتكۈش سېلىپ قويغان يەرنى ئاچتى. بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

مېھمانخانىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەردانە، يېقىملىق، ئىنتوناتسىيىلىك ئاۋازىدىن باشقا تىۋىش ئاڭلانمايتتى. ۋۇسۇڭنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولغان دوستلارنىڭ دىققەت نەزەرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزلەۋاتقان ھېكايىگە مەركەزلەشكەنىدى. ئۇلار ھەر

ھەپتىدە ئىككى كۆن مۇشۇ يوسۇندا يىغىلىشىپ كىتاب ئوقۇشۇپ تەسىرات سۆزلىشەتتى، بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۆتاڭنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىسى بەي لاۋشىدىن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەلىم ئالغان ۋە خەنزۇچە داڭلىق كلاسسىك رومانلاردىن «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «غەربكە ساياھەت»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىقلارنى ئوقۇپ چىققانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «سۇ بويىدا» رومانىدىكى ۋۇسۇڭ ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندا، كۆن چۈش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دوستلىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلىۋىدى، قادىر ئاشۇرۇپتىن باشقىسى رەھمەت ئېيتىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستى قادىر ئاشۇرۇپ بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن، ھاۋالانغاچ پاراڭلىشىپ كوچىغا چىقتى. ئۇلار تارغىنا كەلگەن مەھەللە كوچىسىدىن ئۆتۈپ بازارغا چىقتى. كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى كىچىكرەك بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا ئون نەچچە ئادەم يىغىلىشىپ غۇژمەك بولۇشۇپ تۇراتتى. دۇكان ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ «بولدى، بولدى، ھەر ئىككىلىرى ئاچچىقلىرىغا ھاي بېرىشسىلە» دېگەن گەپلىرى بىلەن ئىككى ئەر كىشىنىڭ بىر - بىرىنى تىللاۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن قادىر ئاشۇرۇپ قەدىمىنى تېزلىتىپ ئادەملەر توپىنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— يۇسۇپ پىياڭ ئاكىسى ياقۇپ پۇچۇق بىلەن ئۇرۇشۇۋاتامدۇ، نېمە؟ — دېدى قادىر ئاشۇرۇپ بويىنىنى سوزۇپ دۇكان ئىچىگە قاراپ.

— شۇنداق بولسا كېرەك، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

كەينىدىن چىققان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغان ئابدۇللا

ئىسمىلىك مىسكەرچى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن قادىر ئاشۇرۇپنى كۆردى. ئۇ دەرھال:

— شائىر، بازارغا چىقىپتىلا، — دېۋىدى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە قادىر ئاشۇرۇپ بىلەن سالاملاشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پوكەيگە يېقىنلىشىپ كېلىپ بويى يوغان، گەۋدىلىك ياقۇپ پۇچۇقنىڭ دوغىلاق، سېمىز ئىنىسى يۇسۇپ پىپاڭنىڭ ياقىسىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنى كۆچ بىلەن سىلكىپ ئالدى - كەينىگە چايقاپ تىللاۋاتقانلىقىنى، سودىگەر سىدىق ئوسماننىڭ ياقۇپ پۇچۇقنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئۇنى كەينىگە تارتسا، ساۋۇت مەزىننىڭ نەسىھەت قىلىپ يۇسۇپ پىپاڭنى بىر چەتكە تارتىۋاتقىنىنى كۆردى. ياقۇپ پۇچۇق چىچاڭشىپ ۋىجىكرەك كەلگەن سىدىق ئوسمانغا بوي بەرمەيتتى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بىر قاراپ قويۇپ قارىمۇتۇق چىرايى بېغىررەك بولۇپ پارقىراپ تۇرغان دۆڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان يۇسۇپ پىپاڭنىڭ ياقىسىنى تېخىمۇ قاتتىق سىقىشقا باشلىدى. يۇسۇپ پىپاڭ بولسا ساۋۇت مەزىنگە:

— مەزىن ئاكا، قولۇمنى قويۇپ بەرسىلە، مەيلى، باياتىن ئاغام دەپ ھۆرمەت قىلسام، ئۇنى بىلمىدى بۇ، ئەمدى قېنى مېنىڭ بىڭسىمنى كۆرسۇن! — دەپ يۇلقۇناتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىنىڭ تىل - ھاقارەت ئارىلاش تەكرارلاۋاتقان گەپ - سۆزلىرىدىن ياقۇپ پۇچۇقنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىپ ئۆتكەن يىل شەمەيدىن ئەپكەلگەن مىلىچ ماللىرىنى پايدىسىنى تەڭ شېرىك بولۇپ ئالىدىغانغا يۇسۇپ پىپاڭغا بەرگەنلىكىنى، يۇسۇپ پىپاڭنىڭ «پايدا بولمىدى» دەپ ئاكىسىدىن ئالغان مالنىڭ دەسمايىسىگە ئازراقلا پۇل قوشۇپ بەرگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن بۇ گۇنكى بۇ جېدەلنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنچە كۆپ ئادەمدىن ئىزا تارتماي سەت تىللار بىلەن بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئاچىرتىشىغا باقماي، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۇرۇشۇۋاتقان بۇ ئىككىسى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ مەسخىرىلىك ھالىتىگە قاراپ بىر پەس ئويلىنىپ تۇردى ـ دە، ئۇلارنى «ئاچىرتىمىز» دەپ نەسىھەت قىلىپ بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ دېدى:

— ھەر قايسىلىرىمۇ ھېرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈشىۋاتىدىلا، خىيالىمغا بىر شېئىر كېلىۋاتىدۇ، بىر ئوقۇپ بېرەي.

بۇ گەپ بىلەن ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ دىققىتى ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككىيلەندىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بۇرۇلدى. سىدىق ئوسمان ياقۇپ پۈچۈقنى، ساۋۇت مەزىن يۈسۈپ پىپاگنى قويۇپ بەردى. ھاسىراپ كەتكەن ساۋۇت مەزىن يېنىدىكى ئادەملەرگە قاراپ:

— بەللى، مانا بۇ تازا جايىدىكى گەپ بولدى، بۇ ئىككىسىنى ئاجىرتىمەن دەپ ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، بۇلار ئاجىرىمىغۇدەك، بوپتۇ، بىز شائىرنىڭ شېئىرىنى ئاڭلايلى، — دېدى پېشانىسىدىكى تەرلەرنى بېلىدىكى پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەددىنى رۇسلاپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

نەپسى يامان ھەپسەردەك[1]،
ئاچ كۆزلەرنىڭ قېنى پۇل.
نا ئىنسابلار سەجدە قىپ،
جان دەپ بىلۇر سېنى پۇل.

بىر دوست بىرلەن بىر دوستنى،
ئۆچمەن قىلغان يەنە پۇل.

---

① ھەپسەر — ھەممىنى ھاپ ئەتكۈچى ئاچ كۆز.

ئاكا بىلەن ئۇكىنى،
دۈشمەن قىلغان يەنە پۇل.
..................

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئۇزۇن ساتىرىك شېئىرىنى ئوقۇپ ئالتىنچى كۆپلېتقا بارغاندا، چىرايىدا ئىزا تارتقان خىجىللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولغان ياقۇپ پۇچۇق ئىختىيارسىزلا ئىنىسىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى. ھاسىراپ تېز - تېز نەپەس ئېلىۋاتقان يۇسۇپ پىپاكمۇ بىر نەرسىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك كەينىگە شوخشۇپ داجىشقا باشلىدى. بۇ ھالدىن ھەيرەتتە قالغان ساۋۇت مەزىن ئاۋۇال ئىككى ئاكا - ئۇكىغا، كېيىن دۇكان ئالدىدىكى ئادەملەرگە تەكشى قاراپ دېدى:

— ياپىرىم، خۇدايا توۋا! نەزمە دېگەننىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئەجەبمۇ تەڭداشسىز كەن، ئۇنىڭغا ھېچنېمە تاپ كەلمىگۈدەك جۇمۇ.

— راست شۇنداقكەن، — دېدى ئابدۇللا مىسكەرچى، — دابىياتىن قانچە ئەر ئاجرىتالمىغان بۇ ئىككىسىنى شائىرىمىز بىر نەزمىسى بىلەنلا ئاجرىتىۋەتتى ئەمەسمۇ!

ئادەملەر قادىر ئاشۇرۇپ بىلەن بىللە تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراشتى.

خىجالەت بولغىنىدىن ئۇزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان ئىككى ئاكا - ئۇكا غىپپىدىلا دۇكاندىن چىقىپ كېتىشتى.

# چېچەك سەيلىسى

1923 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، نورۇز بايرىمىغا ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە نېمىگىدۇر غەزەپلىنىپ كۆڭلى غەش بولغان ھالدا يېزىقچىلىق ئىشخانىسىدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئالدىغا قەغەز، قەلەمنى قويۇۋالغان بولسىمۇ، بىرمۇ سۆز يازمىغانلىقىنى، قېلىن بىر كىتابنى ئېچىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنى ئوقۇمىغانلىقىنى كۆرگەن ئايىمخان ھەيران قالدى. ئۇ ئۆز قەدىردانىنى بۇنداق پەرىشان، كۆڭلى چېچىلغان ھالدا ئۇچراتمىغانىدى. ئاخشىمى - كەچتە ھۇجرىغا كىرگەندە، ئايىمخان شېرىن - سۇخەن سۆزلىرى، يېقىملىق نازۇ كەرەشمىلىرى بىلەن تاڭ قۇياشى ئالدىدا جىلۋە قىلغان قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ قەدىردانىنىڭ پەرىشان كۆڭلىنى ئېلىشقا خېلى تىرىشقان بولسىمۇ ئۇنۇمى چوڭ بولمىدى. ئۇ توغرىدىن - توغرا زادى نېمە بولغانلىقىنى سورىغانمۇ بولاتتى. بىراق، زېرەك، ئەقىللىق ئايىمخان «شائىر بەلكىم بىرەر شېئىر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندۇ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قوياي، ئىلھام قۇشىنى ئۇچۇرىۋەتمەي يەنە» دەپ ئويلاپ ئېغىز ئاچمىدى.

تۆتىنچى كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ كەڭ ھويلىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى خاس خانىسىغا كىرىپ كەتكەنچە چۈشكىچە سىرتقا چىقمىدى، چۈشلۈك تاماق تەييار بولغان بولسىمۇ يەنە كۆرۈنمىدى. ئايىمخان قېينىسىڭلىسى توختىخاننى

ئاكىسىنى چاقىرىشقا بۇيرۇماقچى بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. قېيىنئانىسى ئابدۇجاپپارمۇ يوق ئىدى. ئايىمخان قەدىردانىنى تاماققا چاقىرىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆزى چىقتى.

شائىر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغىنىچە شىمالىي تامغا ئورنىتىلغان دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغاچقا، سۆيۈملۈك رەپىقىسىنىڭ كىرگىنىنى كۆرمىدى. ئۇ پەقەت ئايىمخان گېلىنى يېنىك قىرىپ «ئىم!» دېگەندىن كېيىنلا چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان دىلبىرىنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ «نېمە ئىش؟» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن ئايىمخانغا قارىدى.

— چۈشلۈك تاماقنى ئەپچىقىپ بېرىمىزمۇ، يە پەسكە چۈشەمسىلا؟ — سورىدى ئايىمخان مۇلايىملىق بىلەن.

— پاھ، ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ - ھە؟ چۈش بولۇپ قالدىمۇ تېخى؟ مەن «بايىلا تاماق يېسەم نېمىشقا قورسىقىم ئاچىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چاقچاق بىلەن كۈلۈپ، — پەسكە چۈشەي.

ئۇ شۇنداق دەپ خاس خانىسىدىن چىقىپ پەسكە ھويلىغا چۈشتى. ئايىمخان ئۇنىڭ كەينىدىن چۈشۈپ چوڭ ئۆيگە كىردى - دە، كاڭغا داستىخان سېلىپ تاماقنى ئەپكەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاۋۋال بىر چىنە نىشائاللا يېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن راسا ئوخشىغان نارىنىدىن ئازراق يېدى. ئايىمخان قەھۋە قاينىتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ بىر ئىستاكانغا قەھۋە دەملەپ ئەپچىقىپ بېرىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قويۇق دەملەنگەن خۇش پۇراق قەھۋەنى راھەتلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ھويلىغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەن ئابدۇجاپپار بىلەن توققۇز ياشلارغا كىرگەن توختىخان بىر تۇتامدىن ئۆرۈك

چېچەكنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئىككى بالا چوك ئاكىسىنى كۆرۈپ سەل ئەيمىنىپ مەغرۇرانە ھالدا ئىگىز كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن چېچەكلىرىنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى ئۇكىسىغا يېقىن بېرىپ سورىدى:

— نەگە باردىڭلار؟

— يارغا، بەگ مەھەللىسىگە ئوينىغىلى بارغان. ئەكبەرخان ئاكام ئۆزلەنى سورىدى. ئۆزلەنى «بىزنىڭ ئۆيگە چىقسۇن، بىرگە چېچەك سەيلىسى قىلىمىز، ئېيتىپ قويۇڭلار» دېگەن، — دېدى ئابدۇجاپپار ئەدەپ بىلەن.

— بولىدۇ، سىلەر كىرىپ تامىقىڭلارنى يەڭلار، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى بالىغا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھۇجرىسىغا كىرىپ بىر پەس دەم ئالغاندىن كېيىن ھويلىغا چىقتى ـ دە، ئات باقارغا ئېتىنى توقۇتۇپ ياردىكى بەگ مەھەللىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئاتقا مىنىپ يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئەيسا قارىينىڭ كوچىسىغا چىقتى، ئۇ يەر بىلەن ئەسقەر ھاجىنىڭ كارىزىنىڭ ئېرىقىغا سېلىنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يارغا بارىدىغان يولغا چۈشتى، بىر ئاز مېڭىپ كارىز تىلمىسىنىڭ غەربىدىكى كىچىككىنە دۆڭلۈككە سېلىنغان مۇزخانا دەپ ئاتىلىدىغان جاڭزىدىن ئۆتۈپ گويانىڭ سوقمىسى[①] ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردە تۇرۇپ غەربىي شىمال تەرەپكە قارىغاندا، پۈتۈن يار يېزىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئايان بولاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىنى ئاستىلاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئەتراپقا ھەۋەس بىلەن نەزەر سالاتتى. پۈتۈن يېزا خۇددى ئۇستىگە ئاق لىباس يېپىنغاندەك ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىر ـ بىرىگە

① گويا سوقمىسى — تۇرپان يېڭىشەھەر بىلەن يار يېزىسىنىڭ يولىدىكى قەدىمىي سوقما تام.

تۇتاشقان باغلار، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرى، يول ياقىلىرى، ئېتىز - قىر باشلىرىدىكى ئۆرۈك دەرەخلىرى غۇژژىدە چېچەكلەپ كەتكەن، تال - تېرەكلەر ياشىرىپ، كۆكىرىپ بىخ سۈرگەن، خىلىلا ئۆسۈپ قالغان بۇغداي مايسىلىرى ئېتىزلىقلارنى يېشىللىققا پۈركىگەن، يېڭىدىن ئۈنۈپ كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئوت - چۆپلەر يەر يۈزىگە زىننەت بېغىشلىغان، قۇشقاچلار جۇرىلاپ، پاختەكلەر «گۇ - گۇ - گۇك» قىلىپ سايرىشىپ، ھەرە - بوغۇنلار غۇڭۇلدىشىپ شاختىن - شاخقا، چېچەكتىن - چېچەككە ئۇچۇشىپ، ئۆز نەغمىلىرىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشكەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېزىنىڭ گۈزەل باھار مەنزىرىسىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدىن ئېرىق بويىدىكى قەيسەرلىك بىلەن تۇپراقنى يېرىپ چىقىپ خىلىلا ئۆسۈپ قالغان مامكاپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇ قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياجانلىق ھېسسىياتىنىڭ ئىلكىدە ئەكبەرخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى.

خېلىدىن بېرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۈتۈپ تۇرغان ئەكبەرخان يىراقتىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتتىن چۈشۈپ ئەكبەرخان بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئىككىيلەن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، ئەكبەرخاننىڭ خىزمەتكارى ھەمدۇل ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئېتىنى قولىدىن ئېلىپ ئېغىلغا ئەكىرىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھويلىغا كىرىپ ئەكبەرخان بىلەن بىردەم ئۇنى - بۇنى پاراڭلاشتى. ئاندىن ئەكبەرخان مېھماننى مېھمانخانا ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. كەڭ، ئازادە، ناھايىتى ياسىداق بېزەلگەن مېھمانخانىدا ئىككىسى بىرەر سائەتتىن ئوشۇق چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. سۆھبەتدىشىنىڭ كەيپىياتىدىن ئۇنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ ھاۋالانغاچ ئايلىنىپ كىرىشنى خالاۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغان سەزگۈر ئەكبەرخان ئۇنى باغقا تەكلىپ قىلدى. ئىككىيلەن باغقا چىقىشتى. قىرىق مو كۆلىمىدىكى بۇ باغدا

ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، ئانار، ئەنجۈر دېگەندەك خىلمۇ خىل مېۋىلەر رەتلىك ئۇستۇرۇلگەنىدى.

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە، چېچەك دۇنياسى، — دېدى ئابدۇخالىق ئاپئاق چېچەككە پۈركەنگەن ئۆرۈكلەرگە قاراپ شائىرانە ھېسسىيات بىلەن.

ئەكبەرخان ئۇنى باغ ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ قىزىق پاراڭ، لەتىپىلەرنى سۆزلەپ كۇلدۇرۇپ يۈردى. ئۇ ئىككىسى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان ئېرىق بويىغا كېلىشتى. ئېرىقتا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. قىرغاقتىكى يېڭىدىن ئۈسكەن ئوت - چۆپلەر، كوكاتلارنى سۆيۈپ يېنىك تەۋرىنىپ ئېقىۋاتقان شوخ سۇغا بىر پەس قاراپ تۇرغان شائىر ئەكبەرخانغا قاراپ:

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرساقچۇ، — دېدى.

ئەكبەرخان خىزمەتكار ھەمدۇلنى چاقىرىپ ئۆيدىن كىگىز، كۆرپە ئەپچىقتۇرۇپ ئېرىق بويىغا سالدى. ئىككىسى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى:

— چىرايلىرىدىن بىر پەرىشانلىق سەزگەندەك قىلىمەنغۇ، ئابدۇخالىق؟ — دەپ سورىدى ئەكبەرخان شائىردىن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۇغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە ئۈنچىقمىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆزلىرىگە مەلۇملۇق، بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى دادامنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەلدىم. ئۇ يەردىن كېلىپلا يېزا - سەھرالارنى ئارىلاپ كۆرۈپ باققۇم كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇرادىرىمىز ھېساممىدىن «مەنمۇ دېھقانلارغا كۆزدە سېتىۋالىدىغان پاختىغا زاكالەت پۇل تارقاتماقچى، بىللە بارايلى» دېدى. شۇنداق قىلىپ ھېساممىدىن زۇپەر بىلەن ئىككىمىز

يەمشى، قوشدۆڭ، پاقــــبۇلاق، چاتقال، ئاستانە، قاراخوجا، سىڭگىملەرنى ئارىلاپ ئون كۈندە شەھەرگە قايتتۇق، يېزىلاردىكى نامراتلىق، قالاقلىق، نادانلىق قەدەمدە بىر ئۇچراپ كۆڭلۈمنى قاتتىق غەش قىلدى. بۇنى ئاز دېگەندەك تېخى ھۆكۈمەتنىڭ باج - سېلىقلىرىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، ئاچ كۆز بايلارنىڭ زۇلمى پۇقرانى ھالــــدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. يۇرتىمىزنىڭ خارابلىـــشىپ تۈگــــشىپ كېتىۋاتقانلىقى قەلبىمنى ئۆرتەپ مېنى قاتتىق ئازابقا سالدى. بۇنى كىمگە دەيمەن؟ بۇ دەردلەرگە داۋا بولغۇچى بارمۇ؟!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزلەشتىن توختاپ ئورنىــدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدا قارا يەرنى يېرىپ چىقىپ لوڭگىدە ئۆسكەن مامكاپىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن نازۈك چېچەك بۇ! كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا يېڭــــلا ئېچىـــلغان سېرىق چېچەكنىڭ ئالتۇن رەڭ گۈل تاجى ۋالىلداپ تۇراتتى. سۇنىــڭ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان بىلىنەر - بىلىنمەس شامالنىڭ تەسىرىدە ئۇ نازىنىن چېچەك يەڭگىل تەۋرىنىپ دىللارنى مەپتۇن قىلاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئېگىشىپ سېرىق چېچەكنى ئۈزمەكچى بولۇپ قول ئۇزاتتــــى. دەل شۇ چاغدا، دىللارنى مەپتۇن ئەيلىگۈچى بۇ چېچەك شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ گويا نازۇ كەرەشمىلىك گۈزەل قىز ئۆز يارىغا ئەركىلەپ «قولۇمنى تۇتماڭ» دېگەندەك چايقىلىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چېچەككە ئۇزاتقان قولىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاستاغىنا تارتىۋالدى.

ئەكبەرخان ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدا شائىرنىڭ ھەرىكىتىنــــى كۆزىتىپ جىم تۇرىۋەردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەددىنى رۇسلاپ ئالدىدىكى يېنىك چايقىلـــــپ تۇرغان گۈزەل چېچەككە قاراپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن خۇددى فونتانىدەك ئېتىلىپ چىــقىقان

كۈچلۈك ئىلهام بىلەن شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

نازىنىن نازلىق چېچەك، كىملەر ساڭا مەپتۇن ئەمەس،
گەر نېسىپ بولسا جامالىڭ، كىمدۇ ئۇ مەجنۇن ئەمەس.

قىش بويى قويۇق بۇلۇت ئاستىدا مۇزلاپ بۇ كۆڭۈل،
كۈن كۆرەلمەي، تىن سۇرەلمەي غەمگە پاتتى بۇ كۆڭۈل.

بۇ زەئىپ كۆكرەكتە ئول يارنىڭ خىيالى مۇتتەسىل،
كۆيدۇرۇپ كۆپ ئۆرتىدى، كۆپ قالدى سۆزلەردىن بۇ تىل.

كېچە مەن كۆرگەچ چېچەكنى خۇددى كۆرۈشتۇم يار ئىلە،
يىغلىدىم بىئىختىيار ئەرزىمنى ئېيتتىم زار ئىلە.
......

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا ئەكبەرخان ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— يېڭى ئىجادىيەتلىرىڭىزگە مۇبارەك، شائىرىم! بۇ شېئىرلىرى بەك تەسىرلىك چىقىپتۇ، ئىجازەت بەرسىلە خاتىرە ئۈچۈن يېزىۋالايمىكىن دەيمەن، — دېدى سۆيۈنگەن هالدا ئىلتىجا بىلەن.

— ئۆزۈممۇ بۇ شېئىرنى تېخى قەغەزگە چۈشۈرمىدىم. بەزى مىسرالىرى خامراقمىكىن دەيمەن. تازا پىششىقلاپ، پۇختا يازاي. ئاندىن ئۆزۈم كۆچۈرگەن كوپيىنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلاي. قانداق، بولامدۇ؟ — دېدى ئۆتۈنگەن هالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆزلە بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى قانداق قويۇشنى ئويلاۋاتىلاكىن؟ — دېدى ئەكبەرخان

سوئال نەزەرى بىلەن شائىرغا قاراپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستاغىنا دېدى:

— باھار چېچەكىدىن بىر تەسىر.

— پاھ، «باھار چېچەكىدىن بىر تەسىر» . بۇ نېمىدېگەن جايىغا چۈشكەن ماۋزۇ - ھە؟ ! ئاپىرىن، مىڭ ئاپىرىن شائىرىم، بۇ ماۋزۇ شېئىرغا ھەقىقەتەن تازا ماس كېلىدۇ، — دېدى ئەكبەرخان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

# يۈرەك ئارزۇسى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياردىكى ئەكبەرخاننىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى مۇھىتىلار قورۇسىغا باردى. بۇ كۈنلەردە مەخسۇت مۇھىتى ئاستانىگە كەتمەي يېڭىشەھەردىكى قورۇسىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۆز ھويلىسىدا يۈرگەن مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار پاراڭلىشىپ مېھمانخانىغا كىرىشتى.

— شەمەيگە قاچان ماڭىدىغان بولىۋاتىلا؟ — سورىدى ئابدۇخالىق بىر پەستىن كېيىن گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ.

— تەييارلىقىمىز پۈتۈپ قالدى. تۆت - بەش كۈننىڭ ئىچىدە مېڭىپ كېتەرمىز، — مەخسۇت مۇھىتى شۇنداق جاۋاب بېرىۋېتىپ بىردىنلا سەگەكلىشىپ سورىدى، — ۋۇي، تەجەب بۇنى سوراپ قالدىلاغۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەرلىرى بارغۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ دېدى:

— مەنمۇ تەييارلىق قىلسام، بىرگە بارايمىكىن دەيمەن.

— ياخشىغۇ، بىراق مىجىت ھاجىم مال تەييارلىغانمۇ؟ مەنمۇ بۇ نەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئالدىراشچىلىقتا ھاجىكام بىلەن ئۇچرىشالمىدىم.

— ئازراق مال تەييار، بىراق مەن بۇ قېتىم ئۇزاقراق تۇرۇشقا بارماقچى.

— بەللى، ياخشى گەپقۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى مۆھبەتدىشىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— موسكۋاغا بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقاي دەيمەن، — دېدى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىچكى ھاياجىنىنى تەستە بېسىۋېلىپ.

مەخسۇت مۇھىتى باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

— ناھايىتى ياخشى گەپ، ئۇچىن خاراشىۋۇ، تەييارلىق پۇتكەن؟ — دېدى.

— ياق، تېخى چوڭ دادام بىلەن ئانامىلارغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى چايقاپ.

سەزگۈر مەخسۇت مۇھىتى شائىرنىڭ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى قىياس قىلدى ـ دە، قەتئىيەت بىلەن دېدى:

— ئۆزلە خاتىرجەم تەييارلىق قىلىۋەرسىلە، بىر نەچچە كۈن كېچىكىپ يولغا چىقساق بولىۋېرىدۇ، ھاجىكام بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي، ئىلگىرى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوقۇتۇشقا قىزغىن ئىدى، ھازىر قېرىپ قالدى ئەمەسمۇ، يېنىدىن تەۋرەتكۈسى كەلمەيدۇ.

— رەھمەت ئەمىسە، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئاخشىمى شائىر ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقىنىنى ئايالىغا ئېيتتى. تۇنجى ئوغلى ئابلەتخان بولەنگەن بۆشۈكنى تەۋرىتىۋاتقان ئايىمخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەدىرلىك ھەمراھىغا ھەيران بولۇپ بىر پەس قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن قورسىقىنى تۇتۇپ، بىردىنلا ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن كۆزىنى ئەپقېچىپ، بۆشۈككە قارىۋېلىپ ئۈنچىقمىدى. ۋاپادارىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان شائىر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

ئىككىنچى پەرزەنتىگە ھامىلىدار ئايىمخان تېخى سېزىكتىن يېڭىلا چىققانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆيۈملۈكىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، بىر قولى بىلەن بۆشۈكنى يېنىك تەۋرىتىپ يەنە بىر قولى بىلەن ئايىمخاننىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا موسكۋاغا بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىشىنىڭ بۇنىڭدىن

كېيىنكى ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

ئەسلىدە ئايىمخانغا ئۇنچىلىك چۈشەندۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ بارلىقىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئاتىغان پاك قەلب ئىگىسى بولغاچقا، تەبىئىيكى ئۆز قەدىردانى ياخشى كۆرگەننى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆز قەدىردانىنى ھەر قانداق كىشىدىن چوڭقۇر ۋە ياخشى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىزغىن قوللايتتى ۋە ئۇنىڭغا مەنىۋى ئىلھام بېرەتتى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ پۇتلىرىغا چېتىق بولۇپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايمەن، بوپتۇ، بارسىلا، ئوقۇپ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپ، سالامەت قايتىپ كەلگەيلا. مەن خۇدايىم بۇيرىسا ئۆزلىرى كەلگۈچە ئابلەتخاننى ئوبدان پەرۋىش قىلىمەن. بۇ ··· بۇ، — ئايىمخان بوش قولى بىلەن قورسىقىنى تۇتۇپ دۇدۇقلاپ بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ئەتىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىش ئارزۇسى بارلىقىنى چوڭ دادىسى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ئېيتتى. مەخسۇت مۇھىتى ئاللىقاچان بۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ تەشكەچكىمۇ ئۇ ئىككىيلەن ئوشۇقچە گەپ - سۆز قىلمىدى. پەقەت مىجىت ھاجى ئۆزىنىڭ ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئوغلى يىراقتا كەتسە غەم - ئەندىشە قىلىپ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ خەۋەر ئەرەمسىما خېنىمغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا خۇددى ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىقاندەك تەسىر قىلدى. چوڭ ئانا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقىمۇ سۆيۈملۈك نەۋرىسىدىن (گەرچە ئابدۇخالىق چوڭ بولۇپ، ئۆيلىنىپ بالا - چاقىلىق بولۇپ قالغان بولسىمۇ) ئايرىلىشنى خالىمايتتى.

— ھەي بالام، بۇ نېمە دېگەنلىرى - ھە؟ — دېدى چالۋاقاپ ئەرەمسىما خېنىم، — ئەرەبى، پارسىنى تۇرپاندا ئۆزلەچىلىك

بىلىدىغان ئادەم جىق ئەمەس، خەنزۇچىدىمۇ ئۆزلە كامىل، بالام، ئورۇسنىڭ زۇۋانى بىلەن خېتىنىمۇ بىلىدىلا، ئەمدى ئۆزلەگە يەنە نېمە كەم؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ماڭا بىلىم كەم، موسكۋاغا بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىسام بولمايدۇ.

موماي بېشىنى چايقايتتى. ئوغۇل ئالدىرىماي - تېنىمەي سەۋرچانلىق بىلەن بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى چۈشەندۈرەتتى. بىلىمگە تەشنا نەۋرىسىنىڭ ئوقۇشقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى چوڭ ئانىنى تەسىرلەندۈردى.

— بوپتۇ، بارسىلا، بالام. ئوقۇپ كەم يەرلىرىنى توشقۇزۇپ كەلسىلە، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئاخىر.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر ھەپتە تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىشقا تەخ بولدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق ئون نەچچە سودىگەر ھەمسەپەرلىرى بىلەن ياخشى بىر كۈننى بەلگىلەپ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئەزىز يۇرتى تۇرپان بىلەن خوشلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شەمەيگە يېتىپ باردى. سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ئۆزلىرىگە كېرەكلىك مال بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئون كۈن ئىچىدىلا سودىسىنى پۈتتۈردى. مەخسۇت مۇھىتى بولسا باشقا سودىگەرلەرگە ئۆز ماللىرىنى ئاكىسى مۇسۇل مۇھىتىغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، جامال مۇتئى بىلەن شىمالغا — ئومىسكى شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ئۈچ ھەمراھ غەربىي سىبىرىيىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان ئومىسكىغا بارغاندىن كېيىن، بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن دەم ئالدى، ئاندىن كېيىن غەربكە — ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغان موسكۋاغا قاراپ يولغا راۋان بولۇشتى.

# باللىرىنى سورىمايلاغۇ

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1926 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئوقۇش پۇتتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئايرىلغىلى ئۈچ يىل بولغان ئەزىز يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسى، سۆيۈملۈك رەپىقىسى، باللىرى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنى تولىمۇ سېغىنغان شائىر چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئالمايلا تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭغا هارۋىغا قوشۇلغان ئات بەكمۇ قاشاڭ ۋە ئاستا مېڭىۋاتقاندەك، يول بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ قانىتى بولسا كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا تۇرپانغا يېتىپ بارغۇسى كېلەتتى. ئۈچ ئات قوشۇلغان هارۋا شۇنچە تېز مېڭىپمۇ تۆتىنچى كۈنى ئۇنى تۇرپانغا يەتكۈزدى.

ئۇ تۇرپانغا كەلمەستىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ خەۋىرى پۇر كەتكەنىدى.

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر رۇسىيىدىن قايتىپ كەپتۇ!

بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر، قولۇم - قوشنىلار بولۇپ نۇرغۇن ئادەم بىر چاقىرىم ئالدىغا — يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا چىقتى.

قىزغىن سالام - سەھەت، تىنچ - ئامانلىق سورىشىشلار، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلەر بىر هازاغىچە داۋاملاشتى. ۋىسال ئارزۇسىغا قانغاندا ئايرىلىشنىڭ پىراقى ئۆرتىگەن قەلبلەردىن ئۇرغۇغان شادلىق هاياجىنى گويا ئۇنچىدەك ياش بولۇپ كۆزلەردىن

قۇيۇلۇپ قانچىلىغان يۇزلەرنى ھۆل قىلىپ يىراق ئۇتىنى ئۆچۈردى. ھىجران ئۇتىدا يۇرىكى كاۋاپ بولغان شائىر ئۆزىنى قارشى ئېلىپ چىققان ئادەملەر توپى ئىچىدىن سۆيۈملۈكى ئايىمخاننى ئىزدەيتتى. ۋاپادار ئايىمخان ئۆز قەدىردانىنىڭ يىراق يات مەملىكەتتىن قايتىپ كەلگەنلىك خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇستىدىن تاغدەك بېسىپ تۇرغان ھىجران ئازابى ۋە دەرد - ئەلىمنى بىر پەسكە ئۇنتۇپ، شادلىنىپ، كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ قارشى ئېلىشقا غەربىي دەرۋازا سىرتىغا بارغۇسى كەلدى. بىراق، يات ئەرلەر بولغان سورۇنلارغا ئايال زاتىنىڭ بېرىشى قەتئىي مەنئى قىلىنغاچقا، بىچارە ئايال ئۆز قەدىردانىنى ئۇلۇغ قېينانىلىرى ئەرەمسىما خېنىم، ئايخان قۇشناچ[1] ، قېينانىسى نىيازخان بىلەن بىرگە مەھەللە كوچىسىنىڭ ئېغىزىدا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بىرگە يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇنى خېلىدىن بۇيان كوچا ئاغزىدا تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان قەدىردانلىرى شادلىقتىن تىللىرى سۆزگە كەلمەي يىغلاپ كېتىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەرەمسىما خېنىم، ئايخان قۇشناچ ۋە نىيازخانلار بىلەن خېلى ئۇزاق تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ، ۋاپادار يارى، سۆيۈملۈك دىلبىرىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، پۈتۈن ۋۇجۇدى شامالغا يولۇققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ئوتتۇرا بويلۇق، خۇشپىچىم، مىققىتە تۇرىدىغان ئايىمخان جۇدەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك تولۇق كەلگەن يۈزى جۇدەپ قالغانلىقتىنمۇ سەل قارىداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن توختاۋسىز ئېقىۋاتقان يېشىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۇلگۈرمەي ئۇچ يىلدىن بۇيان تەشنا بولۇپ سېغىنىپ كۈتكەن

---

[1] ئايخان قۇشناچ — ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ ئاپىسى.

قەدىردانىدىن قىزغىن ھال سورىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئايىمخان بىلەن ئامانلىق سورىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئوتتۇرانچى ئوغلى ئابلىزجاننى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. بىر پەستىن كېيىن ئايىمخان:

— ئابلىزجان، ماڭا كەلسىلە، ئاتاشچۇ يىراقتىن كەلگۈچە ھېرىپ كەتتى، — دەپ بالىنى قولىغا ئېلىۋالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتراپقا قاراپ يەنە كىمنىدۇ بىرسىنى ئىزدەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىزدىگىنى كۆرۈنمەيتتى. ياش ئاتىنىڭ يۈرىكى بىرەر ئىشنى تۇيغاندەك جىغغىدە قىلىپ قالدى.

دېگەر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەسچىتتىن قايتقان مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمۇ ئالدىراش كېلىپ ئەزىز ئوغلى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. بىر پەستىن كېيىن مىجىت ھاجى:

— قېنى يۈرۈڭلار، بۇ يەردە تۇرۇۋەرمىگۈلۈك، ئابدۇخالىقنى ئۆيگە باشلاڭلار، — دېدى.

ھەممەيلەن سۆزلەشكەچ مېڭىپ ھويلىغا كىرىشتى. ئايالالار تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەڭ، ئازادە مېھمانخانىدا مىجىت ھاجى، ئابدۇراخمان مەخسۇملار بىلەن مۇڭداشقاچ ئارام ئالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياتىدا ئۈچ پەرزەنت يۈزى كۆرگەنىدى. تۇنجى ئوغلى ئابلەتخان ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ماڭغاندا ئىككى ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئايىمخان ھامىلدار ئىدى. ياش ئاتا چەت ئەلدە بىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان تۇنجى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئايىمخان سالامەت يەڭگىدى. پەرزەنت ئوغۇل ئىدى. دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بۇ ئوغۇلغا ئاتىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە «ئابلىزجان» دەپ ئىسىم قويۇلدى.

1926 - يىلى يازدا، ئابلىزجان ئىككى ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ

قالغاندا، ئۇنىڭ بەش ياشقا كىرگەن ئاكىسى ئابلەتخان تولغاق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، سېمىز، دوپدومىلاق ئوماق بالا ئىككى ھەپتىگە قالمايلا ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تۇرپاندا دوختۇرخانا يوق ئىدى. ئابلەتخانغا تېۋىپلار بىلگەنلىرىچە ھەر خىل ئىلاجلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى شىپا تېپىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان نىيازخان، ئايىمخانلار «قولى شىپالىق» مەڭنىساخان بۇۋىگە ئۇدا ئۇچ قېتىم ئۇچۇقداتتى. پوشكال سېلىپ ياغ پۇراتتى. كېسەلنىڭ بېشىدىن پۇل، رەخت ـ پېچەك، نانلارنى ئۆرۈپ سەدىقە قىلدى. «تىل تېگىپ قالغان» مىكىن دېيىشىپ توختىخان بىلەن ئابدۇساتتارغا يەتتە ئۆيدىن يەتتە خىل رەختنىڭ پۇرۇچىنى ئاچىقتۇرۇپ، مەڭنىساخان بۇۋىگە تىل كەستۇردى. «ئاچ كىرىپ قالغانمىكىن» دەپ كۆپ قېتىملاپ ئاچلاتتى ... جىمىكى ئامالار قىلىنغان بولسىمۇ بالا ساقايمىدى. ئابلەتخان سېغىنغان ئاتىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چەت ئەلدىن كېلىشتىن ئون بەش كۈن بۇرۇن كۆز يۇمغانىدى. بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئۇچ يىللاپ كۆرۈشمىگەن ئەزىز ئوغلىغا يەتكۈزۈش ئاتا بىلەن ئانىغا ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلدى، گويا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەيىبلىكتەك ھېس قىلاتتى. بىراق، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا دېمەي مۇمكىن ئەمەس ـ تە!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ئانىسى ئەرەمىسىما خېنىم ئېغىز ئاچتى:

— بالام ئابدۇخالىق، ئوغۇللىرى ئابلەتخاننى سورىمايلاغۇ؟

بۇ سوئال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا گويا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر پارچە چوغ تېگىپ پىژژىدە كۆيدۇرگەندەك قاتتىق تەسىر قىلدى.

ئۇ ئۇنچىقمىدى. ئۇي ئىچى ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە قالدى. بىر هازادىن كېيىن يۈرىكى پۇچىلىنىپ ئىككى كۆزى ياشقا تولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ قاتتىــــق ئاھ ئۇرۇپ يىغلىغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— ئوغلۇم ئابلەتخان هايات بولغان بولســا، «ئــاتــا!» دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقماسمىدى، — دېدى ئەلەم بىلەن.

بۇ گەپ بىلەن ئەرەمىسىما خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

# بۇ — مەدەنىيەت

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا تۇرپاندا «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورۇسچە كىيىنىپ، ياسىنىۋاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. ئۇ زامانلاردا تۇرپاندا ئەرلەر ئۇچىسىغا ئۇزۇن مەللە چەكمەن چاپان كىيىپ بېلىنى پوتا بىلەن باغلاپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، ياكى ئاياغ يۇرەتتى، ئۇن سەككىز - ئون توققۇز ياشقا كىرە - كىرمەيلا ساقال - بۇرۇتىنى قويۇۋېتەتتى. دەرۋەقە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىغا چاچ قويۇپ، ساقىلىنى پاكىز قىردۇرۇپ، بۇرۇتىنى ئەپچىلگىنە ياستىپ، بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا سارجا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا پارقىراپ تۇرغان شىبلىت كىيىپ، بويىنىغا گالىستۇك تاقىۋالغانىدى. بۇنىڭدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرى ئۇزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان تۇرپان كېيىنكى ئەسىرلەردە خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، تەرەققىي تاپقان دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۇزۇلۇپ قالغانىدى. شۇ تۇپەيلى تېخىچىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى قىياپىتىدىن ئۆزگەرمىگەچكە، ھەممە نەرسە كونا پېتىچە قالغانىدى. بۇ يەردە كىچىككىنە بىر يېڭىلىقمۇ ناھايىتى چوڭ دەتالاش، غۇلغۇلا، سۆز - چۆچەكنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر موسكۋاغا ئۆزى بىلەن بىرگە بېرىپ ئۈچ يىل تۇرۇپ سەپۈرگىچىلىقنى ئۆگەنگەن جامال مۇتىئىيگە تىككۈزگەن سۆر

سارجا كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيىپ، ئالا بالداق گالىستۇكنى تاقاپ شىلەپە بىلەن كوچىغا چىقتى. ئۇ هويلىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن تېخى ئانچە ئۇزاپ كەتمەيلا، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئۇچىسىغا ئاق خەسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ بېشىغا ئەپچىلگىنە سەللە ئورىۋالغان بىر تالىپ بالا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا سالام بېرىپ قولىنى ئۇزاتتى. شائىر ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ئېسىگە ئالدى.

— هوي، سەن ئابدۇگۇلغۇ؟ بويۇڭ ئۆسۈپ چوپچوڭ يىگىت بوپقاپسەنغۇ؟ هە، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتامسەن؟

— شۇنداق، ئابدۇخالىق ئاكا، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بوپقالدى.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئابدۇگۇل چوڭ ئادەملەردەك، — هەر نېمە بولسا ئورۇس يۇرتىدىن تازا تۇگانى[1] كەپتىلا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ياش تۇغقىنىنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ قويۇپ ئۇنچىقمىدى. ياش تالىپ ئابدۇگۇل ئۆزىدىكى هاياجاننى بېسىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇستۇېشىغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. شائىرنىڭ ئۇستۇېشىدىكى زامانىۋى ئېگىنلەر، شىلەپىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان قۇندۇزدەك قاپقارا چېچى ئابدۇگۇلنى هاڭ - تاڭ قالدۇرغانىدى. شائىرغا چوڭقۇر

---

① تۇگانى — ساق - سالامەت دېگەن مەنىدە.

ئىخلاس باغلىغان بۇ بالا ئۈچ يىل بۇرۇن بۇ ھويلىغا ئاپىسى بىلەن بىرگە كەلگىنىدە، تەگتۇش باللار بىلەن ئوينىماي شائىرنىڭ قېشىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، ئۇنىڭ يېگىدىن يازغان شېئىرلىرىنى ئوگايلا يادلىۋالغاچقا، شائىر بۇ بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئىككىسىدە ئانچە ـ مۇنچە ئورتاق ھېسسىيات بار ئىدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ئابدۇگۇل، يۇرگىن، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى.

— خوش، ئاكا، مەن ئۆزلەنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ مەدرىسىدىنلا بۇ يەرگە يۇگۇرۇپ كېلىشىم، — دېدى ئابدۇگۇل.

ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ بىر مۇھىم گېپى باردەك ئىپادىدە ئاغزىنى ئۇمەللەپ ئاچتىيۇ، نېمىشقىدۇر ئاق پىشماق چىرايى ھۆپپىدە قىزىرىپ، كالپۇكىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى.

ئابدۇگۇلنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇلايىملىق بىلەن دېدى:

— بىر گېپىڭ بارغا ئوخشىمامدۇ؟ خىجىل بولماي دەۋەرگىن.

ئابدۇگۇل گەجگىسىنى قاشلاپ قويۇپ، سەل دۇدۇقلاپ قالدى ـ دە، ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئىچىدىكىنى تۆكتى:

— ئابدۇخالىق ئاكا، خەقلەر دەپ يۇرۇۋىدى، مېنىڭ ئىشەنگۇم كەلمىگەن، ئۆزلەنى كۆرۈپ خەقلەرنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىنى بىلدىم، — ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ سورىدى، — ئورۇسقا ئوخشاش باشلىرىغا چاچ قويۇۋالغانلىرى قانداق ئىش بۇ؟ ئۇستىلىرىگە ئورۇسچە كىيىملەرنى كىيىۋاپتىلاغۇ؟ بۇ نېمە قىلغانلىرى؟

— ھا ـ ھا ـ ھا! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئابدۇگۈلنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ سەمىمىي ھالدا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ھەي ئابدۇگۈل، سەن ئاڭلاپ قوي، بۇنداق كىيىنىشنىڭ ئۆزى مەدەنىيەت، بۇ ئەڭلىلەر[①] باشقا مىللەتلەرگىلا خاس ئەمەس. قەدىمكى ئىدىقۇت زامانىسىدا بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بوينىغا گالىستۇك تاقاپ، كاستۇم كىيگەنىكەن. ئېھتىمال ئۇ زامانلاردىكى ئەڭلىلەر ھازىرقىدەك سۆپەتلىك بولمىغان بولغىيدى، بىراق تارىختا مۇشۇنداق بولغان. سەن شۇنى بىلىپ قويكى، كېلەچەكتە كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرى مانا مۇشۇنداق مەدەنىي بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇگۈل تېخىمۇ ھەيران قېلىپ شائىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلاردىن سۆزلەپ بەردى. ئابدۇگۈل شائىرنىڭ سۆزىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سائىتىگە قاراپ ئابدۇگۈلگە دېدى:

— سەن قاچان ۋاقتىڭ يەتسە، شۇ چاغدا كەلگىن، مەن ئۆيدە بولىمەن، ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان يېڭىلىقلار تېخى ناھايىتى كۆپ ...

① ئەڭلىلەر — كىيىم ـ كېچەكلەر دېگەن مەنىدە.

# ئۈچ چوڭ ئاپەت

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئايرىلغىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقان يېزا - سەھرالارنى كۆرمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇ بىر ئاي ئىچىدە تۇرپان، پىچاننىڭ يېزىلىرىدىن باغرى، بۇيلۇق، چاتقال، تۇرپان قىر، ئاستانە، قاراغۇجا، ياڭخى، لۇكچۇن، لەمجىن، سىڭگىملەرنى ئارىلاپ، دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزەتتى، خەلق ئىچىدىكى قوشاقچى، داستانچىلار، سازەندىلەر بىلەن مۇڭداشتى. ئۇلارنىڭ بېيىت - قوشاقلىرىنى، داستانلىرىنى، ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىدى، بەزى قوشاق، داستانلارنى خاتىرىلىۋالدى.

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغاچقا، ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى چەت ئەلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قەلبى ئۆرتىنىپ، بىر تۇرلۇك ئىنتىلىش، تەقەززالىق ھېسسىياتى ۋۇجۇدىغا يامراپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. قەلبىدە جۇش ئۇرغان قايناق ئىلھام بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ «غەزەپ ۋە زار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ناملىق شېئىرلىرىنى يازدى. شائىر «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ غەزەپ ۋە ئاچچىق ئەلەمگە تولغان ئازابلىق ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەنىدى:

ئەي پەلەك، بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن.

ئاتا - بوۋامدىن مىراس كونا كېسەللىك دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ، كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن.

بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان، بېغىم باھارى گۈلىنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېزىلارغا قىلغان بىر ئايلىق سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەڭ دەسلەپتە ھەببۇللا ئەپەندى ئۇرۇمچىدىن قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا كەلگەن ئەلى ئىبراھىموفنى باشلاپ كىردى. شائىر ئۇستازىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ، خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا كەينى - كەينىدىن ھېساملىدىن زۇپەر، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، لىتىپ ئەپەندى، مۇمىن ئەپەندى، پولاتباي، غاپۇرجان، ئابدۇپەتتار ۋەلىيۇپلار كىرىپ كېلىشتى.

خىزمەتكار كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈم، قوغۇن، نەشپۈت، ئانار، شاپتۇللارنى ئەكىرىپ داستىخاننى تولدۇرۇۋەتتى. مېھمانلار خالىغان مېۋىدىن ئېلىپ يېگەچ ئەركىن — ئازادە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

— ھازىر ياشلىرىمىز ئەخلاقتا بۇزۇلۇپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى لىتىپ ئەپەندى ئېچىنغان ھالدا، — كېرەم پايپاقنىڭ مۇزخانا قىلغان كۆرەسىدە كۈندە يىگىرمە ـ ئوتتۇز بەڭگى نەشە چېكىپ مەست بولۇشۇپ توپىغا مىلىنىپ ياتىدىكەن.

— ئۇلارنىڭ سېپىگە كۈندە يېڭى بەڭگىلەر قوشۇلۇپ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ھەببۇللا ئەپەندى قوشۇمچە قىلىپ، — ھازىر بىر چىلىم نەشە بەش مىسقالغا[1] چىقىپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئەسقەر ھاجىنىڭ كارىزىنىڭ تىلمىسىغا يېقىنلاشسىلا، نەشىنىڭ بەتبۇي پۇرىقىغا چىدىغىلى بولمايدۇ.

— قىمارۋازلىقنى دېمەمسىلەر تېخى، ئاغىنىلەر، — دېدى سودىگەر پولاتباي، — ھازىر قىلۋى قوۋۇقنىڭ تېشىدا بىر گۇرۇھ قىمارۋاز رەسمىي تاۋكا قۇرۇپ ئوچۇق ـ ئاشكارا قىمار ئويناۋاتقان بولۇپ كەتتى.

ئۆي ئىچىدىكى مېھمانلار جەمئىيەتتىكى چۈشكۈنلۈكلەر، كونىلىق، قالاقلىق، نادانلىقلار توغرىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە غۇلغۇلا قىلىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يالاڭئاش ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن قۇندۇزدەك قاپقارا چېچىنى سىلاپ قويۇپ، مېھمانلارغا قاراپ دېدى:

— دوستلار، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ دۇنياغا نەزەر

---

[1] مىسقال — پۇل بىرلىكى بولۇپ، ئون مىسقال بىر سەر كۈمۈش پۇلغا باراۋەر.

تاشلايلى. ئۆز ئىستىقبالىمىز ئۈستىدە جىددىي ئويلىنايلى، بىز جىددىي تۈتۈش قىلمىساق، پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ قاتتىق پۇشايمانغا قالىمىز. ھازىر دۇنيادا ھامىنىڭ① ئەۋلادىدىن بىرىمۇ قۇللۇقتا قالمىدى. ئۇلار تۆمۈرگە قانات بېكىتىپ ئاسماندا ئۇچۇۋاتىدۇ، تۆمۈرگە جان كىرگۈزۈپ سۇدا ئۈزۈۋاتىدۇ، بىز ئۇلاردىن ئالاھىزەل تۆت - بەش يۈز يىل كېيىن قالدۇق.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەنەيتۇللا «ياپىرىم!» دەۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يالت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— باشقا مىللەتلەر تەرەققىي تېپىپ بىزدىن كۆپ ئۆزاپ كەتتى. بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز ساپالچىلىق، كۇلالچىلىق، لايدىن غىدىر قۇيۇپ ئۇرىق ياساش، تال - چىۋىقتىن سېۋەت توقۇش. بۇنى بىزنىڭ شۆھرىتى تىللاردا داستان ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ مىڭ يىل مۇقەددەم دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىلا قىلىپ كەلگەن ئىشلار ئىدى. بىز ھازىر ئەنە شۇ قەدىمىي تەرەققىيات بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي كونا ئىزدا توختاپ قالدۇق يارەنلەر، مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى خەتەرلىك. خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق، كونىلىق ۋە قالاقلىق، ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ۋە چۈشكۈنلىشىش ئۈچ چوڭ ئاپەت بولۇپ، خەلقىمىزگە ھالاكەت دەھشىتىنى سالماقتا.

شائىر گەپتىن توختاپ ئورنىغا ئولتۇرۇپ چىنىدىكى چايدىن ئوتلاشقا باشلىدى.

— پۈتۈن ئەل، — دېدى ئەلى ئىبراھىموف، — ئابدۇخالىق ئېيتقاندەك جاھالەت ئىسكەنجىسىدە قىينىلىپ، ئازابلىنىپ ھالسىراپ، جان تالاشماقتا.

— بۇنىڭ داۋاسى يوقمۇ؟ — دېدى ھېسامىدىن زوپەر ئاۋازىنى

① ھام — ياۋروپا مىللەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆتۈرۈپ ئۇرغۇلۇق سۆزلەپ.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن پىغانى ئۇرلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.

— نېمىشقا داۋاسى بولمىسۇن؟! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاۋۇال ھېسامىدىن زۇپەرگە، ئاندىن باشقىلارغا قاراپ، — خەلقىمىزنى ئۇلۇم گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان بۇ ئۇچ چوڭ ئاپەتنى يېڭىشنىڭ يولى پەن - مائارىپنى يۇكسەلدۇرۇش، بىز يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى كۆپلەپ ئېچىپ، ياشلىرىمىزنى تەربىيىلىسەك، خەلق ئىچىدە ئاقارتىش ئىلىپ بارساق، نەشرىيات، باسما زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، كىتاب - ژۇرنال بېسىپ تارقىتىپ، خەلقنى غەپلەتتىن ئويغاتساق، چوقۇم بۇ ئۇچ چوڭ ئاپەتنى يوقىتالايمىز.

شائىرنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە خىزمەتكار كىرىپ تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. داستىخان تازىلىنىپ، قايتىدىن سېلىندى. خىزمەتكار لېگەن، تاۋاقلاردا گۆش بېسىلغان پولۇ ئىلىپ كىردى.

— قېنــــى دوستلار، «ئاۋۇال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن گېپىمىز بارغۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆي ئىچىگە تەكشى نەزەر سېلىپ، — بىز يۇقىرىقىدەك گەپلىرىمىزنى دېيىشكىلى تۇرساق ئۇچ كېچە - كۇندۇزدىمۇ تۈگىمەيدۇ، قالغان گەپنــى تاماقتىن كېيىن سۆزلىشەيلى.

تاماق ئۇستىدە ئۇششۇقچە گەپ - سۆز بولمىدى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار قايتماقچى بولۇشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا بىر كۆپلېت شېئىر ئوقۇدى:

نېچۇك ئەھۋالدادۇر مىللەت،
ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىلىك كۆزنى.
قىلىڭ غەيرەت، قىلىپ ھىممەت.
قوپۇڭ، تاشلاپ قۇرۇق سۆزنى.

# قوۋزاقسىز دەرەخ ياشنالامدۇ

يۈرىكى ئەلنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سوقىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتا - ئانىسى، سۆيۈملۈك رەپىقىسى ئايىمخانىنىڭ «ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كېلىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلا، بىرەر - ئىككى ھەپتە ئارام ئالسىلا» دېيىشىگە باقماي، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ بىرەر ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەي ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا تەييارلىق قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇكىلىرىدىن ئابدۇجاپپار، توختىخان، پاتىمە، مەريەمخان، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىدىن ئابدۇراخمان شامەرەم، سىراجىدىن زۇپەر قاتارلىق ئون نەچچە بالىنى ئوقۇشقا تەشكىللىدى. كېيىنچە شائىر كىچىك ئۇكىلىرىدىن ئابدۇساتتار، خېلىچىخانلارنىمۇ ئوقۇشقا جەلپ قىلدى. ئۇ ئۆز ھويلىسىدىكى چوڭراق بىر ئۆينى ئاجرىتىپ سىنىپ قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان يېڭىشەھەردە ئاچقان تۇنجى مەكتەپ ئىدى. ئۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئانا تىل، ھېساب دەرسلىرىنى تەسىس قىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كەلگەن تاتارچە ئېلىپبە، ھېساب دەرسلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ دەرسلىك تۈزدى. ئوقۇيدىغانلار سانى ئون نەچچىگە يېتىپ قالغاچقا، يېشى چوڭراق بالىلارنى بىر گۇرۇپپا، يېشى كىچىكرەك بالىلارنى يەنە بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىدى. ھەر كۈنى

بىر سائەت ئانا تىل دەرسى، بىر سائەت ھېساب دەرسى ئۆتۈلەتتى. ئۆز شاگىرتلىرىغا نىسبەتەن قاتتىق تەلەپچان بولغان بۇ ئۇستاز بىر نەچچە ماددىلىق سىنىپ تەرتىپى، دەرس ئىنتىزامى تۈزۈپ چىققانىدى. ئۇ شاگىرتلىرىدىن ئۇنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۆزىمۇ ھەر سائەتلىك دەرسكە پۇختا تەييارلىق قىلاتتى. ئۇ ھەر بىر دەرسنى شاگىرتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، قىزىقىشى ۋە ھەۋەس، ئىنتىلىشلىرىگە ئاساسەن ئەمەلىي ھەم قىزىقارلىق سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭا بۇ سىنىپ شاگىرتلارنى خۇددى گۈلزارلىق باغقا تەشنا بۇلبۇللار گۈلزارلىق باغدىن ئەگىپ كېتەلمىگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. باللار ھەر كۈنلۈكى مۇقىم بەلگىلەنگەن دەرس قەرەلىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى، سۆيۈملۈك ئۇستازىنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق، چوڭقۇر مەنىلىك، يېڭى - يېڭى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىلىم - پەن دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ئىلىمدىن ئوزۇق ئېلىشقا تەقەززا ئىدى. ئۇلار ئۆز ئۇستازىنى كۆرگەنلىرىدە چوڭقۇر ھۆرمەت، قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇ سۆزلىگەن ھەر بىر دەرسنى پۇختا بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. باللار ئىككى سائەت دەرسنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئۇستازى بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ، تۇگەتمىگۈچە جوزىنىڭ ئالدىدىن قوپمايتتى. تەلەپچان ئۇستاز ھەر كۈنى كەچتە شاگىرتلىرى بولغان ئۆيلەرگە كىرىپ تاپشۇرۇق ئىشلەش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جاپالىق ئەجرى مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئاي - يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ خەت - ساۋاتى چىقىپ، ئوقۇش، يېزىشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدى. بۇ ئىش جاھالەتنىڭ چىرىك، قارا پەردىسى بىلەن ئورىلىپ قاراڭغۇ تۈنگە ئوخشاپ قالغان كونا تۇرپاندا بولۇت - تۇمانلارنى يېرىپ ھەيۋەتلىك چاقنىغان چاقماقتەك زور زىلزىلە پەيدا قىلدى.

1928 - يىلى 7 - ئايدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىنچى ئىنىسى ئابدۇجاپپارنى ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن بىلەن بىرگە ناھايىتى چوڭ ئۈمىد بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم - مەرىپەت مەركىزى سانالغان تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئۇزىتىپ قويىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىچىكلەر ئۆستى، باللار چوڭ بولدى. ئۇلارنىڭ بېسىمى كۆپەيدى. بۇ چاغدا شائىرنىڭ چوڭ سىڭلىسى توختىخان رەسىدە بولۇپ قالغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنىڭغا قارىماي توختىخاننى داۋاملىق دەرسكە قاتناشتۇرۇپ ئوقۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كۈندىلىك دەرس باشلاش ۋاقتى توشۇشقا ئاز قالغاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىنچى قەۋەتتىكى خاس خانىسىدىن پەسكە — ھويلىغا چۈشۈپ كېلىۋاتقاندا، ھويلىدا تۇرغان توختىخان ئاكىسىنى كۆرۈپ يۈگۈرگەن پېتى سىنىپقا كىرىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە دەرۋازىدىن ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتقان ئابدۇراخمان مەخسۇم قىزى توختىخاننىڭ سىنىپقا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ھويلىغا كىرگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ سىنىپ تەرەپكە ماڭغانىدى.

— ئابدۇخالىق، توختاپ تۇرغىنچۇ، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم ئوغلىغا قاراپ قولىنى سىلكىپ شەرەت بىلەن.

شائىر ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى چوڭ قىزى توختىخاننى ئەمدى ئوقۇشتىن توختىتىشنى ئوغلىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ مۇشۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ ۋەزمىن ئاھاڭ بىلەن بۇيرۇق تەرزدە دېدى:

— ئابدۇخالىق، سەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، سىڭلىڭ توختىخان رەسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان ئوقۇپ خەت - ساۋاتى چىقىپ كۆزى ئېچىلدى. قىز بالا دېگەنگە شۇمۇ

ناھايىتى چوڭ گەپ. ئەمدى ئوقۇمىسۇن! بولدى بەس! ئەمدى ئۇ ئاپىسىدىن ئۆي ئىشىنى ئۆگەنسۇن.

بۇ چاغدا يېڭىلا چوڭ ئۆيدىن چىققان ئابدۇساتتار بىلەن بۇۋىخەلچەم ئاتىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پىخىلداپ كۈلۈشۈپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇ ئىككىسىگە شەرەت قىلىۋىدى، ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ سىنىپقا كىرىپ كېتىشتى. شائىر سائىتىگە قاراپ دەرس باشلاش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، بۇ يەردە ئاتىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئوقۇشى توغرىسىدا سۆزلىشىشنى ئەپسىز ھېس قىلىپ، مۇلايىمغىنا ئاھاڭدا:

— دەرس ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، گەپ بولسا كەچتە سۆزلەشسەكمىكىن، — دېدى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئۇنچىقماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سىنىپقا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئانا تىلدىن دەرس ئۆتۈپ بولۇپ دەرس ئاخىرىدا شاگىرتلىرىغا، ئىنسان ئۈچۈن بىلىمنىڭ نان بىلەن سۇغا ئوخشاشلا زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بالا بولسۇن، ھەر قانداق ئادەم كىچىكىدىنلا مەكتەپتە ئوقۇپ ئىلىم - پەن ئىگىلەش كېرەك. ئادەم بىلىملىك بولغانغا يەتمەيدۇ، ئىلىم - پەن قارىغۇلۇقنىڭ داۋاسى. ھازىر دۇنيادا تەرەققىي تاپقان ئەللەردە خەق ئايروپىلان ياساپ ھاۋادا لاچىندەك ئۇچماقتا، پاراخوت ياساپ دېڭىزدا بېلىقتەك ئۈزمەكتە. بىزچۇ؟ بىزدە ئىلىم - پەننىڭ ئورنىنى نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىگىلەپ كەتكەچكە، مىنىشكە بىر قوتۇر ئېشەككىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتىمىز. بىز باشقا مىللەتلەردىن نەچچە يۈز يىل كېيىن قالدۇق. ئۇكىلىرىم، ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلاركى، دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولمىسا، ئۇ قۇرۇپ قېلىپ كۆكلىيەلمەيدۇ، ئىلىم - پەندىن بىخەۋەر ئادەم قوۋزاقسىز دەرەخكە ئوخشاش، ئۇ روناق تاپالمايدۇ.

# چاتقالدىكى يېڭى باغ

1926 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۈگۈن چاتقالدىكى يېڭى باغنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە ئۆيىدىن چىقتى. ئۇ ئاتلىق كېلىۋېتىپ ئەسلىدى:

تۇرپاننىڭ چاتقال يېزىسىدا «كاتتا كارىز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كارىز بار ئىدى. بۇ كارىز مىجىت ھاجىغا قاراشلىق بولغاچقا، دېھقانلار ئۇنى «مىجىت ھاجىنىڭ كارىزى» دېيىشەتتى.

1922 ـ يىلى كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن بۇ كارىزغا باردى. كارىز كۆلىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە تېرىلغۇ يەر بىلەن تۇتاش بىر پارچە ئېگىز ـ پەس بىنەم يەر بار ئىدى. مەھەللىگە يېقىنلىشىپ قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئويمان ـ دۆڭ بىنەمنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ ئىشنى ئويلىغان، بىراق ئاغزىدىن چىقارمىغانىدى. مىجىت ھاجى نەۋرىسىنىڭ ئات ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ «ئۇنىڭ ئىلھامى كېلىپ بىرەر نەزمە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتسا كېرەك» دەپ ئۈنچىقمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىدا كېتىۋاتقان چوڭ دادىسىنى چاقىرىپ توختاتتى. مىجىت ھاجى كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھە، نېمە گەپ ئۇزى؟ — دېدى.

— دادا، مەن بىر ياخشى ئىش قىلدىنىمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى شائىر ئېتىنى دېۋىتىپ چوڭ دادىسىغا يېتىشىۋېلىپ.

— ھە، نېمە ياخشى ئىش؟ — مىجىت ھاجى قىزىقىپ

سورىدى.

— بىز خەقلەر قىلمىغان بىر ئىشنى قىلىنىمىكىن دەيمەن، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ بولىسىمۇ، بۇ ئېگىز - پەس بىنەم يەرنى تۈزلەپ بىر چوڭ باغ بىنا قىلساق، پۈتۈن چاتقال تەۋەسىدە چوڭراق باغ يوق. بىز بۇ يەرگە باغ بىنا قىلساق، ئىشلەپ ھارغان ئادەملەر باغقا كىرىپ ئارام ئېلىپ ئىستىراھەت قىلسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

مىجىت ھاجى نەۋرىسىنىڭ گېپىنى ئويلاپ دەڭسەپ كۆرۈپ ئۇنى ماقۇل تاپتى، ئۇ:

— بۇ يەرگە باغ بىنا قىلساق تازا ياخشى بولىدۇ. ھازىر، سوغۇق چۈشۈپ يەر توڭلاشقا بىرەر ئاي ئۆپچۆرىسىدە ۋاقىت بار، شۇنىڭغىچە باغ بىنا قىلىدىغان بۇ يەرنى تۈزلەپ، ئۇنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈۋالساق بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ يەر قانچە مو كېلەر؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

مىجىت ھاجى بىنەمنى كۆز مۆلچىرى بىلەن ھېسابلاپ چىقىپ دېدى:

— ئالاھازەل بىرەر يۈز مودەك كېلۈرمىكىن، ئەگەر بۇ يەرگە باغ بىنا قىلساق، قانداق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىمىز؟ بۇنى مەھەللىگە كىرىپ چوڭ ئاتىڭىز ھەسەن ئاخۇنلار بىلەن ئەقىللىشەيلى.

ئۇلار مەھەللە ئىچىگە كىردى. ئۇلارنى شائىرنىڭ تاغىسى ھەسەنھاجى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مىجىت ھاجى داستىخان ئۈستىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ باياتىن دېگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ساھىبخانىغا ئېيتىۋىدى، ساھىبخانا ھەسەنھاجى شائىرنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ قىزغىن قوللىدى.

شۇ كۈنلا، باغ بىنا قىلىشنىڭ تەييارلىقى باشلاندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە بولدى. بىر ئاينىڭ ئىچىدە ئويمان - دۆڭ بىنەم تۈزلىنىپ بىرەر يۈز مودەك يەر ئېچىلدى.

ئۇنىڭ يېرىمى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇزۇن ـ قىسقا، چوڭ ـ كىچىك ئېرىقلار ئېلىنىپ سۇغىرىلىپ توڭ ياتقۇزۇلدى.

1923 ـ يىلى باھاردا بۇ باغقا ئۈرۈك، نەشپۈت، يېمىش، ناك، شاپتۇل، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلىك كۆچەتلەر بۇيلۇق، قاراغۇجا، ئاستانە، لۈكچۈنلەردىن ئېلىپ كېلىنىپ ھەر قايسىسى ئۆز تۈرى بويىچە رەتلىك تىكىلدى. بۇ يېڭى باغقا قاراپ پەرۋىش قىلىشقا مەخسۇس باغۋەن قويۇلدى. شۇ يىلى ئابدۇخالىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بۇ باغقا ئالايىتەن كېلىپ باغۋەنلەرگە يېڭى قويۇلغان كۆچەتلەرنى چوقۇم ئۆتقۇزۇپ ياخشى پەرۋىش قىلىشنى تاپىلىدى...

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. باغۋەنلەرنىڭ تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر سىڭدۇرۇشى بىلەن، بۇ يېڭى باغقا قويۇلغان كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئالدى تېخى بىرەر ـ ئىككى تالدىن مېۋىگىمۇ كىرگەنىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان باغنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشىگە، ئەتراپتا ئويناپ يۈرگەن دېھقان باللىرى چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. باللارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تاغىسى ھەسەنھاجىنىڭ ئون بىر ياشلىق ئوغلى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ توققۇز ياشلىق ئۇكىسى ياقۇپ «ئابدۇخالىق ئاكام كەپتۇ» دەپ يېقىن كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىككى بالىغا شاكىلات بەردى. ئىبراھىم خۇددى چوڭ كىشىلەردەك، شائىرنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى. ياقۇپ ئات يۇيۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ:

— كىچىك ئاتا، ئاتلىرىنى كۆلگە ئاپىرىپ سۇغا پىشىمىز، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتقا بىر قارىۋېتىپ:

— بىردەم توختاپ ئاندىن سۇغا پىشىڭلار، ئاتنى بىردەم

يېتىلەپ ماڭدۇرساڭلار تەرى قۇرۇيدۇ، — دېدى.

ئۇ بالىلارغا شۇنداق دەپ بولۇپ باغنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. باغنىڭ ئىشىكى يېنىغا بىر موزايلىق ئىنەك باغلاقلىق تۇراتتى. ئۇ ئاتنى يېتىلەپ كەينىدىن كەلگەن ئىبراھىمدىن سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ كالىسى؟

— گاجىت ئاكىنىڭ.

— ئۇ نېمىشقا كالىسىنى بۇ يەرگە باغلاپ قويۇپتۇ؟

— گاجىت ئاكا «بۇ كالىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىمەن» دەۋاتقان، تايىن ئۇ باغقا كىرىپ كەتكەندۇ.

ئىبراھىم شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا باغنىڭ ئىشكى ئىچىلىپ پېشقەدەم دېھقان گاجىت ئاخۇن چىقتى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرۈپ خۇددى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقىنىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ئۆزلە بىلەنمۇ دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولىدىكەن خۇدايىم، بىر نەچچە يىللار بولۇپ قالدىغۇ ئېيتۇر، ئۆزلەنى كۆرمىگىلى، رەسىيگە① بېرىپ كەلدىلىغۇ دەيمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گاجىت ئاخۇن بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ئۇ يەردىن تېخى يېڭىلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئىككىيلەن شۇ يوسۇندا بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن گاجىت ئاخۇن كالىسىنى باغلاقتىن يېشىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كالىنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى سورىدى.

گاجىت ئاخۇن جاۋاب بېرىپ دېدى:

— بازارغا ئاپىرىپ ساتىمەن، مۇشۇ يېقىندا چوڭ ئوغلۇم ماجىتنى ئۆيلىمەكچىدىم. تويغا لازىملىق رەخت - پىچەككە قولۇم

① رەسىي — رۇسىيىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

قىسقىلىق قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ كالىنى سېتىپ بىرەر پۇل قىلسام، ئۇ پۇلغا رەخت - پىچەك ئالىمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ كالىنى بازارغا ئاپارسىلا، ئالغۇچىلار ئەرزان تىلەيدۇ. بۇنىڭ پۇلى بىلەن ئېھتىياجلىرى قانماس. مۇنداق بولسۇن: مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، ئۇزلە خەتنى ئېلىپ بازارغا كىرىپ بىزنىڭ دۇكاندىن تويغا لازىملىق گەزمال، قەنت - گېزەكتىن تارتىپ ھەممىنى ئالسىلا، ئىنەك بىزگە قالغاي.

بۇ مەسلىھەت گاجىت ئاخۇنغا ياغدەك ياقتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يانچۇقىدىن قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ بىر ۋاراقنى يىرتتى - دە، خەت يېزىپ گاجىت ئاخۇنغا بەردى. گاجىت ئاخۇن شۇ كۈنىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە باردى. ئۇ يېڭىشەھەر رەستىدىن مىجىت ھاجىنىڭ دۇكىنىنى تاپتى - دە، پىركازچىكقا خەتنى بەردى. پىركازچىك ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېزىپ بەرگەن خەتكە ئاساسەن، گاجىت ئاكىنىڭ «ئالىمەن» دېگەن گەزمال، لازىمەتلىكلىرىنى بەردى. خورجۇنىنى مال بىلەن لىق تولدۇرغان گاجىت ئاخۇن ئېشىكىنى مىنىپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتتى.

# خانىنىڭ تۇرمۇشى

1927 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن خاس خانىسىغا كىرىپ كېتىپ تاكى كەچقۇرۇنغىچە ئۆيىدىن تالاغا چىقمىدى، ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە، شائىر ئىشخانىسىدا ئىجادىيەت ياكى كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىرەر ئىش يۈز بەرمىسىلا ئۇنى ھېچكىم چاقىرماس ۋە ئىشخانىسىغا قەدەم باسماس ئىدى.

نىيازخان دېگەر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ھويلىغا چىقىپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى خاس ئۆيگە نەزەر تاشلاپ چوڭ بىر نەپەس ئالدى - دە، بېشىنى چايقاپ، چىڭ يېپىلغان ئىشىككە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى: «بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟ بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، بۈرناكۈنمۇ، تۈنۈگۈنمۇ ئاشۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ تالا - تۈزگە چىقمايمۇ دېمەيدىغۇ، خۇدايىم توۋا، كىتاب ئوقۇسىمۇ ئۇنداقمۇ بېسىق ئوقۇمدۇ؟ كۆزى تېلىپمۇ قالۇر، خەت يازسىمۇزە، ئۇنداقمۇ توختىماي يازامدۇ؟ قولى ئاغرىپ قالۇر، بالامنىڭ يە بىر يېرى ئاغرىپ قېلىپ ياتامدىغاندۇ؟ شۇ بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن، خۇدايىم ...» مېھرىبان ئانا ئەنە شۇلارنى ئويلاپ بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە ئالدىرايتتىيۇ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرىشكە ئوڭايسىزلىناتتى. دەل شۇ چاغدا، ھۇجرىدىن ئايىمخان چىقتى. نىيازخان ئايلا كېلىننى كۆرۈپ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئىرغىتىپ

تاشلىغاندەك ئۆزىنى خېلى يەنگىل ھېس قىلدى ـ دە:

— ھەي، ئاي خېنىم! ئابدۇخالىقتا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

قېينانىسىنىڭ بۇ سوئالىدىن ئايىمخان ھەيران بولۇپ:

— بىرەر ئىش بولغاندەك ئەمەسقۇ، ساپساقلا، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن كۆلۈمسىرىگىنىچە.

— ئۇ تالا ـ تۈزگە چىقىپمۇ باقمىغاندىكىن، كېسەل بولۇپ ئاغرىپ يېتىپ قالدىمىكىن دەپتىمەن خۇدايىم، — دېدى نىيازخان ئايلا، — قىلمىغان خىيالىم قالمىدى، بىر ياقتا كېتىپ قالدىمىكىن دېسەم، دەرۋازىدىن چىققانلىقىنى كۆرمىدۇق، ئاتمۇ ئېغىلدا تۇرىدۇ.

— ھېچنەگە بارمىدى، كېچىچە ئۇخلىماي شېئىر يازدى، — دېدى ئايىمخان ئويماقتەك ئاغزىنى پۈرۈپ، ساغرىسىغا چۈشكەن توم قارا چېچىنى ئويناپ تۇرۇپ.

— ھە، كېچىچە شېئىر يازغان بولسا ھازىر ئۇخلاۋاتامدۇ ـ يە؟

— ھى ـ ھى ـ ھى! — قېينانىسىنىڭ بۇ گېپى كېلىنىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى، — ۋاي ئانا نېمە دېگەنلىرى ئۇ، مىجەز ـ خۇلقىنى بىلمەيدىغاندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىلاغۇ، ئۇ بەزىدە پۈتۈن ـ پۈتۈن كېچىلەرنى شېئىر يېزىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان تۇرسا، تېخى يېقىندىلا ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىدىلاغۇ «بىر مىنۇت ۋاقىت بىر جىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك» دېگەن گېپىنى. كېچىسى ئۇخلىماي شېئىر يازىدىغان ئادەمزە كۈندۈزى ئۇخلارمۇ؟

— بولمىسا، ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟

— شېئىر يېزىۋاتىدىغاندۇ، ئۇ كىشى: «ئىلھام كەلگەندە دەرھال پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېزىۋەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ، ئاش- تاماقىمۇ قارىمايدۇ.

نىيازخان ئايلا لېچىكنىڭ ئۈچىنى غىجىملاپ تۇتقىنىچە ئـويلـىنىـپ قـالـدى ـ دە كېلىنىگە بۇيرۇدى:

— ئىسسىق بىر چەينەك چاي دەملەپ چىقسىلا!

ئايىمخان لەرزان مېڭىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى ـ دە، كۆپ هايال قىلماي، قورسىقىدىكى چوغدەك يېنىپ تۇرغان قىزىل گۇل جۇلالىنىپ ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنىدىغان چىنە چەينەككە چاي دەملەپ چىقتى.

— ئەكەلسـىـلـە، چەينەكنـىـى ماڭا بەرسـىـلـە، قـىـزىـم، ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا ئۆزۈم چىقىپ نېمە قىلىۋاتقىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي، ئىلهام دېگـەن قانـداق كېلـىـدىـغـان نېمىكىن ئۇ، — نىيازخان ئايلا شۇنداق دەپ كېلىنىنىڭ قولىدىن چەينەكنى ئېلىپ هويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككـىـنچـى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيىنىڭ تاغاق ياغىچىنى تۇتتى ـ دە:

— ياپىرىم، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپ يۇقىرىغا چىقىشقا پەلەمپەيىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى دەسسىدى. ئۇنىڭ ئايـىـغـى ئاستىدىكى تاختاي غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ بىر قولـىـدا چەينەك كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن پەلەمپەيىنىڭ يان تاغاق ياغىچىنى تۇتۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىققۇچە يۈرىكى سېلىپ هاسىراپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ خانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر پەس تۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋېلىپ «ئىم!» قىلىپ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا ئۇستەلنىڭ چېتىدە تۇرغان بىر تاۋاق پولۇغا كۆزى چۈشتى. پولۇ ئازراقمۇ يېيىلمىگەن، ئۇستـىـگە بېسىلغان گۆشمۇ شۇ پېتى تۇراتتى. بۇ چۈشتە ئېتىلگەن پولۇ ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇستەلدىكى قەغەزگە ئېڭىشىپ، پۈتۈن زېهنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاچقا، ئانىسىنىڭ كىرگىنىنى تۇيمىدى. نىيازخان ئوغلىنىڭ مەشغۇلاتىغا بىردەم قاراپ تۇردى. شائىرنىڭ تەۋەررۈك قولىدىكى قەلەم ئاق قەغەز ئۈستىدە ناهايىتى راۋان، يەڭگىل يورغىلاپ بـىـردەمدىلا

خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجانلەك چىرايلىق، رەڭلىك مىسرالارنى ھاسىل قىلاتتى. ئانا ئوغلىنىڭ قۇندۇزدەك قارا چېچىغا، كەڭ پېشانىسىدە ئۇنچىدەك پارقىراپ تۇرغان تەرىگە قاراپ تۇرۇپ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى ـ دە، «ئۇھ ـ ھۇ!» دەپ يۆتەلدى. پەقەت شۇ چاغدىلا خانىسىغا ئانىسىنىڭ كىرگىنىنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلىمىنى قويۇپ يېزىشتىن توختىدى. ئۇ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇستەلنىڭ چېتىدە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئانىسىنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھە، ئۆزلىرى چىققانمىدىلە، كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — دەپ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويدى.

نىيازخان ئايلا ئوغلى يېمىگەن پولۇ بار تاۋاقنىڭ يېنىدىكى پىيالىنى ئېلىپ چاي بىلەن چايقىۋېتىپ قىزىق چايدىن قۇيۇپ ئوغلىغا ئۇزاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسى ئۇزاتقان پىيالىنى ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلاپ:

— رەھمەت، ئەجەب تەملىك چايكىنا بۇ، — دېدى ھۇزۇرلانغان ھالدا.

— ئىچسىلە، بەتتە پولۇ ئاغزىلىرىغا تېتىماي، سىنچاي تېتىغان بولسا، ئۇسسۇزلۇقلىرى قانغۇدەك ئىچسىلە، — دېدى نىيازخان ئايلا.

— پولۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قورسىقىنىڭ راسا ئېچىپ ئۈچەيلىرىنىڭ تارتىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇستەلدىكى ئاشقا نەزەر سېلىپ، — ماڭا پولۇمۇ ئەپچىقىپتىلا ـ دە! بىر قوللىرىدا چەينەك، بىر قوللىرىدا تاۋاقنى كۆتۈرۈپ قانداق چىقتىلا، ھاي دەۋەتسىلە، ئېلىۋالمامدىم.

— ھى ـ ھى ـ ھى! — خاپىچىلىقى تۇتۇپ قالغان نىيازخان ئايلا كۈلۈۋەتتى ۋە تامىقىنى «چىك ـ چىك» قىلىپ چېكىلدىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ پولۇنىچۇ، چۈشتە ئەتكەن، چۈشتە ئاي خېنىم

ئەپچىقىپ بەرگەنغۇ، تۇيماپتىلا ـ دە. ھەي ئابدۇخالىق، ئىلھام دېگەن مۇشۇنداق كېلىدىغان بىر نېمىمۇ ئۇ، قارىنىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلەلمەي قالىدىغان؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسىنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن مېھرىبانلىق نۇرلىرى يېغىــــپ تۇرغان يوغان، تۇرۇكرەك كەلگەن كۆزىگە نېمىشقىدۇ ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلغان ھالدا قاراپ قويۇپ مىيىقىدا كۈلدى ـ دە، ئۈنچىقمىدى. نىيازخان ئايلا بېشىنى چايقىغان پېتى دېدى:

—نېمانچىلا تالماس قول، ھارماس بەدەنىدۇ ئۇ، خۇدايىم، ھــەي گـۇۋال[1] ، ھەي گۇۋال، سادىر سوقان جان بولمىغاندى. كىن، يازسىلامۇ، ئوقۇسىلامۇ يەپ ـ ئىچىپ، دەم ئېلىپ قىلسىلا بولۇر، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاغرىققا چېقىلىپ قالۇرمىكىن دەپ غەم يەپلا يۈرۈيدىغان بوپقالدۇق.

— خاتىرجەم بولۇشسىلا ئاق ئايلا[2] ، — دېدى شائىــــر پىيالىدىكى چايدىن ئوتلاۋېتىپ.

— ئابدۇخالىق، مۇشۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كېچەمۇ كۈندۈز كىتاب، قەغەز ـ قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ زېرىكىپمۇ قالۇردىلا، ھېــي، مــۇشــۇمــۇ كــۈنمــۇ ـ ھە؟ ئۆزلەمۇ باشقا بايۋەچچىلەرگە ئوخشاش كوچا ـ كويلارغا چىقىپ، بازار چۆرگىلەپ، ئويناپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلسـىــــلە بولمامدۇ؟ ھەي گۇۋال، ھەي گۇۋال.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغـۇر ئـورنىدىن تـۇرۇپ كـەتتـى ـ دە، قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۆينىڭ تۆرىدىكى دېرىزە

---

[1] گۇۋال — «بىچارە» سۆزىنىڭ تۇرپان شېۋىسىدە ئېيتىلىشى.

[2] ئاق ئايلا — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىچىكىدىن چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئالدىدا ئۆسكەچكە، ئانىسى نىيازخانىنـــى «ئـاق ئـايـلا» دەيــتتى.

ئالدىغا بىرىپ يىراقتىكى ئاقۋاش چوققىلىق تەڭرىتاغلىرىغا نەزەر تاشلاپ بىر پەس تۇرغاندىن كىيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئانىسىغا قاراپ:

— بىر بىيىت ئاڭلاپ باقامىلا، — دىدى كۈلۈمسىرەپ.

نىيازخان ئايلا بىشىنى لىڭشىتىپ ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىۋىدى، ئۇ تەسىرلىك ئاھاڭدا ئوقۇدى:

مەن زىرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مىنىڭ،
ئىيتىڭىزچۇ، ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.

نىيازخان ئايلا ئوغلىنىڭ چىرايىدا نامايان بولۇۋاتقان قەتئىيلىك، جەسۇرانە شىجائەت ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا دىدى:

— توۋا خۇدايىم، بۇ شۇنداق ئىشمۇ؟ ئۇزلىرى كىتاب ئوقۇپ، نەزمە پۈتۈپ يۈرگەنلىرىنى خاننىڭ تۇرمۇشى بىلەن تەڭ كۆرگەن بولسىلا، بوپتۇ، بۇنىسىنى بىز بىلمەپتىمىز، بىكارلا گاشات قىلىپ يۈرۈپتىمىز، بوپتۇ، ئۇزلىرى ئۇ ئۆيدە خاننىڭ كۆڭلىنى كۆرۈۋەرسىلە. دىگەنبىلەن يىيىش - ئىچىشنى قولدىن بەرمىسىلە، تەرەپپالا[1] ئاغرىق - سىلاق بوپقالسىلا قانداق بولۇر؟

— خاتىرجەم بولۇشسىلا، — دىدى شائىر سەمىمي ھالدا.

نىيازخان ئايلا ئۇستەلنىڭ گىرۋىكىنى تايىنىپ «ياپىرىمەدىن مەدەت!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ مىڭىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھازىر نارىن چۈپ تەييار بولىدۇ، بۇرۇننىنى ئۇزلەگە ئەپچىقىپ بەرسۇن، چۇشلۇك غىزا بىلەن كەچلىكنى بىر يەيدىغان بولىدىلا - دە، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

---

① تەرەپپالا — تويۇقسىزلا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسىنىڭ كەينىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى ـ دە، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەندىن بېرى تىنىمسىز هالدا يېزىپ، يالقۇنلۇق هېسسىياتقا تولغان، ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك مىسرالار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن ۋاراقلارنى بىر ـ بىرلەپ رەتلەشكە باشلىدى. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي پەلەمپەيدىن يەڭگىل چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى شائىرنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇ قولىدىكى قەغەزنى ئۈستەلگە رەتلىك تاشلاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك يوغان ئېچىلىپ، قولىدا نارىن چۆپ ئۇسۇلغان چىرايلىق تاۋاقنى كۆتۈرۈپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئايىمخان كىرىپ كەلدى.

# ئالتۇن ئاچقۇچ

ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى، ھېسامىددىن زۇپەر، ئەكبەرخان، ھەبىبۇللا ئەپەندى، يۇنۇسبەگ، تۆمۈر جىساھاجى، ئابدۇپەتتار ۋەلىيوپ، پولاتباي، ئەنەيتۇللالار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە چاي ئىچىپ، مېۋە - چېۋە يېيىشىپ، تازا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن نەمەت خەلپەت كىرىپ كېلىشتى.

بۇ ئىككى مۆتىۋەر زاتنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى ساھىبخانا ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ئىش بولدى. قىزغىن سالام - سەھەت، كۆرۈشۈشلەردىن كېيىن، يېڭى كىرگەن ئىككى مېھمان مۇناسىپ ئورۇنغا — تۆرگە چىقىرىلدى. قايتىدىن داستىخان سېلىنىپ ھەر خىل نازۇ نېمەت، مېۋە - چېۋىلەر كەلتۈرۈلدى، ئاش مانتۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن قىزىق چاي، ئاندىن ۋالىلداپ تۇرغان سېرىق مىس لېگەنلەردە دورا - دەرمانلىرىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋېتىدىغان كاۋاپ ئېلىپ كېلىندى.

غىزا يېيىلىپ دۇئا قىلىندى، داستىخان يىغىشتۇرۇلدى.

— ھەممىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېتىمىز، — دېدى ئەنەيتۇللا شائىرغا مۇلايىملىق بىلەن ئىلتىجا قىلىپ، — كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئۈچ يىل ئىچىدە دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدا كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇدى، كىنو - تىياتىرخانىلىرىغا بېرىپ كىنو - تىياتىر كۆردى، يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل مەزگىللىرىدە موسكۋادىن چىقىپ، لېنىنگراد، كېيىۋ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ سەيلە - ساياھەت قىلدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سەمەرقەند شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نەمۇنىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. خۇددى قاپقاراڭغۇ كېچىدە نىشانىدىن ئادىشىپ، ماڭىدىغان يولىنى تاپالمىغان يولۇچى بىردىنلا كۆرۈنۈپ قالغان قۇتۇپ يۇلتۇزىغا قاراپ ماڭىدىغان يولىنى تېپىپ غەيرەتكە كەلگەندەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇردا كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچ تۇغۇلۇپ، ئۆزىنى گويا كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك ھېس قىلدى. كۆپ ھاللاردا رېئاللىق ئۈمىد ۋە گۈزەل ئارزۇنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. يالقۇنلۇق قەلبى جۇشقۇن ئىنتىلىشلەرگە تولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە دۇنيادا ئالغا كەتكەن ئىلغار مىللەتلەرنىڭ سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ۋىجدانى ئىنتايىن قاتتىق ئازابلاندى. يۈرىكى سىقىلدى. ھەر دائىم جەسۇرلۇق، مەردلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە ئاچچىق، ئەلەملىك ياشلار كەلدى. تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئۇنى تەربىيىلىدى. ئۇ ئۆزى كۆرگەن رېئاللىقتىن نېمە قىلىش ۋە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالدى. ئۇ ئىلىم - پەننىڭ نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەتنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ ياتقان خەلقنى ئويغاتقۇچى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ، يېڭىلمەس قورال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئىلغار مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا

بىر قانچە ئەسىر، بىر نەچچە تارىخىي دەۋر كېيىن قالغان ئۆز خەلقىنىڭ خۇددى كۆزىنى ئېتىپ قويۇپ جۇۋازغا قوشۇپ بىر دائىرىنى تىنماي چۆرگىلەشكە مەجبۇر قىلىنغان كالىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئوقۇشنى توگىتىپ، تېزرەك ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشقا تەقەززا بولدى ...

— ئۆتكەن يىل موسكۋادا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — يازلىق تەتىلدە لېنىنگرادقا باردىم. لېنىنگراد رۇسىيە بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر. مەن لېنىنگرادنى بىر ھەپتە ئايلاندىم. بىر كۈنى داڭلىق ئېرمىتاژ مۇزېيخانىسىغا كىردىم، مۇزېيخانىدا رۇس ئارخېئولوگلىرىنىڭ 1910 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن، ئۇزاق قەدىمىي تارىختىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تەۋەررۇك قالغان يادىكارلىق بۇيۇملارنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزۈمنى ناھايىتى تەستە تۇتۇۋالدىم. ئاتا - بوۋىلىرىمىز تارىختا دۇنيادا شۆھرەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ، بۇنىڭدىن مىڭ ئۈچ يۈز يىل بۇرۇنلا باسما زاۋۇتى قۇرۇپ كۆپ كىتابلارنى نەشر قىلغانىكەن. مەن قاراغوجا ئاستانىدىكى ئەششانى[1] پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت پادىشاھى ئارسلان تېگىن زامانىسىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن بېسىپ چىقىرىلغان كىتابلارنىڭ پارچىلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئاتا - بوۋىلار روھى ئالدىدا ناھايىتى بەك قورۇنۇدۇم، خىجالەتتە قالدىم. ۋىجدانىم ئازابلاندى ... چۈنكى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىڭ ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن قىلىپ بولغان ئىشلارنى، مىڭ كەررە ئەپسۇسكى، بىز ھازىرقى كۈندە قىلالمىساق، بۇنىڭغا بىزدە ئىمكانىيەت تېپىلمىسا ! ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتتىق ھاياجانلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.

---

[1] ئەششا — يەرلىك خەلق ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى شۇنداق ئاتىشىدۇ.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر:

— قېنى، بۇرادەر، ئىسسىق چاي ئىچسىلە، — دەپ بىر پىيالە چاي تۇتتى.

— ئىنىم ئابدۇخالىق توغرا ئېيتىدۇ، — دەپ ئۇي ئىچىدىكى ھەممەيلەنگەن تەكشى نەزەر سېلىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى مەخسۇت مۇھىتى، — دەرھەقىقەت بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆلچەشتە مەتبەئەچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى بىر ئۆلچەم قىلىنىدۇ. قەدىمكى نام - شۆھرىتىمىزنى ئەسلەپ ھازىرقىغا نەزەر سېلىش بىزنى دېمىسىمۇ قاتتىق ئازابلايدۇ، ئۇياتقا قالدۇرىدۇ. ئەجدادلارغۇ شۇنچىلىك ئىشلارنى قىپتۇ، ئەمدى بىز ئەۋلادلار زادى نېمە قىلدۇق؟

— بىر ئىش قىلساق بولۇردىغۇ، يارەنلەر، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر كۆپچىلىككە قاراپ.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم بار، ئاز - تولا تەييارلىقمۇ قىلغانىدىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

مېھمانلار دىققەتتە بولۇشۇپ «قېنى، ئاڭلاپ باقايلى» دېگەندەك شائىرنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى داۋام قىلدى:

— تاشكەنتتە بىر تونۇش ئاغىنەم ئارقىلىق مەتبەئە ماشىنا - ئۇسكۇنىلىرىنى سۆزلىشىپ قويغانىدىم. تۇرپاندا پات ئارىدا بىر باسما زاۋۇتى قۇرساق، كىتاب بېسىپ تارقاتساق دەيمەن. رۇسلارنىڭ ھەر كۈندىكى يېڭى خەۋەرلەرنى بېسىپ تارقىتىدىغان «گېزىت» دەيدىغان چوڭ بىر تاختا قەغەزنىڭ يوغانلىقىدەك كېلىدىغان نەرسىسى بار. يەنە ئايدا بىر، پەسىلدە بىر بېسىپ تارقىتىدىغان قىرىق - ئەللىك غەرەك كېلىدىغان «ژۇرنال» دەيدىغان كىتابلىرى بار. بىزدە ئۇنداق نەرسىلەر پەقەتلا بولمىسا، ئۆتكەندە

بەي لاۋشى[1] بېيپىڭغا بارغاندا ئالغاچ چىققان «دۇڭفاڭ زاجى» دېگەن كىتاب ئورۇسنىڭ مەن هازىر دەۋاتقان ژۇرنىلىغا ئوخشايدۇ.

— ياخشى گەپ، ئىنىم ئابدۇخالىق سىز باسما زاۋۇت قۇرسىڭىز، مانا مەن هەر تەرەپتىن قوللايمەن، — دېدى مەردانىلىك بىلەن مەخسۇت مۇهىتى مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

— مەنمۇ قوللايمەن ...

— مانا مەن پۇل دېسە پۇل، ئادەم دېسە ئادەم بىلەن ياردەم بېرىشكە تەييار.

— مەنمۇ شۇ.

— ...

مېهمانلارنىڭ هەممىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقلىرىنى ئىزهار قىلىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ بۇنداق قىزغىن قوللىشىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن باسما زاۋۇتنى قانداق قۇرۇشنى خېلى ئۇزاق مەسلىهەتلەشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇزۇنغا قالماي يەتتە يۈز سەر كۆمۈش مەبلەغ توپلىدى. ئۇ رۇسىيىگە ماڭغان كارۋانلارغا تېگىشلىك پۇل بېرىپ تاشكەنتتىكى هېلىقى ئاغىنىسىگە خەت يازدى. 1927 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرلىرىدا باسما زاۋۇتنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى چۆچەككە يېتىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن باسما زاۋۇت قۇرۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ باسما زاۋۇت قۇرماقچى بولۇۋاتقىنىدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان ئامبىلى چىڭ دارىن قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، بۇنى چوڭ بىر ۋەقە سۈپىتىدە ياڭ زېڭشىنغا خەۋەر قىلدى.

---

[1] بەي لاۋشى — بەي ئۇستاز.

ياش زېمىنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، بىراق مۇستەقىل خاقانلىقنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپىدىغان بۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى تەۋرىتىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا دەرھال ئۆز قولى بىلەن تۇرپان ئامبىلى چىڭ دارىنغا خەت يېزىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ باسما زاۋۇت قۇرۇشىغا يول قويۇشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھېلىگەر ياش زېمىن ئۆز خېتىدە: ناۋادا تۇرپاندا باسما زاۋۇت قۇرۇلۇپ قالسا، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقان ئارسلاننىڭ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزلىرىگە چوڭ بالا تېرىيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى يەۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. ياش زېمىنىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، چىڭ دارىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا تۇرپاندا باسما زاۋۇت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۇ چاغدا باسما زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرى چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە ماڭغۇزۇۋېتىلگەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چىڭ دارىن بىلەن ياش زېمىنىنىڭ يېزىشقان خەتلىرىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئۆزى بىۋاستە ياش زېمىنغا خەت يېزىپ تۇرپاندا بىر باسما زاۋۇت قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە «باسما زاۋۇتنىڭ پايدىسى سىزگە بولسۇن» دەپمۇ ئەسكەرتتى. شائىرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ياش زېمىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاپا چېكىپ پۇل توپلاپ چەت ئەلدىن سېتىۋالغان باسما زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ تارتىۋالدى. شائىر ۋە ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىلا ئەمەس، تۇرپاندىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ياش زېمىنغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىشتىن كېيىن دوست - بۇرادەرلىرىگە چەكسىز ئۈمىدۋارلىق بىلەن:

— مەتبەئە، نەشرىياتچىلىق ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بۈيۈك

ئىشىكىنى ئاچمىغان ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ بىرى ئىدى. زالىم ياڭ زېڭشىن بۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى بىزگە تۇتقۇزمىدى. خەپ، توختا! شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، بىزنىڭمۇ ئۆز مەتبەئەيىمىز، ئۆز نەشرىياتىمىز بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئۆزىمىز ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنى نەشر قىلالايمىز، گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا بېسىپ تارقىتالايمىز. بۇ پارلاق كۈنلەر ئۇزاققا قالماي يېتىپ كەلگۈسى، — دېدى.

# مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىش

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ نەشرىيات قۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇمىدسىزلەنمەي، ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئۆز ھويلىسىدا ئاچقان يېڭى مەكتەپ ئاساسىدا بىر مەكتەپ ئاچماقچى بولۇپ، يەتتە يۈز سەر كۈمۈش پۇل چىقىرىپ جىددىي تەييارلىققا كىرىشتى. شائىرنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، تۆمۈر جىساھاجى، يۇنۇسبەگ، ھەببۇللا ئەپەندىلەر قىزغىن قوللىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپ قۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش ئىئانە توپلاندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا پارتا - ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىق ئوقۇتۇش مەنقۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ تۆتىنچى ئايدا نىياز ھاجىنىڭ قورۇسىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا «ئاقارتىش مەكتىپى» دەپ نام بەردى. بۇ مەكتەپكە مۆمىن ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ (كېيىنكى يىللىرى ھەببۇللا ئەپەندى، ئابدۇرازاق ئەپەندى، زۇنۇن تۆمۈرلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى)، يېڭىدىن بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئېلىندى. مەكتەپتە ئانا تىل، ھېساب، ھۆسنخەت، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى. ئانا تىل دەرسىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھېساب، تەنتەربىيە، ھۆسنخەت دەرسلىرىنى مۆمىن ئەپەندى بىلەن ئەنەيتۇللا ئەپەندى ئۆتتى.

بۇ مەكتەپكە دەسلەپكى مەزگىلدە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى، خۇراپاتلىق، نادانلىق،

كونىلىقنىڭ توسقۇنلۇقى تۇپەيلىدىن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئوقۇشقا بەرمەي قاچۇرۇپ يۈردى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يېڭى مەكتەپنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق، يېڭىچە ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى، مېتودلىرى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى. بەزى بالىلار مەكتەپكە ئاتا ـ ئانىلىرىدىن يوشۇرۇنچە كېلىشۋالىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قايىل بولغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئەكېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى جانلىنىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەكتەپ تۇرپاندا ئىلىم ـ مەرىپەت، يېڭىلىق، ئىلغارلىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى تارقىتىپ، نادانلىق، جاھالەتكە قارشى ئوت ئاچىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئايلاندى.

يېڭى مەكتەپ تەسىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ خەۋپ ۋە تەھدىت دەپ بىلگەن جاھىل موللا، ئالدامچى سوپى ـ ئىشانلار ۋە مۇتەئەسسىپ بەگ، بايلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى «يۇرت بۇزار جەدىت» دەپ، يېڭى مەكتەپ بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قاغاپ، ھاقارەتلەشكە باشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى جاھىل، مۇتەئەسسىپ موللا، رىياكار سوپى ـ ئىشانلاردىن تەركىب تاپقان جاھالەتنىڭ ھامىيلىرى بىرلىشىپ «ئاقارتىش مەكتىپى» گە باستۇرۇپ كىرىپ، سىنىپتا دەرس ئۆتۈۋاتقان مۇمىن ئەپەندىنى ھاقارەتلەپ ئۇردى، پارتا ـ ئورۇندۇقلارنى پاچاقلاپ سۇندۇرۇپ، مەكتەپنى ۋەيران قىلدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، تۆمۈر جىسا ھاجى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر باش قوشۇپ مەجلىس ئېچىپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ ئاقارتىش مەكتىپىدە ئوقۇتۇشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى. مۇزاكىرە ئارقىلىق دەرسلەر

تەرتىپكە سېلىندى: ھەپتىدە ئالتە سائەت دىن دەرسى ئۆتۈشمۇ قارار قىلىندى. بۇ تەدبىرلەر جاھىل مۇتەئەسسىپ ئادەت كۈچلىرىنىڭ يېڭى مەكتەپكە بولغان توسقۇنلۇقىنى ۋە قارشىلىقىنى پەسەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بۇ بىر يىل ئىلىم - مەرىپەت بىلەن نادانلىق، يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق كەسكىن كۈرەش قىلغان بىر يىل بولدى. 1928 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جەمئىيەتتە يېڭى مەكتەپكە قارشى تۇرۇش تەتۈر قۇيۇنى يەنە كۆتۈرۈلدى. جاھىل جاھالەت ھامىيلىرى، خۇراپىي كۈچلەر «جەدىت مەكتىپىنى ئۇرۇپ چاقىمىز، بۇزۇپ كۆيدۈرىمىز» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ تەتۈر قۇيۇنغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مۆمىن ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، ھېسامىدىن زۇپەرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ئاخىر يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان باللارنى بىر ئورۇنغا يىغىپ مۇسابىقىگە سېلىپ، ئاۋۋال ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدىن، كېيىن ئانا تىل، ھېساب، ھۆسنخەت دەرسلىرىدىن ئوچۇق ئىمتىھان ئېلىشنى، ئەگەر يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، مەكتەپنى تاقاشنى، ئۆتەلىسە، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

مەسلىھەت بويىچە ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر يېڭى مەدرىسە ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەمدۇللا داموللامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ھەمدۇللا داموللام ياشلىقىدا قەشقەردە، كېيىن قوقەند، بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان، سەمەرقەند، ئوفا، قازان شەھەرلىرىدە بولغان، كۆپنى كۆرگەن تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما بولۇپ، تۇرپاننىڭ ئەئلەمى ئىدى. بۇ زات بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن يېڭى مەدرىسىنىڭ

باش مۇدەررىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئوقۇتۇشتا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرىنى ئىجادىي قوللىنىپ، نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىدا كاتتا شۆھرەت قازانغانىدى.

ھەمدۇللا داموللا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەرنى ئۆز مېھمانخانىسىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. پاتىھەدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كېلىش مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمدۇللا داموللا بۇ تەدبىرگە قوشۇلۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئىسلام دىنىغا يەنىنىڭ زىت كېلىدىغان، يەنگە ئىسلام دىنىنىڭ مۇخالىپ كېلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. بەلكى دىنى ئىسلام يەننى قارشى ئالىدۇ. ئاقارتىش مەكتىپىدە يەننىي دەرسلەر قاتارىدا دىن دەرسىنىڭمۇ ئۆتۈلۈشى ياخشى ئەھۋال. يېڭىچە يەننىي مەكتەپلەرگە قارشى تۇرغۇچىلار دىنى ئىسلامنى چوڭقۇر بىلمەيدىغان نادان، چالا موللىلاردۇر. «چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن مانا شۇ. مەن مۇسابىقە ئىمتىھانى خۇسۇسىدا ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇم بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ھازىرلا ئادەم ماڭغۇزاي.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېلى ھاجىنىڭ پاختا زاۋۇتىنىڭ چوڭ قورۇسىغا يەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇسابىقە ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يىغىلىشتى. قورۇنىڭ تۆت ئەتراپى بۈك ـ باراقسان تاللار، ئاسمانغا بوي سوزۇپ ئۆسكەن تېرەكلەر بىلەن ئورىلىپ تۇرغاچقا، چوڭ سەيناغا كۆن نۇرى چۈشمەيتتى. قورۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئېرىقتا توختىماي سۇ ئېقىپ تۇرغاچقا، تومۇز كۈنلىرىدىمۇ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن ئىدى.

قورۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئېرىق بويىغا چوڭ كارىۋاتتىن تۆتى جۈپلەپ قويۇلۇپ، يېڭى گىلەم، كۆرپىلەر

سېلىنىپ ۋاقىتلىق سەھنە ياسالغانىدى. ئۇ يەردە ھەمدۇللا داموللا، ئابلىمىت قازى، تۆمۈر جىساھاجى، لۈكچۈندىن شەمشىدىن ئاخۇنۇم، لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ۋەكىلى ئىسكەندەر خوجا ۋە يەنە بىر قانچە ئۆلىما، داموللىلار، يۇرت چوڭلىرى ئولتۇرۇشاتتى. سەھنىنىڭ سول تەرىپىگە بىر نەچچە ئۇستەل، ئورۇندۇقلار قاتار قويۇلغان، ئۇ يەردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر، ھەبىبۇللا ئەپەندى، ئەكبەرخان، مۆمىن ئەپەندى، لىتىپ ئەپەندى، نىياز ھاجى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، ئابدۇرازاق ئەپەندى، ئابدۇراخمان قارى، زۇنۇن تۆمۈرى، پولاتباي قاتارلىق ياش زىيالىيلار ۋە بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئولتۇرۇشاتتى. سەينانىڭ ئوڭ تەرىپىدە دىنىي مەكتەپنىڭ، سول تەرىپىدە پەننىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى سەپ بولۇپ ئولتۇردى.

ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىل بەلگىلەپ ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدىن، ئانا تىل، ھېساب دەرسلىرىدىن سوئال چىقىرىشتى. ھەر بىر سوئال ئايرىم ـ ئايرىم قەغەزلەرگە كۆچۈرۈلدى، بۇ باغاقچە قەغەزلەر ۋاقىتلىق سەھنىنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلگە دۆم كۆمتۈرۈپ قويۇلدى. كومىسسىيىلىككە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بەلگىلەندى. داموللىلاردىن بىرى ھەر ئىككى تەرەپتىن تەڭ دېمەتلىك باللاردىن ئۈچتىن ئالتە بالىنى تاللاپ مەيدانغا چىقاردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باللارغا ئۇستەلدىكى باغاقلاردىن خالىغان بىرىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئالتە بالا ئۆزلىرى خالىغان باغاقتىن بىردىن ئالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەر بىر بالىنىڭ قولىدىكى باغاقنى قاراپ ئۇلاردىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

باشلىرىغا سەللىنى يوغان ئوراپ، ئۇستىگە بەقەسەم تونلارنى كىيىپ، غادىيىپ ئولتۇرۇشقان موللىلار گاللىرىنى مەنىلىك ھالدا قىرىشىپ يۆتەلگەن بولۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي مات بولۇشىغا، ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا جەزىم قىلىشتى. دەسلەپتە

مەيداندا پىچىرلاشقان ئاۋازلار كۆچىيىپ كەتكەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ھەممىگە ئاڭلىتىپ بىرىنچى بولۇپ پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قۇرباندىن سوئال سورىغاندا، مەيدان جىمجىت ئۇچىسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاسلىققا چۆمدى.

قۇربان سورالغان سوئالغا توغرا، ئېنىق جاۋاب بەرگەندە، مەيداندا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ تەنتەنە قىلىشتى. دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھازىم ئۆزى ئالغان باغاقچىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئۇزاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باغاقچىدىكى «مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرىزلەر قايسى؟» دېگەن سوئالنى سورىۋىدى، ھازىم ھودۇقۇپ، دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەلمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دىنىي مەكتەپنىڭ قالغان ئىككى ئوقۇغۇچىسىدىن بۇ سوئالنى سورىغانىدى، ئۇلارمۇ تولۇق جاۋاب بېرىشەلمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ سوئالغا بېرىلگەن كەم جاۋابنى پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مىرزەخمەتنىڭ تولۇقلاپ جاۋاب بېرىشىنى ئېلان قىلغاندا، ئون بىر ياشلىق، چىرايى سېرىقراق كەلگەن مىرزەخمەت ياڭراق ئاۋازى بىلەن تېز ھەم توغرا جاۋاب بېرىپ، مەيداندىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئىمتىھان شۇ تەقلىدتە داۋام قىلدى: پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سوئاللارغا توغرا، تېز جاۋاب بېرىپ ھەممە ئادەمنى قايىل قىلدى، دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۇدۇقلاپ، كەم جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە قالدى. ئۇنىڭغا چىدىمىغان ھەسەتخور موللىلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كېتىشتى. بىر پەس غۇدۇراشتىن كېيىن، باغرى مەدرىسىسىنىڭ قارا ساقاللىق بىر خەلپىتى ئورنىدىن تۇرۇپ «پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۆزۈم سوئال سوراپ كۆرسەم» دېگەن تەلەپنى قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۆمىن ئەپەندى بىلەن ئەنەيتۇللا ئەپەندىلەرگە قارىۋىدى، ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ «مەيلى سوراۋەرسۇن» دېگەن ئىپادىنى بىلدۈرۈشتى.

باغرى مەدرىسىسىنىڭ خەلپىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، پەننىي

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا ياۋاش، كىيىملىرى ئوسالراق ئۈچ بالىنى تاللاپ بەش ئىماندىن ئۈچ سوئال سورىغۇدى، ئۇلار توغرا جاۋاب بەردى، ئارقىدىن دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۈچ بالىنى تۇرغۇزۇپ يەنە ئۈچ سوئال سورىغۇدى، بىر بالا توغرا جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، ئىككىسى جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ سوئاللارنى پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن سورىغۇدى، ئۈچىلا بالىنىڭ جاۋابى توغرا بولدى.

بۇ ھالدىن گاڭگىراپ قالغان موللىلار، يۇرت چوڭلىرى ساقاللىرىنى تۇتاملاپ، بىر - بىرلىرىگە تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قېلىشتى.

مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى تۈرى قارا دوسكىغا ھۆسنخەت يېزىش بولدى. بۇنىڭدىنمۇ پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بېسىپ چۈشتى.

مۇسابىقىنىڭ ئۈچىنچى تۈرىدە يەنە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈچتىن ئوقۇغۇچىدىن ھېساب دەرسىدىن كەررە يادلىتىلدى، تۆت ئەمەلگە دائىر مەسىلە - مىساللار ئىشلەتكۈزۈلدى، ئاخىردا ئەرەبچە ئەبجەت ھېسابىدىن ئىمتىھان ئېلىندى. بۇ ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسىدە پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياخشى جاۋاب بېرىپ دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بېسىپ چۈشتى. ئاخىردا، پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. مۇسابىقە ئىمتىھانى شۇ تەقلىدتە قىزغىن ۋە تەسىرلىك ئۆتكۈزۈلۈپ چۈشكىچە داۋام قىلدى.

ھەمدۇللا داموللام «ئىم» قىلىپ گېلىنى قىرىپ ئىككى يېنىغا تەۋرىنىپ قويۇپ، ئۇلۇغۋار قىياپەتتە مەيدانغا نەزەر سالدى، ئاندىن يېنىدا ئولتۇرغانلارغا بىر قارىۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ مۇسابىقە ئىمتىھانى ياخشى ئۆتتى. كەمىنە پەقىر يېگى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر - ئىككى يىل ئوقۇپلا بۇنچىلىك

بىلىم ئۆگىنەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇپتۇ ...

ھەمدۇللا داموللامنىڭ گېپىنى ياقتۇرمىغان ھەسەتخور موللا، رىياكار ئىشانلار غورا يېگەندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىشىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. بەزى داموللا، يۇرت كاتتىلىرى ھەمدۇللا دامولامنىڭ مۇنداق سۆزلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەچكە، ھەيران بولۇپ، ئاغزىلىرىنى كاماردەك ئاچقانلىرىچە ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئابلىمىت قازى بولسا قولىدىكى تەسۋىسىنى سىرىپ پىچىرلاپ ئولتۇراتتى. ھەمدۇللا دامولا سۆزىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى:

— بىزدە: «چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر» دېگەن گەپ بار. بەزىلەر يېڭى مەكتەپنى «بالىلىرىمىزنى دەھرىيلىككە باشلاپ يولدىن چىقاردى» دەپتۇ. بۈگۈن كۆردۈمكى، يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي ئىلىمنىمۇ، پەننىي ئىلىمنىمۇ ياخشى ئۆگىنىپتۇ. مەيلى دىنىي ئىلىم بولسۇن، مەيلى پەننىي ئىلىم بولسۇن، بىتەھقىق ھەر ئىككىلىسى ئىلىم، ھەقنىڭ ئەسرارى، ئۇلارنى ئۆز يولى بويىچە ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش يامان ئىشمۇ؟ پەننىي مەكتەپنى «جەدىت» دەپ چەتكە قېقىش توغرا ئەمەس ...

— ئەلەم ئاخۇنۇم كىتاب قىلىپ پۈتۈپ قويغۇدەك كاتتا گەپ قىلدى، يېڭى مەكتەپ بالىلىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتۇپتۇ. مەن بۇ مەكتەپكە بۇ پۇلنى ئىئانە قىلىمەن، — دېدى تۆمۈر جىساھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ چەندازىسىدىن يۈز سەر كۈمۈش پۇلنى چىقاردى. مۆمىن ئەپەندى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تۆمۈر جىساھاجى سۇنغان پۇلنى رەھمەت ئېيتىپ، ھۆرمەت بىلەن خۇشال تاپشۇرۇۋالدى. مەيداندا قىزغىن چاۋاك ساداسى ياڭرىدى.

يېڭى مەكتەپنى ئەيىبلەپ گەپ - سۆز قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى. ھېسامىدىن زۇپەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. مەيدان جىملىققا چۆمدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيدانغا تەكشى بىر نەزەر تاشلاپ سۆز باشلىدى:

— بىز ئەھلى مۇسۇلمانمىز، بىز ئىسلام دىنىغا قارشى ئەمەس، بەلكى نادانلىق، بىلىمسىزلىك، خۇراپاتلىق، جاھالەتپەرەسلىككە قارشىمىز. چۈنكى بۇلار خەلقىمىزنى خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك چىرمىۋېلىپ ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرمەكتە. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە «ئىلىم ئەگەر جۇڭگودا بولسىمۇ ئۇنى ئىگىلەش ئۈچۈن شۇ يەرگە بېرىڭلار ... ئىنسان پەخىرلىنىشكە توغرا كەلسە، پەقەت ئىلىم بىلەن پەخىرلىنىش كېرەك» دېگەن. ئىلىم - پەن قارىغۇلۇقنىڭ داۋاسى، ھاياتلىقنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. بىلىمسىزلىك جانسىزلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ، - ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزدىن توختاپ بىر پەس تىنىۋالغاندىن كېيىن «ئۇزۇلمەس ئۈمىد» شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

جاھالەت بۇلۇتى توستى قۇياشنى ھېچ كۆرۈپ بولماس،
مۇقەددەس ئول قۇياشنى بۇ دىيار قايتا كۆرالغايمۇ؟

ئوقۇتماي باللارنى ئويىنىتىپ، خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسىت! بۇ باللار ئاخىر، يېرىم ناننى تاپالىغايمۇ؟

ئوقۇڭلار، ئوقۇتۇڭلار، ھاۋا ھەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق، بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟

چىقىپ بوران تەرەپپال، چۇشىدى ئەسلا تېمىم يامغۇر،
قۇرۇپ كۆللەر، خاراب بولدى، ھاياتلىققا يېتالىغايمۇ؟

تەرەپبال بوراننىڭ ھەم يامغۇرنىڭ ھېچ تېگى يوقتۇر،
ۋە لېكىن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىدى ھېچ ئۈزۈلگەيمۇ؟

# بىباھا گۆھەر

20 - يىللاردا، شىنجاڭدا ئۈچ چوڭ ئائىلە قىرائەتخانىسى بار ئىدى. بۇلار: چۆچەكتە مىر يۇسۇپلەر قىرائەتخانىسى، غۇلجىدىكى ھۈسەينىيە قىرائەتخانىسى، تۇرپاندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىرائەتخانىسى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىرائەتخانىسى داڭلىق كىتابلارنىڭ جىقلىقى، تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى ۋە مەشھۇر ئىدى. ئىلىم - مەرىپەت تەشناسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇشنى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئېھتىياجى ھېسابلايتتى، بىرەر يېڭى كىتاب قولىغا چىقىپ قالسا، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

جاھالەتنىڭ قارا پەردىسى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن زۇلمەتلىك زاماندا، شىنجاڭدا گېزىت - ژۇرنال، كىتاب نەشر قىلىنمايتتى. ئەھۋال، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «كۆردۈم» شېئىرىدا: «قۇياش چىققانىغا كۆپ بولدى، پۈتۈن دۇنيادا كۈندۈزدۇر، ۋە لېكىن بىزنىڭ شىنجاڭنى قۇرۇمدەك قاپقارا كۆردۈم» دەپ قاتتىق ئېچىنىش ۋە غەزەپ بىلەن يازغىنىدەك ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلىم - مەرىپەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلاپ، ھەر خىل توسقۇنلۇقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كىتاب يىغىشقا باشلىغان. مەرىپەتپەرۋەر ئاتا ۋە ئانا ئەزىز ئوغلىنىڭ ئىلىمگە ئىنتىلىشتەك قىممەتلىك پەزىلىتىنى قەدىرلەپ، بىر ئۆينى مەخسۇس ئاجرىتىپ، كىتاب تىزىدىغان جاھازلار بىلەن جابدۇپ

بەرگەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشلىق دەۋرىدە رۇسىيىگە قىلغان سەپەرلىرىدە، شەمەي، قازان، موسكۋاغا ئوخشاش شەھەرلەرگە بارغىنىدا، بىرىنچى بولۇپ ئىزدەيدىغىنى كىتاب ئىدى. ئۇ ھەر نۆۋەت چەت ئەلدىن بىر نەچچە ساندۇق يېڭى كىتابلارنى گەزىت ـ گېزىت قاتارلىق ماللارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ مەخپىي ھالدا ئەپكېلەتتى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە سودىغا ماڭغان كارۋانلاردىكى ئىشەنچلىك ئادەملەرگە پۇل بېرىپ، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردىن يوشۇرۇن ھالدا ئىلغار مەزمۇندىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئەكەلتۈرەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كىچىككىنە قىرائەتخانىسى ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس، خەنزۇ، رۇس، تۈرك، تاتار، ئۆزبېك تىللىرىدىكى ھەر خىل كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار بىلەن تولدى. بۇ قىرائەتخانا تۇرپاننىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئىلغار زىيالىي، ئىلىم ـ مەرىپەت تەشنالىرى ئۈچۈن بىلىم ئوچىقى بولۇپ قالغانىدى. ھېسامىدىن زۇپەر، ھەبىبۇللا ئەپەندى، رەجەپ، سۇڭشاۋ، ماجەنلىڭ، ئەكبەرخان، قادىر ئاشۇرۇپ، يۇنۇسبەگ، ئابدۇراخمان قارى، لىتىپ ئەپەندى، مۆمىن ئەپەندى، ماجاۋگوۋيىلەر[1] ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۇتۇپخانىسىنىڭ دائىملىق كىتابخانلىرى ئىدى. ئۇلار پات ـ پات بۇ كۇتۇپخانىغا يىغىلىپ، ئوقۇغان كىتابلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلىشىپ، قىزغىن تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېقىندا بېيجىڭدىن 300 سەر كۈمۈشكە ئەكەلتۈرگەن كىتابى «سىخەي» (ئوكيانۇس) نى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. پەلەمپەيدىن بىر كىمنىڭ يۇقىرىغا ئىتتىك چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىشىككە

① ماجەنلىڭ، ماجاۋگوۋي، سۇڭشاۋ — ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شۇتاڭدىكى ساۋاقداشلىرى بولۇپ، شۇ زاماندىكى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرى.

يېقىنلىشىپ، ئابدۇساتتار كىرىشكە ئىجازەت سورىدى:

— خوش، نېمە ئىش؟ — دېدى ئابدۇخالىق كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— مېھمانلار كەلدى، ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ.

ئابدۇساتتار شوخلۇق بىلەن پەلەمپەيدىن ئوغلاقتەك دىك - دىك سەكرەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانخانىغا كىرگىنىدە، تۆردە قېلىن كۆرپىلەردە بەدەشقانلىرىنى قۇرۇشۇپ سودىگەر، دۇكاندارلاردىن يۇسۇپ پىپاك، سىدىق ئوسمان، مۆيدىن قارى، مىزراپ شاكىيۇلار ئولتۇرۇشاتتى. شائىر مېھمانلار بىلەن سالاملىشىپ، پەستىرەك ئولتۇردى. خىزمەتكار داستىخان سېلىپ، يۇمشاق نان، توقاچ، مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەك كەلتۈرۈپ، نەپىس، چىرايلىق جانان چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتۈلگەن چىرايلىق گۈللۈك پەتنۇس بىلەن مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ چاي تۇتتى. مېھمانلار چىنىلىرىگە مۇشتتەك - مۇشتتەك ناۋاتلارنى سېلىشىپ، قېنىق دەملەنگەن خۇش پۇراق چايدىن ئىچىشىپ پاراڭغا چۈشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كېلىشكەنلىكىنى بىلمەي ئولتۇرغىنىدا، پاكار بويلۇق، سېمىز، دوپدوغىلاق كەلگەن، قارىمۇتۇق يۇسۇپ پىپاك مايلىشاڭغۇ يۈزىدىكى مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرىنى بېلىگە باغلىۋالغان پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ بولۇپ شائىرغا قاراپ گەپ ئاچتى:

— شويى، ئۆزلىرىنى 300 سەر كۈمۈشكە بىر كىتاب سېتىۋاپتۇدەك دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىزغۇ؟

— شۇنداق، ئاڭلىغانلىرى خاتا ئەمەس، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەمكىن ھالەتتە.

— خۇدايا تۇۋا، مەن دەسلىۋانىسىدا ئۈچ سەر كۈمۈشكە ئالغاندۇ دەپ ئىشەنگۈم كەلمىگەن، — دېدى مىزراپ شاكىيۇ قاپقارا كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە.

سىدىق ئوسمان بولسا ئاق سانجىلغان ئۆچكە ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ نېمىنىدۇر كۆڭلىدە ھېسابلاپ دەگىسەۋاتقاندەك قىلاتتى. مۆيدىن قارى گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ ئېغىز ئاچقۇچە، يۇسۇپ پىپاك تەۋەززۇ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ئىجازەت قىلسىلا، شويى، ئاشۇ قىممەت باھالىق كىتابلىرىنى بىر كۆرۈپ باققان بولساق.

— شۇنداق، بىزلەر شۇ مەخلەس[1] بىلەن كەلگەن، — دېدى مۆيدىن قارى.

— قېنى ئولتۇرۇشۇۋالسىلا، — دېدى شائىر يۇسۇپ پىپاك بىلەن مۆيدىن قارىغا.

يۇسۇپ پىپاك «خوش، خوش» دېگىنىچە ئىنجىقلاپ جايىغا چۆكتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسىنى چاقىرتۇدى، ئابدۇساتتار دەرھاللا ئىشىكتە پەيدا بولدى.

— ماڭ يۇگۇر، مەن باياتىن ئوقۇۋاتقان ھېلىقى يېشىل تاشلىق قېلىن كىتابنى ئەپچۇشكىن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنى بۇيرۇپ.

مېھمانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشقانلىرىدا، ئابدۇساتتار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ «سىخەي» نى ئىككى قوللاپ ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى قولىغا ئېلىپ يېنىك سىپاپ قويدى ـ دە، قېلىن دورداي كالپۇكىنى تىلى بىلەن يالاپ، كۆزىنى مولۇندەك پارقىرىتىپ كىتابنى تۇتۇپ كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتكەن يۇسۇپ پىپاككا ئۇزاتتى. يۇسۇپ پىپاك بۇ قىممەتلىك كىتابنىڭ شائىر تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئۆزىگە ئۆزىتىلىشىنى چوڭ ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپ بىلىپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا

---

[1] مەخلەس ـ مەقسەت، نىيەت.

يەتكەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، — دەپ كىتابنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئالدى ۋە دەڭسەپ كۆرۈپ ئىككى يېنىغا قاراپ، — ياپىرىم، ئاجايىپ ئۇلۇغ كىتابمۇ نېمە بۇ، ئۇن جىڭ كەلگۈدەك جۇمۇ، — دېدى ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— مەرھەمەت قىلىپ بۇياقىقا سۇنۇۋەتسىلىچۇ، — دېدى سىدىق ئوسمان كىتابنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ قولىنى ئۇزىتىپ.

يۇسۇپ پىپاك كىتابنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتى بولغاچقا، تەرىنى تۈرگەن پېتى نائىلاج سۇنۇلغان قولغا كىتابنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

— يائاللا، — سىدىق ئوسمان شۇنداق دېگىنىچە كىتابنى ئېچىپ كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى، — ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئۆزى غەيرىي كىتابقۇ؟ بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟

— ھوي، قاراۋىراق بىر نېمە دېسىلە جۇمۇ، قاشقارلىق ئاغىينە، ئۆزلىرىگە گۇناھ ئارتىۋالمىسىلا يەنە، — دېدى يۇسۇپ پىپاك قىزىشىپ.

مۆيدىن قارى بىلەن مىزراپ شاكىيۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قېتىپ قېلىشتى.

— شۇنداق، بۇ خەنزۇچە قامۇس، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز تېخى «بىر ئۇلۇغ، مۇقەددەس كىتابلاردىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتىمىز، — دېدى يۇسۇپ پىپاك سىدىق ئوسمانغا قاراپ.

سىدىق ئوسمان قىزارغان پېتى يۈزىنى چەتكە بۇرىۋالدى. كىتابنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان مېھمانلارنىڭ رايى بىردىنلا ياندى. مىزراپ شاكىيۇ سىدىق ئوسماننىڭ ئالدىدا تۇرغان كىتابقا قاراپ ئېچىنغان ھالدا:

— شۇيى، گەپنىڭ لىللاسىنى دېسەم، مۇشۇ دورەم بۇ كىتاب سودىسىدا جەزمەن زىيان تارتىپتىلا، كەمىنە ئۆزلىرىنى سودىغا

پىششىق دەپ يۈرۈپتىمەن، ئەممازە بەزى چاغلاردا زېمىنىغا سودا قىلىپ، مەرتىۋىلىرىگە نالايىق ئىشلارنىمۇ قىپ قويىدىكەنلا، — دېدى تامىقىنى چىكىلدىتىپ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشكە سۈجۈنىڭ ئېسىل توگاسىدىن ئۈچ توپنى سېتىۋالغىلى بولماسمىدى، ھەي ئىسىت! — دېدى مۆيدىن قارى ئۆچكە ساقىلىنى تۇتاملاپ.

— شۇنى دېسىلىرا، — دېدى يۈسۈپ پىپاك، — بۇ كىتابنى سېتىۋالغان پۇلغا قاراشەھەرنىڭ يارامىلىق ئېتىدىن بەشنى ئالغىلى بولىدۇ.

— مەن ئۆتكەندە شەمەيگە ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشكە قوي يۇڭى سېتىۋېلىپ ئاپارسام مىڭ سەر پۇلغا يارىغان. شوينىڭ كېسەكچىلىك بىر كىتابنى ئۈچ يۈز سەر ياچەنگە ئالغانلىقىنى پەقەت ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن، — دېدى مىزراپ شاڭيۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

شائىر ئۈچ مىنۇت بۇرۇنلا ئۆز قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىراشقان بۇ مېھمانلارنىڭ ئەمدىلىكتە بۇ كىتابقا خۇددى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىراك مالدەك ئېتىبارسىز قاراپلا قالماي، ھەتتا ئۆزىنى ئەخمەق دەپ ئەيىبلەۋاتقىنىغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى زور ئىشەنچ ۋە مەغرۇرانە قىياپەت مېھمانلارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار يەنە بىر نېمە دېيىشكە ئېغىز ئاچالمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى قولىغا ئېلىپ مۇقاۋىسىنى ئاۋايلاپقىنا سىپاپ قويۇپ مېھمانلارغا قاراپ ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— مەن بۇ كىتابنى ئۈچ يۈز سەر كۈمۈشكە تېخى ئەرزان ئېلىۋالدىم دەپ خۇش بولۇۋاتىمەن. ھېلىغۇ پۈتۈن كىتاب شۇنچىلىك پۇلغا كەلدى. ئەگەردە بۇ كىتابنىڭ بىر غەرىكى ئۈچ يۈز سەر كۈمۈش بولسىمۇ، قىممەت كۆرمەي ئالغان بولاتتىم.

— ياپىرىم، ئىباراخۇدايا، توۋا، — دەۋەتتى يۈسۈپ پىپاك

ساقىلىنى تۇتاملاپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ گېپىنى داۋام ئەتتى:

— بىر ياخشى كىتابنىڭ ئۆزى بىباھا گۆھەر، ئۇنىڭدىكى بىلىمنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، بىلىمنىڭ باھاسى چەكسىز، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ بىرى بىلىم. ئەجدادلار ياراتقان بىلىملەر كىتاب ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن، كىتاب بىلىم بۇلىقى، بۇ بۇلاقنىڭ شىپالىق سۈيىنى ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغان كىشىلا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ. ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر دېگەندەك، نادانلار ئۇنىڭ قەدرىنى قانداقمۇ بىلسۇن!

مېھمانخانىنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى، بىر پەس تىمتاسلىقتىن كېيىن يۇسۇپ پىپاڭ ئاغزىنى كالچايتىپ:

— بەرھەق، بەرھەق، — دېدى ئىككى يېنىغا قاراپ.

مىزراپ شاڭيۇ بىلەن مۆيدىن قارى يۇسۇپ پىپاڭغا ئاچچىقلىنىپ چىرايلىرىنى غورا يېگەن بالىدەك پۈرۈشتۈرۈپ ئالىيىپ قاراشتى. سىدىق ئوسمان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھەرىكەتسىز قېتىپ قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىپتىخار ۋە سۆيۈنۈش بىلەن كىتابنى قولىغا ئالدى.

# چوڭ ساۋابلىق ئىش

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەپتىدە تۆت - بەش كۈن ئىجادىيەت ۋە كىتاب ئوقۇش بىلەن شۇغۇللانسا، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆيىدىن چىقىپ كوچا ئارىلايتتى، يېزىلارغا باراتتى، دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، سودا - سېتىقچىلار، تالىپلار، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى دېگەندەك ھەر خىل تەبىقىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشەتتى، بەزىدە بىرلىرىنىڭ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك ئەھۋالىنى سوراپ دەردىگە تەڭ قايغۇرۇپ ھېسداشلىق قىلسا، بەزىدە بىرلىرىنىڭ قىزىق پاراڭ، چۆچەك، بېيىتلىرىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن تىڭشاپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئولتۇرۇپ كېتەتتى؛ بەزىدە بىرلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئەمەلدارلارنىڭ زالىملىقى، بەگ، بايلارنىڭ پۇقراغا زۇلۇم سېلىپ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ۋۇجۇدىدا غەزەپ - نەپرەت گويا گۈلخاندەك لاۋۇلداپ مۇشتلىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە جەمئىيەتتىكى خۇراپاتلىق، نادانلىق، جاھالەتنىڭ ھامىيلىرى بولغان ناس - ناس موللا، رىياكار ئىشانلارنىڭ خەلقكە سېلىۋاتقان روھىي ۋە جىسمانىي زۇلۇملىرىنى ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندە، زادىلا تاقەت قىلالمايتتى - دە، ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى كۈچلۈك ھەجۋىي، مەسخىرە ئوتىدا ئۆرتەپ، چاۋىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا يېيىپ شەرمەندىسىنى چىقىراتتى.

1927 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چۈشتىن كېيىن يېڭىشەھەرنىڭ «قىلۋە قوۋۇق» دەپ ئاتىلىدىغان غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كەچقۇرۇنلۇقى قىزىپ

كېتىدىغان كالتە بازارنى ئارىلاپ يۈردى. ئۇ قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، ئالما، ئانار، نەشپۈت ۋە كۆكتات سېتىۋاتقان دېھقان، باققاللار بىلەن ئەھۋاللىشىپ پاراڭلاشتى. شائىرنى كۆرگەن دېھقانلار خۇددى قېرىندىشى، كۈچلۈك ھىماتى، پاسىبانىنى كۆرگەندەك ناھايىتى قىزغىن ھۆرمەت ۋە چەكسىز سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشەتتى، ئۆزلىرىنىڭ شېرىن - شەربەت مېۋىلىرىگە ئېغىز تېگىشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋېلىشاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساپ دىل، ئاق كۆڭۈل دېھقانلارنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت ئېيتاتتى، ئېرىق بويىغا يوغان سۇكەننى قويۇۋېلىپ ئۈزۈم سېتىۋاتقان يارلىق نۇجىۋۇللا بوۋاينىڭ قىزىل سايۋا ئۈزۈمىدىن بىر شىڭگىل ئۈزۈپ بىر تالنى ئاغزىغا سالغان شائىر تامىقىنى تامشىپ قويۇپ رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قاسساپ، كاۋاپچى، زاسۇپەز، سامسىپەزلەرنى ئارىلاپ ئۆتتى ۋە كېلىۋېتىپ ساتىراشخانىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە لىتىپ ئەپەندىنىڭمۇ بارلىقىنى يىراقتىن كۆردى. يېقىنلىشىپ كېلىشىگە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر پەس ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئولتۇرغان كىشىلەردىن ئىككىيلەن خوشلىشىپ كېتىشتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ لىتىپ ئەپەندىگە:

— بۇرادەر، ئىشىڭ بولمىسا، يۈرۈ، ئاۋۇ تەرەپلەرگە بېرىپ ھاۋالانغاچ ئايلىنىپ كېلىنى، — دېدى غەربىي دەرۋازىنىڭ شىمالىي تەرەپكە كەتكەن كوچىسىنى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ، شائىر بىلەن بىللە سەيلە قىلىشتىن مۇھىم نېمە ئىشىم بولسۇن، — لىتىپ ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار قاتارلىشىپ غەربىي دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن

ئۆتۈپ يۇقىرىغا — شىمالىي تەرەپكە كېتىشتى. شۇ زامانلاردا ئەسقەر ھاجىنىڭ كارىزى دەپ ئاتىلىدىغان سۈيى ئۇلۇغ چوڭ كارىز ئېرىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنغان ئۆيلەردىن ھاسىل بولغان ئەيسا قارىنىڭ كوچىسى دېيىلىدىغان بۇ مەھەللە كوچىسى ئىككى چاقىرىمغا يەتمەيتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لىتىپ ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشىپ ئەيسا قارى كوچىسىنىڭ ئۇ چېتىگە — كارىزنىڭ تىلمىسىغا بېرىپ قالدى. غەربىي شىمال تەرەپتىن چىقىۋاتقان غۇر - غۇر شامال كارىز تىلمىسىنىڭ غەربىدىكى دۆڭگە جايلاشقان مۇزخانا دەپ ئاتىلىدىغان جاڭزا تەرەپتىن سېسىق، بەتبۇي پۇراقلارنى ئېلىپ كەلدى. لىتىپ ئەپەندى مۇزخانا تەرەپكە نەزەر تاشلاپ:

— چېكەرمەن بەڭگىلەر مۇزخانىنى بېشىغا كىيىپتۇ - دە، بېرىپ قاراپ باقمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا.

— بولىدۇ، — دەپ بېشىنى لىڭشىتقان شائىر لىتىپ ئەپەندىنىڭ كەينىدىن كارىز تىلمىسىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ يولغا چىقىپ مۇزخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بولدى، بەس! بۇرادەر، مۇزخانىنىڭ ئىچىگە كىرمەيلى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

لىتىپ ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىپ توختاپ قالدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇبدانلا كىيىنگەن تۆت ئادەم سۇنايلىنىپ ئۇلۇكتەك ياتاتتى. ئۇلار نەشە چېكىپ مەست بولۇپ قالغانلاردىن ئىدى. جاڭزىنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان ئالا - تاغىل ئاۋازلاردىن چېكەرمەنلەرنىڭ ئوندىن كەم ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى.

نەشىنىڭ بەتبۇي پۇرىقىدىن سەسكەنگەندەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بۇرادەر، بۇ لەنتى ماكاندىن تېزرەك كېتىنى، — دېدى لىتىپ ئەپەندىگە.

— بۇلارنىڭ توپىغا مىلىنىپ ياتقىنىنى ياتقان، شۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ ھەي ئىسىت! — لىتىپ ئەپەندى بىشىنى چايقاپ، شائىرغا ياندىشىپ كەينىگە ياندى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇللا ئىمامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كىتىۋىتىپ ئىچىنىش بىلەن دىدى:

— ھازىر بىر قىسىم ياشلارمۇ نەشە چىكىپ ئۆزىنى كاردىن چىقىرىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا چارە قوللىنىپ توسۇش كىرەك ئىدى.

لىتىپ ئەپەندى شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، «ئازراق ئىشىم بار» دەپ شائىر بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزرۈمچى كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يا ئوقۇش، يا بىرەر ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، كۈننى نەشە چىكىپ مەست بولۇپ، جىدەل - ماجىرا بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئەخلاقىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ بۇزۇلۇپ كىتىۋاتقان ئاشۇ ئەۋلادلارنى ئويلاپ كۆڭلى قاتتىق غەش بولۇپ، چوڭقۇر خىيالغا پىتىپ ھويلىسىغا كىرىپ قالغىنىنى تۇيمىدى. پەقەت كىچىك ئىنىسى ئابدۇساتتارنىڭ:

— ئاكا، گەپ قىلسام ئاڭلىمايدىلاغۇ، — دەپ چۇڭقۇلدىشىدىن چۆچۈپ بىشىنى كۆتۈردى.

ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كارىۋاتقا بىرىپ ئولتۇرۇشىغا رەپىقىسى ئايىمخان ئۆيدىن جانان چىنىگە سوغۇق چاي قۇيۇپ ئاچىقىپ پەتنۇستا ئەدەپ بىلەن ئىككى قوللاپ سۇندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەپ قىلماي كۈلۈمسىرەپ بىشىنى لىڭشىتىپ سۆيۈملۈكىگە «رەھمەت» دىگەن ئىپادىنى بىلدۈرۈپ، چىنىنى قولىغا ئىلىپ ئۇسسۇلۇقنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ چىنىنى پەتنۇسقا قويدى. دەل شۇ چاغدا دەرۋازىدىن بىر ئادەم سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى. ئايىمخان دەررۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە ھاجىم، — دىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھەبىبۇللا ھاجى بىلەن

كۆرۈشۈپ، — قېنى بۇياققا مەرھەمەت، — كارىۋاتقا.

ھەبىبۇللا ھاجى كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق دۇئا قىلدى. شۇ ئەسنادا ئابدۇساتتار بىر چەينەك چاي ئەپچىقتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەبىبۇللا ھاجىغا ئۇسسۇلۇق قۇيدى. ھەبىبۇللا ھاجى بىردەمدىلا ئۈچ چىنە چاينى گۇپۇلدىتىپ كەينى - كەينىدىن ئىچىۋەتتى.

— ئۇھ، توۋا، ئەجەبمۇ ئۇسساپتىمەنا، — دېدى ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى ئېرتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سورىدى:

— بىر يەرگە بېرىپ كەلدىلەمۇ، نېمە؟

— ھەئە، — دېدى ھەبىبۇللا ھاجى، — سوگاپ تاپاي دەپ سوگاپلىق ئىش ئىستەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.

بۇ يىل يازدا ھەج تاۋاپ قىلىپ، ھاجى بولۇپ كەلگەن، ئۆزىدىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭ، قويۇق قارا ساقاللىق بۇ ئادەمگە تىكىلىپ قارىغان شائىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— مۇزخانىغىمۇ باردىلامۇ؟

ھەبىبۇللا ھاجىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى - دە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— ئۆزلە، ئۆزلە مېنى مازاقلاپ ھەلەكدەۋاتامىلا، — ئۇ سوقۇشقاق خورازدەك ھۆرپەيدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ئۆزلە ساۋاب تاپىمەن دەۋاتامىلا، ئۇ يەردە چوڭ بىر ساۋابلىق ئىش بار.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەبىبۇللا ھاجىنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغان ئېچىلىپ، ئاغزى يۇمۇلماي جايىدا قېتىپ قالدى.

— ئۆ - ئۆزلە، بۇگۇن نېمە بولدىلا؟ ئەجەب ئالىشاڭغۇ، تۇزسىز گەپ قىلىلاغۇ، ئابدۇخالىق، — دېدى ھەبىبۇللا ھاجى، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ.

— ئۆزلە باشقا نەرسىنى ئويلىمىسىلا، ھەببۇللا ھاجى مەن ئۆزلەگە راستىنلا ساۋابلىق بىر ئىشنى دەپ بېرەي.

ھەببۇللا ھاجى ئۈنچىقمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆزلە ئابدۇللا ئىمامنىڭ بالىسى، تېخى يېقىندىلا ھەج - تاۋاپ قىلىپ كەلدىلە، ھويلىلىرىدىن بەش - ئالتە يۈز قەدەملا نېرىسىغا مۇزخانا جايلاشقان. ئۆزلە بىلىلا، ئۇ يەر ئەتىياز ۋە يازلىقى سوغۇق ئىچىملىك ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇزنى ساقلايدىغان ئورۇن بولماي، چېكەرمەن بەڭگىلەرنىڭ سورۇنى بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى يىگىرمە - ئوتتۇز بەڭگى بەڭ چېكىپ توپىغا مىلىنىپ ياتقىنى ياتقان. بۇ تەرەپتىن سىلەرنىڭ ھويلاڭلارنىڭ ئالدىغا كېلە - كەلمەي سېسىق بەتپۇراق ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدۇ. ئۆزلە ئابدۇللا ئىمامغا دېسىلە، ئىككىلىرى مۇزخانىنى چېكەرمەن بەڭگىلەردىن خالىي قىلىشسىلا، قولغا كالتەك ئېلىپ ئاشۇ نەشخورلارنى گۇناھىغا توۋا قىلدۇرۇپ يامان يولدىن توساشسىلا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ساۋابلىق ئىش بولمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەببۇللا ھاجى ئىككى تىزىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ:

— ۋاي ئەقىل، ۋاي ئەقىل، ئەقىل بولمىسا كۆز دېگەن تام تۆشۈكى دېگەن راست گەپكەن، كۆزۈم كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئەقلىم يەتمىگىنىنى، ئوقۇغان، شەھەر كۆرگەن ئادەم دېگەن باشقىلا گەپكەن بۇ، رەھمەت، رەھمەت، مەن ياناي، مەن ياناي، بۇ مۇگاپلىق ئىشنى ھايال قىلماي بېجا كەلتۈرەي، خوش، — ھەببۇللا ھاجى شۇنداق دەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن خوشلىشىپ، ئالدىراش ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

# خوپ بولدى

تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى كالتە بازارنىڭ غەربىي قاسنىقىدا ئىشىكى كۆنچىقىشقا قارايدىغان چوڭ بىر مەسچىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يوغان بىر تۈپ قېرى سېدە دەرىخى بار ئىدى. بۇ مەسچىتنىڭ يۈز ـ ئابرۇيلۇق جامائىتى ھېسابلىنىدىغان بىر نەچچە موللا، قارىي، سوپىلار بېشىدا يوغان سەللە، ئۇستىدە ئۇزۇن تون، سېدە سايىسىگە ئورنىتىلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۆزلىرىنى تەقۋادار، ئىمانى كامىل، مۆمىن مۇسۇلمان ھېسابلاپ، ھېچكىمگە تەڭلەشتۈرمەيدىغان بۇ مەھەللە «كاتتىلىرى» بۇ يەرنىڭ «خۇدانىڭ ئۆيى» — مەسچىتنىڭ ئالدى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ھالدا، كېلىپلا غەيۋەت ـ شىكايەتنى باشلىۋېتەتتى. مەھەللىدە قايسى ئۆيدە نېمە ۋەجىدىن جېدەل چىقتى؟ كىم خوتۇنىدىن قورقىدۇ؟ قايسى خوتۇن ئەڭ يامان؟ كىمنىڭ قىزى، كىمنىڭ كېلىنى يولدىن چىققان؟ كىملەرنىڭ بالىلىرى «جەدىت مەكتەپ» تە ئوقۇپ ئىمانى سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ... دېگەندەك ئىشلاردىن تارتىپ، ئامبالنىڭ چۈشۈرگەن يارلىقى، مەشھۇر ئۆلىما ھەمدۇللا داموللامنىڭ بامدات نامىزىدا ئېيتقان ۋەزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئورۇسچە كىيىنىپ، بېشىغا چاچ قويۇپ، بەزىدە ئالدىراپ قالغانلاردا ئۆرە تۇرۇپلا سىيىپ دەھرىيلىككە مېڭىپ يۈرتنى بۇزۇۋاتقانلىقى ... قاتارلىق ئىشلارغىچە ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ، راسا چىڭقىلىپ، غەزەپلىنىپ سۆزلىشىپ كېتەتتى. مەھەللىدە ھەر قانداق يېڭى خەۋەر مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ سەينادىن

تارقىلاتتى. ئەگەر، بىرەر غەيرىي ئادەم مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، سۆزنىڭ تېمىسى دەرھال شۇ كىشى ئۈستىگە يۆتكىلەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەك، قەددى - قامەت، يۈز - كۆزلىرى ھەققىدە مەسخىرىلىك كۈلكە - سۆزلەر ئەۋج ئالاتتى. بەزى كىشىلەر بىر نېمە دەي دېسە، ئۇلار مەھەللىنىڭ كاتتىلىرى، گېپى گەپ، ئىلاج يوق، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ: «شۇڭا كونىلار ‹موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما!› دېگەنىكەن - دە» دېيىشىپ توختاپ قالاتتى.

1927 - يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولتۇقىغا يېشىل مۇقاۋىلىق چوڭ بىر كىتابنى قىستۇرۇپ مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. «خۇدانىڭ ئۆيى» ئالدىدا ئولتۇرغان تۆت - بەش موللا يىراقتىنلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئاغزىلىرىنى ئېچىۋېتىشتى:

— جە - جەدىت چىكىلتۇرتتۇغۇ[1] ، قاراشسىلا، — دېدى بىر سوپى يوغان سەللىلىك بېشىنى قىڭغايتىپ تۇرپانىنىڭ مۇرتۇق شېۋىسىدە سۆزلەپ.

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا زەن سېلىپ قاراپ بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي غودۇڭشىپ كېتىشتى:

— نەگە بارۇر بۇ يۇرت بۇزار، قولتۇقىدىكى يېشىل بىر نېمىسىنى كۆرمەمدىغان قىلىن ھەم چوڭلۇقىنى، ھەقاچان بىلىسەم - بىلمىسەم كۇپپارلارنىڭ كىتابى.

— ئېيتى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق دېگەن شۇ - دە. شەھىرى قاشقاردا ئوقامدۇ ۋە ياكى بۇخارايى شەرىفكە بارامدۇ، بىر نېمە قىلامدۇ؟ ئورۇس يۇرتىغا بېرىپ، ئورۇسچە ئوقۇغىنى نېمىسى؟ بۇ يەردە شۇتاڭدا خىتايچە ئوقۇغىنى ئاز كەلگەندەك؟ مۇشۇنداق بىدئەت ئىشلارزە، ئەھلى مۇسۇلمانغا جايىزمۇ؟ — تۇرتەك قارىي

① چىكىلتۇرتتۇغۇ — «كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆز.

لەقەملىك بۇ ئادەم ئاچچىقى يامان بولغاچقا، شۇ گەپلەرنى دېگۇچە بوغۇلۇپ، چىرايى قىزىرىپ، چىڭقىلىپ، تېلىقىپ كەتتى.

— ئابدۇخالىق دېگەن بۇ جەدىت پەنىنى مەكتەپ ئاچتىم دەپ مۇسۇلمان بالىلىرىنى يولدىن چىقىرىپ دەھرىلىككە باشلاۋاتىدۇ، بۇنى مەنئى قىلىپ توسىماي بولمايدۇ.

— بېشىغا كىيىۋالغان بىر نېمىسىنى، ئۇچىسىدىكى كۇپار كىيىدىغان ئەڭلىلەرگە قاراشىسىلاچۇ تېخى.

ئۇلار ئۆزلىرىچە ۋالاقشىپ قىزىشىپ كەتكەچكە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

غەيۋەتكە چۈشۈپ كەتكەن موللىلار چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلاردىن بىرسى ئارانلا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېيەلىدى.

— مېنىڭ ئۆزگىلەرنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئادىتىم يوق ئىدى. بىراق يولدا بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ ھەر قايسىلىرىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەمكىنلىك بىلەن، — ئىسلام ئەھكاملىرىدا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش، پىتنە ـ پاسات توقۇپ، باشقىلارغا يالا چاپلاش زىنادىن، بەلكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يامان ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلغان. بۇ مەسىلىنىڭ شەرھى مېنىڭدىن كۆرە ھەر قايسىلىرىغا كۆپرەك مەلۇمدۇر. ئۇلۇغلارنىڭ بىر ھېكمەتلىك سۆزى باركى: «ئەگەر كىشىدە ئىمان بولمىسا، سەللە دېگەن يوك، ساقال دېگەن توك» ھەممە گەپ كامىل ئىماندا ...

كىم گەپ قىلسا دەرھال ئەگىشىپ ۋالاقلايدىغان موللا ئامەت سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— بەرھەق، بەرھەق، — دېدى ئۇ ئالدى ـ كەينىگە چايقىلىپ.

تۇرتەك قارىي ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇددى نەق جىنايەت بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىلاردەك خۇدۇكسىرەپ ئولتۇرغان ئۇ كىشىلەرگە قاراپ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇدى:

يوغان سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرۈشكە زاھىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كېلىشى بىلەنلا بىر نەچچە ئادەم ئولاشقانىدى. ئۇلار شېئىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— دۇرۇس گەپ بولدى. شائىر ئارىمىزدىكى بار نەق ئىشلارنى تازا قاملاشتۇرۇپ باپلاپتۇ، — دېيىشتى.

قىيىن ئەھۋالدا قالغان غەيۋەتخور نادان موللىلار ئالدى ـ كەينىگە بېقىشماي مەسچىتكە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

— خوپ بولدى، شائىر بىز دېيەلمەيۋاتقان گەپنى دېدى ئەمەسمۇ. بۇ بىر نەچچە چالا موللا بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى بىر ناۋاي.

— چالا موللام ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى بىر موزدۇز گەپ قىستۇرۇپ.

كۆپچىلىك مەمنۇن بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، شائىر كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئىتتىك مېڭىپ ئۇرۇمچى كوچىسىغا كىرىپ كەتتى.

# قىممەتلىك سۆيۈنچە

1928 ـ يىلى كۈزدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەپىقىسى ئايىمخان ئۈچىنچى پەرزەنتىنى تۇغدى. ئۈچىنچى نەۋرىسىنىڭمۇ ئوغۇل بولغانلىقى مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمىسىما خېنىملىلا ئەمەس، ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئىككى كۈنگىچە مۇبارەكلەپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ۋە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

شائىرغا سۆيۈملۈك رەپىقىسىنىڭ ساق ـ سالامەت يەڭگىگەنلىكىنى، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ جاننىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقاندا، كىتاب ۋە قەغەز دۆۋىسى ئىچىگە چۆكۈپ ئولتۇرغان ياش ئاتا جانجىگەر پەرزەنتىگە «ئابدۇرېشىتخان» دەپ ئىسىم قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپلا يەنە ئۆز مەشغۇلاتىنى داۋام ئەتتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ كىتاب ئوقۇش ۋە ئىجادىيەتكە ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن شائىر تۇغۇتلۇق رەپىقىسىنى مۇبارەكلەشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. شائىر بۇ چوڭ ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككىنچى قەۋەتكە جايلاشقان خاس خانىسىدىن چىقمىدى. بۇ ھالدىن رەنجىگەن نىيازخان ئايلا كەچقۇرۇن بىر چەينەك يېڭى دەملەنگەن چاينى ئېلىپ ئوغلىنىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئابدۇخالىق، ئەسلىرىنى يوقىتىپ قويدىلامۇ؟ مەزلۇملىرى بىر چىرايلىق، پاخلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىزە، ھازىرغىچىلا

يوقلاپ مەرەكلەپ قويمايلاغۇ؟ بۇ قانداق گەپ - ھە؟ ئۇ بالىغا مۇشۇنداق ئۇگال قىلىسلا - زە بولامدۇ؟ — دەپ كايىپلا كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاق پىشماق، تورۇك كەلگەن يۈزى شەلپەردەك قىزاردى. خىجالەت ئىلكىدە قالغان شائىر سەل دۇدۇقلىغان ھالدا:

— مەن، مەن، «مۇشۇ ئىشنى قولدىن چىقىرىۋېتىمەن» دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىتابنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ قېلىپ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۆيدىن تالاغا چىقمىدىم، — دەپ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان «باقى ئاكامنىڭ دەردى»[1] ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئورىگىنالىنى ئىشارەت قىلدى - دە، ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلىپ بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئارتۇقچە ئۈنچىقمىدى.

نىيازخان ئايىلا «ئوغلۇمنىڭ ئەس - يادىنى مۇنچىۋالا جەلپ قىلىپ ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغان قانداق كىتابتۇ بۇ؟» دەپ ئۈستەلگە ئېڭىشىپ، ئالدىدا تۇرغان كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىۋىدى، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كىتابنىڭ ئىسمىنى ئوقۇيالمىدى.

— بۇ رۇسچە كىتاب، ئاپپاق ئايىلا. لېۋتولىستوي دېگەن مەشھۇر يازغۇچىنىڭ «ئاننا كارىنىنا» رومانى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى كۆرسىتىپ.

نىيازخان ئايىلا دەررۇ:

— ھە، ئورۇسنىڭ كىتابمۇ، بوپتۇ، مەن مۇنداقلا قاراپ قويدۇم. يەنە دېسەم بايىقى گەپ، ئۆزلىرىگە زىيادە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىشىكنى تاقاپ، نىيازخان ئايىلىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتتىن پەسكە — ھويلىغا چۈشتى - دە، رەپىقىسى ئايىمخان ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭدىن

---

[1] «باقى ئاكامنىڭ دەردى» — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان ھېكايە.

سەممىي ئەھۋال سوراپ، يېنىدا بىر پەس ئولتۇردى. ئاق پېشماق چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن ياش، بەختلىك ئانىنىڭ يېنىدا زاكىدا ياتقان بۇدرۇققىنا، تېمەن، ساغلام تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇرېشىتخانغا زوقلىنىپ قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئايىمخانغا بىر نەچچە ئېغىز كۆڭۈل ئاۋۇتقۇچى گەپلەرنى قىلىپ قويۇپلا خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقى تۇيەيلى قەدىرلىك كېلىنىنى ئالدىدا خىجالەتكە قالغان نىيازخان ئايلا دەرھاللا ئارقىسىدىن چىقىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا كايىغىلى تۇردى:

— ھوي، ئابدۇخالىق، ئۆزلە نەدە چوڭ بولغان - ھە؟ بىز ئۆزلەنى شۇنچە ئەقىللىق چاغلاپ يۇرسەك، بىر مۆك، گاتتارنىڭ[1] قىلىقىنى قىلىپ يۇرۇيلاغۇ؟ ئىككى كۈنگىچە بالىلىرىنى كۆرگىلى كىرمەي، يەنە كېچىكىپ بۇگۈن كىرگەننىڭ ئۇستىگە قۇرۇق قول كىرگەنلىرى نېمىسى؟ ئەمتەي، سۆيۈنچىلىرى قېنى؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەپ قىلماي «چىك» قىلىپ تامىقىنى چېكىلدىتىپ قويدى - دە، يانچۇقىدىن قەغەز - قەلەمنى ئېلىپ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، شارتتىدە بۇرۇلۇپ پەلەمپەي بىلەن ئىتتىك مېڭىپ خاس خانىسىغا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بەش مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پەسكە چۇشۇپ تۇغۇتلۇق رەپىقىسى ئايىمخان ياتقان ئۆيگە كىردى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىزگە سۆيۈنچە دەپ تەقدىم قىلغۇدەك ياخشى نەرسىنى ئالدىراپ قىلىپ تەييارلىيالمىدىم، رەنجىمەڭ، — دەپ بىر ۋاراق قەغەزنى سۇندى.

ئايىمخان قەدىردانى سۇنغان قەغەزنى ھۆرمەت بىلەن ئىككى

---

[1] مۆك، گاتتار — ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان ئەخمەق مەنىسىدە.

قولۇلاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتتى. قەغەزگە ناھايىتى چىرايلىق پوچۇركىدا بىر كۇپلېت مۇبارەكنامە يېزىلغانىدى. ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە ئۆسكەن بۇ گۈزەل، ۋاپادار، ئەقىللىق ئايال كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ زوقمەن ئىدى. ئۇ ئۆز سۆيۈملۈكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قانچىلىك قىزغىن سۆيسە، ئۇ يازغان شېئىرلارنىمۇ شۇنچىلىك قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيتتى. بەزىدە ئۇ سۆيۈملۈكى شېئىرنى يېزىپ بولالا - بولمايلا قىزغىن ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئوقۇپ تېزلا يادلىۋالاتتى. تۇغۇتلۇق ياتقان ئايىمخان مۇبارەكنامىنى ئوقۇپ قەلبى يايراپ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى چاقناپ كەتتى - دە:

— رەھمەت، ماڭا ھەر قانچە قىممەت باھالىق سۆيۈنچىدىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ بىر كۇپلېت شېئىرلىرى ئەۋزەل، — دېدى ھاياجان بىلەن سۆيۈنگەن ھالدا.

نىيازخان ئايلا ھەيران قېلىپ:

— قىزىم، مۇبارەكنامىنى بىزمۇ ئاڭلاپ باقمىي ئەمسە، — دېدى.

ئايىمخان پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ مۇبارەكنامىنى يېقىملىق ئاھاڭدا كېلىشتۈرۈپ ئوقۇدى:

بار ئىدى بىر گۈل چىمەندە،
ئۆزى ھەم غۇنچە ئىدى.
غۇنچىدىن قۇدرەت ئىلاھىم،
غۇنچە پەيدا ئەيلىدى.

— مەم - مەم، ئەجەبمۇ ئەپلىك چۈشۈپتۇ بۇ نەزمە، — دېدى نىيازخان ئايلا خۇش بولۇپ.

ئايىمخان مۇبارەكنامە يېزىلغان قەغەزنى ئاۋايلاپ قاتلىدى - دە، بېشىدىكى ئەينەكنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. نىيازخان ئايلا كېلىنى ئايىمخاننىڭ مۇبارەكنامە يېزىلغان ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزنى ئالتۇن - كۈمۈشتىنمۇ ئەتىۋا بىلىپ چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ بۇ سېھىرلىك، كارامەت سۆيۈنچىسىدىن خۇشال بولۇپ قانائەت تاپتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى بۇلۇتلار كەينىدىن پاللىدە چىققان تولۇن ئايدەك ئېچىلىپ يورۇپ كەتكەنىدى.

# بىر ۋاراق قەغەز لازىمكەن

بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئۇچراشمىغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغان ئەكبەرخان ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلدى. ئەكبەرخان هويلىدا ئابدۇراخمان مەخسۇم هاجى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ شائىرنى سورىۋىدى، ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى كۈتۈپخانىسىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ ئاشۇ ئۆيگە بېكىنىۋالغىنى نەق بەش كۈن بولدى، ئوقۇيدۇ، ئوقۇيدۇ، بەزەن تۇرۇپلا قەلەمنى قولىغا ئېلىپ يېزىپ كېتىدۇ، بىزمىغۇ ئۇنىڭغا كاشىلا قىلمايلى دەپ قېشىغا چىقمايمىز، ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلىپ چىقسىلا، ئۇ ئۆزلىرىنى كۆرسە خۇش بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇھ - ھۇ! ئۇھ - ھۇ! ئىم، — ئەكبەرخان يۆتىلىپ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ پەلەمپەيىنىڭ باسقۇچلىرىنى تاقىلدىتىپ دەسسىگىنىچە يۇقىرىغا چىقتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ:

— ئەسسالام شائىرىم! — دەپ كۈتۈپخانىغا كىرگىنىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قېلىن بىر كىتابنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كىتابتىن باش كۆتۈرۈپ ئەكبەرخاننى كۆردى - دە، دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ:

— كەلسىلە، قېنى ماۋۇ ئورۇندۇققا، — دەپ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى.

ئەكبەرخان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ

شائىرغا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن چاقچاقنى باشلىدى:

— بەش كۈنگىچە تالا ـ تۈزگە چىقماي شائىرىمىز نېمە بولغاندۇ دېسەم، كىتابقا ئەسىر بولۇپ كەتكەن گەپ ئىكەن ـ دە، هوي ئەكبەرخان دېگەن بۇرادەرلەرمۇ تۇرپان دىيارىدا بار ئىدى دەپ خىيالمۇ ئەيلىمەيدىغان گەپمۇ؟ قايسى كۈنكى ئاخىرقى قول شاهماتتا مات بولۇپ قالغانلىرى هازىرغىچىلا ئەلەم قىلىۋاتامدۇ ـ يە؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بىر پەس كۈلگەندىن كېيىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ پىيالىگە چاي قۇيدى ـ دە، ئەكبەرخانغا ئۇزاتتى، ئاندىن ئالدىدىكى چايدىن ئازراق ئوتلىغاندىن كېيىن دېدى:

— گەپلىرىنىڭ ئازراق بىر يېرى راست، قالغانلىرىنىڭ بەرى ئۆزلىرىنىڭ پەرەزلىرى، كەمىنە شاهماتتا ئىلگىرى ـ كېيىن كۆرۈلگەن بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۆزۈمنى ئون كۈنگىچە يوقىتىپ قويمايمەن. توغرىسىنى ئېيتسام، قاھىرەدىن ئەكەلدۈرگەن مۇنۇ كىتاب مېنى ئۆزىگە ناهايىتى بەك مەپتۇن قىلىۋالدى.

ئەكبەرخان شائىرنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇق تۇرغان قېلىن كىتابنىڭ خەتلىرىگە نەزەر سېلىپ دېدى:

— ئەرەبچە كىتاب ئىكەن ـ دە، بۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى.

ئەكبەرخان ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن ئىچىۋېتىپ دېدى:

— ئەرەبلەر ئۇلۇغ خەق، بىراق بىر يامان يېرى ئىسمى بەك ئۇزۇن. بىز ئۇزبەكلەردە ئۇنداق ئىش مۇتلەق يوق.

— هۆرمەتلىك دوستۇم، قاراپراق گەپ قىلساق بولارمىكىن، ئۇزۇن ئىسىم دېگەن سىلەردە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەزمىن ئاهاڭدا.

— ياق، ياق، ھېچقاچان، — دېدى ئەكبەرخان قولىنى شىلتىپ قەتئىيلىك بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى چايقاپ قويۇپ سالماقلىق بىلەن دېدى:

— مەن ئۇزلىرىگە بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بېرەي، قانداق؟

ئەكبەرخان ئالدىراپ ـ تېنەپ:

— قېنى، قېنى مەرھەمەت، قۇلىقىم ئۇزلىرىدە، — دېدى شائىرغا تىكىلىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بازاردا بىر ئۇزبېك بوۋاي «ئوتۇن ساتىمەن» دەپ تۇۋلىغىنىچە ئۇستىگە ئوتۇن ئارتىلغان بىر ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىپ بارغانىكەن، ئالدىغا بىر رۇس ئۇچراپتۇ، ئۇ ئوتۇن سېتىۋالماقچىكەن. ئۇ ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن سودىلىشىپ باھادا كېلىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئوتۇننى سېتىۋېلىپ پۇلىنى بوۋايغا بېرىپتۇ. بۇ بوۋاي ئوتۇننىڭ پۇلىنى پوتىسىغا تۇگۇپ ئېشىكىنى يېتىلەپ ئۇيىگە ماڭاي دەپ تۇرسا، ھېلىقى رۇس بوۋايدىن سوراپتۇ:

— قەغىزىڭ بارمۇ؟

بوۋايدا قەغەز نېمە قىلسۇن، بوۋاي «يوق» دەپ بېشىنى چايقاپتۇ. رۇس شىمىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن موخوركا قەغىزىنى چىقىرىپ بوۋايغا تەڭلەپ:

— مېخايىلغا ئوتۇن ساتتىم دەپ بىر ھۆججەت يېزىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ئوتۇنچى بوۋاي:

— خەت بىلمەيمەن، — دەپتىكەن، رۇس ھۆججەتنى ئۆز يېزىقىدا يېزىپتۇ. ئۇ ھۆججەتنى بوۋايغا تەڭلەپ كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ يەرگە ئېتىڭنى يېزىش كېرەك. سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوتتۇنچى بوۋاي چىگىشلىشىپ كەتكەن كۆتمەك ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

— مېنىڭ ئىسمىم، مىرسەئىد ئەنۋەر ئەلى شاھى كەششاپ خان خوجا، — دەپتۇ.

رۇس ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئىسمىنى تەستە يېزىپ بولۇپ:

— قېنى قائىدە بويىچە ئۆز ئىسمىڭىزنىڭ ئۇستىگە گۆش تامغاڭىزنى باس، — دەپ قىزىل سۇرۇخنى تەڭلەپتىكەن، ئوتتۇنچى بوۋاي ئەستايىدىللىق بىلەن:

— توختىمامسەن، ئىش تېخى قول باسىدىغان يەرگە يەتمىدى، ئەمدى سەن ئىسمىمنى يېزىپ بولغان تۇرساڭ، مېنىڭ تېخى فامىلەم بارغۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپكە ھەيران قالغان رۇس:

— ئۇنداقتا سېنىڭ فامىلەڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— فامىلەم، — دەپتۇ ئوتتۇنچى بوۋاي رۇسقا قاراپ، — مىر مىرامىدىن خوجايۇپ مىركارامىدىن خوجا.

ئوتتۇنچىدىن بۇنداق ئۇزۇن فامىلىنى ئاڭلىغان رۇسنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، قولىدىكى ھۆججەت يېزىلغان قەغەزنىڭ ئاخىرقى قۇرىدىكى ئېشىپ قالغان تىرناقچىلىك ئاق يېرىگە قاراپ ئۇھ تارتقىنىچە دەپتۇ:

— بولدى، بولدى، سېنىڭ ئىسىم - فامىلەڭنى تولۇق يېزىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر ۋاراق قەغەز لازىمكەن، بولدى، مەندە ئۇنداق قەغەز يوق، پۇلنى قايتۇر، ئوتتۇنۇڭنى ئالالمىغۇدەكمەن.

— ھا - ھا - ھا! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈپ كەتتى. ئەكبەرخانمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈشكە مەجبۇر بولدى:

— ھى - ھى - ھى!

# چىراغ

1928 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان ئەكبەرخان يولدا ساۋۇت مەزىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن «يولىمىز بىر ئىكەن» دېيىشىپ تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ماڭدى.

— مەزىن ئاكا، ئابدۇخالىقتا بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ئەكبەرخان كەشىنى شىرتىلدىتىپ يېنىدا بىللە كېتىۋاتقان ھەمراھىدىن.

—يوغىسۇ، ئەكبەرخان تۆرەم، بىرەر ئىشىمىمىغۇ يوق. ئەممازە شاھىرنىڭ[①] نەزمىسىنى ئاڭلىمىغىلى بەش ـ تۆت كۈن بولۇپ قالدى، نەزمە ئاڭلىماي ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. بىر نەزمە ئاڭلايمىكىن دەپ شاھىرنىڭ ئۆيىگە ماڭغان. خۇدايىم بەرگەندەكلا ئۆزلىرى بىلەن يولىمىز بىر چىقىپ قالدى، — دېدى ساۋۇت مەزىن كېتىۋېتىپ.

ئەكبەرخان بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە بەزىدە ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى، تۇرپاننىڭ زىيالىيلىرى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا ساۋۇت مەزىن، يۈسۈپ پىپاڭدەك «قۇلاق موللا» لىرىمۇ كېلەتتى. بولۇپمۇ ساۋۇت مەزىن ئۆزىنىڭ چالا ساۋات ۋە يېشىنىڭ ئاتمىشقا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماي،

① شاھىر — «شائىر» سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

«شاھىرنىڭ شېئىرلىرىنى قولۇم بىلەن تۇتۇپ بىر ئوقۇپ باقاي» دەپ شېئىر يېزىلغان قەغەزنى كىچىك بالىدەك باشقىلاردىن تالىشىپ قولىغا ئېلىۋالاتتى. ئۇ ئۆزى چالا ساۋات بولغاچقا، شېئىرنىڭ ۋەزنى، تۇراقلىرىغا قارىماي ھەجىلەپ باشتىكى مىسرانى كېيىنكى مىسراغا قوشۇپ، ئىنجىقلاپ، زورۇقۇپ ئوقۇپ كېتەتتى. ساۋۇت مەزىننىڭ شېئىر ئوقۇشى كۆپىنچە قاتتىق كۈلكىگە سەۋەبچى بولاتتى - دە، مەسخىرە ئىچىدە بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، قولىدىكى شېئىر يېزىلغان قەغەزنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇ بۇنى كۆپىنچە ئۇنتۇپ قالاتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئۇ يەنە يەردىن ئۈنگەندەكلا كەشىنى شىرتىلدىتىپ پەيدا بولاتتى - دە، شائىرنىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ بىر ئوقۇپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ بىر كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق بۇ قوشنىسىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويمايتتى.

— شاھىر يېڭى نەزمە پۈتكەندىمۇ؟ — دېدى ساۋۇت مەزىن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئەكبەرخانغا قاراپ.

ئەكبەرخان بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب بەردى:

— ئابدۇخالىق دېگەن كۈنلىكى ئىككى - ئۈچ پارچە شېئىر يازمىغۇچە قەلەمنى قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان شائىر ئۇ، مەزىن ئاكا.

ئۇ ئىككىسى شۇنداق دېيىشىپ چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇللا پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشتى. ئەكبەرخان ئالدىدا شائىرنىڭ خاس خانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ چىققان ساۋۇت مەزىن:

— بارمۇ نېمە؟ ھەقاچان بىلىسەم، بىلمىسەم نەزمە پۈتتۈۋاتىدىغاندۇ، — دېدى ساقىلىنى سىلاپ.

ئەكبەرخان ئېغىز ئاچقۇچە ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چىقتى. ئۇ ئىككى مېھمان بىلەن سالاملىشىپ،

ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

ساۋۇت مەزىن ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەرخان ئۆيگە كىردى:

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر! — ساۋۇت مەزىن دۇئا قىلىپ بولۇپلا ئۇستەل ئۈستىگە ئالاڭغىراپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن سورىدى:

— يېڭىدىن پۈتكەن نەزمە ـ پەزمىلىرى قېنى، شاھىر؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىيىقىدا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— يېڭىدىن يازغانلىرىمنى تېخى رەتلەپ بولالمىدىم، مايزىن ئاكا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ پىيالىلەرگە ئۇسسۇلۇق چاي قۇيۇپ ساۋۇت مەزىن بىلەن ئەكبەرخانغا سۇندى. ساۋۇت مەزىن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلاپ:

— نەزمىلىرىنى بەش ـ تۆت كۈندىن بۇيزىگە[1] ئاڭلىماي، زېرىكىپ ئىت بولۇپ كەتتى كىشى، — دېۋىدى، پىيالىدىكى چايدىن يېڭىلا بىر ئوتلىغان ئەكبەرخان «پۇۋ» قىلىپ ئاغزىدىكى چاينى پۈركۈۋەتتى. ئۇ پىيالىنى ئالدىغا قويۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى.

ساۋۇت مەزىن «ھى ـ ھى ـ ھى!» قىلىپ، چالا كۈلۈپ قويۇپ:

— تۆرەم، ئۇسسۇزلۇق جىم يولغا كېتىپ قالدى ـ ھە، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەكبەرخاننىڭ پىيالىسىدىكى چاينى تۆكۈۋېتىپ قايتا چاي قۇيۇپ قويدى.

ساۋۇت مەزىن تاغدىن ـ باغدىن پاراڭ قىلىپ بىر پەس

---

[1] بۇيزىگە — «بۇيان»، «بېرى» سۆزلىرىنىڭ تۇرپان شېۋىسى.

ئۆلتۈردى. ئەكبەرخان چىش يېرىپ بىر نېمە دەي دېسە، چوپچوك ئادەم، ئۇ ئامالسىز ئۇنىڭ پاتراق ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنى تىلەپ ئولتۇردى. ساۋۇت مەزىن ئۇنى ـ بۇنى پاراڭ قىلىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا ئۈستەلدىكى لامپىنىڭ شىشىسىگە قالپاق شەكلىدە كىيدۈرۈلگەن قەغەزگە يېزىلغان شېئىرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بوينىنى سوزۇپ قاراپ شىشىگە كىيدۈرۈلگەن قەغەزگە يېزىلغان خەتلەرنىڭ شېئىر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ:

— قاراڭلار، بۇ شاھىرنى، چىراغنىڭ قەغىزىگىمۇ نەزمە پۈتۈۋاتقىنىنى، مەم ـ مەم، ئۇ قەغەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆت كۇپلېت نەزمە بارمۇ نېمە بۇ بىر نېمىنىڭ، — دەپ لامپا شىشىسىدىكى قەغەزنى ئاۋايلاپ چىقىرىۋالدى.

لامپا شىشىسىگە كىيدۈرۈلگەن قەغەزدىكى بۇ تۆت كۇپلېت شېئىرنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاخشىمى چىراغ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىلھامى كېلىپ يېزىپ قويغانىدى.

ساۋۇت مەزىن بىر قولىدىكى قەغەزگە، بىر شائىرغا قاراپ شېئىرنى ئوقۇشقا تەمشىلىپ، ئاخىر:

— ئوقۇيمۇ؟ — دەپ تەۋەززۇ بىلەن سورىدى.

— ئوقۇسىلا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈمسىرىگىنىچە.

ساۋۇت مەزىن ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى جايىدىن بىر ئاز سۈرۈپ، ئۆزىنى رۇسلاپ راۋۇرۇس ئولتۇردى، ئاندىن «ئىم!» قىلىپ كېكىرتىكىنى قاتتىق بىر قىرىۋېتىپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— ت ـ ت ـ ۇ ـ تۈننى، تۈننى كۈن ـ كۈندۈز ـ دەك ...

ساۋۇت مەزىن بىر مىسرا شېئىرنى ئوقۇپ بولغۇچە ئىچى پۇشۇپ كەتكەن ئەكبەرخان نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساۋۇت مەزىننىڭ شۇنچىۋالا زورۇقۇپ ئوقۇشىغا قىزىقىپ ئولتۇراتتى. ساۋۇت

مەزىن شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرىدىكى «چىراغ» سۆزىنى ئىككىنچى مىسرانىڭ بېشىدىكى «نۇرىنى» دېگەن سۆزگە ئۇلاپلا ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئەكبەرخان چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ساۋۇت ئاخۇن ئاكا هوي، بىر ئوبدان، ئېسىل شېئىرنى پاخاللاشتۇرماي بۇياققا بەرسىلە، مەن ئۆزەملا ئوقۇۋېتەي، — دەپ مەزىنگە قولىنى سۇندى.

ساۋۇت مەزىن ئەكبەرخاننىڭ گېپىگە خاپا بولۇپ بىر نېمە دەي دېسە، بۇ خەقنىڭ ئۆيى، بۇتتاپ چىقىپ كېتەي دېسە يېڭى شېئىرنى ئاڭلىيالماي قالىدۇ. ئۇ ئۆزى شېئىرنى ھەجىلەپ ئوقۇغاچقا، شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى ئوقۇپ بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەنىدى. بىراق ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىنى ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك، قورساق كۆپۈكلىرىگە ئۇچرىسىمۇ ئېغىر ئېلىپ خاپا بولۇپ كەتمەيتتى.

— مانا، ئۆزلىرى ئوقۇسىلا، — دەپ، ساۋۇت مەزىن قولىدىكى قەغەزنى ئەكبەرخانغا سۇندى.

ئەكبەرخان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىگە ئالدىرىماي زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن قەغەزنى راۋۇرۇس تۇتۇپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ شېئىرنىڭ تۇراق، رىتىم، ۋەزىنلىرىگە ئېتىبار بېرىپ قائىدە بويىچە يېقىملىق ئاھاڭدا ئوقۇيتتى. ئۆي ئىچىدە ئەكبەرخاننىڭ ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

## چىراغ

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گەۋھەر بۇ چىراغ،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراغ.

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرنىڭ مەنبەئىدۇر بۇ چىراغ،
تۈندە يول تېپىپ مېڭىشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراغ.

تۈندە قەلەم تۇتقىلى بولماس يوقالسا بۇ چىراغ،
قانچە يازسام يەنە قاينار دەرد تېگىدىن ئىشتىياق.

ئابدۇخالىق كۈن ـ تۈنى ئۇيقۇدىن بىدارسەن،
خۇددى بىر پەرۋانىسەن، كەتمە هامان نۇردىن يىراق.

ئەكبەرخان شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ ساۋۇت مەزىنگە «شېئىر دېگەننى مانا مۇنداق ئوقۇماق كېرەك» دېگەندەك تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، قولىدىكى قەغەزنى ئاۋايلاپقىنا لامپىنىڭ شېشىسىگە كىيگۈزۈپ قويدى.

— مەم ـ مەم، هەجەپمۇ بىر قالماشتۇرۇپ يېزىپتىلا، شاهىر بۇنى، — دېدى ساۋۇت مەزىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ئولتۇرسىلىرا، مايزىن ئاكا، پاراڭلىشىمىز، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىشىككە قاراپ ماڭغان مەزىنگە.

— رەهمەت، رەهمەت، ياخشى نەزمىدىن بىرنى ئاڭلىۋالدىم. ئەمدى كۆڭلۈم قاراڭغۇدا چىراغ يېقىپ قويغاندەك يورۇپ كەتتى. تەرەت يېڭىلاپ دىگەر نامىزىغا مەسچىتكە ماڭمىسام كېچىكىپ قالۇرمەن، خوش، خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى ساۋۇت مەزىن.

ئۇ شۇنداق دەپ خوشلاشقىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەكبەرخان شائىرنىڭ ئىجازىتى بىلەن، لامپا شېشىسىگە كىيگۈزۈلگەن قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يېزىلغان «چىراغ» شېئىرىنى ئايرىم قەغەزگە كۆچۈردى. ئۇ بۇ شېئىرنى «خاتىرە ئۈچۈن ساقلاپ قوياي» دەپ شېئىر يېزىلغان قەغەزنى چىرايلىق قاتلاپ مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالدى ...

# قاملاشمىدى

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەن ياۋنيەن قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە مىللىتارىست ياڭ زېڭشىن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى. ئون يەتتە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن زالىم ياڭ زېڭشىن ئاخىر ئۆز بېشىنى يېدى. ياڭ زېڭشىنىنىڭ ئۆلۈمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا قوزغىدى. خەلق «ئۈستىمىزدىكى بۇ زۇلۇم تېغى ئاخىر ئاغدۇرۇلدى. ئەمدى كۈنىمىز ياخشى بولۇپ قالار» دېيىشتى. زىيالىيلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، سودىگەرلەر مۇستەبىت سىياسەتنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دېموكراتىك سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىشتى.

يەن ياۋنيەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان كۈنلەردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇمۇ ئىلغار زاتلارغا ئوخشاش كونا فېئوداللىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئورنىغا يېڭى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ۋەزىيەتنى كۆزەتتى. بىراق، بىر ئايغىچىلىك بىرەر يېڭىلىقنىڭ شەپىسى بولمىدى. ھۆكۈمەت ئىشلىرى كونا پېتىچە قىلىنىۋەردى. جىن شۇرېن رەئىس بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «خەزىنە قۇرۇقدىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، پۇقرادىن كېلەر يىللىق ئالىدىغان باج ـ سېلىقنى بالدۇر يىغىۋېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلدى. جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپلا خەقنى

ئىقتىسادىي تەرەپتىن تالان ـ تاراج قىلىشنى جىددىيلەشتۈرىدىغان بۇنداق تەدبىرى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. شائىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان دوست ـ بۇرادەرلىرى شۇ كۈنىلا ئۇنى يوقلاپ پەتىگە كېلىشتى.

— بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولساق، ئۆزلىرىنى بالدۇرلا ئۈرۈمچىگە چىقۇرتۇردىغان ئىشكەندۇق، بۇرادەر، — دېدى ھەببۇللا ئەپەندى گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پۇقرانىڭ ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان قارا تاش ئۆزلە ئۈرۈمچىگە چىقىپلا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ئەمەسمۇ؟!

— شائىرنىڭ ئايىقى ياراشتى، — دېدى ھېسامىدىن زوپەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىزلەرمۇ بۇ يەردە ئۈرۈمچىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تاپقان. خەقتىن ئاڭلىغان ھېساب ئەمەس، قېنى ئۆز ئاغزىلىرىدىن بىر ئاڭلايلى، — دېدى ئەكبەرخان.

— سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان يەن ياۋنىيەن ياشلىقىدا ياپونىيىدە ئوقىغانىكەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىغا قاراپ، — ئۇ ئۆزى ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى، ئۆلكىلىك خارجى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى يەن دۇيىڭ، يادىڭلاردا باردۇ، ئۇ تېخى تۆت ئاي بۇرۇنلا قاراشەھەردە سەنمىنجۇينى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىۋىدى...

ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارغا 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ 2 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىنكى زىياپەتتە، يەن ياۋنىيەن تەرىپىدىن ياڭ زېڭشىننىڭ قانداق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، مەمۇرىي ئىشلار نازىرى جىن شۇرېننىڭ ئون نەچچىلا ئادىمى بار

پەن ياپونىيەن ۋە ئۇنىڭ شېرىكى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۇڭشىنى نەق مەيداندىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقىۋالغانلىقىنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

ئىشىك ئېچىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقان دوست - بۇرادەرلەر تەڭلا دېگۇدەك ئىشىككە قارىدى. ئىشىكتە مەيدىسىگىچە چۈشكەن مەشۇتتەك ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ ساۋۇت مەزىن تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كەلسىلە، مايزىن ئاكا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ساۋۇت مەزىن ئالدىراش كېلىپ شائىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ بىر ھازا تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ساۋۇت مەزىن كىرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدە پاراڭ قولاشمىدى. ساۋۇت مەزىن ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ئالاڭغىراپ قاراپ قويۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا دېدى:

— ھوي شائىر، تۇرپاننى ئۇنداقمۇ ئۇزاق تاشلىۋاتامىلا، ھوي، ئاتام بىلەن ئانام بارىدى، خوتۇن بىلەن بالام بارىدى، ساۋۇت مەيزىندەك نەزمىگە خۇشتار قولۇم - قوشنىلىرىم بارىدى دەپ باقسىلا بولمامدۇ؟ يە شائىر دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟

— ھا - ھا - ھا!

— ھى - ھى - ھى!...

ساۋۇت مەزىننىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ كۈلۈمسىرەپ:

— ئۈرۈمچىدىن پاتلا قايتۇرمەن دەپتىمەن، ئۇ يەرگە چىقىپ شۇنداق ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم، مايزىن ئاكا، — دېدى.

— شاھىر، نەزمىلىرىنى ئاڭلىمىغىلى خېلى گاخ[1] بوپقالدى، ئۇنداق قىلمىسىلىرا، يېڭىدىن يازغان نەزمىلىرىنى ئاڭلاپ باقمىنى.

ساۋۇت مەزىننىڭ بۇ گېپى ھەممەيلەنگە ماقۇل كەلدى.

— مايزىن ئاكام دۇرۇست گەپ قىلدى، قېنى ئابدۇخالىق، بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسىلە، — دېيىشتى دوستلار بىردەك ھالدا. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يانچۇقىدىن يېڭى يازغان بىر شېئىرنى چىقىرىۋېدى، ساۋۇت مەزىن بويىننى سوزۇپ قاراپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ساۋۇت مەزىننىڭ «شېئىرنى مەن ئوقۇيمەن» دەپ كىچىك بالىدەك تالىشىدىغان مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان ئەكبەرخان دەرھاللا:

— ئولتۇرۇۋالسىلا، مايزىن ئاكا، شېئىرنى يازغان ئادەم ئۆزى ئوقۇسا، قۇلاققا تېخىمۇ ياخشى ئاڭلىنىدۇ، شائىر شېئىرنى ئۆزى ئوقۇپ بېرىدۇ، — دېدى.

ئەكبەرخاننىڭ بۇ گېپىگە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ساۋۇت مەزىن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆي ئىچىدە كۈلكە بېسىققاندىن كېيىن، «قاملاشمىدى» ناملىق شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئادىمى ئالماشتىيۇ، يولى، تۈزۈم ئالماشمىدى،
جىن[2] دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى.

ياڭ[3] ئۆلۈپ تاپتى لەھەت، بولمامدىكەن جۇمھۇرىيەت،
بەرمىسە جۇمھۇرىيەت، بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى.

---

① گاخ — ۋاقىتنىڭ تۇرپان شېۋىسى.

② جىن ـ جىن شۇرېن.

③ ياڭ ـ ياڭ زېڭشىن.

ئاتى جىننىڭ ئۆزى جىن، جىننىڭ كۈنى بولغاي قىيىن،
ئېتىبارى بىر تىيىن، قىلغان ئىشى قاملاشمىدى.

ئابدۇخالىق نەرە تات، ئەنە قالقان، ئەنە ئات،
ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات، جىننىڭ ئىشى قاملاشمىدى.

شائىر شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. بۇ جىمجىتلىقنى ساۋۇت مەزىن بۇزدى:

— مەم ـ مەم، شاھىر، «قالماشمىدى، ۋاي قالماشمىدى[①]» دەپ بۇ نەزمىنى بۇنچىلىك قالماشتۇرۇپ يېزىۋېتىپتىلا. ئەگەرچەندە قالمىشىپ قالغان بولسىزە، خۇدايىم پاناھ بەرگەي، نەزمە دېگەننى قانچىلىك كېلىشتۇرۇپ يازۇردىلاكىن تاڭ؟

ساۋۇت مەزىننىڭ بۇ گېپى يەنە كۈلكىگە سەۋەب بولۇپ ئۆي ئىچىدە بىر پەس كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىر ھازادىن كېيىن ساۋۇت مەزىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش ئەمىسە، ھەر قايسىلىرى ئولتۇرغان جايلىرىدىن قوزغىلىشمىسىلا، مەن چىقىپ تەرەت يېڭىلاپ مىچىتكە ماڭمىسام بولمايدۇ، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

① قالماشمىدى — «قاملاشمىدى» نىڭ تۇرپان شېۋىسى.

# يول دېگەن شۇ

1929 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى، تۇرپاندا ئۇجمە پىشقان چاغ ئىدى. موللا روزىمەتنىڭ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇ پېشقەدەم شائىرنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاتلىق يولغا چىقتى.

ئەسلىدە شائىر موللا روزىمەت ناھايىتى ساغلام، تېتىك، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، بىناكارلىق ھۈنىرىنى تاشلىماي تامچىلىق قىلاتتى. ئالدىنقى يىلى ئۇ تۇرپان يېڭىشەھەردە بىر باي سودىگەرنىڭ دۇكىنىنى سېلىۋاتقاندا، تام ئۈستىدىن يىقىلىپ كېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن كېسەلچان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پات - پات ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېتىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ كونىشەھەرنىڭ ئۇدۇل جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان يار بېشى مەھەللىسىگە يېقىنلاشتى. ئۇ يولدا كالىغا مىنگەن دېھقاننى ئارىغا ئېلىۋېلىپ «ۋاي كالىدىن چۈشمە، ۋاي كالىدىن چۈشمە!» دەپ ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «بۇ نېمە ۋەقە ئۆزى» دەپ ئالدىدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەملەرگە قىزىقىپ قالدى - دە، «چۇۋۇ!» دەپ ئۈزەڭگىدىكى پۇتى بىلەن ئېتىنى دىۋىتىۋىدى، تورۇق ئات يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى. بېشىغا كۆل رەڭ شىلەپە كىيىپ، ئۇچىسىدىكى ئاق پاكچۇ كۆڭلىكىنى ئۇچۇرتۇپ، ئارغىماق

نەسىللىك تورۇق ئاتنى يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تونۇۋالغان دېھقانلار ئۇ يېتىپ كەلگۈچە كالىنى يېتىلەپ يولنىڭ چېتىگە ئەپچىقىپ توختىدى. ئۇنىڭغىچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېھقانلار شۇنداق دېيىشىپ ھۆرمەت بىلەن شائىرغا سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ ئالدىدىكى ئىككى پېشقەدەم دېھقان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

شۇ ئەسنادا، كالىغا مىنىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق دېھقان كالىدىن چۈشۈشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئىككى ئادەم تەڭلا:

— ۋاي نۇراخۇن، بولدى، بولدى، كالىدىن چۈشمە! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

كالىنىڭ ئۈستىدىكى قارىمۇتۇق چىرايى ئاچچىقىدىن بېغىرەڭ تۈسكە كىرىپ تىترەپ تۇرغان، دوغىلاق كەلگەن، كەڭ ساقاللىق نۇراخۇن ئىسىملىك ئادەم يۇلقۇنۇپ ئىككى دېھقاننىڭ قولىدىن ئاجراپ كالىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈشكە تىرىشاتتى. دېھقانلار بولسا ھولۇقۇپ جىددىيلەشكەن ھالدا «بولدى قىلسىنا ئەمدى، كالىدىن چۈشمىسىنا» دېيىشەتتى.

بۇ ئىش ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇ كالا ئۈستىدىكى نۇراخۇنغا قاراپ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن ئالدىدىكى پېشقەدەم دېھقاندىن سورىدى:

— بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟

پېشقەدەم دېھقان «ئېھ ـ ھې! » قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ «خەپشۇك» دېگەندەك، كالىنىڭ يېنىدا تۇرغان ھەمراھلىرىغا بىر قارىۋېلىپ نەزەرىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا يۆتكەپ، سەل قورۇنغاندەك خىجالەت بولۇپ دېدى:

— شائىر، بىز تەرەپپالا ئۆزلەنىڭ يوللىرىنى توسۇپ قويغاندەك ئىش قىلغىنىمىزغا ئۆزلەدىن خىجىل بولۇپ ئىزا تارتىپ تۇرۇپتىمىز، يۇرت دېگەندە ھەر قىسما ئىشلار بولۇركەن.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ. ئۇنچىلىك تۇزۇت قىلىش بىھاجەت، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەمتەرلىك بىلەن.

قىسقا داۋاملاشقان بىر پەس سۇكۇتتىن كېيىن پېشقەدەم دېھقان كالا ئۇستىدىكى نۇراخۇن ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى:

نۇراخۇن بايلارنىڭ كارىزىنى چاپىدىغان دېھقان بولۇپ، بۇگۈن ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ئېغىلدىكى كالىسىنى ئىشىك ئالدىغا ئەپچىقىپ مىنىپ كارىز بېشىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ بىر ئاز مېڭىپ كارىز چېپىشقا ئىشلىتىدىغان پوچىسىنى[①] ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ كەينىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۆيدە قالغان خوتۇنىنى چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى يېتەرخان ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

نۇراخۇن كالىدىن چۈشمەيلا:

— پوچىنى ئەپچىقىۋاتسىنا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ.

يېتەرخان خېمىر يۇقى قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— كۆرمىدىمۇ، تونۇرغا نان يېقىشقا خېمىر يۇغۇرۇۋاتىمەن، كالىدىن چۈشۈپ ئۆزى ئالغاي ئۇ پوچى دېگەن بىر نېمىسىنى، — دەپتۇ.

نۇراخۇننىڭ ئاچچىقى يامان، مىجەزى چۇس ئادەم بولغاچقا:

— مەن ئىشقا ئالدىراۋاتىمەن، تولا قۇرۇق گېپىڭنى قويۇپ پوچىنى چاپسان ئەپچىقىپ بەر! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

يېتەرخانمۇ ئۆزۈمنىڭ راست دەيدىغان خوتۇن بولغاچقا:

— كالىنىڭ ئۈستىگە تېقىمىنى قارا يىلىمدا يەملەپ

---

① پوچى — كارىز چېپىشتا ئىشلىتىدىغان جوتۇنىڭ بىر تۈرى.

قويمىغاندىكىن، ئۆزى يەرگە چۈشۈپ ئۇ بىر نېمىنىڭ ئاۋالغاي! — دەپ پوچىنى ئەپچىقىپ بەرمەپتۇ.

— مەن تام قوشنا بولغاچقا، بۇ ۋاڭ - چۇڭ گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ نۇراخۇننىڭ قېشىغا كېلىشىمگە، — دەپ سۆزىنى داۋام ئەتتى پېشقەدەم دېھقان،

— ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان نۇراخۇننىڭ ئاغزىدىن: «پوچىنى ئەپچىقىپ بەرمىسەڭ بوپتۇ، مەن بۇگۈن مۇشۇ كالىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشىدىغان بولسام، سەندەك خوتۇن ئۈچ تالاق» دېگەن يامان گەپ چىقىپ كەتتى.

— ئاپلا نۇراخۇن، بۇ نېمە دېگىنىڭ ئۇكەمۇي، — دېگىنىمچە ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم، بىراق مەن كېچىككەنىدىم. ئەگەر ئۇ كالىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈپلا كەتسە، خوتۇنى يېتەرخان ئۈچ تالاق بولىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇزۇلۇپ چۈچۈرىدەك بەش بالىسى يېتىم قالىدۇ ئەمەسمۇ، بۇنداق بولسىزە، بەش نارەسىدىگە ئۇگال بولمامدۇ. مەن گەپ قىلسام، نۇراخۇن:

— نېمە بولسا بولۇر، تەقدىر - ئاللا پېشانەمگە پۈتكەننى كۆردۈم. كالىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈپ پوچىنى ئۆزۈم ئەپچىقىپ ئىشىمغا ماڭىمەن، — دەپ تۇرىدۇ.

مەن ئۇنى:

— بولدى پەيلىڭدىن يان، — دەپ تۇتۇۋالدىم.

بۇنى ئىشتكەن مەھەللىمىزدىكى قولۇم - قوشنىلار، ھەقەمسايىلەر دۈررىدە يىغىلىشىپ كېلىشتى. ھەممىمىز بۇ ئىشقا باش قاتۇردۇق. بىز:

— بۇ ئىش تازا چاتاق بولدى. نۇراخۇن كالىدىن يەرگە چۈشمەيزە ئۆلتۈرۈرمۇ؟ ئۇ ئەمدى يەرگە چۈشۈپلا كەتسە مەزىمى[1]

---

[1] مەزىم — مەزلۇم سۆزىنىڭ تورپان شېۋىسى.

ئۈچ تالاق بولىدىغان تۇرسا، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇر، — دېيىشىپ بىر ئامال تېپىشقا تىرىشتۇق. بىرسى بىر نېمە دەپ، يەنە بىرسى يەنە بىر نېمە دەپ ئاخىر ھەممىمىز «شەرىئەتنىڭ شېخى قىرىق» دېگەن گەپ بار. باغرىدىكى قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقساق، قازى ئاخۇنۇم كىتاب كۆرۈپ بىر يول تېپىپ بۇ ئىشنى تۈزەپ قويۇر، دەپ باغرىغا قاراپ يولغا چىققان، ھازىر باغرىغا كېتىپ بارىمىز، شائىر ئەپەندىم.

پېشقەدەم دېھقاننىڭ سۆزىنى ئەستىقلاپ ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «راست شۇنداق» دېيىشتى.

بۇ بىر توپ بىچارە دېھقانغا قاتتىق ئېچىنغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كالا ئۇستىدىكى نۇر كارىزچىغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۇنچىقماي بىر پەس تۇردى. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلگەندەك بولدى، ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدا ئاجايىپ بىر ئوي - پىكىر ئۇچقۇنى چاقنىدى - دە، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان دېھقانلارغا دېدى:

— كەينىڭىزلەرگە قايتىڭىزلەر، مەھەللىگە بارغاندا بىر گەپ بولۇر.

بۇ گەپ بىلەن دېھقانلار ئۈمىدىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا باغلاپ كەينىگە قايتىشتى. نۇر كارىزچى خىجالەت بولغان ھالدا:

— ئۆزلىرىدەك يۇرت كاتتىسىنىڭ ئالدىدا كالىدىن چۈشمەي ناھايىتى سەت ئىش قىلدىم، ئېغىر ئالمىسىلا، شائىرىم، — دەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن ئەپۇ سورىدى.

— «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپ، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز تېپىۋالغان ئىش بولغاندىكىن، بوپتۇ، كېرەك يوق، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن بىرگە ئېتىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا مەھەللە ئىچىگە يېتىپ باردى. مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى بۇك - باراقسان

يوغان ئۆجمە راسا پىشىپ كەتكەنىدى.

— كالىنى جۈجەمنىڭ[1] ئاستىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توپ ئىچىدىكى ياشراق بىر دېھقانغا.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ دېھقان كالىنى يېتىلەپ ئۆجمىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇراخۇنغا بۇيرۇدى:

— قېنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ.

نۇراخۇن ئىنجىقلاپ بىر قولى بىلەن كالىنىڭ دۈمبىسىنى تايىنىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۆجمىنىڭ ئېگىلگەن شېخىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى. دېھقانلار «بۇنىڭ كەينىدىن شائىر نېمە دەركىن» دەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قارىشىپ قېلىشتى.

— ياخشى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇراخۇنغا، — قېنى ئاۋۇ يوغان شاخنى تۇتۇپ جۈجەمنىڭ ئۈستىگە چىقىڭ.

نۇراخۇن ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆرسەتكەن شاخنى تۇتتى. بۇنىڭدىن ھودۇقۇشۇپ قالغان بىر نەچچە دېھقان تەڭلا:

— ۋۇي، ۋۇي، بولمىدى بۇ، بۇنداق قىلسا قانداق بولۇر! ؟ — دېيىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭشىتىپ «بولدى، گەپ قىلماڭلار» دېگەن شەرەتنى قىلدى، ئاندىن نۇراخۇنغا قاراپ:

— قېنى، تېز بولۇڭ، — دېدى.

نۇراخۇن بىرلا كۆچەپ شاخقا ئېسىلىپ لىككىدە ئۆجمىنىڭ ئۈستىگە — يوغان بىر شاخقا چىقىۋالدى.

— ھە، مانا بۇ ئىشىڭىز جايىدا بولدى، قېنى ئەمدى ئاۋۇ ئېگىزدىكى شاخقا چىقىڭ، — دەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆجمىنىڭ يەنە بىر شېخىنى كۆرسەتتى.

---

[1] جۈجەم — ئۆجمىنىڭ تورپان شېۋىسى.

بۇ ئىشنىڭ قانداق ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلىشىشىغا تەقەززا بولۇشۇۋاتقان دېھقانلار ئۇنچىقماستىن بىردە ئۇجمىنىڭ ئۇستىگە خۇددى مايمۇندەك ئەپچىللىك بىلەن يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان نۇراخۇنغا قاراشسا، بىردە تەمكىن هالدا بېلىنى تۇتۇپ تۇرغان سۈلەتلىك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قارىشاتتى.

— جۇجەملەر پىشىپتىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇراخۇندىن.

— خېلى پىشىپتىغۇ بۇ بىر نېمە، — دېدى نۇراخۇن پەسكە قاراپ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇراخۇنغا، — قورسىقىڭىز تويغۇچە جۇجەم يەڭ.

نۇراخۇن شائىرنىڭ گېپى بىلەن پىشىپ كۇمۇشتەك پارقىراپ كەتكەن ئۇجمىلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئاغزىغا سالغىلى تۇردى.

— ۋۇي، شائىر، مەن بىئەپ ئىش قىپتىمەن جۇمۇ، — دېدى ئۇ پەسكە قاراپ، — جۇجەمگە ئۈزلەمۇ ئېغىز تېگىپ باقسىلا.

— رەھمەت، ئۆزىڭىز يەڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈپ.

بۇ چاغدا دېھقانلار ئۇيلىرىدىن كېگىز، كۆرپە ئاچىقىپ مايىگە سېلىپ بىر سورۇن راسلاشقانىدى. بايىقى پېشقەدەم دېھقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلدى. ياشلاردىن بىر نەچچىسى بىر شالدىرشاپ[1] ئەكېلىپ ئۇجمە ئىرغىتتى. شالدىرشاپقا چۈشكەن ئۇجمىنى بىر نەچچە لېگەنگە ئېلىپ داستىخانغا ئەكېلىپ قويدى.

— قېنى، جۇجەمگە ئېغىز تېگىپ باقسىلا، — دېيىشتى

---

[1] شالدىرشاپ — ئۇجمە ئېغىتىپ چۈشۈرىدىغان، ئىككى تەرىپىدە تۇتىدىغان ياغىچى بار چوڭ داستىخان.

دېھقانلار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇجمىدىن ئازراق يەپ، رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۇجمە دەرىخى ئۇستىدە تېخىچىلا ئۇجمە يەۋاتقان نۇراخۇنغا قاراپ دېدى:

— ھوي نۇراخۇن، جۇجەمگە تويدىڭىزمۇ؟

— ئەجەبمۇ بىر پىشىپ كېتىپتىكەنتۇق، بۇ بىر نېمىنى بىر قورساق يەۋالدىم دېسىلىرا، — دېدى نۇراخۇن كالپۇكىدىكى شىرنىلەرنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتىۋېتىپ.

— ئۇنداق بولسا يەرگە چۈشۈڭ! — دەپ بۇيرۇدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەسكىنلىك بىلەن.

بۇ گەپ دېھقانلارنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

— شائىر ئەپەندىم، بۇنداق بولسا قانداق بولۇر؟ — دېيىشتى ئۇلار تەمتىرىشىپ.

— ياخشى بولىدۇ، چۈنكى نۇراخۇن كالىدىن چۈشسەم خوتۇنۇم ئۇچ تالاق، دېگەن ئەمەسمىدى، — دېدى شائىر دېھقانلارغا چۈشەندۇرۇپ، — باياتىن ھەممىڭىزلەر كۆردىڭىزلەر، نۇراخۇن كالىنىڭ ئۇستىدىن جۇجەمنىڭ ئۇستىگە چىقتى. ئۇ ئەمدى يەرگە چۈشسە جۇجەمنىڭ ئۇستىدىن چۈشىدىغۇ، ھەرگىز كالىنىڭ ئۇستىدىن چۈشمەيدۇ. نۇراخۇن جۇجەمنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ كەتسەم، خوتۇنۇم ئۇچ تالاق دېمىگەندۇ؟

بۇ گەپ دېھقانلارنى كۇلدۇرۇۋەتتى. ئۇجمە ئۇستىدە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان نۇراخۇن:

— مەن جۇجەمنىڭ ئۇستىدىن چۈشسەم، خوتۇنۇم ئۇچ تالاق دېگەن سۆزنى ئىللا - بىللا ئېغىزغا ئالمىدىم، ئاداشلار، — دېدى پەسكە قاراپ.

— دۇرۇس، نۇراخۇن ھازىر يەرگە چۈشسە جۇجەمنىڭ ئۇستىدىن چۈشىدۇ. يول دېگەن ئاشۇ، قورقماي چۈشۈۋېرىڭ، نۇراخۇن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۇلۇمسىرىگەن پېتى.

بۇ گەپ بىلەن دېھقانلار ئۈستىدىن گويا بىر ئېغىر يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىك نەپەس ئېلىشىپ كۆڭۈللىــــرى سۆيۈنۈپ كېتىشتى. پېشقەدەم دېھقانلار شائىرغا كەينى ـ كەينىدىن رەھمەت ئېيتىشتى. شائىر ئۈجمىدىن يەرگە چۈشۈپ تۇرغان نۇراخۇنغا كۆپ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، دېھقانلار بىلەن خوشلىشىپ، شائىر موللا روزىمەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# جۇدالىق زارى

1929 ـ يىلى يازدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۆت ياشقا كىرگەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ئابلىزجان بىلەن بىر ياشقا توشقان كەنجى ئوغلى ئابدۇرېشىتخان ئاغرىپ قېلىپ بىر ئاينىڭ ئىچىدىلا كەينى ـ كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىش قايغۇ ـ ھەسرىتى شائىرنىڭ قەلبىنى قاتتىق ئۆرتىدى. ئاچچىق ھىجران پىراقىدا ئازابلىنىۋاتقان شائىرنى دوستلىرى باشقا يەرلەرگە بېرىپ ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ كەلسە، كۆڭلى تەسكىن تاپار دەپ ئويلاپ قاراشەھەرگە يولغا سېلىپ قويدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاراشەھەرگە يېتىپ بارغان كۈنى ئالدىنقى يىلى بۇ يەردە ئېچىلغان سەنمىنجۇيى① كۇرسىغا ئۆگىنىشكە كەلگەندە تونۇشۇپ قالغان ئارا ئىسىملىك موڭغۇل ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇچراشمىغىلى بىر يىل بولغان ئىككى دوست قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشتى. ئەتىسى ئارا شائىرنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي يايلاققا ئېلىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يايلاقتا ئارانىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى شائىرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ئارا بىلەن ھەر كۈنى يايلاقنى — گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئاتلىق ئارىلاپ، ئىككى ھەپتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. 15 ـ كۈنى ئارا ئۇنى ئۇزىتىپ ئۆزى بىللە قاراشەھەرگە ئەكېلىپ قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاراشەھەردىكى دوستلىرىنىڭكىدە بىر

---

① سەنمىنجۇيى — سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكى.

نەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى كۆتۈرۈلگەندەك بولغانىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ھۇجرا ئۆيىگە كىرىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى: تېخى بىر يېرىم ئاي بۇرۇن ساق قالغان سۆيۈملۈكى ئايىمخان ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قىزىلگۈلدەك جىلۋىدار چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ، جۇدەپ، يۈز سۆڭىكى تومپىيىپ چىقىپ، تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

شائىر سۆيۈملۈكىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى قاتتىق سىقىلدى. ئۇ ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئىتتىك مېڭىپ ئايىمخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئىچى سىرىلغان ھالدا ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. ئايىمخان قەدىردانىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، كۆڭۈل ئۇۋۇلغۇچى سۆزلەرنى قىلىپ، يېپەك قولياغلىقى بىلەن رەپىقىسىنىڭ يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان يېشىنى سۈرتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلدى. داڭلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ كېسەلنى كۆرسىتىپ داۋالاتقان بولسىمۇ، ئايىمخانىنىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىشكە باشلىدى. شائىر سۆيۈملۈك رەپىقىسىنىڭ قېشىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمىدى.

بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق، ۋاپادار ئەر ـ خوتۇننىڭ مۇھەببىتى كارىز سۈيىدەك پاك، تۇرپان ئىسسىقىدەك قىزغىن، تۇرپانلىقلار قەلبىدەكساددا، بىغۇبار، سەمىمىي ئىدى. ئۇ ۋىسال تاپقان ئون يىل مابەينىدە، خۇددى يېڭىدىن توي بولغان قىز ـ يىگىتلەردەك بىر ـ بىرىنى قەدىرلەپ ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىشاتتى. ۋاپادار دىلبىرىنىڭ ھالىدىن قاتتىق ئازابلانغان شائىر ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە خېلىلا ئېتىدىن چۈشۈپ جۇدەپ كەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئايىمخان ئاچچىق ئىڭراپ تولغىنىپ ئويغىنىپ كەتكەن ئاپىسىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. بۇنىڭدىن بىر ئىشنى سەزگەن شائىرنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى ـ دە، قەدىردانى ئايىمخاننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. بىر پەستىن كېيىن بىردىنلا ئايىمخاننىڭ قولى بوشاپ كۆزلىرى يۇمۇلدى. بۇ ئايرىلىشقا چىدىمىغان شائىر مەرھۇم مەھبۇبىنى يىغا ئارىلاش ئېچىنىشلىق ئاۋازدا چاقىردى، لېكىن ئايىمخان ئۈنچىقارمىدى. چۈنكى ئۇ راستىنلا ھاياتلىق بىلەن ۋىدالاشقانىدى.

ئۆي ۋە ھويلىدا قاتتىق يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى. قاتتىق مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەقىللىق، ۋاپادار مەھبۇبى ئايىمخاننىڭ ھىجران دەردىدە باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى! ...

مەرھۇمنىڭ نەزىرلىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن شائىر ئۆز ھۇجرىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاياتىدىكى ئەڭ يېقىن سىردىشى، مۆيۈملۈك مەھبۇبىنى ئەسلىدى، جۇدالىق قايغۇسىنى بېسىۋالالماي دەريا ـ دەريا ياشلىرىنى تۆكۈپ ھەسرەت چەكتى، ئورنىدىن تۇرۇپ خاس خانىسىغا كىرىپ قولىغا قەلەم ئالدى ـ دە، ئاق قەغەزگە قىزىل سىيادا «مەرسىيە» دەپ ماۋزۇ قويدى. ئۇ دېرىزىدىن يىراققا بىر پەس نەزەر تاشلاپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قۇرلارغا چىرايلىق، ئۇستىخانلىق پۈچۈركا بىلەن قەلبىنىڭ مۇسىبەت قايغۇ ـ ھەسرىتى سىڭگەن سۆز دۇردانىلىرىنى ئۈنچىدەك تىزىشقا باشلىدى.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئاي ئىدى ئىسمىڭ سېنىڭ ئاي دېمەك لايىق ئىدى،

ئاي دېمەك بەلكى كېلىشمەس، كۈن دېمەك مۇۋاپىق ئىدى.

قىلمىدى بۇ ھالىڭا دەۋران تەھەممۇل ئاقىبەت،
سالدى ئاغرىقنى تېنىڭگە كەتتى سەندىن ئافىيەت.

ئىرجىئى ئايات ئىلە كۆكتىن ساڭا كەلدى نىدا،
قىلمىدىڭ بىردەم تەۋەققىپ ئاقىبەت بولدۇڭ جۇدا.

ئاھىلەر، پەريادىلەر چىقتى پەلەكلەرگە بىر ئۈن،
كەلمىدىڭ قايتىپ ئەجەب كەلمەمدۇ ھېچ رەھمىڭ بۈگۈن.

ھەقلىقتۇرسەن، چۈنكى ئالىي روھىڭغا يەر تار ئىدى،
ئالىي روھلار يەر يۈزىدە تۇرمىغى چوڭ ئار ئىدى.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ياخشى ۋەسىپىڭ تا قىيامەتكە قەدەر تىلدا بولۇر،
خاس ساڭا بولغان مۇھەببەت تائەبەد دىلدا بولۇر.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . .

# يۈرەك سۆزى

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەپىقىسى ئايىمخان 1929 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يىگىرمە تۆت يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆمۈرلۈك، ۋاپادار يارىنى ئايرىلىش تۇرمۇشىنىڭ تۇۋرۈكى دەپ بىلگۈچى شائىر چەكسىز مۇسىبەت، قايغۇ دېڭىزىغا غەرق بولدى. شۇڭا ئۇ ماتەملىك قەلبىنىڭ لىرىك زارى — مەشھۇر مەرسىيىسىنى يازغانىدى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىدا تەنھالىق ئازابىنى چېكىپ ۋاپادار مەشۇقىنى ئەسلىگىنىدە، تۆۋەن ئاۋازدا، ناھايىتى كۈچلۈك ھاياجان بىلەن تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇيتتى:

ياخشىلاردىن ياخشىراق بىر بىباھا يولداش ئىدىڭ،
مەجنۇنىنىڭ لەيلىسىدەك دەرداش ئىدىڭ، سىرداش ئىدىڭ.

بۇ جاھاننىڭ لەززىتىگە سەن ئىدىڭ تەم بەرگۈچى،
ھەر گۈزەل بىر مەنزىرە بولسا ئاڭا يەم بەرگۈچى.

غۇنچىگە كىم ئاغرىماس، كەتسە ئېچىلماستىن قۇرۇپ،
ياكى بىر ياش گۈل تۇرۇپ كەتسە ئېچىلماستىن توزۇپ.

تاشلىدىڭ جىسمەن گۈلۈم، روھان ھامانە بىرگە بول،
ھەم يىراقتۇر، ھەم ئېغىردۇر تۇرمۇشتا قالغان ئۈشبۇ يول.

شائىر مەرھۇمە ئايىمخانغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە

ھۆرمىتىنى ئالىيجاناب، پاك قەلبىدە كىر قوندۇرماستىن ساقلاپ بىر يىلغىچە ئۇنىڭ پاك روھىغا قارىلىق تۇتۇپ، ئويۇن ـ تاماشا، تويى ـ تۆكۈنلەرگە بېرىشنى تەرك ئەتتى.

ئۇ پاك، ئالىيجاناب، ئەخلاقىي پەزىلەتكە، ئەل ئىچىدە يۇكسەك ئابرۇيى ـ ئىناۋەتكە ئىگە، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئەقىللىق يىگىت بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار كۆپ ئىدى. تۇرپاننىڭ داڭدار سودىگەر، بايلىرىدىن بىر قانچىسى بىر ـ بىرىدىن خۇپىيانە ھالدا ئابدۇراخمان مەخسۇمھاجى ئائىلىسىگە كىشى كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ رەسىدە بولۇپ بويىغا يەتكەن خان قىزلىرىنى شائىرغا بېرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى. ئوغلىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئاتا ـ ئانا ئەزىز پەرزەنتىنىڭ ئازابلىق يۈرىكىنى يۇچىلىماسلىقا تىرىشاتتى. ئۇلار «قىزىمىزنى كېلىنلىككە بېرىمىز» دېگۈچىلەرنىڭ ئەلچىلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۆزرىخاھلىق بىلەن ناھايىتى تەستە ئۇزىتاتتى. بۇ خۇسۇستىكى گەپ ـ سۆزلەرنى بولسا ئوغلىدىن خۇپىيانە تۇتاتتى. بىراق، مەرھۇمە ئايىمخاننىڭ يىل نەزىرى ئۆتكەندىن كېيىن تويى خۇسۇسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر كۆپىيىپ كەتتى. تويى مەسلىھەتى ئۈچۈن بۇ ئائىلىگە كېلىپ ـ كېتىدىغان «خالىس نىيەت» كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قالدى. بويتاق ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كەلگەن ئابدۇراخمان مەخسۇمھاجى خوتۇنى نىيازخان خېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئىشتا ئوغلىنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئەرەمسىما خېنىمغا ئىلتىماس قىلدى. نىيازخان خېنىم ئانىسى ئەرەمسىما خېنىمغا:

— ئابدۇخالىق ئۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ھۆرمەتلەيدۇ، گەپلىرىنىمۇ يىرماس، ھازىر ئۇ ھۇجرىسىدا دەم ئېلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرى تويى توغرىسىدىكى مەسلىھەتىمىزنى ئۇنىڭغا دەپ بىر ماقۇل كەلتۈرەپ بەرسىلە، — دېدى.

— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، بۇ تازا چىنىمدىكىدەك گەپ بولدى. بۇ ئىشقا مېنىڭمۇ خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىچىم پۇشۇپ تۇرغان. ئابدۇخالىقنى ئالدىمغا چاقىرىڭلار، مەن ئۇنىڭ تومۇرىنى بىر تۇتۇپ باقاي. بىزنىڭ گېپىمىزگە ئۇمۇ بويۇن تولغىماس، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم.

نىيازخان خېنىم شائىرنى چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزى غىپلا قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن موماي نەۋرىسىنىڭ سالام - سەھىتىدىن كېيىنلا دەرھال گەپ باشلىدى:

— ئابدۇخالىق بالام، تەقدىر شۇنداق بولىدىكەن. بىز بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەلھۆكمىلىللا دەپ رازى بولۇپ كۆنمەكتىن باشقا چارىمىز يوق. رەھمەتلىك ئايىمخان قازالاپ كەتكىلىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى، يالغۇزچىلىق ناھايىتى تەس، بالام، هۇجرىلىرىدا ھەمراھسىز يالغۇز ياتسىلا يامان بولىدۇ، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالىدىغان گەپ. خۇدايىم بۇيرۇسا يۇرتىمىزنىڭ بەزەن نامدار، كاتتا بايلىرى ئۆزلىرىنى «بالا قىلىۋالساق» دېيىشىۋاتىدۇ.

ئەرەمسىما خېنىم سۆزلەشتىن توختاپ، سىنچى كۆزلىرى بىلەن نەۋرە ئوغلىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ «يۈزى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك دۇپدۇگىلەك تۇرىدىغان بىر ئوغۇل ئىدى، بۇ بالام. بۇ ئۇگالغا ئەجەب سەپ سالماپتىمىنا، جۇدەپلا قاپتىغۇ، توۋا خۇدايىم، ئاناردەك قىپقىزىل تۇرىدىغان مەڭىزلىرى سارغىيىپ خېلىلا تارتىلىپ قاپتۇ، بۇ بالا جۇمۇ ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، «قېنى گېپىمگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟» دېگەندەك قىلىپ بىر پەسكە ئۈندىمىدى. نەۋرە ئوغۇلمۇ ئېغىز ئاچماي ئولتۇرۇۋەردى. جىمجىتلىقنى ئاخىر يەنە موماي بۇزدى:

— گەپ قىلمايلاغۇ، بالام، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۆزلىرىنى كۈيئوغۇل قىلىۋالساق دېيىشىۋاتقان

كاتتىلەرنىڭ خان قىزلىرىدىن بىرىنى تاللاپ «بولىدۇ» دېسىلە، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆزلىرىنى بۆلەكتىن توي قىلىپ ئۆيلەپ قويايلى. ھەي بالام، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، بالا تۇغۇپ چوڭ قىلىپ «قىزىمىزنى سىلەرگە بېرەيلى» دەپ ئېغىز ئاچماق ئوڭايمۇ؟

ئەرمىسىما خېنىم ئۇمىدۋارلىق بىلەن نەۋرىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ جاۋاب كۈتتى. نەۋرە ئوغۇل ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئانىسىغا ئۆز مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مۆتىۋەر كاتتىلارنىڭ ھىممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت، ھەر قايسىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگىمۇ رەھمەت. ئانا، مەن كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى ھېچقاچان ئۆزلەردىن يوشۇرۇپ باقمىغان. جان ئانا، ھەر قايسىلىرى بىلىشمەيۋاتامدۇ، ھازىر تويغا ھەۋەس قىلىدىغان چاغمۇ؟ ھازىر جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ ئەل - يۇرت نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ خەلقىمىز قانداق ئازاب - كۈلپەتلەرنى چېكىۋاتىدۇ؟ مەن قانداقمۇ ئۇلارنى ئويلىماي تۇرالايمەن؟ ئۆزىنى «مەن ئەلنىڭ ئوغلى» دەپ ھېسابلايدىغان بىر ئەر ئۆز مەشۇقىنى، ئۆز خۇشاللىقىنى، ئۆز بەختىنىلا ئويلىسا بولامدۇ؟ ئۇ بەك چاكىنىلىق، تېتىقسىزلىق، بىمەنىلىك بولمامدۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئازاب ئىچىدە تۇرغان خەلقىمنى ئويلىشىم كېرەك، ئانا، ئۆزلىرى ئابدۇخالىق سۆزۈمنى ئاڭلىمىدى دەپ خاپا بولمىسىلا، مېنى توي قىلىشقا سايى قىلغۇچىلارغا «ئۇ مەن ھازىرمۇ مەرھۇمە ئايىمخانىنىڭ تەزىيىسىدىمەن» دەپ يۇرۇپتۇ، ھازىرچە ئۆيلەنمىگۈدەك دەپ قويسىلا.

نەۋرىسىدىن بۇنداق جاۋابنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەن ئانا بىر ھازا ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ قالدى. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:

— بولىدۇ، بالام، ئالدىرىغان شەيتاننىڭ ئىشى، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئالدىرىماي - تېنىمەي، ئەتە - ئۆگۈنلۈككىچە تىرەنىرەك

ئويلاپ باقسىلا.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دوستلىرىدىن ھېسامىدىن زۇپەر، ھەبىبۇللا ئەپەندى ئۇنى يېڭىشەھەرنىڭ غەربىدىكى پولۇچىنىڭ تاللىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلۇغ سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدىكى يوغان باراقسان تالنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ھەبىبۇللا ئەپەندى توي ئىشىدىن گەپ ئاچتى. ھېسامىدىن زۇپەر يېڭىشەھەر، كونىشەھەردىكى بىر قانچە بايلارنىڭ خان قىزلىرىدىن چېكىپ تۇرۇپ بىرنى تاللىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئىككى دوست بىرى توختىسا بىرى سۆزلەپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۇرۇشكە كۆپ ھەرىكەت قىلىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىغا كەسكىن ھالدا دېدى:

— ئاتام بىلەن ئانام ئوغۇل ئۆيلەپ توي قىلىشقا شۇنچە ھەۋەس قىلىشىپ كەتكەن بولسا، ئىنىم ئابدۇقەييۇمنى ئۆيلەپ تۇرسۇن، مەن ھازىرچە ئۆيلەنمەيمەن.

ھېسامىدىن زۇپەر مەنىلىك قاراپ ھەبىبۇللا ئەپەندىگە كۆز قىسىپ قويدى. ھەبىبۇللا ئەپەندى ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن سورىدى:

— ئەزىز بۇرادەر، ئۆزلىرىنىڭ تويلىرىنى قاچان ئوينايمىز بولمىسا؟

— مەن ھازىرچە ئۆيلەنمەيمەن. سىلەرگە يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتسام، خەلقىم قاچان زۇلۇم - كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشىدىكەن، ئاشۇ كۈنى مېنىڭ تويۇم بولىدۇ، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تىنىمسىز شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

# خورۇششي پېرېۋۇد[1]

1930 - يىلى 1 - ئايدا سوغۇق ئالدىنقى يىللاردىكىدەك قاتتىق بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بىر نەچچە كۈنگىچە كوچا - كويلاردا ئۇچراتمىغان ھېسامىدىن زۇپەر بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنى كۆرگىلى كىردى. ئۇ خاس خانىغا كىرگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىشىككە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى ئوچۇق تۇرغان قېلىن بىر كىتابتىن قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر كۆچۈرۈپ يېزىۋاتاتتى. شائىر ئۆز ئىشىغا شۇ قەدەر چىن ئىخلاسى بىلەن بېرىلگەنىدىكى، ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ ئۆيگە ئىشىكنى ئېچىپ كىرگىنىنى تۇيمىدى. ئۇ خەت بىلەن تولغان ۋاراقلارنى ئالدىدىكى قېلىن بىر دەستە قەغەزنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ يەنە يېڭى ۋاراققا يېزىشقا باشلايتتى.

پەگادا بىر پەس تۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر يېنىك نەپەس ئېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ شائىرنىڭ كەينىگە كەلدى. ئۇ بىر قاراپلا بىلدىكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر رۇسچە كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىۋاتاتتى. «پاھ، بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ ‹سۇ بويىدا›، ‹ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە›، ‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش›، نى بىزگە خەنزۇچىدىن ئۆرۈپ ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، مانا ئەمدى بۇ ئورۇسچە كىتابنى ئانا تىلىمىزغا ئۆرۈپ يېزىۋېتىپتۇ - دە، بۇمۇ بىر قىزىق كىتاب بولسا كېرەك، يازسىلا، تېزرەك يازسىلا، دوستۇم، بولدى، مە..

① خورۇششي پېرېۋۇد — رۇسچە «ياخشى تەرجىمە» دېگەن سۆز

دىققەتلىرىنى چېچىۋەتمەي، ئىلاھىم قوللىرى دەرد كۆرمىگەي» ھېسامىدىن زۇپەر شۇلارنى ئويلاپ كەينىگە بۇرۇلغۇدى، قولىدىكى قەغەز ـ قەلەمنى ئۇستەلگە قويۇپ كېرىلىپ ئەسنەشكە باشلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىردىنلا ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەررۇ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆزلە كىرگەنمىدىلە، سەزمەي قاپتىمەن، بىئەدەپلىك بوپتۇ، كەچۈرگەيلا، — دېدى ئۇ دوستىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىنى سۇنۇپ.

ئىككى دوست قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھە، جىم ـ جىملا كىرىپ، يەنە جىم ـ جىملا كەينىلىرىگە قايتىشلىرى نېمە ۋەجىدىن؟ — سورىدى شائىر خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ قالغان ھېسامىدىن زۇپەردىن.

— كىرسەم ئىش ئۈستىدىكەنلا، ئەھۋالنى كۆرۈپ كەينىمگە يېنىشىم ئىدى، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.

— كىرگەنلىرى ياخشى بولدى، ئۆزۈممۇ چارچاپ قالغانىدىم، قېنى ئولتۇرسىلا، — شائىر دوستىنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

ھېسامىدىن زۇپەر ئولتۇرۇۋېتىپ تۆت ئىلىك قېلىنلىقتىكى قولىيازمىنىڭ ئۈستىدىكى بىر ۋاراقنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى: «ئاننا يېشىنىپ بولدى ـ دە، كېچىلىك كىيىملىرىنى كىيىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتى، بىراق، ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى ...» ھېسامىدىن زۇپەر ئوقۇشتىن توختاپ دوستىدىن سورىدى:

— بۇ ئورۇسچە كىتابنى ئۆز تىلىمىزغا ئۆرۈۋېتىپلا ـ دە؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاب بېرىپ دېدى:

— شۇنداق، بۇ بەك ياخشى كىتاب.

ھېسامىدىن زۇپەر قىزىقىپ سورىدى:

— كىم يازغانىكەن؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنىڭ ئوچۇق تۇرغان بېتىگە خەلچەپ[1] سېلىپ قويۇپ كىتابنى ياپتى - دە، ئۇنى ھېسامىدىن زۇپەرگە سۇنۇۋېتىپ دېدى:

— دۇنياغا مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى لېۋتولىستوي.

ھېسامىدىن زۇپەر زەڭگەر رەڭلىك قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابنىڭ تېشىنى سىلاپ قويۇپ قارىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— بۇ «ئاننا كارىنىنا» دېگەن كىتاب. بۇنى ئۆز تىلىمىزغا ئاغدۇرۇپ مەشىقە كەلدىم، — دېدى كىتابنى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ قولىدىن ئېلىپ، بايا خەلچەپ سېلىپ قويغان يەرنى ئېچىپ كۆرسىتىپ.

— ياپىرىم، يېرىمىنى ئۆرۈپ بوپتىلاغۇ، بۇنىڭ ھېكايىسىنى ئەمدى قاچان ئاڭلايمىز؟ — ھېسامىدىن زۇپەر شۇنداق دەپ دوستىغا قارىدى.

— بۇ كىتابنى ئۆز تىلىمىزغا ئاغدۇرۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈمسىرەپ، — قالغىنىنى ئىشلەپ بولغىچمۇ يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت كېتەرمىكىن. ھېكايىسىنى سۆزلىسەك، بىر نەچچە دوست - بۇرادەرلەرلا ئاڭلايدىكەن، تىلىمىزغا ئاغدۇرۇپ كىتاب قىلىپ يېزىپ قويساق، تېخىمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئوقۇمامدۇ؟ كەلگۈسىدە بىزدە نەشرىيات بولغاندا، ئەلۋەتتە، مۇشۇ خىل كىتابلارنى مىڭلاپ، تۈمەنلەپ بېسىپ چىقىرىمىز - دە.

— دېگەنلىرى دەر ھەقىقەت، دۇرۇس، بۇ ئىشنى ياخشى قىپتىلا، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر چىن قەلبىدىن قوللاپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنچىقمىدى. ئۇي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. دەل شۇ چاغدا پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، خاس خانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ توختاپ

---

[1] خەلچەپ — خەتكۈش.

قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىشىك يەڭگىللىگىنە قېقىلدى.

— مەرھەمەت! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىشىككە قاراپ.

— ئەسسالام دوستلار! — دەپ ئىشىكنى ئېچىپ سالام بەرگىنىچە چىرايى سېرىق، كۆزلىرى كۆك، بەستلىك، يوغان كەلگەن پىلاتوۋىسكى كىرىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرۇپ ئالدىغا باردى ـ دە، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۇنى ھېساميدىن زۇپەرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. پىلاتوۋىسكى ھېساميدىن زۇپەر بىلەن قول ئېلىشىپ:

— ئەسسالام زۇپەروۋ، — دېۋىدى، ھېساميدىن زۇپەر:

— ئىزدىراستىي، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى سىقتى.

پىلاتوۋىسكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ ئۈستەلدىكى كىتابنى كۆرۈپ قالدى. پىلاتوۋىسكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى ئېچىلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى ـ دە، دېدى:

— ئاننا كارىنىنا؟

— شۇنداق، مەن «ئاننا كارىنىنا» رومانىنى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

پىلاتوۋىسكى بىر كىتابقا، بىر شائىرغا قاراپ:

— پېرېۋودنا رومان ئۇيگۇرىسكىي يازىكۇ؟[1] دېدى يەنە.

— ھەئە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ.

پىلاتوۋىسكى قولىيازمىدىن بىر نەچچە بەتنى ئېلىپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

— ئوچىن خوروشوۋ، خورۇششىي پېرېۋود، — دېدى.

— ئوچىن خوروشوۋ دېگۇدەك ئاغدۇرالمىدىم، ئۇنچە

[1] ئۇيغۇرچە مەنىسى: رومان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

ئەمەس، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى چايقاپ كەمتەرلىك بىلەن.

پىلاتوۋىسكى يەنە باشمالتىقىنى چىقىرىپ بايىقى گەپنى تەكرارلىدى:

— ئوچىن خوروشوۋ، خوروشىشي پىرېۋۇد …

پىلاتوۋىسكى تۇرپان كونىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ بىر چاقىرىم شىمالىغا قۇرۇلغان «دېھقانچىلىق يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى» نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىنغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكى ئىدى. ئۇ تۇرپانغا ئالدىنقى يىلى كەلگەن بولۇپ، كېلىپلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن بىر ئۇيغۇر شائىر بارلىقىنى ئاڭلاپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شائىرنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلەتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى، ئەدەبىيات تېمىلىرىدا ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلىشىپ كېتەتتى، بەزى كىشىلەر ئۇلارنىڭ رۇسچە گېپىگە قىزىقىپ، مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ قېشىدا ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى پىلاتوۋىسكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن شائىر بۇ رۇس تېخنىكقا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. پىلاتوۋىسكى تىرىشچان ئادەم بولغاچقا، بىر نەچچە ئايدىلا تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز نۆۋىتىدە، ئىلگىرى ئۆگەنگەن رۇس تىلىنى مۇستەھكەملەپ پىلاتوۋىسكىدىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەندى.

ئىشىك يېنىك قېقىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، ئابدۇساتتار چۈشلۈك تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن پىلاتوۋىسكىنى پەسكە — ھويلىغا باشلاپ چۈشۈپ مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى، ئۇلار ئۈستىگە پېتىرمانتا بېسىلغان مەززىلىك پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

تاماقتىن كېيىن پىلاتوۋىسكى خوشلىشىۋېتىپ دېدى:

— ھازىر قىش ۋاقتى بولغاچقا، ماڭا ئىش يوق. مەن ئەتە كېلىپ «ئاننا كارىنىنا» نى ئوقۇپ بېرەي، سىز تەرجىمە قىلىپ يېزىۋېرىڭ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى.

ئەتىسى ۋەدە بويىچە پىلاتوۋىسكى ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدى. ئۇلار خاس خانىغا چىقىپ قىزغىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

# بۇلبۇل ناۋاسى

تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان يار يېزىسىدىكى بۇك باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بەگ مەھەللىسى تۇتاش كەتكەن ئۈزۈملۈك باغلىرى، ئېرىق ئۆستەڭلەردە قىشۇ ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلۇق كارىزلىرى، ئالدى ئۈزۈم باراڭلىق، كەينى چوڭ باغلار بىلەن ئورالغان ئايۋان سارايلىق ھويلا ـ ئاراملىرى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلاتتى. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان نەبىخانىنىڭ ھويلىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتاتتى. بەش مو يەرنى ئىگىلىگەن ئايۋان، سارايلىق بۇ چوڭ ھويلىنىڭ تاشقى دەرۋازىسى بەگ مەھەللىسىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ غەربىي قاسنىقىغا جايلاشقانىدى. چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئىككى يۈز مېتىر ئۈزۈنلۇقتىكى ئازادە، ئارامبەخش يېشىل كارىدور — ئۈزۈم بارىڭى ئىچكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا تۇتىشاتتى. تاشقى ھويلىغا مال ساقلايدىغان چوڭ ئامبار ئۆيلەر، خىزمەتكارلارنىڭ تۇرالغۇسى، ئات ئېغىللىرى جايلاشقانىدى. يېشىل سىرلىنىپ، چىرايلىق گۈل نەقىشلەر چېقىرىلغان ئەگمە دەرۋازىدىن ئىچكى ھويلىغا ئۆتەتتى، ئىچكى ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىگە كۆنگەيگە قارىتىپ ئېگىز كۆتەرمە قىلىنىپ سېلىنغان ئايۋان سارايدىكى يىگىرمە ئېغىز ئۆيدە نەبىخان ئائىلىسى، ئەكبەرخان، ئايالى سەنەۋەرخان ۋە ئەكبەرخاننىڭ ئانا بىر ئاتا باشقا مۇئەززەمخان، مۇيدىنخان، مۇئەتتەرخان، مۇختەرخان، غۇلامخان، نەسىردىنخان ئىسىملىك ئىنىلىرى، رىسالەتخان،

ئەسلەتخان دېگەن سىڭىللىرى تۇراتتى.

ئىچكى ھويلىنىڭ غەربىي تەرىپى قىرىق مو يەرنى ئىگىلىگەن چوڭ باغقا تۇتىشاتتى. ئىچكى ھويلا بىلەن چوڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۆستەڭدە يىل بويى توختىماي بىر تاشلىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئەسلىدە بۇ چوڭ ھويلىدىكى ئۆيلەرنى بۇرۇن ئەھرارخان تۆرە سالدۇرغانىدى.

ئەھرارخان تۆرە ئەنجانلىق ئۆزبېك سودىگەر بولۇپ، 1887 ـ يىلى ئوتتۇز ئۈچ يېشىدا تۇرپانغا سودا ئىشى بىلەن كېلىپ تۇرۇپ قالغان. كېيىنكى بىر قانچە يىللاردا ئەھرارخان يار يېزىسىدا چوڭ بىر پاختا زاۋۇتى قۇرغان. ئۇ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن پاختا دىگۇار توختامى تۈزۈپ سودا قىلىدىغان چوڭ سودىگەرلەردىن ئىدى. ئەھرارخان 1907 ـ يىلى ئەللىك ئۈچ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئەكبەرخان ئون ياشتا، قىزى رىسالەتخان يەتتە ياشلاردا ئىدى. ئەھرارخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى مەريەمخاننى تۇغقانلىرى ئىككى نارەسىدە بالىسىنى يات ئادەمگە خار قىلماسلىقنى كۆزلەپ، ئەھرارخاننىڭ يېقىن ئادىمى نەبىخانغا چېتىپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەرخان باشقا ئىنى، سىڭىللىرى بىلەن نەبىخاننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان.

نەبىخان مېۋىلىك باغقا، گۈل ـ گىياھلار، قۇشلارغا ھېرىسمەن ئادەم ئىدى. 1930 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «نەبىخاننىڭ بېغىغا بۇلبۇل كەپتۇ» دېگەن خەۋەر تۇرپانغا پۇر كەتتى. ئەسلىدە تۇرپاندا بۇلبۇل يوق ئىدى. بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى ياخشى كۆرىدىغان نەبىخان ئۇرۇمچى ۋە داۋانچىڭدىكى قىرچىنغۇلىنىڭ ئورمانلىقلىرىدىن بىر نەچچە بۇلبۇلنى تۇتۇپ ھويلىسىغا ئەكېلىپ قەپەزدە باققان، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بېغىغا قويۇۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇلبۇللار باغدا يەرلىشىپ كۆپەيگەنىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى. بىر كۈنى ئەكبەرخان دوستلىرىنى بېغىغا

باراۋەتكە چىللىندى. يېڭىشەھەردىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر، ھەبىبۇللا ئەپەندى، يۇنۇسبەگ، پولاتباي، ئابدۇپەتتار ۋەلىيوپ، مۆمىن ئەپەندى، لىتىپ ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، نىياز سەيپۇڭ، مۇپتۇل باي، ساجىت ئاخۇن قاتارلىق دوست ـ بۇرادەرلەر ئاش ۋاقتى بىلەن يېتىپ كېلىشتى. ئەكبەرخاننىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ھەمدۇل ۋە مەتنىياز ئىككىسى مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ تاشقىرىقى ھويلىغا جايلاشتۇردى. مېھمانلار ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن ئورالغان يېشىل كارىدوردىن ئۆتۈپ ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ چىرايلىق دەرۋازىسىغا كېلىشكە غازلار غاقىلدىدى. ئىچكىرىكى ھويلىدىكى ئايۋانغا ئېسىلغان قەپەزدىكى شاتۇتى مېھمانلارنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ: «مېھمان كەلدى، مېھمان كەلدى!» دەپ سايراپ خەۋەر بەردى. ئەكبەرخان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن سالاملىشىپ ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلىدى. نەبىخان كېلىپ مېھمانلار بىلەن سالاملاشتى.

مېھمانلار بۇ ياسىداق، كەڭ، ئازادە مېھمانخانىغا كىرىپ خوتەننىڭ ئېسىل گىلەملىرى ئۈستىگە سېلىنغان دۇخاۋا كۆرپىلەردە بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ، ناۋات سېلىنغان خۇش پۇراق چايدىن ئوتلاپ، داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەردىن ئېلىپ، تونۇردىن يېڭىلا قومۇرغان ئىسسىق شىرمان نانغا ئېغىز تەگدى. كەينىدىنلا چىرايلىق چىنە تاۋاقلاردا غاز گۆشى بېسىلغان بەتتە پولۇ كەلتۈرۈلدى. راسا ئوخشىغان پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى مېھمانلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى. پولۇدىن ئازراق، غاز گۆشىدىن كىچىككىنە يەپلا ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا كۆزى چۈشكەن ئەكبەرخان قەدىناس دوستىنى پولۇدىن ئېلىشقا كەينى ـ كەينىدىن تەكلىپ قىلدى.

ياغدا سارغىيىپ قورۇلغان غازنىڭ يوغان پاچىقىنى مەززە قىلىپ يەپ ئولتۇرغان نىياز سەيپۇڭ ئابدۇخالىققا قاراپ:

— شائىر ھەقاچان ئۆزبەكنىڭ نارىنىغا ئىشتىھا ساقلاپ ئولتۇرامدىكىن، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— ياق، ئۆزلە تازا بىلەلمەپتىلا، ئابدۇخالىق چۆچۈرىگە ئىشتىھا ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.

— شائىرىمىز چۆچۈرىگە ئامراق بولغاچقا، ئالايىتەن يۇمغاقسۇت سالغان چۆچۈرىمۇ تەييار بوپقالدى. پولۇنىڭ قورسىقى باشقا، قېنى، ئابدۇخالىق، ئالسىلا، باقسىلا، — دېدى ئەكبەرخان شائىرغا قاراپ تەۋەزۇ بىلەن.

— رەھمەت، قېنى، ئۆزلەمۇ تەڭ ئالسىلا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكبەرخانغا قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن.

ئەكبەرخان مېھمانلار بىلەن ئولتۇرۇپ پولۇدىن ئازراق يېدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ غاز گۆشىدىن ئازراق يېگەن بولدى. ئۇ تاماقنى ئەزەلدىن ئاز يەيتتى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. ئۇي ئىچى ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئەكبەرخان مېھمانلارنى باغقا تەكلىپ قىلدى.

ئۆيدىن مېھمانلار باغقا چىقتى. بۇ چوڭ باغقا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم قاتارلىق خىلمۇ خىل مېۋىلەر ئۆز رېتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم يەرگە تىكىلگەن بولۇپ، ئېگىز، باراقسان ئۆسۈپ شاخلىرىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك بولۇق مېۋە بولغانىدى. باغقا كىرگەن ئادەمنىڭ دىمىغىغا ئەنجۈرنىڭ خۇشبۇي ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇراپ جانۇ تېنىنى يايرىتىۋېتەتتى. باغ ئىچىدە شاختىن - شاخقا قونۇپ خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ مۇڭلۇق جەزبىدار ناۋاسى، كاككۇك، تورلىغا، ھۆپۈپلەرنىڭ نەغمىلىرى، سېرىق قۇشقاچلارنىڭ يېقىملىق ۋىچىرلاشلىرى يەنە قانداقتۇر بىر قۇشلارنىڭ شوخ سايراشلىرى بىر سىمفونىيىدەك كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتەتتى. مېھمانلار باغ ئارىلاپ يۈرۈپ بىر ئوچۇقچىلىققا كېلىشتى. بىر مودىن ئوشۇق جايغا تىكىلگەن قىزىلگۈللەر ھۆپپىدە

ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، خۇشبۇي پۇرىقى ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى. نېرىسىدا ئۆسكەن ئالما شېخىغا قونۇۋېلىپ بەس ـ بەس بىلەن سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سېلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇراتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ ئۆز ئەتراپىغا يىغىلغانلىقىنى تۇيمىدى بولغاي، هاياجانلانغان هالدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

جانلارغا راهەت هۇزۇر بېغىشلار،
باغى ئىرەمنىڭ سالقىن هاۋاسى.
دىللاردا ئىشق ئوتىنى قوزغار،
زەپمۇ يېقىملىق بۇلبۇل ناۋاسى.

زەپمۇ يېقىملىق بۇلبۇل ناۋاسى،
ئەسلەتكىن جانان مۇڭلۇق ناخشاڭنى.
بولۇپ ئىنتىزار هىجران ئوتۇڭدا،
ۋەسلىڭگە قانغان ئاشۇ ئاخشامنى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا ئەتراپتا تۇرغان دوست ـ يارەنلەرنىڭ ئۇرۇشقان چاۋاكلىرىدىن ئۈركۈگەن بۇلبۇللار پۇررىتە ئۇچۇپ كېتىشتى. پەقەت شۇ چاغدىلا دوستلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارغا قاراپ:

— تېخى مۇسەللەس ئىچمەيلا، مەست بولدۇڭلارمۇ، نېمە؟ كىم ئۇ بۇلبۇلنىڭ سايرىشىغا چاۋاك ئۇرغان؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز شاختا سايراۋاتقان بۇلبۇلغا ئەمەس، يەردە سايراۋاتقان بۇلبۇلغا چاۋاك چېلىۋاتىمىز، — دېدى نىياز سەيپۇك.

— شۇنداق، — دېيىشتى ئەتراپتا تۇرغانلار كۈلۈشۈپ.

— بەللى، گۈلىگە گۈل كەلدى دېگەن مانا شۇ ـ دە، — دېدى مۆمىن ئەپەندى.

مېھمانلار باغنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. ساھىبخانا ئۇلارنى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان، ئىككى قىرغىقىنى رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ئورىغان ئېرىق بويىغا سېلىنغان گىلەملەرگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن گىلەملەرگە ئولتۇرۇپ سورۇن تۈزۈشتى. خىزمەتكار داستىخان سالدى، ئاندىن لېگەنلەردە راسا پىشىپ مەي باغلىغان ئاق ۋە چەڭگىل[1] ئۈجمە كەلتۈردى.

— ۋاھ، جۈجەم تازا پىشىپتۇ ـ دە، — دېدى مۇپتۇل ئاخۇن ئاغزىنى تامشىتىپ.

— قېنى جۈجەمگە ئېغىز تېگىشسىلە، — دېدى ئەكبەرخان.

سورۇن ئەھلى داستىخاندىكى چوكىلارنى ئېلىشىپ ئۈجمە يېيىشكە باشلىدى. ئەكبەرخان بىر لېگەن چەڭگىل ئۈجمىنى ئابدۇخالىقنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ:

— قېنى ئالسىلا، — دېدى ۋە ئۆزىمۇ شائىرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۈجمە يېيىشكە باشلىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېۋىلەردىن چەڭگىل ئۈجمە، سارغىيىپ پىشقان قاشقىر ئۈزۈم ۋە ئانارغا ئامراق ئىدى. ئۇ چەڭگىل ئۈجمىنى يەپ قىزىق چايدىن ئوتلىدى.

ئۈجمە يېيىلىپ بولا ـ بولمايلا داستىخانغا كەھرىۋادەك سارغىيىپ پىشقان كىشمىش ئۆرۈك كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار ئانچە تۈزۈت قىلىشمايلا ئۆرۈك يېيىشكە باشلىدى. باشقىلار ئۆرۈكتىن بىرنى يېگۈچە مۇپتۇل ئاخۇن ئىككى ـ ئۈچنى يەپ چىشى بىلەن ئۆرۈقچىسىنى چېقىپ بولاتتى. ئۇ ئاغزىدىكى ئۆرۈك مېغىزىنى

---

[1] چەڭگىل ئۈجمە — رەڭگى قىزغۇچ قارا، بېغىررەڭ، دانىسى يوغان بولىدىغان ئۈجمە سورتى.

چايناپ تۇرۇپ:

— ۋاھ، خۇددى ھەسەلدەك، ئىگىز سالسىلا ئېرىپ تۇرغان، — دەيتتى ئۆرۈكنى ماختاپ.

— يېسىلە، بۇرادەر، كىشمىش ئۆرۈك ناھايىتى سىڭىشلىك بولىدۇ. ئاتام نەبىخان ئۆرۈكنىڭ بۇ ئېسىل خىلىنى كۇچاردىن ئالايتەن ئەكەلدۇرۇپ ئۆستۇرگەن ئەمەسمۇ، قېنى، ئالسىلا، — دېدى ئەكبەرخان مۇپتول ئاخۇنغا.

باشقا مېھمانلار ئۆرۈكتىن تۆت - بەش تالدىن يەپ قوللىرىدىكى شىرىننى ئېرتىشقا باشلىدى. بىراق مۇپتول ئاخۇن ھېچكىم بىلەن كارى بولماي ھەدەپ ئۆرۈك يەيتتى ۋە ئۇدۇللۇق يېگەن ئۆرۈكنىڭ ئۇرۇقچىسىنى چېقىپ مېغىزىنى چايناپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەللىك - ئاتمىش تال ئۆرۈكنى يەپ بولۇپ ئالدىدىكى لېگەننىڭ بوشاپ قالغىنىدىن خىجالەت بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر، لۆڭگىنى ئېلىپ قولىنى ئېرتىشقا باشلىدى.

خىزمەتكار چىنىلەرگە سوغۇق سۇ قۇيۇپ مېھمانلارغا تۇتتى. ئەكبەرخان:

— قېنى دوستلار، بىزنىڭ تۇرپاندا «جۇجەم يەپ چاي ئىچ، ئۆرۈك يەپ سۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئازراق سۇ ئىچەيلى. ئۆزلە مۇپتول باي سوغ سۇدىن جىقراق ئىچسىلە جۇمۇ، — دېدى مۇپتول ئاخۇنغا چاقچاق ئارىلاش.

شۇ ئارىلىقتا خىزمەتكار داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ قايتىدىن سالدى، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن لېگەنلەردە زىرە، قارىمۇچ پۇراپ، مېيى ئېقىپ تۇرغان كاۋاپ كەلتۇردى. كاۋاپنى ئابدۇرېھىم ناۋاي پىشۇرغانىدى. ئابدۇرېھىم ناۋاينىڭ ئۆرۈك ئوتۇننىڭ چوغىدا پىشۇرغان كاۋاپلىرى تۇرپاندا داڭلىق ئىدى.

ئەكبەرخان:

— قېنى، ئېلىشسىلا، مېھمانلار، كاۋاپ سوۋۇپ قالمىسۇن، — دەپ مېھمانلارنى كاۋاپ يېيىشكە تەكلىپ

قىلدى.

مېھمانلار بىرەر زىختىن كاۋاپ يېيىشكەندىن كېيىن چىرايلىق كوزىدا مۇسەللەس كەلتۈرۈلدى. جانان چىنىلەرگە بېلىق كۆزى قىلىنىپ مۇسەللەس قۇيۇلدى. ئەكبەرخان مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ مۇسەللەس تۇتۇپ مۇپتۇل ئاخۇنغا كەلدى. ئۇ ھەدەپ سىرىپ - سىرىپ كاۋاپ يېيىشكە بېرىلىپ كۆزى يەنىلا كاۋاپتا بولغاچقا، ئەكبەرخاننىڭ قولىغا دىققەت قىلمىغانىدى. مۇپتۇل ئاخۇننىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان نىياز سەيپۇڭ ئۇنى نوقۇپ:

— مۇپتۇلباي، سامانلىققا ئوت كەتتىمۇ، نېمە؟ — دېدى.

— سامان خەقنىڭ بولغان بىلەن سامانلىق ئۆزلىرىنىڭ جۇمۇ، پەخەس بولسىلا.

— ھا - ھا - ھا!

— ھى - ھى - ھى!

— پىخ - پىخ ! — سورۇندىن كۆتۈرۈلگەن خىلمۇ خىل كۈلكىلەردىن چۆچۈپ كەتكەن ئىككى ھۆپۆپ نېرىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئىچىدىن پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى. بىر چاتىقىدا يوق خىرامان كاۋاپ يەۋاتقان مۇپتۇلباي ئەكبەرخاننىڭ مۇسەللەس قۇيۇلغان چىنىنى تۇتۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ئەكبەرخاننىڭ قولىدىن چىنىنى ئالدى - دە:

— ئەپۇ قىلسىلا، تۇرەم، كاۋاپ بىلەن بولۇپ قېلىپ كۆرمەي قاپتىمەن، — دېدى ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

— يوغىسۇ، ھېچ گەپ يوق، ئالسىلا، كاۋاپنى قىزىقىدا يېگەن ياخشى، — دېدى ئەكبەرخان سىپايىلىك بىلەن.

مۇپتۇلباي مۇسەللەسنى بىر كۆتۈرۈشتىلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ چىنىنى ئەكبەرخانغا ئۇزاتتى. ئۇ ئىككى يېنىغا بىر قارىۋېتىپ يەنە بىر زىخ كاۋاپنى ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇردى. ئۇ كاۋاپنى چايناۋېتىپ باياتىن نىياز ھاجىنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرمىغانلىقى ئېسىگە كەلدىمۇ، قانداق:

— بۇ سامان تېخى سامانلىقنىڭ بۇلۇڭىغىمۇ بارمىدى. قېنى ئۆزلەمۇ ئالسىلا، — دەپ نىياز سەيپۇڭغا قارىدى.

نىياز سەيپۇڭ ئېغىز ئاچقۇچە، مۆمىن ئەپەندى:

— كۆكۋاشنى كۆرۈپ قالغان كالىنى قوناقلىقتىن تارتىپ چىقارغىلى بولامدۇ؟ — دېۋىدى، ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى.

مۇپتۇل ئاخۇننىڭ لەقىمى كالا ئىدى. مۇپتۇل ئاخۇننىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان پولاتباي تېخى يېڭىلا ئىچكەن بىر يۇتۇم چاينى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «پۇۋ!» دەپلا مۇپتۇلبايغا پۈركۈۋەتتى. سورۇندا يەنە بىر قېتىم كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

مۇپتۇلباي ھەدەپ كاۋاپنى زىختىن سىرىپ چايناش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، چاينى كىمنىڭ پۈركۈگىنىنى پەرق ئەتمەيلا ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان نىياز سەيپۇڭغا قاراپ:

— ئۇستام، ئۆزلەمۇزە مۇسەللەسنى ئىچە - ئىچمەيلا مەست بولۇپ قالدىلامۇ نېمە، بۇ سۇ پۈركۈپ چاپانغا دەزمال سالىدىغان قازىخانا يېنىدىكى سەيپۇڭخانىلىرى ئەمەس، بۇ يەر دېگەن ئەكبەرخان تۆرەمنىڭ بېغى، ھەي ئىست، ئۇنتۇپ قاپتىلا - دە، — دېدى كۈلكىسىگە زورلاپ.

— ئەسلىرى جايىدىمۇ، كاۋاپنى جىق يەۋېلىپ بويلىرى قىزىپ قالمىغاندۇ، قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قارىغاندەك گەپ قىلىدىلاغۇ، تۇتۇپ كۆرسىلە، چامچىلىرىنىڭ[①] قايسى پېشى ھۆلكەن؟ — دېدى نىياز سەيپۇڭ چاقچاق بىلەن.

كۆڭلىكىنىڭ ئىككى پېشىنى تۇتۇپ كۆرگەن مۇپتۇلباي پولاتبايغا قاراپ:

— خاپا بولمىسىلا، بۇرادەر ئەزىز، — دېۋىدى، سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ كۈلكىسى باغقا بىر كەلدى.

— بىراۋ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇرسا «ۋاي رەھمەت!»

---

① چامچا — ئەرلەرنىڭ كۆڭلىكى.

دېگەندەك گەپ بولدىغۇ بۇ، مۇپتۇلباي، — دېدى مۆمىن ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مېنىڭ بۇرنۇم ئۇزۇلەنىڭكىدەك چوڭ بولمىغاندىكىن، قايسى پېشىمنىڭ ھۆل بولغىنىنى پۇراپ تاپالمايچۇ، — دېدى مۇپتۇلباي «ھى - ھى!» قىلىپ كالتە كۈلۈپ.

مۆمىن ئەپەندىمنىڭ لەقىمى بۇرنى چوڭ ئىدى. ئۇ دەرھال چاقچاقنى قايتۇرۇپ:

— مېنىڭ بۇرنۇم ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ، كالىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، — دېۋىدى، سورۇندا كۈلكە ئەۋجىگە چىقىپ «بەللى!» دېگەن سادالار ياڭرىدى.

مۇسەللەس بىر ئايلانغاندىن كېيىن ئەكبەرخان ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىدىكى چىنىگە مۇسەللەسنى تولدۇرۇپ قويدى. ئۇ چىنىنى قولىغا ئېلىپ قىسقا قەدەھ سۆزى قىلغاندىن كېيىن مېھمانلارنى مۇسەللەسنى تەڭ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى:

— قېنى خوشە، يارانلار، — دېدى ئۇ ھەممىيلەنگە تەكشى قاراپ چىقىپ.

مېھمانلار «خوشە!» دېيىشىپ بىر كۆتۈرۈشتە چىنىلىرىنى قۇرۇقداپ قويۇشتى. چىنىلەر ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن مېھمانلار كەينىدىكى ياستۇقلارغا يۆلىنىپ پۇت - قوللىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇشتى. بىر پەس ئۆتۈپ خىزمەتكار تەخسىلەردە توغرالغان شوخلىنى ئەكېلىپ داستىخانغا قويدى. مۇپتۇلباي قولىدىكى زىخنى تاشلاپ، شوخلىغا چوكا ئۇزارتىپ:

— ئىچىم قىزىپ تۇرىۋىدى، ئورۇسنىڭ بۇ بىر نېمىسىنى بىر يەيچۇ مۇزدەك، — دەپ شوخلىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى.

— ئورۇسنىڭ بىر نېمىسىنى يېگىلى بولماس، مۇپتۇلباي، تەخسىدىكى ئورۇس لازىسى، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر يېنىدا ئولتۇرغان ئابدۇپەتتار ۋەلىيۇپقا مەنىلىك قاراپ قويۇپ. ئابدۇپەتتار ۋەلىيۇپنىڭ گۆشلۈك سېرىق يۈزى قانجىتقان ئۆپكىدەك قىزىرىپ

كەتتى. ئۇنىڭ لەقىمى «ئورۇس» ئىدى. شۇ زاماندا تۇرپانلىقلار شوخلىنى بىلمەيتتى، چۈنكى تۇرپاندا شوخلا تېرىلمايتتى. 1918 ـ يىلى ئەكبەرخاننىڭ بەگ مەھەللىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى پاختا زاۋۇتى ئىشتىن توختاپ قالغانىدى. كېيىنكى يىللىرى ئەكبەرخان پاختا زاۋۇت قورۇسىنىڭ ئىچىدىكى نەچچە مو كېلىدىغان بوش يەرگە كۆكتات تېرىيدىغان بولدى. ئۇ رۇسىيىدىن شوخلا ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ باشقا كۆكتاتلار قاتارىدا ئۇنىمۇ تېرىدى. شۇ يىلى شوخلا راسا ئوخشىدى. دەسلىپىدە شوخلىنى «ئورۇسنىڭ بىر نېمىسى» دەپ نۇرغۇن ئادەملەر قورقۇپ يېمىدى. پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، پولاتباي، ئابدۇپەتتار ۋەلىيۇپلار ئالدى بىلەن يېگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شوخلا تۇرپانغا تارقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇنى «ئورۇس لازىسى» دېيىشەتتى.

بىر چىنە مۇسەللەسنى ئىچىپ چىنىسىنى داستىخانغا قويغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سورۇن ئەھلىگە قاراپ:

— مېنىڭ تەكلىپىم مۇسەللەسنى قاتارى ئىچمەي خالىغانلار ئىچسە، ئەكبەرخان تۈرەم كىتاب ئوقۇپ بەرسە، ئاڭلىساق، قانداق؟ — دېدى سورۇن ئەھلىگە تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— راسا كۆڭلىمىزدىكىدەك گەپ بولدى بۇ، مانا مەن بىرىنچى بولۇپ قوشۇلىمەن، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر قولىنى كۆتۈرۈپ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى كۆپچىلىك بىردەك.

ئەكبەرخان ئۆيىگە كىتاب ئالغىلى كىرىپ كەتتى.

ئەكبەرخان كىتابخۇمار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە قىرائەتخانىسى بار ئىدى. بۇ قىرائەتخانا چوڭ بىر ئۆيگە جايلاشقان بولۇپ، تام ياقىلىتىپ بىر نەچچە ئىشكاپلار قويۇلغانىدى. ئىشكاپلار ئەلىشىر نەۋائى، فۇزۇلى، ئابدۇقادىر بىدىل، ھۇۋەيدا، شامەشرەپ، مۇقىيمى، فۇرقەت، جالالىدىن رۇمى، ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئدى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ تۈرك، تاتار،

ئەرەب، پارس ۋە ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە گېزىت، ژۇرناللار بىلەن تولغانىدى. ئەكبەرخان ئالدىنقى يىلى تاشكەنتتىن ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىنى ئالدۇرۇپ كەلگەن چاغدا، خۇددى بۇ گۈنكىدەك مۇشۇ باغدا باراۋەت ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، رومانىنى ئوقۇپ ئاڭلىغانىدى. بۇنداق كىتاب ئوقۇش سورۇنلىرىدا كىتابنى ئەڭ دەسلەپتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوقۇيتتى. ئۇ ئازراق ئوقۇپ كىتابنى ئەكبەرخانغا بېرەتتى. ئەكبەرخان كىتاب ئوقۇشقا زوقمەن ئىدى. شۇڭا، كۆپىنچە كىتابنى ئۆزى ئوقۇيتتى.

ئەكبەرخان بالىلىق دەۋرىدە ئاتىسى ئەھرارخاندا ئوقۇپ باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتىنى ئالغاندىن كېيىن يار مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ يار مەدرىسىدە يەتتە يىل ئوقۇپ يېتىشكەن موللا بولۇپ چىققان. ئۇ تۈرك تىلىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر كىتابلارنى ئوقۇغان بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى دۇنياۋى ئۆلمەس ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوقۇپ چىققانىدى. ئۇ ئەرەب، پارس تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا مەنە ئېيتىپ ئۇيغۇرچىغا راۋان تەرجىمە قىلالايتتى. ئۇ كېيىنكى يىللاردا نەبىخان رۇسىيىنىڭ قازان، شەمەي، تاشكەنت شەھەرلىرىدىن يوشۇرۇنچە ئەكەلتۈرگەن، قازاندا نەشر قىلىنىدىغان «شورا»، تۈركىيىدە نەشر قىلىنىدىغان «مەشرۇت»، «يۇلتۇز» قاتارلىق ژۇرنال، مەجمۇئە، يېڭى كىتابلارنى ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزبېكچە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ دەرسلىكلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولدى، يېقىنقى يىللاردا رۇس تىلى ئۆگىنىپ ساۋاتىنى چىقىرىۋالغانىدى.

سورۇن ئەھلىنىڭ كۆزى ئەكبەرخاندا ئىدى. ئەكبەرخان ئوتتۇرا ھال قېلىنلىقتىكى يېڭى بىر كىتابنى كۆتۈرۈپ باغنىڭ ئىشىكىدە پەيدا بولغاندا، سورۇندا ئولتۇرغانلار «قايسى

كىتابتۇ؟» دېيىشىپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى.

ئەكبەرخان سورۇنغا كېلىپ:

— دوست - بۇرادەرلەر، قولۇمدىكى بۇ كىتابنى مۇتەلجان يېقىندا تاشكەنتتىن ئالدۇرۇپتىكەن، تېخى بۇرناكۈن بىر تونۇشىمىزدىن ئەۋەتىپتۇ. مەن ئوقۇپ يېرىمىغا كەلدىم، بەك ياخشى كىتاب ئىكەن، ئاڭلىمىغانلار ئارماندا قالىدۇ جۇمۇ، — دەپ كىتابنى ئېگىز كۆتۈردى.

ھەممەيلەن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ كىتابقا قاراشتى. ئەكبەرخان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا كىتابنى بېرىپ ئۇنىڭ قېشىغا ئولتۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى قولىغا ئېلىپ مۇقاۋىسىغا قاراپ دېدى:

— «مېھرابتىن چايان»؟

— توغرا، بۇ كىتاب مەشھۇر ئۆزبەك يازغۇچىسى ئابدۇللا قادىرىنىڭ بىز ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يەردە سورۇن تۈزۈپ ئوقۇغان «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىن كېيىن يېڭىدىن يازغان رومانىكەن. بەك قىزىق، بەك تەسىرلىك كىتاب ئىكەن، — دېدى ئەكبەرخان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى ئەكبەرخانغا سۇنۇپ:

— ئوقۇشنى باشلىۋەتسىلە، ھەممىمىز تېزرەك ئاڭلاشقا تەقەززا بولىۋاتىمىز، — دېدى ئۈتۈنۈپ.

— ئۆزلەدىن كەلگەي، شائىر، — دېدى ئەكبەرخان.

— يوغىسۇ، ئۆزلە كىتابنىڭ يېرىمىنى ئوقۇپ بوپتىلا ئەمەسمۇ، قېنى ئوقۇشنى باشلىۋەتسىلە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— كىتاب ئوقۇشنى باشلىسىلا، تۆرەم، — دېيىشتى مېھمانلار. ئەكبەرخان كىتابنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. كىتاب باشتىلا ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالدى. سورۇندىكى دوست - بۇرادەرلەر قىمىر - سىمىر قىلىشماي ئەكبەرخاننىڭ ئاغزىغا قارىشىپ ئولتۇراتتى. ساھىبخانا بىلەن

مېھمانلار كىتابقا قاتتىق بېرىلىپ كەتتى، كۈننىڭ قىيامدىن ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ تۇيۇشمىدى.

خىزمەتكار كېلىپ داستىخاننى يىغىشتۇرغان چاغدىلا ئەكبەرخان كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ:

— ئاپلاھۇ ئەكبەر، پېشىننى قازا قىلىۋېتىپتىمىز ـ دە، تاماق تەييار بولغان بولسا تېز ئەپچىقىڭلار، — دېدى خىزمەتكارغا. خىزمەتكار «خوپ» دەپ، داستىخاننى سۇغا سىلىكىۋېتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا يېڭىۋاشتىن سالدى. ئاندىن كېيىن يوغان چىن تاۋاقلاردا نارىن چۆپ ئەكېلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەرلەر باغنى ئايلىنىپ سەيلى قىلىشتى. بەزەنلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا قىڭغىيىپ يېتىپ ئارام ئېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن كىتاب ئوقۇش يەنە باشلىنىپ كەچكىچە داۋام قىلدى.

كەچتە ئەكبەرخان مېھمانلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇقامچى سەپەر ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تەكلىپ قىلدى. سەپەر ئاخۇن ھەمراھلىرى بىلەن «ئۇشاق مۇقامى» نى ئورۇندىدى. مۇقام ئېيتىش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

مېھمانلار شۇ كېچىسى ئەكبەرخاننىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشتى، ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن «مېھرابتىن چايان» نى ئوقۇش ـ ئاڭلاش بىلەن ئۆتتى. شۇ كۈنى ناماز خۇپتەندىن كېيىن كىتاب ئوقۇلۇپ تۈگىدى. مېھمانلار ئۇزاپ كېتىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «مېھرابتىن چايان» نى قايتا ئوقۇپ چىقماقچى بولۇپ ئەكبەرخاندىن سوراپ ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

# قىممەتلىك سوۋغات

تۇرپاندا قىشنىڭ قارا سوغۇقى ئۆتۈپ چىللە چىقىپ بولۇشىغىلا ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىللىپ ئەتىياز كېلىدۇ، قارىياغاچلار تەڭگە بولىدۇ، تال - تېرەكلەر بىخلىنىدۇ، ئۆرۈكلەر ئاپئاق چېچەكلەشكە باشلايدۇ. ئوت - چۆپلەر توپىنى يېرىپ كۆتۈرۈلۈپ يەرلەر كۆكىرىدۇ. باللار «قى - چۇۋ» لىشىپ، بېدە، سۆزە، يالپۇزلارنى تېرىشىدۇ، دېھقانلار كۈدىنى ئورۇپ باھارنىڭ تۇنجى يېڭى كۆكتاتلىرىغا ئېغىز تېگىپ، پۇرە ئېتىپ يېيىشىدۇ. ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇرپاندا ئەنئەنىۋى يېڭى يىلنى تەبرىكلەش مەرىكىسى — نورۇز بايرىمى قىزىپ كېتىدۇ. كىشىلەر نورۇز بايرىمىنى «سارا» دېيىشىدۇ. سارا كۈنى ھەر بىر ئائىلە بىر تاۋاقتىن غىزا تەييارلاپ مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە ئەكىرىپ جامائەتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ كۈنى مەھەللىنىڭ ئىمام، مەزىن، ئاقساقاللىرىدىن تارتىپ سەككىز - ئون ياشلىق باللارغىچە جىمى ئەرلەر مەسچىتكە يىغىلىشىپ، سارالىق تائاملارغا ئېغىز تەگكەچ خۇدادىن ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىدۇ. يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر جەم بولۇشىدۇ. ئىلگىرى جېدەللىشىپ، ئازارلىشىپ قالغان قولۇم - قوشنىلارمۇ سارا كۈنى ئارىلىرىدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ئەپلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە مەشرەپ، ئويۇن - تاماشىلار قىزىپ كېتىدۇ.

1930 - يىلى ئەتىيازدا يېڭىدىن ئۆرۈكلەر چېچەكلىگەن بىر

كۆنى، تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تۆت چاقىرىم كېلىدىغان قالماق مەھەللىسىدە سارا باشقىچىلا قىزىپ كەتتى. بۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق موللا، تېۋىپ ئابدۇللا ئاخۇن يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۆيىگە چىللاپ داستىخان سالدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن، ساھىبخانا مەھەللىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە جامائەت ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەرنى ئۆزىتىپ بولۇپ، يىراقتىن كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغىنىدا، يېڭىشەھەردىن پەيتونغا ئولتۇرۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى نىيازخان ئايلا يېتىپ كەلدى. ئابدۇللا ئاخۇننىڭ مەدرىسىدە ئوقۇيدىغان ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردىكى ئوغلى ئابدۇگۇلنىڭ شائىرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەچ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئابدۇگۇل شائىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆز شادلىقىنى ئىزھار قىلدى، ئۇزاقىچە شائىرنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدى، پەقەت ئابدۇللا ئاخۇن نىيازخان ئايلا بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ تەۋەززۇ بىلەن ئېگىلىپ:

— قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىشسىلا، ھە ئابدۇگۇل، شائىر ئاكاڭنى ئۆيگە باشلا! — دېگەندىن كېيىنلا شائىرنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

ئابدۇگۇل شائىرنىڭ قولىغا سۇ بەرگەندىن كېيىن ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. شۇ ئەسنادا يەنە بىر نەچچە مېھمان كەلدى. ھەممەيلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ھەر كىم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشتى. داستىخانغا يۇزىگە پىياز سۇركەپ، كۇنجۇت سېپىلگەن يۇمشاق، ئىسسىق نان، قەن - ناۋات، قۇرۇق ئۈزۈم، خاسىڭغا ئوخشاش نېمەتلەر مول كەلتۈرۈلگەنىدى. مېھمانلار قېنىق دەملەنگەن خۇش پۇراق چايدىن ئوتلاپ، ناننى يېيىشىپ، نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشكەندىن

كېيىن، چۆرىسىگە گۈل چېكىلگەن يوغان ياغاچ تاۋاقلاردا مەززىلىك پۇرىقى ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋېتىدىغان، تازا ئوخشىغان نارىن چۆپ كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بىر - بىرلىرىنى تائامغا تەكلىپ قىلىشىپ، ئىنچىكە، سەل تومراق كېسىلىپ ئۆز پېتى پىشۇرۇلغان چۆپكە ئىلىكتەك پىشۇرۇلۇپ ئەپچىل توغرالغان پاخلان گۆشى تەڭمۇ تەڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە چانالغان پىياز بىلەن توغرالغان سەۋزىگە ئازراق شورپا قۇيۇلۇپ، تۇز - تەمى، دورا - دەرمەكلىرى تازا تەڭشەلگەن نارىن چۆپنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى.

ساھىبخانا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئالدىغا مەخسۇس ئايرىم تاۋاقتا تائام كەلتۈرۈپ، كىچىكرەك بىر تەخسە ۋە چوكا قويۇپ قويغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاۋاقتىكى نارىن چۆپتىن تەخسىگە ئازراق بۆلۈپ ئېغىز تەگدى. ئابدۇگۈل ئۇنى تائامغا خېلى زورلاپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، سىنچاي ئىچىپ ئولتۇردى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىشتىھاسى كەملەپ تاماق يېگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مېھمانلار نارىن چۆپنى تازا ماخشىتىپ يەپ تاۋاقلارنى قۇرۇقداپ بولۇشقا، لېگەنلەردە ئۈستىگە گۆش بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلدى. سەۋزە - پىياز، مايلىق گۆش ۋە زىرىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆيگە بىر كېلىپ مېھمانلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى. مېھمانلاردىن بىرى ئاغزىنى تامشىپ تۇرۇپ:

— ئۇكام ئابدۇخالىق، پولۇ توغرىسىدا بىر نەزمە يازدىلاغۇ دەيمە - ھە؟ — دېدى شائىرغا.

— يوغىسۇ، شۇنداق بىر شېئىرنى ئوقۇغانىدىم، ئۇ مەن يازغان شېئىر ئەمەس.

— ئەتتەڭگەي، شۇ شېئىرنى بىر ئاڭلاپ باققان بولساق،

—دېيىشتى تۇردە ئولتۇرۇشقان مېھمانلار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پەگادا تۇرغان ئابدۇگۇلگە «ئېسىڭدە بولسا، ئوقۇغىن» دېگەن مەنىدە شەرەت قىلىۋىدى، چېچەن ئابدۇگۇل ئۇنى دەرھال چۈشىنىپ:

— ئۇ شېئىرنى مەنلا ئوقۇۋېتەي، ئىجازەت بولسا، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن ئۇي ئىچىدىكىلەر تەڭلا شائىرغا قاراشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇگۇلگە رۇخسەت قىلدى.

ئابدۇگۇل شائىرنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن ئىلھاملىنىپ «ئىم» دەپ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

جۇملە نىمەتلەر ئىچىدە شاھى سۇلتاندۇر پولۇ،
پەدەرى[1] قوي مايىدۇر، مادەرى[2] كۆكچاي پولۇ.
سەۋزە، گۆشتە جۇش[3] قىلىپ يېسە پولۇنى بىر تاۋاق،
بىر تاۋاقۇ بىر تاۋاق، تىللاغا ئەرزاندۇر پولۇ.

ئالتە مىسكىن جەم بولۇپ يېسە پولۇنى بىر تاۋاق،
گۇمبىزى ئانداق چىقۇر كىم، ئۇنلىرى ئاھۇ پەلەك.
ئىككى قارام جەم بولۇپ يېسە پولۇدىن بىر تاۋاق،
ھېچ تۇتۇپ كۆز ئالايتىپ ئەسلا سىڭمەيدۇ پولۇ.
. . . . . .

— ھى - ھى - ھى!
— ھا ـ ھا ـ ھا!

---

① پەدەر — ئاتا.
② مادەر ـ ئانا.
③ جۇش — قايناش.

— بەللى، ئابدۇگۇلمۇ شائىر بولايلا دەپ قاپتۇ جۇمۇ.

— بۇ نەزمىنى ئۇ تازا كېلىشتۈرۈپ ئوقۇدى.

مېھمانلارنىڭ خۇش كەيپىدىن سۆيۈنگەن ساھىبخانا ئۆتۈنگەن ئاھاڭدا:

— قېنى، ئاش سوۋۇپ قالمىسۇن، ئېلىشسىلا، — دەيتتى كەينى - كەينىدىن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پولۇدىن ئازراق يېگەن بولدى. باشقا مېھمانلار بىر پەستىن كېيىنلا لېگەنلەرنى قۇرۇقداپ قويۇشتى.

دۇئادىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھويلىغا چىقتى. ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ ئاق بۇلۇت كېلىپ قونۇۋالغاندەك ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەن ئۆرۈكلەرگە قاراپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ كەڭ، ئازادە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ بۇلۇتسىز، تىنىق، كۆك ئاسمانغا قارىغىنىچە نېمىنىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ ئىشىك ئالدىدىن ھويلىغا كىرگەن ئابدۇگۇل شائىرنىڭ شۇ تاپتا خىيال دۇلدۇلىغا مىنىپ بىپايان تەپەككۇر دالىسىدا بىمالال چېپىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. شائىر ئابدۇگۇلنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقاردى. شائىرنىڭ قولىدىكى قەغەزنى كۆرگەن ئابدۇگۇلنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ، نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلەپ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ شائىر ئۆزىگە ئۇزىتىۋاتقان بۇ بىر نەچچە ۋاراق قەغەزدە چوقۇم شائىرنىڭ يېڭىدىن يازغان شېئىرلىرى بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا بەكمۇ قىزىقاتتى. دەرۋەقە، شائىر بۇنى بىلگەچكە، مۆرىتى كېلىپ قالغان چاغلاردا شېئىرلىرىنى بۇ ھەۋەسكار ياش تالىپقا كۆرسىتەتتى. ئابدۇگۇل شائىرنىڭ قولىدىكى ۋاراقلارنى ئىككى قوللاپ ھۆرمەت بىلەن ئالدى.

— سەن شېئىرغا قىزىقىسەنغۇ، مەن ساڭا سارالىق باشقا سوۋغات ئەپچىقمىدىم، مۇشۇ ئىككى شېئىرىم ساڭا قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كوپىيىلەرنى قولىغا ئېلىپ چۆلدە سۇغا تەشنا بولغان كارۋان سۇغا ئېرىشكەندە ئۇنىڭغا قانمىغاندەك، كوپىيىلەرگە قاراپ كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتقان ئابدۇگۇلگە.

— مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك سوۋغات بولماس، ئابدۇخالىق ئاكا، ئىجازەت بەرسىلە، هازىرلا ئوقۇسام، — دېدى ئۆتۈنۈپ ئابدۇگۇل.

— ئىختىيارىڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئابدۇگۇل قەددىنى رۇسلاپ، بېشىدىكى دوپپىسىنى تۈزەپ قويۇپ تامىقىنى بىر قىرىۋالدى - دە، شائىر تېخى بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا يازغان «مەقسىتىم» دېگەن شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كىرپىك يۇممای ياد قىلسام كەلمىدىڭ، ئەي مەقسىتىم،
چۈنكى سەن ئالىي ئىدىڭ، تاپماي بولامدۇ، مەقسىتىم.
هەر نىيەتكىم، دىلدا تۇتتۇڭ، ئۇخلىدىڭ غەپلەت بىلەن،
جەسۇر بولماي مەيداندا كۆكلۈك تولامدۇ، مەقسىتىم.

كۆز ئېچىپ ئەسلىم بىلسەم بۈيۈك مىللەت ئەۋلادىمەن،
ئارزۇيۇم بىهېسابتۇر ساڭا يەتمەك مەقسىتىم.
قۇش كەبى ئاسماندا ئۇچماق، يەر يۈزىدە ئوق مەسەل،
سۇ يۈزى ئاستىدا هەم هەر يانە ئۈزمەك مەقسىتىم.

ئابدۇگۇل شېئىرنى ئاهاڭغا سېلىپ خېلى تەسىرلىك ئوقۇۋېتتى. ئۇ شېئىر ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ ئەتراپىغا چوڭ - كىچىك، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار بولۇپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ يىغىلىپ ئۆزلىرىنى ئورۇۋېلىشقانلىقىنى سەزمەي

قالغانىدى. ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ:

ۋەتىنىمنىڭ بىپايان ئۇخلىغان دەشت ـ چۆلىنى،
ئويغۇدىن بىدار قىلىپ بوستان قىلىشتۇر مەقسىتىم.
ئەي ۋەتەن، ئەزىز ۋەتەن، خارلىقتا ياتقان گۈل ۋەتەن،
خەلقىئالەم كۆرگۈدەك داستان قىلىشتۇر مەقسىتىم.

دېگەن مىسرالارغا كەلدى ـ دە، دېمىنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ توختىدى. ئۇ چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ خۇددى تۇرۇلىغىنىڭ يەم بېرىشىگە تەقەززا بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىپ تۇرغان كاككۇك باللىرىدەك ئۇزىنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ سەل ھودۇقۇپ، قىزىرىپ كەتتى.

ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەن ئابدۇللا ئاخۇن:

— ئوقۇ، ئوغلۇم، ھەممىمىز ئاغزىڭغا قاراپ قالدۇق، — دېدى.

ئابدۇگۇل كالپۇكىنى بىر چىشلەپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ شېئىرنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى...

شېئىر كىشىلەرگە خۇددى تومۇزدىكى تىنجىق ئىسسىقتا چىققان سالقىن، جانغا ئارامبەخش تاغ شامىلىدەك ياققان بولغاچقا، ھېچكىم چوڭراق بىر تىنىشقىمۇ كۆزى قىيمايتتى. ئابدۇگۇل شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا كىمدۇر بىرى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. مەھەللىنىڭ مۆتىۋىرى، سەكسەن ياشتىن ھالقىغان ئىبراھىم ئىمام ئىككى قولىنى سۇنۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شائىر ئوغلۇم، مۇشۇ نەزمىنى يازغان قوللىرى دەرد كۆرمىسۇن، كىرەملىك خۇدايىتائالا مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي ئىلاھىم، — دەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئۇيىگە تەكلىپ قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ

تۇرۇشىغا، ئەتراپتا قارىشىپ تۇرغان ئادەملەر شائىرغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشىپ، يەنە بىرەر ـ ئىككى پارچە شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى.

ئابدۇگۇل شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندا كېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئايىت ھارۇنكەش ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قارىۋىدى، شائىر ئۇزرىخاھلىق ئېيتىپ توپنىڭ ئارىسىدىن چىقتى.

— نېمە؟ ئابدۇخالىق ئاكا، كېتەملا، — ئابدۇگۇل ئالدىراش سورىدى.

— ھەئە، بىز قايتايلى، ئۇكام ئابدۇگۇل، قولۇڭدىكى ئىككى پارچە شېئىرنى خاتىرە ئۈچۈن ساقلاپ قويارسەن، خەير ـ خوش!

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ خوشلاشتى ـ دە، نىيازخان ئايلىنىڭ كەينىدىن پەيتونغا ئولتۇردى.

ئايىت ھارۇنكەش پوپوكلۇك قامچىسىنى «قارس» قىلىپ بىرنى سوقۇپ، مېڭىشقا ئالدىراپ چاپچىپ تۇرغان چىلانتورۇق ئاتنى «چۇۇ» دېيىشىگە پەيتون يېڭىشەھەرگە قاراپ قوزغىلىپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

# بىر ساتىرا

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شاھمات ئويناشقا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ ئوقۇش، يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ چارچىغان چاغلىرىدا، كۆپىنچە چۈشتىن كېيىن ئەكبەرخاننىڭ دۇكىنىنىڭ قېشىدىكى ئۆيگە كېلىپ دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن شاھمات ئوينايتتى. ئۇ شاھماتقا كىرىشىپ كەتكەندە ھەممىنى ئۇنتۇپ ئويۇنغا شۇنداق بېرىلەتتىكى، يېڭىشنى ھاياتلىق، يېڭىلىشنى بولسا ماماتلىققا تەڭ دەيتتى دوستلىرىغا قىزىشىپ. كەسكىن ئېلىشىش بىلەن بىر نەچچە قول شاھمات ئوينالغاندىن كېيىن ھارغىنلىق ھېس قىلغان دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەر دائىم دوستلىرىنىڭ لەۋزىنى ياندۇرماي، يېڭىدىن يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بەزىدە شېئىرىي تېپىشماق — مۇئەممما ئوقۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆيدە ئولتۇرۇشقان ھەممە ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويسا، بەزىدە قىزىق لەتىپە، ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ھەممىنى كۇلدۇرۇۋېتەتتى.

1930 - يىلى 4 - ئاينىڭ بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكبەرخاننىڭ دۇكىنىغا يانداش ھېلىقى ئۆيدە، ئەكبەرخان، ھەبىبۇللا ئەپەندى، پولاتباي، يۇنۇسبەگ، تامقوشنىسى زۇنۇن تۆمۈرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، سالام بەرگىنىچە تەۋەككۇل ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان گۆش گىردە ئېلىپ ئابدۇرېھىم ناۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ گۆش گىردىنى داستىخانغا قويۇپ بولۇپلا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كەينىگە

بۇرۇلىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— ئابدۇرېھىم ئۇستام، قېنى سىزمۇ ئولتۇرۇڭ، ئىشىڭىز ئالدىراش ئەمەستۇ، پاراڭلىشىمىز، — دېدى.

ئابدۇرېھىم ناۋاينىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئۇ شائىرنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ شېئىرلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. شۇڭا ئۇ شائىرنىڭ تەكەللۇپىنى ئاڭلاپ خۇددى ئاتىسىدىن ھېيتلىق ئالغان بالىدەك خۇشال بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. شائىرنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان ئەكبەرخان دەرھاللا:

— ھە ئابدۇرەھىماخۇن، ئولتۇرغىن، — دەپ ئۇنىڭغا پەگانى كۆرسەتتى.

ئابدۇرېھىم ناۋاي ئەكبەرخان كۆرسەتكەن جايغا ئولتۇرۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىنى بىردەم كۈلدۈرۈپ، بىردەم چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، خەنزۇچە مەشھۇر كلاسسىك رومان «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە» دىن ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. جۇگېلىياڭنىڭ پەم - پاراسىتى، چارە - تەدبىرلىكلىكى، لەشكىرىي قوماندانلىق ماھارىتىنىڭ ئاجايىپ ئۈستۈنلۈكى ھېكايە ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېكايىنى ئېيتىپ بولغاندا، ئۆي ئىچىدە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى تىڭشاپ ئولتۇرغانلار بىرى بىر نېمە دەپ ئۆز قارىشىنى سۆزلەپ قىزىپ كېتىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ كوچىغا قاراپ، ئۆتكەن - كەچكەن ئادەملەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. بىر پەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا ئىككى ئادەم كۆرۈندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر قاراپلا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ھوشۇرخان، يەنە بىرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قورامىلىق ياش يىگىت ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتى. ھوشۇرخان بەزىدە ئويۇن، مەشرەپ، سورۇنلاردا ئايالچە ياسىنىپ ئۇسسۇل ئويناشقا

ئامراق ئىدى ۋە ئۇنى خېلى قاملاشتۇراتتى. ئۇ ياش چوكانلارنى، خېنىم قىزلارنى شۇنچىلىك تەبىئىي دوراپ چىقاتتىكى، ھەربىكەتلىرى پەقەت چانمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاخۇن» نامىنى «خان» دەپ چاقىراتتى، ئۇمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ھوشۇرخان يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىپ، ھاياسىز بولۇپ كەتكەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ ھەزەر ئەيلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياش يىگىتنىڭ بىلىكىنى ھەدەپ سىلاپ، خۇددى بۇزۇق ئاياللاردەك ھىجىيىپ كۈلۈپ، ناىناقلاپ، قاش ئېتىپ، كۆزىنى قىسىپ كېلىۋاتقان ھوشۇرخاننىڭ ھاياسىز قىلىقلىرىدىن قاتتىق يىرگەندى ـ دە، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بېشىنى چايقاپ ئولتۇرۇپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ دەرھال شېئىر يېزىشقا باشلىدى. بىر پەستىلا شائىرنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى سۇتەك ئاق قەغەزنىڭ بېتىنى ئاجايىپ چىرايلىق، ئۇستىخانلىق پوچۇركىدا يېزىلغان مىسرالار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. شۇ ئەسنادا ھوشۇرخان بىلەن ھېلىقى يىگىتمۇ دېرىزە ئالدىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىردەمدىلا بىر شېئىرنى يېزىپ پۈتكۈزۈۋەتكىنىگە قاراپ ئولتۇرغان ھەبىبۇللا ئەپەندى:

— قېنى بۇرادەر، ئوقۇپ بەرمەملا، بىر ئاڭلاپ قالايلى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «بولىدۇ، ئەمىسە» دەپ ئاۋۋال ھەبىبۇللا ئەپەندى، كېيىن ئۆي ئىچىدىكى باشقا بۇرادەرلىرىگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ھوشۇردۇر ئاتىڭ سېنىڭ خاتۇن سۈپەت،

بولۇشتى ساڭا جاھان ھەممە ئىلپەت.

سېنىڭ ئۆزۈڭ ئوبدان، كۆڭلۈڭ يامان،
سېنىڭ دەستىڭدىن ھەممە تاپماس ئامان.

دەۋر سۈرۈپ بىر نەچچە يىل يۈرەرسەن،
چىرايىڭغا بولۇپ ماز ئەڭلىك سۈرەرسەن.

زامانلار ئۆتۈپ چىقۇر ساڭا ساقال،
ئاندىن بولۇرسەن شۇ قادىرخان[1] قاتار.

ساڭا بولدى شاگىرت مىسكەرچى موللا ئابدۇللا،
كېچە - كۈندۈز بولۇپ مەشرەپ، بارىكاللا.

ئېلىپ غىجەك، دۇتار، تەمبۇر ئارقىسىدا،
سوكۇلدىشىپ جەپىر توختى، لەيجىرلا[2] .

شېئىر ئوقۇلۇپ مۇشۇ مىسرالارغا كەلگەندە، كوچىدا دېرىزە يېنىدا ئاڭلاپ تۇرغان ھوشۇرخان ئاۋازىنى نازىنىن خېنىملاردەك ياساپ:

— ئەمتەي، ئادەمنى شۇنداقمۇ سۆكۈپ نەزمە يازامدۇ ئەمدى، ئۆلدۇمغۇ مەن، ۋاي ئاتام، ۋاي ئانام! — دەپ مۈرىلىرىنى ئېگىز - پەس قىلىپ، يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن ئېتىپ، ناياقلاپ مېڭىپ كېتىپ قالدى. ئۆي ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

---

① قادىرخان — شۇ زاماندىكى بۇزۇق كىشى بولۇپ، ھەممە ئادەم يىرگىنەتتى.

② لەيجىر — يېڭىشەھەرلىك خۇيزۇ.

— بۇ ساتىرا تازا قالمىشىپتۇ جۇمۇكلار، يارانلار، — دېدى ئەكبەرخان كۆلكە بېسىقالماي كەينىن كۆپچىلىككە قاراپ.

— شۇنداق، ئەمدى ھوشۇرخان قانداق قىلاركىن؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ساتىراسى ئەتىسىلا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يېگىشەھەرگە تارالدى. شۇنىڭ بىلەن ھوشۇرخان بىر مەھەل كوچا - كويلارغىمۇ خاتىرجەم چىقالماي ئۆزىنى يوشۇرۇپ دالدىغا ئېلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

# بۇ كېچە

1930 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى جۈمە كۈنى كەچقۇرۇن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاس خانىسىدا شېئىر يېزىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئاخىرقى بىر كۇپلېتنى يېزىپ بولۇپ «ئۇھ» دەپ قەلىمىنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ.

ئىشىك ئېچىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ سالام قىلىشقىنىچە، ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن ھەبىبۇللا كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاۋاب سالام بېرىپ ئىككى مېھماننىڭ ئالدىغا باردى ۋە قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— قېنى، ئورۇنلۇقا مەرھەمەت!

ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن ھەبىبۇللا ئۈستەلنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇنلۇقا ئولتۇردى. ھېسامىدىن ئۈستەلدە تۇرغان شېئىر يېزىلغان قەغەزگە قاراپ بەتنىڭ بېشىدىكى قاندەك قىزىل رەڭدە يېزىلغان «بۇ كېچە» دېگەن ماۋزۇغا كۆزى چۈشتى.

— يېڭىدىن يازغان شېئىرلىرىمۇ بۇ، شائىر، — سورىدى ھېسامىدىن ئۈستەلدىكى بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇيچان كۆزلىرىنى دوستىغا تىكىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆزلىگىلى تۇردى:

— مەرھۇمە ئايىمخانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇشۇ تېمىدا بىر شېئىر يېزىش ئىستىكى قەلبىمنى چۇلغىۋالغانىدى. بۇرناكۇن مەرھۇمەنىڭ يىل نەزىرىنى بەرگەندە باشقا دوستلار بىلەن ئىككىلىرىمىز جامائەتنى ئۇزىتىپ بېرىپ چىقىپ كېتىشتىلە. پەقىر مىسكىن ئۇيدە تىكەندەك تەنھا قالدىم. بىردىنلا مېنى ئەسلىي - ۋەسلىمدىن ئايرىلىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالغاندەك بىر تۇيغۇ ئەسىر قىلىۋالدى. ئىچىم سىقىلىپ، يوچۇنلا بولۇپ كېتىۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇرىمەن. دەل شۇ پەيتتە مەرھۇمە ئايىمخانىنىڭ گويا باھاردا ئېچىلغان قىزىل گۇلدەك سىماسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۇ ھەر قاچانقىدەك خۇشخۇي، مېھرلىك تەبەسسۇم بىلەن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا «كۆڭۈللىرىدە ئويلىغانلىرىنى تېز يېزىۋەتسىلە، بىر شائىرنىڭ ‹كۆڭۈلدە قالمىسۇن غۇسسە بىر زەررىچە، دېگەن مىسراسى يادلىرىدا باردۇر» دېگەندەك قىلدى. مەن گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ ئاغزىمنى ئاچاي دېيىشىمگە ئۇ غايىب بولدى. كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا قارىسام، قولۇمدا قەلەم، ئالدىمدا قەغەز تۇرىدۇ. ئۆزۈم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتىمەن. ئېھتىمال ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەن چېغى. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، يۈزۈمنى يۇدۇم، ئاندىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

— ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، بۇرناكۇن كېچە، تۈنۈگۈن، بۈگۈن ئارام ئېلىشنى تەرك ئېتىپ، ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان گەپ دېسىلە، — دېدى ھەببۇللا.

ئابدۇخالىق «ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئابدۇخالىق ئىككى دوستىغا قاراپ:

— ئەپۇ قىلىشسىلا، گەپ بىلەن بولۇپ ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرمىگىنىمنى قارىمامدىغان، — دەپ سىرتقا ماڭماقچى بولدى. ھېسامىدىن بىلەن ھەببۇللا شائىرنى توسىدى.

— رەھمەت، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ، بۇرادەر، بۈگۈن كەچتە

تۆمىنىياز باي زىياپەتكە چاقىرغان ئەمەسمىدى. چاينى شۇ يەردە ئىچىمىز، يۇرسىلە، — ھەبىبۇللا شۇنداق دەپ ئورنىدىن قوپتى.

— شۇنداق قىلىلى، يۇرسىلە، — دەپ ھېسامىدىن ئىشىككە ماڭدى.

— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ماڭاي، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارغا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىيىم ئىشكاپىدىن كۆزلۈك سۇر پەلتوسى بىلەن شلەپىسىنى ئېلىپ كىيىپ، ئىككى دوستىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئۇلار بىلەن بىللە تۆمىنىياز باينىڭ شەرقىي قوۋۇق مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى قورۇسىغا يۈرۈپ كەتتى. تۆمىنىياز قاسساپلىق بىلەن باي بولۇپ، دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان بايلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى دوستى بىلەن تۆمىنىياز باينىڭ چوڭ ياسىداق مېھمانخانىسىغا كىرىپ كېلىشكىنىدە مېھمانلار كېلىپ بولغانىدى.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ يولىغا قاراپ قېلىشقانىدۇق، قېنى تۆرگە، — دېدى يوغان يالپا، گەۋدىلىك كەلگەن تۆمىنىياز باي مېھمانلارنى تۆرگە باشلاپ.

ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە تۇرپاندىكى داڭلىق مۇقامچى ئىبراھىم پەيتۇ، سازەندە روزى جەدە ۋە داپچى ئىبراھىم جۇگىچى ئولتۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ تۆرگە ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قاتار ئولتۇرۇشقان ساجىت ھاجى، تۇرسۇن قاسساپ، مۇپتۇلباي، ئابدۇراخمان قارى، نىياز سەيپۇڭ، پولاتباي، زۇنۇن تۆمۈرى قاتارلىق مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ تۆردىن ئورۇن ئالدى. ھېسامىدىن زۇپەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېنىغا، ھەبىبۇللا بولسا ئابدۇراخمان قارىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇشتى.

خىزمەتكار چىلاپچا، يېڭى لۆڭگە ئېلىپ كىرىپ مېھمانلارنىڭ

قولىغا سۇ بەردى. داستىخان يېيىلىپ بولغانغا قولىشىپ تۇرۇشىغا سالام بەرگىنىچە، ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، يۇمىلاق يۈزلۈك، ئاق پىشماق، قاراقاش، يوغان قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، بېشىغا تەقىيە دوپپا، ئۇچىسىغا ناۋات رەڭ شىرىس چاپان كىيگەن يىگىرمە ياشلاردىكى بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ساھىبخانا كاڭدا ئولتۇرغۇدەك ئورۇن قالمىغانلىقىدىن خىجالەت بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر، سەل تەمتىرىگەندەك بولۇپ، يېڭى كەلگەن مېھمان يىگىتكە كاڭنىڭ تۆۋەن تەرىپى، پەگادىكى بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ، يۈزى سەل قىزارغان ھالدا:

— ھەمدۇللا بايۋەچچە، قېنى بۇ يەرگە كەلسىلە، — دېدى.

تۆردە غادىيىپ ئولتۇرۇشقان كاتتىلار «ساڭا شۇ جاي لايىق» دېگەندەك پىسەنت قىلماي، داستىخاندىكى نازۇ نېمەت، قەنت-گېزەكلەرگە قول ئۇزىتىشىپ يەپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولىدىكى چىنىنى داستىخانغا قويۇپ يېڭى كىرگەن مېھمانغا مەرھەمەت كۆرسەتتى:

— ھەمدۇللا بايۋەچچە، قېنى بۇ يەرگە ئۆتسىلە، ئۇكام، — دەپ سەل سۈرۈلۈپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ھېساملىدىن زۇپەر سۈرۈلۈپ ئورۇن بوشاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ تەكلىپى بەزەن چوڭلارغا ياقمىدى بولغاي، مۇپتۇلباي بىلەن ساجىت ھاجى بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ باشلىرىنى چايقاشتى. بەلكىم ئۇلار كۆڭلىدە «بىزلەردىن خوپ كىچىك بىر ياش بالا تۆردە ئولتۇرۇشقا لايىقمۇ؟» دەپ ئويلاشقان بولغىيدى.

ھەمدۇللا بايۋەچچە قىزىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ شائىرغا تەۋەززۇ بىلەن كەينى-كەينىدىن رەھمەت ئېيتتى. دەل شۇ چاغدا تۆمىنىياز باي مېھمانلارغا ياش مېھماننى تونۇشتۇردى:

— ئىنىمىز ھەمدۇللا بايۋەچچە توقسۇندىكى قادىر ھاجىمنىڭ كىچىك ئوغلى. ھازىر باغرى مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتىدۇ. ھەممىلىرىگە مەلۇملۇق قادىر ھاجى ئاكىمىز كۆچارغا ئۆزۈن يىل

تۇتقۇلۇق[1] بولغان. ئۇ زات ئۈچ يىل بۇرۇن تۇرپانغا يۆتكىلىپ كېلىپ بىرەر يىلدەك تۇتقۇلۇق بولۇپ، ياشىنىپ قالغاچقا، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن قول ئۈزۈپ توقسۇنغا قايتىپ ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ قادىر ھاجى ئاكىمىز بىلەن ئانا جەمەت تۇغقانچىلىقىمىز بار.

— ياخشى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، — بايۋەچچە ئىنىمىز دىيارىمىزدىكى تالىبۇلئىلىملاردىن بولۇپلا قالماي، ياش شائىرلارنىڭ بىرى، قېنى، شائىر، بۇياققا كېلىڭ.

— بۇ مۇشۇنداق گەپكەن ـ دە، قېنى، چوڭ شائىرنىڭ قېشىغا ئۆتۈڭ، كىچىك شائىر، خۇددى ئاينىڭ قېشىغا يۇلتۇز قونغاندەك، — دېدى نىياز سەيپۇڭ چاقچاق قىلىپ. ھەممەيلەن بۇ گەپكە قوشۇلۇپ «قېنى، بايۋەچچە، تۆرگە، شائىر قاراپ قالدى» دېيىشتى.

مېھمانلار داستىخاندىكى قەنت ـ گېزەك، تاتلىق تۇرۇم ۋە يېشىل قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك قېقى، ئانار، نەشپۈت، ئالما، چىلان قاتارلىق ھۆل ـ قۇرۇق مېۋىلەرگە ئېغىز تېگىپ، ھەر كىم يېنىدىكى بۇرادىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەي چىنىلەردە شورپا كەلتۇرۇلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن يوغان تاۋاقلارغا چوقچا ـ چوقچا ئېلىنغان، مەززىلىك پۇرىقى ئۆيگە بىر كەلگەن پاقلان گۆشى تارتىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېگىگى ياققان ئىسسىق نان بىلەن ئازراق شورپا ئىچتى، يۇمشاق پىشقان ئوتتۇرا ئىلىك گۆشىدىن ئازراق يېدى.

نىياز سەيپۇڭ قولىغا بىر پارچە قوۋۇرغا گۆشىنى ئېلىۋېلىپ مەززە قىلىپ يېگەچ، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ يېنىدىكىلەرنى

---

[1] تۇتقۇلۇق — ناھىيە دەرىجىلىك ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدار.

كۆلدۈرۈپ ئۆلتۈردى.

مېھمانلار گۆشنى يەپ بولغاندىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ قايتا سېلىنىپ، لېگەنلەردە قوغۇن، تاۋۇز كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بىر - ئىككى تىلىمدىن قوغۇن، تاۋۇزغا ئېغىز تېگىشتى.

— بىز ئۆز پاراڭلىرىمىزنى قاچانلا دېيىشسەك بولىدۇ، ئەمما شائىرنىڭ نەزمىسىنى قاچانلا ئاڭلايمىز دېسەك ئاڭلالمايمىز، — دېدى نىياز سەيپۇڭ مايلىق قولىنى ياغلىق بىلەن ئېرتىپ ئولتۇرۇپ، — شائىر بىزگە نەزمە ئوقۇپ بەرسە، قانداق، يارەنلەر؟

بۇ سورۇن ئەھلىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ ئىدى، مېھمانلار بىردەك:

— شائىرنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلايلى، — دېيىشتى.

— قېنى، بۇرادەر، بايا يېزىپ پۈتتۈرگەن نەزمىلىرىنى بىر ئوقۇپ بەرمەمدىلا، — دېدى ھەبىبۇللا شائىرغا قاراپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ مېھمانلارغا قاراپ:

— مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار، ئاۋۋال ياش شائىرىمىزنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ باقساق، قانداق؟ — دېدى.

— بۇمۇ ياخشى بولىدۇ، — دېيىشتى ئىككى - ئۈچەيلەن.

ھەمدۇللا بايۇەچچە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەر دېدى، كەينىدىن يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ سۇندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇ شېئىرىڭىز ياخشى چىقىپتۇ، خېلى ياخشى يېزىپسىز، تارتىنماي ئوقۇۋېرىڭ، — دېدى ھەمدۇللا بايۇەچچىنى ئىلھاملاندۇرۇپ.

ھەمدۇللا بايۇەچچە پېشانىسىدىكى تەرلەرنى ئېرتىۋەتكەندىن

كېيىن:

— ئۇستازىمنىڭ ئالدىدا بىشەدەپلىك قىلىپ قىلدىغان بولدۇم، ئەپۇ قىلارلا، — دېگىنىدە، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن ئۇنى تىترەپ چىقتى.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، ئوقۇشنى باشلاڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ھەمدۇللا بايۋەچچە بىر يۇتۇم چاي ئىچىپ ئۇزىنى بېسىۋالدى. ئۇ شېئىر يېزىلغان قەغەزنى قولىغا ئېلىپ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوقۇشقا باشلىدى:

## قەلەم

ئىپتىدا قىلدى رەسۇلۇم، پەرۋەردىگارىمدىن قەلەم،
شول سەۋەبتىن پادىشاھلار پادىشاھىدۇر قەلەم.

ھەق ئىلە باتىلنى ئايرىش، ئەدلى سۇلتانىم قەلەم،
ئايەتى قۇرئان يېزىشچۇن نۇرى ئىرپانىم قەلەم.

دوست تەرەپكە سۆز بېرىشتە ئەلچى خۇدداھىم قەلەم،
ھەق كالامى دە دېدى، ئەيلەپ خىتاب نۇن ۋەل قەلەم.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

دۇشمىنىمگە زەربە بومبا، دوستقا ئېھسانىم قەلەم،
راس ئىلە ناھەق ئۇچۇن ھاكىم سۇلايمانىم قەلەم.

زىننىتىم ھەم ھۆرمىتىم باغۇ بوستانىم قەلەم،
ئىززىتىمنىڭ بائىسىدۇر بەلكى ۋىجدانىم قەلەم.

ھەمدۇللا بايۇەچچە شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— بارىكاللا شائىر، بۇ غەزىلىڭىز بەك ياخشى چىقىپتۇ، — دېدى تەھسىن ئوقۇپ.

ئۇ ئىچىدىكى باشقا مېھمانلارمۇ ھەمدۇللا بايۇەچچىنىڭ شېئىرىغا قايىل بولۇپ ئۇنى ماختاشتى.

— ئەمدى نۆۋەت ئۆزلىرىگە كەلدى، — دېدى نىياز سەيپۇڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «خوپ» دەپ ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلاپ بولۇپ، تۆش يانچۇقىدىن شېئىر يېزىلغان قەغەزنى قولىغا ئالدى. ئۇ سورۇن ئەھلىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇخەممەس ئوقۇشقا باشلىدى:

## بۇ كېچە

بولمىسا يارىم قەدەھ شۇ فىيالە بۇ كېچە،
قالمىسۇن ھەسرەت - نادامەت، يەتتى نالە بۇ كېچە.
ئۇشبۇ مۇھتاجى تاماشا قىل شەلالە بۇ كېچە،
نۇرىنى مات ئەيلىگەن كور كۆزى شەھلا بۇ كېچە،
ئىشقىمىز - ئىرپانىمىز ساغلام تاماشا بۇ كېچە.

سىزگە بەردۇق ئىشقىمىزنى ھەر نەزەردە بىمالال،
بۇ كېچە دەردلەرگە دەرمان بولغۇسى سۆيگۇ مالال.
ئىلتىپات يوق بەڭگى بولغانلارغا قالدى سۇڭ سوئال،
سۆيگۇ مەيدانىغا نىسبەت بولمىغاي ھېچ قاچ ماھال،
ھەر ئۇمۇر بىزلەرگە پۇرسەت بەردى مەۋلا بۇ كېچە.

سۆيگۈ ئەھلى سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلمەك بىرلە بار،
بىلمىگەنلەر قالدى چۆلدە، قالدى دەردتە ئاھ ـ زار.
كۆرگەنىڭگە، بىلگەنىڭگە قىلمىساڭ كۆپ ئىپتىخار،
يار ئەمەسمەن يار دېمەك، قىلماقتا ياد قىلسا ئۇ يار،
ئېيتقىلى تارىخنى مەن قىلدىم ئاۋارە بۇ كېچە.

.................

بىزنى كۆرمەك بىرلە باغنىڭ گۈللىرىدىن ساز چىقار،
ئۇن ئۇچىنچى سۆيگۈ مۇقامى دېگەن ئاۋاز چىقار.
جىلۋىلىك، خوشلۇق سىرى مۇندا كۆپ دىلباز چىقار،
بولمىسا ھېچبىر نامايىش ئەتكىلى بىر ناز چىقار،
كۆن ۋە ئاي بولغاي خىجالەت كۆزى شەھلا بۇ كېچە.

.................

ئۇيغۇر يار لۇتفىنى كۆرمەكنى بىلمە ئىماندىن يىراق،
كۆڭۈل باغى مەگەر ... بولما قۇرباندىن يىراق.
نىگە بولسۇن سائادەت قەدرى ھېكمەت جاندىن يىراق،
جان سېنىڭدۇر، قىلما يارەپ بىزنى جانانىدىن يىراق،
جۇملە ئاساسى يوقالغان مەجلىس ۋاللا بۇ كېچە.

بۇ مۇخەممەس مېھمانلارغا شۇنداق تەسىر قىلغانىدىكى، ھەممەيلەن گويا شائىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. شېئىر ئاخىرلىشىپ شائىر ئوقۇشتىن توختىدى. ئۇ ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىنلا مېھمانلار شېئىرنى بەس ـ بەستە ماختاشقا باشلىدى:

— شائىر، بۇ مۇخەممەسنى قالتىس يېزىپتىسىز.

— نېمىــدېگەن پاساھەتلىــك سۆزلەر، خۇددى ئۇنچە ـ مارجانلارنى گۈل چىقىرىپ تىزغاندەك.

— مەنىسىنىڭ تىرەنلىكىچۇ.

سورۇن ئەھلى ئابدۇخالىــق ئۇيغۇر ئوقۇغان «بۇ كېچە» ماۋزۇلۇق بۇ مۇخەممەسنى بىر ھازاغىچە ماختاشتى.

— كەچۈرۈڭلار، دوستلار، سىرتقا چىقىپ كىرسەم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— مەنمۇ تاشقىرىغا چىقاي دەپ ئولتۇراتتىــم، — دېدى پولاتباي.

— تالاغا چىقىپ ھاۋالىنىپ كىرەيلى، — دېيىشىپ، مېھمانلار ھويلىغا چىقىشتى.

مېھمانلار بىر پەستىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ داستىخان ئەتراپىغا جەم بولدى. داستىخانغا سارغىيىپ پىشقان ئاق قاشقىر، كۆك بىجاقى، سۇپسۇزۇك بوغۇم سايۋا، قانتەك قىزارغان قىزىل سايۋا ئۈزۈم كەلتۈرۈلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە سارغىيىپ پىشقان ئاق قاشقىر ئۈزۈمدىن بىر شىڭگىل يېدى.

ساھىبخانا مېھمانلارغا قاراپ:

— مۇقامچى ئىبراھىم ئۇستام شاگىرتلىرى بىــلەن ھەر قايسىلىرىغا يۈرتىمىز مۇقاملىرىدىن ئورۇنلاپ بەرسۇنمىكىن، — دېدى.

— ياخشى گەپ، قېنى مۇقام ئاڭلايلۇق، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئاللىقاچان مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىبراھىم پەيتۇ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سازلىرىنى قولىغا ئالدى. ئۆي ئىچىــدە ئىبراھىم پەيتۇنىــڭ ساتارغا تەڭكەش قىــلغان مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

ساتارىم تارىغا جان رىشتىدىن تار ئېشىپ سالسام،

ئۇنىڭكى نالىسىدىن بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.

مۇقام ئالسپ، مۇقام ئىچرە، مۇقامنى دىلغا جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغا سالسا، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن چالسام.

مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردە ئى باياتىنى چالسام.

باياتى ھەقتە ئالا يادىدا چالسام ئۈزۈلدۈرمەي،
كۆڭلۈمنىڭ بىناۋا بولغانىنى بىلسەم، ناۋا چالسام.

كەل، ئەي مەشرەپ، قەدەھ سۇنغىل، بولايلى مەستۇ مۇستەغرەف،
بىر ئىلگە سائى تەمبۇر، بىرىگە جامى مەي ئالسام.
. . . . . . . . . . . . . . .

مۇقام ئېيتىش يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى. مېھمانلار ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

# قالمىدى

1930 - يىلى كۈزدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇ زامانلاردا قاتناش، ئالاقە ئىشلىرى قالاق بولغاچقا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دادىسىنىڭ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئاتلىق شۇنچىلا تېز ماڭغان بولسىمۇ، تۇرپانغا ئارانلا يەتتە نەزىرىگە ئۈلگۈرۈپ كېلەلىدى. شائىر بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ ھازا ئاچتى. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپ، يىغلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى. پەقەت دوست - بۇرادەرلىرى كەينى - كەينىدىن ئۇنى سەۋرگە ئۈندىگەندىن كېيىنلا، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ چوڭ دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چوڭقۇر قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن خەتمىقۇرئان قىلىشنى تۈگىتىپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزاق دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە تۇپراق بېشىغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايىت ھارۋىكەش بۇ گەپتىن خەۋەر تېپىپ بىردەمدە پەۋىسكىغا ئاتنى قوشۇپ تەييار قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشقان تۇغقان جەمەتلەر، قولۇم - قوشنا، ئەل - جامائەت ھارۋىلىق، ئات - ئۇلاغلىق ۋە پىيادە ھالدا تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ

غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمىي چوڭ يول ياقىسىغا جايلاشقان شېھىتلىك دەپ ئاتىلىدىغان قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئېلىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان جامائەت ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا شېھىتلىككە يېتىپ كېلىشتى. زومچەك ـ زومچەك قەبرە توپىلىرى ۋە تۇلۇقچە گۈمبەزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭى قەبرە سۇرلۇك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇم مىجىت ھاجى دەپنە قىلىنغانىدى.

ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇم باشلىق تۇرپاننىڭ قازى ئەلەم ئاخۇنۇم، داموللا، ئۆلىمالىرى مۇسىبەت ئىلكىدە كۆڭلى ئېزىلىپ ئۇنسىز يىغلاپ كېتىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەلدى. شائىرنىڭ قاتتىق قايغۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇم تۇرپاننىڭ ئىچىدە تۇرغان مەشھۇر قارىيغا قۇرئان ئوقۇشنى شەرەت قىلدى. ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيىپ، بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان قارا ساقاللىق بۇ قارىي توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يەرگە سېلىنغان جاينامازغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشىغا قەبرىگە قاراپ تۇرۇشقان جامائەتمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا قارىينىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

قارىينىڭ جەزبىلىك ئاھاڭدا سوزۇپ ئېيتقان بىسمىللاسى بىلەن سۈرە «تەبارەك» باشلانغانىدا، قەبرىستانلىقتىكى باشقا ھەر قانداق گەپ ـ سۆز، شىۋىرلاشلار چىپپىدە توختاپ، ئەتراپ ئاجايىپ سۇرلۇك تۇسكە كىردى. يېڭىشەھەردە مەشھۇر بۇ قارىينىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك ئاۋازى قەبرىستانلىقتا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ جاراڭلاپ تۇراتتى. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار قاتارىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ قارىيغا ئەگىشىپ ئىچىدە ئايەت ئوقۇيتتى.

— ئامىن، ئىلاھا، ئامىن! — قارىي قىرائەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەممە ئادەم ئىخلاس بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

دۇئادىن كېيىن جامائەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىرگە شەھەرگە قايتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جامائەتنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ داستىخان سالدى. مېھمانلار ئالدىغا قويۇلغان گۆشلۈك پولۇنى يەپ، قېنىق دەملەنگەن قارا چايدىن ئىچىپ داستىخاندىن قوپقاندا، شائىر جامائەتكە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ سەل تەخىر قىلىپ تۇختاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جامائەت ھويلىغا چىقىپ تۇختىدى. يۈزلىگەن كۆزلەر «خوش، نېمە گەپ» دېگەندەك شائىرغا تىكىلگەنىدى. شائىر سەل تۇختاپ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن پۈكلەنگەن بىر پارچە قەغەزنى ئالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ دېدى:

— ياتقان جايى جەننەت بولغاي، رەھمەتلىك چوڭ دادامنىڭ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقتىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇمچىدىن دەرھال يولغا چىققان بولسامۇ مەرھۇمنىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدىم. يولدا كېلىۋېتىپ بىر مەرسىيە يازغانىدىم. ھازىر ھەر قايسىلىرىغا ئوقۇپ بېرەي.

ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت شائىرنىڭ مەرسىيىسىنى ئاڭلاشقا ھازىر ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلىغان «قالمىدى» ماۋزۇلۇق مەرسىيىسىنى تەسىرلىك ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى. شائىرنىڭ چوڭقۇر قايغۇلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان مەرسىيە مىسرالىرى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىنى ياش بىلەن لىق تولدۇردى. جامائەتنىڭ كۆپ قىسمى شائىرنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىغا ھەمشېرىك بولغان بولسىمۇ، بەزى مۇتەئەسسىپ داموللا، ئىماملار چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ شېئىرنىڭ ئۆزلىرىگە

ياقمايۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شائىر مەرسىيىنى ئوقۇشنى داۋام قىلىۋاتاتتى. مەرسىيە ئوقۇلۇپ:

— ئەي تەبىئەت ئادىتىڭدىن تاشقىرى قىلدىڭ زۇلۇم،
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن تەندە مادارىم قالمىدى

دېگەن مىسرالارغا كەلگەندە، بېشىغا يوغان سەللە ئوراپ، ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيگەن، سېمىزلىكىدىن خۇددى تونۇرغا ئوخشاپ قالغان پەتەك، ساقاللىق بىر موللا لاتا يىرتىلغاندەك قوپال، چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئى ئابدۇخالىق، بولدى، بەس! ئەجەلنى مۇتلەق. خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدىغىنىنى بىلمەمسەن؟! ھەم قارا بۇنى «ئەي تەبىئەت ئادىتىڭدىن تاشقىرى قىلدىڭ زۇلۇم»، بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟ بەندىگە ئەجەلنى خۇدا سالغان تۇرسا؟ سېنىڭزە شائىر دېسەك مۇشۇنداق نەزمىنى ئوقۇساڭ بولامدۇ؟ بۇنداق كۇپرانە نەزمىنى ئوقۇما! سەن، بىز ئەھلى مۇسۇلمان پەرزەنتى، سەن خۇداغا ئىشەنمەمسەن؟

بۇ موللا قولىدىكى ئۇچىغا تۆمۈر قاپلانغان ھاسىسىنى يەرگە تولا ئۇرۇپ ھويلىدا توپا قايىنتىۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا قاراپ نەزمە تىڭشاپ تۇرغان جامائەت بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ھويلىنىڭ ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆكتى. تىمتاسلىقنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەمكىنلىك بىلەن كەسكىن ئېيتقان سۆزلىرى بۇزدى:

— مەنمۇ خۇداغا ئىشىنىمەن، مەن ئىشىنىدىغان خۇدا يەككە - يېگانە، ھېچبىر شېرىكى يوق، ھېچنېمىگە ھاجىتى يوق. مېنىڭ بۇ خۇدايىم ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلاردىن پۇل، دەپنە - دۇنيا شىلىۋالىدىغان، نام - ئاتاق، ئابرۇي تېپىشتا، ئەمەلگە

ئېرىشىشتە ھەر قانداق پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمايدىغان، دىلىدا ھەسەت، رىيا قاينايدىغان سىلەردەك ئادەملەرنى خالىمايدۇ، مۇنداق كىشىلەرنىڭ قۇللۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مەن مۇشۇنداق خۇداغا ئىمان كەلتۈرىمەن، قانداق!؟

بۇ ئۆتكۈر سۆزلەر خۇددى مەرگەننىڭ ئوقىدەك، باياملقى موللىنىڭ تىناق تومۇرىغا تەگكەچكە، ھەيۋىسى بىردىنلا يوقاپ ئۇششۇك تەگكەن ھەرىدەك شۇمشىيىپ قالدى، گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ كالپۇكىنى ئۆمەللىسىمۇ ئاۋازى چىقمىدى. ئۇ بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇمدىن ياردەم تىلەپ ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ ئۈمىد بىلەن قارىغانىدى، قازى ئاخۇنۇم ئۇ موللىدىن بىزار بولغاندەك بېشىنى بۇراپ تەتۈر قارىۋالدى. جامائەت تەۋرەپ كېتىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قېشىدا تۇرغان ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك ھەببۇللا ئەپەندى ئۇنى مەرسىيىنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا ئۈندىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆكتە قوپقان پەتەك موللىغا مەنىستمەسلىك نەزەرى بىلەن بىر قارىۋېتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

نەزىرىگە ئۇلگۇرۇپ كەلدۇق ئەلەملەر ئىچىدە،
قەبرىنى كۆرگەن زامان جاننى قويار يەر قالمىدى.
. . . . . .

# نەپسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش توغرا كەلسە

مەمتىلى توختىچى[1] ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن زاماندىش ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ زاماندا تۇرپان ناھىيە ئامبىلىنىڭ باش توختىچىسى بولۇپ، تۇرپان يېغىنىشەھەردە ئولتۇراتتى. ئۇ گەرچە بىر تەرجىمان بولسىمۇ، ئۆزىنى چوڭ ئەمەلداردەك تۇتاتتى. ئۇ يېغىنىشەھەردىكى ئۆيىدىن ھەر كۈنى قاقسەھەردە كونا شەھەرگە كېلىپ قىشۇ ياز، مەيلى ئىسسىق ياكى سوغۇق كۈنلىرى بولسۇن، ئېرىنمەي يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئامبالغا ئەرزىيەت ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈپ سەرسان بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى پۇقراغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ ھالىغا يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرزىيەت ئېيتقۇچىلاردىن «بىرەر نېمە ئۈندۈرۈۋېلىش» — پارا يېيىش ئۈچۈن ئىدى.

پۇقرالار مەمتېلى توختىچىدىن بەك قورقاتتى. ئامبالغا ئەرزىيەتكە كىرگەن ھەر قانداق ئادەم مەمتېلى توختىچىغا ئۇچرىماي قالمايتتى. سەن ئۇنىڭغا ئۇچرىدىڭمۇ بولدى، ئۇنىڭ تاقىلداپ تۇرغان تويماس نەپسى قانائەت تاپقۇچە پارا بەرمىسەڭ، ئۇنى رازى قىلمىساڭ، سېنىڭ ئەرزىڭ ئەسلىدە ئوڭ بولسىمۇ، ئامبالنىڭ ئالدىغا بارغاندا تەتۈر بولۇپ چىقاتتى. چۈنكى، مەمتېلى توختىچى كىمدىن كۆپرەك نەپكە ئىگە بولسا، شۇ كىشىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ياساپ ـ جابدۇپ، گەپنى شۇنىڭ پايدىسىغا تەرجىمە

[1] توختىچى — تەرجىمان.

قىلىپ، ئاز نەپ بەرگەن قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى بولسا چالا تەرجىمە قىلىپ، پارىنى كۆپ بەرگەن تەرەپنىڭ دەۋاسىنى ئوڭغا چىقىرىشىپ بېرەتتى. ئامبالمۇ مەمتىلى تۇڭچىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا تۇرپاندا «سوراقچىدىن تۇڭچىسى يامان» دېگەن گەپ تارقالغانىدى.

مەمتىلى تۇڭچى ئۆز «ھۈنىرى» نى ئىشقا سېلىپ تۇرپان پۇقرالىرىنى كۆپلەپ قاقتى - سوقتى قىلىپ، نۇرغۇن پارا يەپ توپلىغان بايلىقىنىڭ بەدىلىگە مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ «ھاجى» بولۇپمۇ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ شەھەر ئەتراپىدا نۇرغۇن يەر - سۇيى، يېڭىشەھەردە چوڭ قورۇ - جايى بار ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن پارا يەپ بايلىق توپلاشنىڭلا كويىدا يۈرەتتى.

مەمتىلى تۇڭچىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرىغان نامرات دېھقانلار يىغلاپ - قاقشاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا دەرد - مۇڭىنى ئېيتاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پارىخور، نەپسى بالا مەمتىلى تۇڭچىدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. شۇڭا، تۇرپان ئامبىلى ئۇنى تۇڭچى بولۇشقا كۆپ قېتىملاپ تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەمتىلى تۇڭچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تۇڭچى بولۇشنى رەت قىلغانىدى.

مەمتىلى تۇڭچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى يامان كۆرەتتى. چۈنكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئامبالغا ئەرزى بار پۇقرالارنىڭ ئەرزنامىسىنى بىرداچەن ھەق ئالماي خالىس يېزىپ بېرەتتى. مەمتىلى تۇڭچى بولسا، بۇنى «مېنىڭ قاچامدىكى ئاشقا تۇپا سەپكەنلىك» دەپ بىلەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئىشىغا چىدىيالمىغان مەمتىلى تۇڭچى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا بىر باي سودىگەر كەلدى. ئۇ ئاقسارايغا چۈشكۈن قىلدى، كەچقۇرۇن مەمتىلى تۇڭچى بىلەن بازارغا چىقىپ يېڭىشەھەردىكى بۇتخانىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانا

ئالدىدا بىر قانچە دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مەمتىلى تۆگچىنى ئالدىراتتى:

— تۆگچى بېگىم، تېزرەك ماڭساقچۇ، ئەنە ئاۋۇ بىر توپ بايۇەچچى يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرۇپتۇ. تۇرپانغا كېلىپ شائىر بىلەن كۆرۈشمىسەك، تۇرپانغا كەلگەننىڭ خاسىيىتى بولامدۇ؟

مەمتىلى تۆگچى مەنىستىمەسلىك نەزەرى بىلەن ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارغا قاراپ قويۇپ ئامالسىز سودىگەرنىڭ كەينىدىن پالاقشىپ ماڭدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇ سودىگەر ئالدىنقى يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. كۆرۈشمىگىلى بىرەر يىلغا يېقىن بولغان ئىككى تونۇش قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. سودىگەر سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن سورىدى:

— لو جاڭجۇڭ ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىدىن كېتىپ قالدىلا، مانا ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپتۇ. ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە چىقايمۇ دېمەيلا، ياكى تۇرپان يامۇلىدا بىرەر ئەمەل تۇتتىلامۇ، شائىر؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە، مەمتىلى تۆگچى ئارىغا چۈشۈپ سۆز قىستۇردى:

— هازىر ئابدۇخالىق ئىنىمىز بەك ئالدىراش، قاتىلاڭچىلىقتا قالدى. ئۇنىڭ تۇتقان ئەمىلىمۇ كىچىك ئەمەس جۇمۇ.

ئۈرۈمچىلىك سودىگەر قىزىقىپ، بىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا، بىر مەمتىلى تۆگچىگە قاراپ قالدى. مەمتىلى تۆگچى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— بۇرادەر، ئابدۇخالىقنىڭ ئەمىلىگە قىزىقىپ قالدىلاغۇ دەيمەن، ئۇنىڭ ئەملى كاتتا. هازىر تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار،

يالاڭتۇش گادايلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان بوپكەتتى. بۇ ئىنىمىنى ھازىر شۇلارنىڭ سەردارى بوپقالدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇرۇمچىلىك سودىگەر دەرھال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاقۇچ يۈزىنىڭ قىزىرىپ، چىرايى غەزەپلىك تۇس ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەتبىلى تۇگچىنىڭ يامان غەرەزلىك گېپىنىڭ تەكتىگە يېتىپ ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭلىكتە قالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەتبىلى تۇگچىغا مەنستەمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ:

— كۆن بويى يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ «نەدىن تاپ كېلەركىن» دەپ نەپسى ئاۋارىچىلىق قىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، پۇقرانىڭ سەردارى بولغانمۇ تۈزۈككقۇ، — دېۋىدى، شائىرنىڭ دوستلىرى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

ھېسامىدىن زۇپەر:

— دۇرۇس، مانا بۇ گەپ جايىدا بولدى، — دېۋىدى، مەتبىلى تۇگچى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ ئاچچىقى بىلەن:

— ھە، «ئۆزلىرىنىڭ نەپسلىرى يوقمۇ؟ دۇنيادا نەپسى يوق ئادەم بولامدۇ؟» «ئەۋلىيا بار، نەپسى بار»، بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا «نەپسى بالا، نەپسى بالا» دەيدۇ. بالا نەپسىنىڭ زادى قانچىلىكلىكىنى ئۆزلىدەكلەر بىلمىسە خۇدايىم، — دەپ ئۆتكۈپ كەتتى.

— نەپسى يامانلارنىڭ نەپسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەك قىيىن ئەمەس. ئەگەر بالا نەپسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا توغرا كەلسە، مۇشۇ مەتبىلى

تۇگچى بېگىمنىڭ سۈرىتى سىزىلسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ گېپىدىن ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ مەتبىلى تۇگچىدىن باشقىلىرى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئاچچىق مەسخىرىسىگە جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالغان مەتبىلى تۇگچى ئاچچىقىغا چىدىماي يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ ئاچچىقىدا ھاسىرىغان پېتى، بىللە كەلگەن ئۇرۇمچىلىك سودىگەرنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆزى يالغۇز پايپاسلاپ مېڭىپ كەتتى.

# پارچە - پۇرات

1930 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاس خانىسىدا ئىجادىيەتكە جىددىي كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشنى باشلىسا ئاخىرىنى چىقارمىغۇچە ئورنىدىن تۇرمايتتى. ئۇ ئەتىگەندە يېزىشنى باشلىغان بىر شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى ئۈستىدە گوياكى غەۋۋاس دېڭىز - ئوكيان تېگىگە شۇڭغۇپ ئۈنچە - مەرۋايىت سۈزگەنگە ئوخشاش، تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى ئەڭ يارقىن، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆز دۇردانىلىرىنى سۈزۈپ تاللاپ، دەل جايىغا قويۇش ئۈچۈن ئىزدىنىپ ئولتۇراتتى. شائىر بىر پەس ئويلىنىپ قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ سۆز ئۈنچىلىرىنى قۇرلارغا تىزىپ شېئىرنى ئاخىرلاشتۇردى، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قەغەزنى قولىغا ئېلىپ يازغىنىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— تاك، تاك، تاك!

ئىشىكنىڭ رىتىملىق ھالدا ئۈچ قېتىم چېكىلىشىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دىققىتى بۆلۈندى. ئۇ ئىشىككە قاراپ:

— مەرھەمەت! — دېدى.

ئىشىك ئۈلۈغ ئېچىلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شائىرىم ، — دەپ سالام بەرگىنىچە ئەكبەرخان كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئەكبەرخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— شېئىر يېزىۋېتىپتىلاكەنده، ھەي ئىسىت، ۋاقىتسىز كىرىپ بىزاۋىتە قىلىپ قويۇپتىمەن ـ دە ئۆزلەنى، — دېدى ئەكبەرخان ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرگە نەزەر سېلىپ.

— ياقەي، ئۇنداق ئەمەس، شېئىرنى يېزىپ بولدۇم، قېنى ئولتۇرسىلا، ئۆزۈممۇ ئۆزلەنىڭكىگە باراي دەپ ئويلىغان، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكبەرخاننى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ.

ئەكبەرخان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. خىزمەتچى مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەك، قىزىق چاي كەلتۈردى.

— قېنى ئۇسسۇزلۇق ئىچسىلە، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكبەرخانغا چاي قۇيۇلغان پىيالىنى سۇندى. ئەكبەرخان چاي ئىچكەچ، ئۈستەل ئۈستىدىكى شېئىر يېزىلغان قەغەزلەرنى شەرەت قىلىپ دېدى:

— ياپىرىم، ئىككى كۈن ئۆيدىن چىقماي شۇنچە جىق شېئىر يېزىۋەتتىلەمۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. ئەكبەرخان شېئىر يېزىلغان قەغەزلەرگە قول ئۇزىتىپ:

— كۆرۈپ بېقىشقا ئىجازەت بارمىكىن، — دېۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— ئۆزلە دېگەن شېئىرلىرىمنىڭ تۇنجى كىتابخانىسى ۋە تەقرىزچىسى تۇرسىلا، ئەلۋەتتە مۇمكىن، — دەپ شېئىرلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ئەكبەرخانغا سۇندى.

ئەكبەرخان شائىرنىڭ قولىدىن شېئىر يېزىلغان قەغەزلەرنى ئېلىپ ئادىتى بويىچە ئۇنى ئىتتىك ۋاراقلاپ باشتىن ـ ئاخىر بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، بىرىنچى بەتنى قايتا قولىغا ئېلىپ ماۋزۇسى قان رەڭگىدىكى قىزىل سىيادا يېزىلغان «كۆكلۈل خاھىشى» ناملىق شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

تاغ ئېگىزلىكتىن چىقارماس ئات، مەگەر ئۇ كان بىلەن،
سۇ تىرەنلىكتىن چىقارماس نام، شۆھرىتى مارجان بىلەن.

تۇرمۇشۇم، تۇرغان ئۆيۈم ئاۋۋال قاراشقا بەك تۆۋەن،
تۆت تەرەپكە تارىتۇر خۇش ھىد مەگەر ۋىجدان بىلەن.

ئەكبەرخان شۇ مىسرانى ئوقۇپ بولۇپ شائىرغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى ـ دە، بېشىنى چايقاپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە نېمىنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەكبەرخاندىكى بۇ روشەن ئۆزگىرىشنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇلارنى كۆرۈپ بىكەيىپ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۆزلەچە بۇ شېئىر تازا كۆڭۈلدىكىدەك چىقماپتىمۇ، قانداق؟

شائىرنىڭ بۇ سوئالى بىلەن ئۆزىنى خىيال ئىلكىدىن تارتىۋالغان ئەكبەرخان ئالدىراش بېشىنى چايقاپ:

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، يازغان شېئىرلىرى جايىدا، تولىمۇ پاساھەتلىك يېزىلغانۇ، بىراق — ... دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ تەخسىدىكى مېغىزدىن بىرنى ئېلىپ چاينىغىنىچە ئۈندىمىدى.

بۇ ھالدىن ئىچى تىت ـ تىت بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ بۇ چاققان ئۆينىڭ جەنۇبىغا قارىغان ئىشىكى ئالدىدىن شىمالىي تامغا ئورنىتىلغان، تەگرىتاغلىرى تەرەپكە قاراپ ئېچىلىدىغان دېرىزىسى ئالدىغا باردى، بىر پەس تۇرۇپ كەينىگە ياندى. ئەكبەرخاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان ئەكبەرخان كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ھازىرلا دەۋەتمىسە، ئۇنى ئورۇنسىز خاپا قىلىپ

قويىدىغانلىقىنى سىزىپ، كەچۇرۇم سورىغاندەك:

— ئابدۇخالىق، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغاچقا، ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «قېنى، گېپىڭنى ئاڭلاپ باقايچۇ؟» دېگەن تەرزدە ئەكبەرخانغا «يالت» قىلىپ قارىدى. ئەكبەرخان پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن غۇرتتىدە قىلىپ بىر ئوتلاپ، ئېغىز ئاچتى:

— چىن يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، ئۆزلە يازغان شېئىرلار ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتكۈدەك جەزبىلىك، بىزنىڭ ئۆزبېك شائىرلىرىدىن موقىيى، فۇرقەتلەردىن قېلىشمايلا، تاتار شائىرلىرىدىن ئۆزلەنى پەقەت ئابدۇللا توقايغا تەڭلەشتۈرۈشلا مۇمكىن. ئەمما بۇ جاھالەت ئىسكەنجىسىدە قالغان دىياردا يازغان ئەسەرلەرنى نەشر قىلىدىغان مەتبۇئات يوق ـ تە. تاشكەنتكە ئوخشاش، ئۆرۈمچىدە بولسىمۇ كىچىككىنە بىر باسما زاۋۇت بولغان بولسا، بىر نۆرى ئىدى. بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ توپا ـ چاڭلىرى باسقان قالاق ئەلدە ھەي — ... ئەكبەرخان بېشىنى چايقاپ، سۆزدىن توختاپ جىمىپ قالدى.

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— قېنى، دېمەكچى بولغانلىرىنى دەۋەرمەملا؟ — دېدى.

— دېمەكچىمەنكى، ئابدۇخالىق، بۇنداق پارچە ـ پۇرات شېئىرلارنى يېزىش بىلەن نامىلىرى چىقامدۇ؟ — دېدى ئەكبەرخان كۆڭلىدىكىنى بىراقلا تۆكۈپ، — ئۆزلەنىڭ ئادرېسلىرىنى، كىم ئىكەنلىكلىرىنى ھېچكىم بىلمىسە، ئەقەللىيسى مۇشۇنىڭدىن بولسىمۇ بىرەر ئىز، نام قالدۇرۇش ئۈچۈن چوڭ ـ چوڭ، بۈيۈك داستانلارنى يازغانلىرى تۈزۈكمىكىن دەيمەن.

— ھا، ھا ، ھا!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىر پەس كۈلۈپ، دېرىزە ئالدىغا باردى ـ دە، يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن ئاستاغىنا كەينىگە بۇرۇلۇپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەكبەرخانغا تىكىلىپ قارىغىنىچە دېدى:

— شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەسرار بولۇپ يۈرۈپمۇ قەلبىمنى تازا چوڭقۇر چۈشەنمىگەنلىكلىرىگە هەيرانمەن، مەن شۇنى كېسىپ ئېيتايكى، مەن نام چىقىرىش، شۆهرەت قازىنىش ئۈچۈن شېئىر يازمايمەن، مەن پەقەت غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن شېئىر يازىمەن. بۇ قەلبىمنىڭ چاقىرىقى، ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى. مېنىڭ مەتبەئەيىم بەش بارماق، ئادرېسىم كۆڭۈل كوچىسى، نومۇرى بىرىنچى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ بولۇپ، سىيادانىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان بايىقى شېئىردىن بۇرۇن يازغان ئىككى پارچە شېئىرنى قولىغا ئالدى ـ دە:

— مانا بۇ پارچە ـ پۇراتىمدىن ئۈچىنچىدۇر، ئۆزۈمگە هەر بىر سۆزى بىردىن چىن ئۈنچىدۇر، — دېدى.

شائىرغا قىلغان گەپلىرىنىڭ تازىمۇ بىمەنىلىكىنى هېس قىلىشقا باشلىغان ئەكبەرخان خىجىللىق ئىلكىدە قېلىپ قىزارغان پېتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قولىدىكى شېئىرلارغا قول ئۇزاتتى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇخالىق ئۇيغۇر موسكۋادىن قايتىپ كېلىشىدە مەخسۇس سېتىۋالغان قېلىن، قاتتىق كىلىيونكا مۇقاۋىلىق بېغىررەڭ چوڭ خاتىرە دەپتەرگە ئۈچ يۈز پارچىدىن ئوشۇق شېئىرنى چىرايلىق پوچۇركىسى بىلەن رەتلىك يېزىپ كۆچۈرۈپ چىقتى. ئۇ خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى بەتكە هۆسنخەت بىلەن «پارچە ـ پۇرات» دەپ ماۋزۇ يازدى. ماۋزۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بولسا كىچىك قىلىپ «مەتبەئەسى بەش بارماق، ئادرېسى: خىيال كوچىسى، نومۇرى بىرىنچى» دەپ يېزىپ قويدى.

# زالىمنىڭ ئۆمرى قىسقا

1931 ـ يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاڭ سەھەردىن چۈشكىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ چارچاش ھېس قىلدى ـ دە، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بازار ئارىلاپ كېلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ زۇپەر ھاجىنىڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، ئۇن نەچچە قەدەم نېرىسىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقىنىغا كۆزى چۈشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساقاللىق، بويى پاكارراق، ئۇنى چاڭغۇت ئادەمنىڭ كېرەم سەپرا ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

كېرەم سەپرا مىجەزى چۇس، ئاچچىقى يامان، دائىم ئۆزىدىن ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىدىغان، كۆڭلى قارا، ئۇرۇشقاق ئادەم ئىدى. ئۇ بىر قېتىم «تاماقنى تۇزسىز ئېتىپسەن» دەپ ئايالىنى تورۇسقا ئېسىپ ئۇرۇپ سول قولىنى سۇندۇرىۋەتكەندە، قولۇم ـ قوشنىلىرى تەستە ئاجرىتىۋالغان. ئانچىكىم ئىشلارغىمۇ بالىلىرىنى ئۇرۇپ باش ـ كۆزىنى يېرىۋەتكەچكە، ئۈچ ئوغلىنىڭ پېشانىسى ۋە يۈزلىرىدە ئاتىسىنىڭ تايىقىدىن قالغان تارتۇقلار بار ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەدىمىنى تېزلەتتى. كېرەم سەپرا ئورۇق، جىۋەك بىر ئادەمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ تىللاپ، بوش قولى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قېشىدا بىر نەچچە كىچىك بالا بىلەن ياش تالىپ ئابدۇگۇل ئابدۇللا تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كېرەم سەپرا ئۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ دېھقان باقى

ئاخۇن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىمي، ئالدىغا ئۇچرىغان بىر قۇرتنىمۇ دەسسىۋەتمەي ياندايپ ئۆتىدىغان باقى ئاخۇننى بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا تونۇيتتى. باقى ئاخۇن قىزىقچى، قوشاقچى ئادەم ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭدىن نۇرغۇن چۆچەك، لەتىپە، قىزىق پاراڭ، قوشاقلارنى ۋە «بوز يىگىت» داستانىنى ئاڭلاپ، بەزىلىرىنى خاتىرىسىگە يېزىپمۇ ئالغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇرۇشۇۋاتقان بۇ ئىككى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

— ئابدۇگۈل، بۇ نېمە گەپ؟

ئابدۇگۈل ئابدۇللا شائىرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىكرام قىلىپ جاۋاب بەردى:

— زالىم يۇگاشنى بوزەك قىلىپ ئاني تېپىۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەھرى - غەزىپى بىلەن كەينىگە قارىغان كېرەم سەپرا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆردى - دە، باقى ئاخۇننى ئۇرۇشقا كۆتۈرگەن سول قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ، ياقىسىنى ئامبۇردەك چىڭ سىقىۋالغان ئوڭ قولىنىمۇ بوشىتىپ ئاستا تارتىۋالدى.

— تالاشقىنىڭلار نېمە؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ سوئالىغا چىرايى تامدەك تاتىرىپ، تەرلەپ كەتكەن باقى ئاخۇن قاتتىق كۈچەپ كەتكەنلىكتىن ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ ھاسىراپ كەتكەن كېرەم سەپرا جاۋاب بەرگۈچە، ئۇرۇشۇشنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالغان ئابدۇگۈل ئابدۇللا كېرەم سەپرا بۈلتۈر كۈزدە باقى ئاخۇندىن يۈز جىڭ پىياز ئېلىپ پۇلىنى ھازىرغىچە بەرمىگەنلىكىنى، باقى ئاخۇن پىيازنىڭ پۇلىنى سوراپ كەلسە، پۇلنى بەرمەكتە يوق، تىللاپ ھاقارەتلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئاز دەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان كېرەم سەپرانىڭ باشقىدىن جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئابدۇگۈلگە ئاچچىقلىنىپ ھومىيىپ قاراپ چىشلىرىنى

غۇچۇرلىتىپ ئاغزىنى ئۈمەللىدىيۇ، گەپ قىلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرغاچقا، ئۇنىڭدىن ھېيىقىپ ئاغزىنى بۇزۇشقا پېتىنالمىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاۋۋال باقى ئاخۇنغا، ئاندىن كېرەم سەپراغا قاراپ سورىدى:

— ئابدۇگۈلنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟

باقى ئاخۇن «راست» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. كېرەم سەپرا بولسا نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىدەك دۇگدىيىپ كىچىكلەپ، تېخىمۇ پاكارلاپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ بىر نەپەس ئېلىپ قاپىقىنى تۈرۈپ كېرەم سەپراغا قاراپ:

— سەن زالىم ئادەم ئىكەنسەن، — دېدى كەسكىن ھالدا.

كېرەم سەپرانىڭ كۆزى چەكچىيىپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى ـ دە، بىردەم قىلىن كالپۇكىنى ئۈمەللەپ تۇرۇپ ئاخىر:

— شائىر، مەن راستتىنلا زالىممۇ؟ — دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— ھەئە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ.

كېرەم سەپرا بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن چېغى، بىر ئورۇندا تۇرالماي تىپىرلاپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىدىكى شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، قۇندۇزدەك قاپقارا چېچىنى قولى بىلەن تاراپ قويۇپ، ئاندىن شىلەپىسنى بېشىغا كىيىۋالدى ـ دە، قولىنى شىلتىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا، كۈچىگە، بايلىقىغا، يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇي ـ ئىناۋىتىگە تايىنىپ ئاۋام پۇقرانى، ئاجىز، مىسكىن، پېقىر، يېتىملەرنى، خانىم ـ قىزلارنى ئۇرۇپ، تىللاپ، ئاتنى تېپىپ بوزەك ئېتىدىغان، دەپسەندە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تېگەي دەپ قالغان بىر پارچە ناننى نومۇسسىزلىق بىلەن

تارتتۇالىدىغانلار ئەلۋەتتە زالىملار جۇملىسىگە كىرىدۇ.

كېرەم سەپرا دۇدۇقلىغىنىچە دېدى:

— شا- شا- شائىر، ئۇزلە ئاق سارايىنىڭ ئالدىدا جىق ئادەمگە گەز ئېيتقاندا،① «زالىــــمنىــــڭ ئۆمرى قىـــــسقا بولـــــدۇ» دېگــەنــدىــلــە، مــېنىــڭ ئــۆمــ- ئــۆمــ- ... رۈمــمــۇ قىــسـ - قىسقا بولۇرمۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كېرەم سەپرانىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭ خېلىلا چۈچۈگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇنچىقمىدى.

جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازابلانغان باقى ئاخۇن قەددىنى رۇسلاپ، يېشىلىپ كەتكەن پوتىسىنى بېلىگە قايتىدىن باغلاپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن مىــــننەتدار بولۇپ قول باغلاپ، تەۋەززۇ بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى. كېرەم سەپرا بولسا ئاۋازىنى تىترىتىپ:

— مەن بۇگۈن ئۇزلەنىڭ ئالدىلىرىدا تۆۋە قىلدىم، شائىر، مەن بۇرۇنلاردا ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ زورلۇق قىلىپ كەپتىمەن. بازاردا كىشىلەردىن خاپا بولسام، ئۆيگە كىرىپ خوتۇنۇمنىـــي، باللىرىمنى ئۇرۇپ زۇلۇم سېلىپتىمەن، مەن ئەمدى ئىللا - بىللا ئۇنداق قىلمايمەن، باقى ئاخۇننىڭ پۇلىنىمۇ ھازىرلا بېرىۋېتەي، مېنى زالىم دېگەن سۆزنى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا، شائىر، مەن ناماقۇل، — دېدى قول قوۋۇشتۇرۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— بولىدۇ، قېنى ئەمەلىيەتنى كۆرىنى، — دەپ بۇلار بىلەن خوشلىشىپ بازارغا مېڭىپ كەتتى.

---

① گەز ئېيتىش — ۋەز ئېيتىش، نۇتۇق سۆزلەش.

# دەل تەگكەن ئوق

30 ـ يىللاردا تۇرپان كونىشەھەرنىڭ سودىگەر مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان كوچىسىنىڭ غەربىدە سول قول تەرەپكە جايلاشقان بىر دۇكان بار ئىدى. ئاۋات رەستىدە نىسبەتەن چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك بولغان بۇ دۇكاننىڭ جاۋانلىرىگە خاڭجۇ، سۇجۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر تاۋار ـ دۇردۇنلىرى، شاڭخەينىڭ ياڭزىمۇ ياڭزا چىتلىرى، رۇسىيىنىڭ سوكنو، موۋۇت، سارجىلىرى، تاشكەنت، پەرغانىنىڭ ھەر خىل ئەتلەس، سەرگەزلىرى پەۋەس تىزىۋېتىلگەنىدى. جاۋەنلەردىكى گەزماللار خېرىدارلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋېتەتتى، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە خېرىدار ئۈزۈلمەيدىغان بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئەكبەرخان ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاس خانىسىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ چارچىغان چاغلىرىدا شاھمات ئويناپ، پاراڭلىشىپ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەكبەرخاننىڭ دۇكىنىغا كېلەتتى. دۇكاننىڭ بىر ئەپچىل يان ئۆيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندا، دېرىزىدىن كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەملەر، دۇكانغا لازىمەتلىك رەخت ـ پىچەك ئالغىلى كەلگەن خېرىدارلار، دۇكاننىڭ يېنىدىكى روزى ئىسىملىك ناۋاينىڭ ناۋايخانىسىدىن نان ئېلىۋاتقان ئادەملەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆينىڭ ئىچىدە كوچىدىن ئۆتكەن خىلمۇ خىل ئادەملەرنى، دۇكانغا كېلىۋاتقان خېرىدارلارنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىلھامى قوزغالغان چاغلاردا يانچۇقىدىن دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان

كىچىككىنە خاتىرە دەپتەر ۋە قەلەمنى چىقىرىپ، شۇئانلا كەينى ـ كەينىدىن بىر نەچچە كۇپلېت شېئىر يېزىۋېتەتتى ۋە بۇ شېئىرلىرىنى دوستلىرىغا ئوقۇپ بېرەتتى، ئۇلارنى بەزىدە كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتسە، بەزىدە چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قوياتتى.

1931 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دۇكانغا يانداش ھېلىقى ئۆيدە ئەكبەرخان، ئابدۇپەتتار ئابدۇۋەلى، مۆيدىن قارىيلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، سالام بېرىشىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئۇنىڭ كەينىدىن ھېسامىدىن زۇپەر، ھەببۇللا ئەپەندى ئۈچى كىرىپ كېلىشتى. ئۆيدىكى كىشىلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھەممەيلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن ھەببۇللا ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

— ھەممىلىرىنىڭ تەنلىرى سالامەت، ئۆي ئىچىلىرى ئامانلىقمىكىن، ئەزىز بۇرادەرلەر؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغان كىشىلەرگە تەكشى نەزەر سېلىپ چىقىپ.

— خۇداغا شۈكۈر، شائىرىم، ئۆزىڭىزنىڭ مىجەزىڭىز ياخشىمۇ؟ ھە راستلا، مەخسۇم ئاكام ئەتىگەندە بامدات نامىزىدا كۆرۈنمەي قالدىغۇ؟ — سورىدى ئەكبەرخان.

— ئۆزۈم ساپساقمەن، پەدەرىمىز تۈنۈگۈن سەھرايى چاتقالغا كەتكەنىدى، بۈگۈن كەچقۇرۇنلاردا كېلىپ قالۇرمىكى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاۋابەن.

مۇلازىم بالا يېڭىدىن كىرگەن ئۈچەيلەنگە چىرايلىق گۈللۈك پەتنۇستا يېڭىدىن كىرگەن ئۈچەيلەنگە چاي تۇتتى. ھېسامىدىن زۇپەر پىيالىدىكى چاينى ئوتلاۋېتىپ، ئەكبەرخانغا قاراپ دېدى:

— قېنى، ئەكبەرخان تۆرەم، نېمە يېڭىلىقلار بار؟ بىزلەرنى خەۋەردار قىلمامىلا؟

— بۇ گەپ تازا جايىدا، قۇلىقىمىز ئۈزلەدە، — دېدى ھەبىبۇللا ئەپەندىمۇ سۆز قېتىپ.

— يېڭىلىقلاردىن سۆز ئاچساق، — دېدى ئەكبەرخان گەپ باشلاپ، — بۇرادىرىمىز پولاتباي ماللارنى ئېلىپ چۆچەكتىن دىيارى تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىپتىمىش، يەنە يىگىرمە كۈنلەردىن كېيىن دىدار كۆرۈشەرمىز بەلكىم. سىدىق ھەۋزى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاتپوسكا ئېلىپ رۇسىيىگە قايتارمىش، ھە، تېخى ئۈرۈمچىدىن خەۋەر كەلدى، مىتەلجان تۇرپانغا كېلەرمىش، ئاخشام بۇ يەردە قانداق قىزىق ۋەقە بولغانلىقىنى بىلمەيسىلەر - دە، يارەنلەر، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن پىلاتوۋىسكى دېگەن ھېلىقى ئورۇس كەلدى. چەكمەيدىغانلىقىم ھەممىڭىزلەرگە ئايان. مېھمىنىمنى «چېكەمسەن؟» دېسەم، «بولىدۇ» دېدى. تېخى يېقىندىلا ئۈرۈمچىدىكى بەزەن يارەنلەرگە ئاتاپ مەكتىتىن ئالايتەن ئالدۇرغان سەرخىل نېشىدىن بارتتى، پىلاتوۋىسكىغا بىلدۈرمەي يوشۇرۇنچە تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ بېرىۋىدىم، ياللا، ئورۇس مېھمىنىم مۇشتەكنى شوراپ: «بەك ھۇزۇرلۇق بولىدىكەن، ئۇيغۇرنىڭ بۇ سېرىق تاماكىسى يارايدۇ» دەپ ماختاپ شوراۋەردى، شوراۋەردى، بىر كەمدە گويا يۇرىكىگە ئوق تەگكەن ئېيىقتەك ئوڭدىسىغا گۈپ چۈشتى ئەمەسمۇ، ھا، ھا، ھا!

— تازا جايلاپلا - دە، ئۇنى.

ئۆي ئىچىنى بىر پەس كۈلكە ساداسى قاپلىدى. ئەكبەرخان شەرەت قىلىۋىدى، ياش مۇلازىم يىگىت قېشىغا كەلدى. ئەكبەرخان ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىۋىدى، ئۇ ئىتتىك سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاغزى ھىم ئېتىلگەن چىرايلىق بىر كوزىنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئەكبەرخان مېھمانلارغا كوزىنى كۆرسىتىپ:

— راسا مەي بولۇپ پىشقان قىزىل سايۋا ئۈزۈمدىن ئۆز قولۇم بىلەن چۈشۈرگەن مۇسەللەس، يارەنلەر، — دېدى ماختىنىپ ۋە بىر ئازدىن كېيىن يېنىدا تۇرغان مۇلازىمغا بۇيرۇدى، — قېنى،

خۇمىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ مېھمانلارغا مۇسەللەستىن قۇيغىن!

مۇلازىم كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى، ئۇي ئىچىگە ئۆتكۈر پۇراق تارقىلىپ، مېھمانلارنىڭ دىماغلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، ئاغزىلىرىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋەتتى. مۇلازىم يىگىت پىيالىلەرگە مۇسەللەسنى تولدۇرۇپ قۇيۇپ پارقىراپ تۇرغان گۈللۈك پەتنۇستا مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ تۇتۇشقا باشلىغاندا، روزى ناۋاينىڭ ناۋايخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئابدۇرېھىم ئىسىملىك ياش ناۋاي يىگىت چوڭ تەۋەگدە تونۇردىن يېگىلا قومۇرغان گۆش گىردە ئېلىپ كىردى. مۇلازىم يىگىت ئابدۇرېھىم ناۋاينىڭ قولىدىن تەۋەگنى ئېلىپ گۆش گىردىنى چىرايلىق تاۋاقلارغا تىزىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇرېھىم ناۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇلازىم يىگىت تاشقىرىغا چىقىپ بىردەمدىلا كەينى - كەينىدىن لېگەنلەردە كاۋاپ، سامسا ئېلىپ كىردى.

— قېنى، مۆھتەرەم يارەنلەر، كۆتۈرەيلى! — دېدى ئەكبەرخان بېلىق كۆزى قىلىپ مۇسەللەس قۇيۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ.

— خوش ! ...

— خوشە! ...

ئۆز پىيالىسىدىكى مۇسەللەسنى بىر كۆتۈرۈۋېتىپلا ئىچىپ بولغان ئەكبەرخان مېھمانلارنى داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەردىن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى گۆش نان، بەزىلىرى كاۋاپ، بەزىلىرى سامسىدىن ئېلىپ ئېغىز تېگىشكە، ئەكبەرخان تاشكەنتنىڭ گۆش گىردىسى، بەررە كاۋىپى بىلەن قېزىسىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلىدى.

مۇسەللەستىن ئۈچىنچى پىيالىنى ئىچىپ بولغان ھېسامىدىن زۇپەر ئەكبەرخاننىڭ كۆپ قېتىملاپ تەكرارلانغان كونا گېپىدىن بىزار بولۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ دېدى:

— بۇرادەر، قېنى، ئەمدى گەپ ئۆزلەدىن كەپباقسۇنلا، يېڭى شېئىرلىرىدىن ئاڭلايمىزمۇ، يە كونىسىنى؟

— ئەلۋەتتە يېڭىسىدىن ـ دە، شائىرىم كۈندۈزنىڭغۇ قولدىن ئەسلا بەرمەيدۇ، ھەتتا كېچىدىكى شېرىن ئۇيقۇسىدىن كېچىپ شېئىر يازىدىغان تۇرسا، — دەپ ئەكبەرخان ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى.

ئەكبەرخاننىڭ بۇ قىلىقى ھەببۇللا ئەپەندىگە ياقمىدى. ئۇ:

— ئابدۇخالىق، قېنى، باشلىسىلا، قۇلىقىمىز ئۈزلىرىدە، — دېدى.

ئابدۇپەتتار ئابدۇۋەلى بىلەن مۆيدىن قارىي ئاغزىنىڭ كۆپۈۋاتقىنىغا قارىماي كاۋاپ يېيىش بىلەن بەنت ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پىيالىنى بوشىتىپ داستىخانغا قويدى ـ دە، كاستۇمىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن شېئىر يېزىلغان قەغەزنى ئالدى. مېھمانلار شوك بولۇشۇپ شائىرنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەددىنى رۇسلاپ، تېخى بۇ يەرگە كېلىشتىن سەللا بۇرۇن يازغان «باغ ئارا سەيلە قىلىپ» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

باغ ئارا سەيلە قىلىپ،
بىر دەستە گۈل تاللىدىم.
دەستە گۈللەر ئىچىدىن
بىر قىزىل گۈل تاللىدىم.

سايرىدى نەچچە بۇلبۇل
خۇشلىنىپ، خۇشلاندۇرۇپ.
شۇنچە بۇلبۇل ئىچىدىن
بىرلا بۇلبۇل تاللىدىم.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئەكبەرخان قولىنى ئوينىتىپ بارمىقىدىن قاس

چىقىرىپ:

— پاھ، نېمىدېگەن پاساھەتلىك، نېمىـــدېگـەن گـۈزەل مىـسـرالار ـ ھە؟ سادىغاڭ كېتەي، شائىرىم، قولىڭىز ئـەبـەدىـي دەرد كـۆرمـىگـەي، — دېدى ئابدۇخالىقنىڭ شېئىر ئوقۇشىنى توختىتىپ.

شائىر قىزىرىپ كەتتى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— شېئىرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلايلى، — دېدى ھەبىبۇللا ئەپەندى شائىرغا قاراپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ شېئىر ئوقۇشىنى داۋام ئەتتى:

تاللىغىنىم گۈل ئەمەس،
سۆيگەن گۈزەل يارىم مېنىڭ.
بۇ گۈزەل يارىم ئۇچۇن
بولسۇن پىدا جانىم مېنىڭ.

شېئىر ئوقۇلۇپ بولار ـ بولمايلا، ئەكبەرخان يەنە ھېچكىمگە سۆز بەرمەي گەپ باشلاپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. ئۇ ي ئىچىدە ئولتۇرۇشقان مېھمانلار ئەكبەرخاننىڭ پارىڭىـــغا ئەمەس، بەلكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىـرىغا، ئۇنىــڭ چوڭقۇر مەنىلىك گەپلىرىگە، قىزىقارلىق سۆھبەتلىرىگە خۇشتار ئىدى.

ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ رايىغا باقماي داۋاملىق ئۇلارنىڭ گېپىنـى تارتىۋېلىپ ئۆزگىگە سۆز بەرمەيدىغان ئەكبەرخاننىڭ بۇ مىجەزىدىن بىزار بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پىيالىسىدىكى مۇسەللەسنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋېتىپ، ئولتۇرغانلارغا قاراپ:

— بۇرادەرلەر، بىر مەسنەۋى ئوقۇپ بەرسەم، قانداق؟ —

دېدى.

— بەللى، بەللى، ياشاپ كېتىڭ دەيمەن، شائىرىم، ئوقۇغۇچ، تېز ئوقۇغۇچ، سادىغاڭ كېتەي، شائىرىم، — دېدى ئەكبەرخان دەرھاللا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېساملىدىن زۇپەر بىلەن ھەببۇللا ئەپەندىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئوقۇدى:

كىشى گەپ قىلسا پۇتلاپ① ئاڭلىغىل،
ئۆزەڭ گەپ قىلساڭ سەرلەپ گەپ قىلغىل.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەسنەۋىنى ئوقۇپ بولۇشىغا، گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ ئاغزىنى ئاچقان ئەكبەرخان شۇك ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇي ئىچىدىكى مېھمانلار بىر - بىرلىرىگە قارىشىپ ئۈنچىقىشمىدى. بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن، ھېساملىدىن زۇپەر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— بۇ مەسنەۋى تازا دەل تەگكەن ئوق بولدى جۇمۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھەممەيلەن مەسلىھەتلەشكەندەكلا ئاق پىشماق يۈزى قانجىتقان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتكەن ئەكبەرخانغا قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى. قاتتىق خىجىللىقتا قالغان ئەكبەرخان نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشنى بىلمەي كۆپچىلىككە ئەگىشىپ كۈلۈشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشتىن كېيىن، ئەكبەرخان بۇ مەسنەۋىنى دوست - بۇرادەرلىرى يىغىلىشقان سورۇنلاردا ئوقۇپ يۈردى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىلا گەپ سېتىپ، ئۆزگىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدىغان ئوسال ئادىتىنى تاشلىدى.

---

① پۇت — ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، ئون ئالتە كىلوگىرامغا تەڭ.

# ھەققانىيەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ

1931 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مەخسۇت مۇھىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاستانىدىكى ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆزى بېرىپ ئۇنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى.

زىياپەت ئاخىرلىشىپ مېھمانلار تارقاشقاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى قېلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ 1931 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ئەتىسى شائىر مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇپ ھويلىسىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، بېشىغا ئۇزۇن ئاق لېچەك سېلىپ، يۈزىنى ئورىۋالغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇ ئايالنى كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇ ئايال بىردىنلا ھۆ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى. تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان شائىر ئايالدىن سورىدى:

— نەدىن كەلدىڭىز؟ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

ئايال يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان يېشىنى لېچىكىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئېرتىپ ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋالنى بايان قىلدى:

— ئېتىم نىساخان، ياردىكى تېرىقلار مەھەللىسىدىن كەلدىم. باللىرىمنىڭ ئاتىسىنى ئامبال ناھەقتىن ناھەق ئۆلۈمگە ھۆكۈم

قىلدى. بەش بالام يېتىم قالسا، مەن قانداق قىلىمەن؟!

نىساخاننىڭ يىغىسى ھويلىغا بىر كەلدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇرۇشقان ئەرەمىسىما خېنىم بىلەن نىيازخان ئائىلا يىغا - زارنى ئاڭلاپ ئائىلىنىڭ قېشىغا چىقتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نىساخاندىن سورىدى:

— ئېرىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ يامۇل نېمە سەۋەبتىن ئۇنى سولىغان؟

نىساخان قاتتىق يىغلاپ تۇرغاچقىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كېيىنكى سوئالىنى ئاڭلىمىدى بولغاي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سوئالنى قايتا تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئۇ سەل ئېسىگە كېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى، ئىككى يېنىغا قاراپ ئەرەمىسىما خېنىم بىلەن نىيازخان ئائىلىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ تىنچ - ئامانلىق سوراشتى، ئاندىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بۇرۇلدى، يۈزىنى توساپ ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى سۆزلىگىلى تۇردى:

— باللىرىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى دەملا، ئۇنىڭ ئىسمى تاجى ئاخۇن. ئۇ قوينىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش، خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ئىدى. بۇنى تېرىقلار مەھەللىسىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممە خەق بىلىدۇ، يەر قوشنىمىز يى شاۋ دېگەن باي تۇڭگان ئاتا مىراس تۆت مو يېرىمىزنى ئۆزىنىڭ يېرىگە قوشۇۋالىمەن، دەپ يۈرگىلى ئۈچ يىل بولدى. قارىسىلا، ئۇنىڭغا يەر ئازمۇ، بىزنى بوزەك ئەتمىسە. ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ كارىزى بولغاچقا سۇدىن قىستاپ، بايلىقىغا، كۈچىگە تايىنىپ بوزەك ئېتىپ قىلمىغىنى قالمىدى. خۇدايىم بار، بىز ئۇنىڭ زۇلمىغا چىشىمىزنى چىشلەپ چىداپ كەلدۇق، تۆت كۈن ئاگال[1] بىزنىڭ كېۋەز تېرىغان يېرىمىزنى سۇغىرىش نۆۋىتى كەلگەن، باللارنىڭ ئاتىسى

[1] ئاگال — ئاۋۋال.

قوشنىمىز ئابدۇراخمان، پولات ئاخۇن ئۈچىسى يەر سۇغارغىلى كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈپ كەچتە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. يېرىم كېچە بولغاندا مەھەللىدە ئىتلار ھاۋشىپ ۋاڭ - چۇڭ، قىيا - چىيا ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ ئويغىنىپ كەتتۇق. بىر كەمدە قولاق سالغۇدەك بولسام، باللارنىڭ ئاتىسى تاجى ئاخۇننىڭ «ۋايجان، ئادەم بارمۇ!» دەپ سۇرەن سالغان ئۈنىنى ئاڭلاپ قالدىم، چىداپ تۇرالماي ئىككى بالامنى ئەگەشتۈرۈپ، يى شاۋنىڭ جاڭزىسى ئالدىغا باردىم. ئۇ يەرگە بارسام، زالىم يى شاۋ باللىرىمنىڭ ئاتىسى تاجى ئاخۇننى ئىككى ھەمراھى بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى يوغان جۇجەمگە چەمبەرچاس باغلىتىپتۇ. ئىككى بالام بىلەن تاش يۈرەك يى شاۋغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ ئۇ ئادەمنى قويۇۋېتىشنى ئېيتسام، يى شاۋ:

— ئېرىڭ تاجى ئوغلۇمنىڭ ئۇرۇمچىگە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە باستۇرۇپ كىرىپ، يالغۇز ياتقان كېلىنىمگە باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولۇپتۇ. كېلىنىم قولىغا چەيدۇ ئېلىپ قارشىلىق قىلىپ، ۋارقىراپ بىزنى چاقىردى. بىز ئۆيدىن چىققۇچە ئۇ ئىككى ھەمراھى بىلەن قېچىپ كەتتى. ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ بۇ ئۈچ بۇلاڭچىنى تۇتۇۋالدۇق، سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما! — دەپ مېنى يېقىن كەلتۈرمىدى. مەن يەنە يىغلاپ يالۋۇرسام، تاش يۈرەك يى شاۋ «ۋۇ بۇلاڭچىنىڭ خوتۇنى» دەپ قامچا بىلەن ئۇرۇپ باش-كۆزۈمنى يېرىۋەتتى. بىزنىڭ ئادەم يى شاۋنىڭ كېلىنىدەك شۇپتۇرلەرگە① قارايدىغان ئادەم ئەمەس. بۇ ئىشنىڭ يىلتىزى بىزنىڭ تۆت مو يېرىمىزدە. شائىر ئەپەندىم، بىزنىڭ ئادەم ناھەق ئۆلۈپ كېتىپ بەش بالام يېتىم قالىدىغان بولدى! — ... نىساخان يەنە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

---

①شۇپتۇر — پاسكىنا.

— يىغلاش بىلەن تاجى ئاخۇننى قۇتقۇزۇۋالالمايمىز، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى دېدىڭىزما؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— ھەئە، ئۈچ كۈندىن كېيىن چاپقۇدەك دېيىشىۋاتىدۇ يايىلار. نىساخان قار - يامغۇر يىغلايتتى.

— سەۋرى قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بىزگە بۇ ئىشتا يىغا - زار ئەمەس، ئەقىل - پاراسەت ياردەم بېرەلەيدۇ. بولدى قىلىڭ ئەمدى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نىساخانغا.

بىر پەستىن كېيىن نىساخان كۆز يېشىنى ئېرتىپ يىغىدىن توختىدى.

— ئەگەردە ھەقىقىي ئەھۋال سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى داۋام قىلىپ، — تاجى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىۋېلىش مۇمكىن. بىزدە «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ» دېگەن ماقال بارغۇ، ھەققانىيەت، ئادالەت ھامان غەلىبە قىلىدۇ. پىتنە - ئىغۋا، تۆھمەت - بوھتاننىڭ ھامان بىر كۈنى چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ، رەسۋاسى چىقىپ، شەرمەندە ئاقىۋەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

نىيازخان ئايلا نىساخاننىڭ ئالدىغا ئۇسسۇزلۇق قويدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ ھارۋىكەشنى چاقىردى:

— ئايىت!

ئايىت ھارۋىكەش خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا دەرھال پەيدا بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا دەرھال بېرىپ تۆمۈر جىساھاجىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئايىت ھارۋىكەش خۇددى كوماندىردىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان جەڭچىدەك چەبدەس قەدەم بىلەن مېڭىپ دەرۋازىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ھويلىغا سۇرلۇك تۆمۈر جىساھاجى كىرىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ مويسىپىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ

سالامىلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا كارىۋاتتىكى ئاياللار ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى. تۆمۈر جىساھاجى «مۇشۇ يەردە ئولتۇرايلا» دەپ كارىۋاتتىن ئورۇن ئالدى.

تۆمۈر جىساھاجى ئادالەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان، جىگەرلىك، دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىدا ناھايىتى چارە - تەدبىرلىك، ئۆز زامانىسىنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنى پىششىق بىلىدىغان يەرلىك «ئادۋوكاتلار» نىڭ بىرى ئىدى. تۇرپانلىقلار بۇنداق ئادەملەرنى «شەرەكۈاز» ، «جېدەلنى سېتىۋېلىپ دەۋالىشىدىغان ئادەم» دېيىشىدۇ. تۆمۈر جىساھاجى شۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ داڭدارلىرىدىن ئىدى. تۇرپان پۇقرالىرى زۇلۇم - زورلۇققا ئۇچراپ، بېشىغا كۈن چۈشۈپ، قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، كۆپىنچە تۆمۈر جىساھاجى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلاردىن ياردەم سوراپتتى ۋە كۆپىنچە كۆتكەن ئارزۇسىغا يېتەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۆمۈر جىساھاجىغا چاقىرتىشتىكى سەۋەب — تاجى ئاخۇن ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— يى شاۋ دېگەن بۇ زومىگەرنىڭ دەستىدىن پۇقرانىڭ جان باقمىقى تەس بوپكەتتى، خەپ توختا يى شاۋ، — دېدى تۆمۈر جىساھاجى ۋەقەنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگىنىدىن ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ، — ئەل قىساسى مىنەلھەق، ئۇستىمىزدە خۇدا تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قىساس خەنجىرى بويىنۇڭغا تەگلىنۇر.

— بۇگۈندىن بۆلەك ئىككىلا كۈن قالدى، ھاجىكا، تاجاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرۇۋالايلى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېغىر - بېسىق مىجەزىگە ماس كەلمىگەن ھالدا ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ.

تۆمۈر جىساھاجى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— ئۆزلىرىنىڭ بايىقى دېگەنلىرىدىن قارىغاندا، تاجاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ ناھەق زىندانغا تاشلىنىپ ئېغىر

ئۇگالچىلىققا ئۇچرىغانلىقى مانامەن دەپلا بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەممازە، بۇ ناھايىتى چوڭ، يېگىپ چىقماق بەك مۇشكۇل دەۋا ـ دەستۇر ئىكەن. مەن مۇشۇ ياشقا كىرىپ مۇنداق چوڭ دەۋاغا ئارىلاشمىغان. ئويلاپ باقسىلىرا، ئىنىم، يى شاۋ دېگەن تۇرپان تەۋەسىدىكى چوڭ باينىڭ بىرى. ئۇنىڭ كېلىنى كونىشەھەردىكى ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ لۈيجاڭى ماداخەنزىنىڭ قىزى. يى شاۋ بىلەن ماداخەنزە بىر بولۇپ ئامبالنى ھەر سەنەمگە دەسسىتەلەيدۇ.

— بۇ دېگەنلىرى دۇرۇس، ھاجىكا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەسىلىنىڭ ئېغىر، مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغان ھالدا، مەنمۇ بۇ تەرەپلەرنى ئويلىغانىتىم. بىراق، ئەقىل ـ پاراسەتكە تايانغاندا ھەر قانداق چىگىش يېپىنىڭمۇ ئۇچىنى تاپقىلى، ھەر قانداق مۇرەككەپ تۈگۈننىمۇ يەشكىلى بولىدۇ.

— دۇرۇس، — دېدى تۆمۈر جىساھاجى تەستىقلاپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۆمۈر جىساھاجىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ باياتىن ئۆزىنىڭ بۇ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە ئويلىغان چارە ـ تەدبىرلىرىنى پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. تۆمۈر جىساھاجى «ھەئە، ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلاپ ئولتۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى تۈگىتىۋىدى، تۆمۈر جىساھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتىن يەرگە چۈشتى. ئۇ:

— شۇنداق قىلىنى، مەن يارغا تېرىقلار مەھەللىسىگە بېرىپ ۋەقە چىققان نەق مەيداننى بىر كۆرۈپ كېلەي، ئۆزلىرى بىلەن خۇدايىم بۇيرۇسا كەچتە كۆرۈشنى، خوش، — دەپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆيدىن تاجى ئاخۇننىڭ خوتۇنى نىساخاننى چاقىرىپ چىقىپ دېدى:

— سىز دەرھال بىر غىزا قىلىپ تېزدىن زىندانغا بېرىڭ. تاجى

ئاخۇن بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈڭ، كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ بوينى، پۇت - قولى ياكى بەدىنىنىڭ بىرەر يېرىدە تىغ تەگكەن جاراھەت ئىزى بار - يوق، بۇنىڭغا ئوبدان سەپسېلىڭ - دە، ھايال قىلماي بۇ يەرگە كېلىپ، كۆرگىنىڭىزنى ماڭا دەپ بېرىڭ، بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزنى، دېيىشكەن گەپلىرىمىزنى ئىككىنچى بىر كىمگە تىنغۇچى بولماڭ.

نىساخان:

— خوش، خوش، — دېگىنىچە، ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، نېمىنىدۇر ئويلاپ تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنى توختىتىۋالدى - دە، يانچۇقىدىن ئىككى سەر پۇلنى چىقىرىپ ئۇزىتىپ دېدى:

— ئويلاپ باقسام ئۇيىڭىزلەر بەك يىراقتىكەن، ئۇيىڭىزگە بېرىپ غىزا ئېتىپ كەلگۇچە كەچ كىرىپ كېتىدۇ، سىز بۇ پۇلغا چوڭ مەسچىت ئالدىدىكى مەھەممەت ئۇستامنىڭ ئاشپۇزۇلىدىن ئاش - مانتا ئېلىپلا كونىشەھەرگە يۈرۈپ كېتىڭ.

نىساخان رەھمەت ئېيتىپ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىۋىدى، بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان نىيازخان ئايلا پۇلنى ئېلىپ نىساخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نىساخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ سىرتقا چىقمىدى. نىساخان كەچقۇرۇن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېرى بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى، تاجى ئاخۇننىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى: شۇ كۈنى تاجى ئاخۇن يېرىم كېچىدە قوشنىسى ئابدۇراخماننىڭ « ۋاي، تاجى ئاخۇن، چاپسان كەل! ...» دەپ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يار ئالغان سۇنى ئېتىشىپ بېرىش مەقسىتىدە يۈگۈرۈپ ماڭغان، ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىزلا كەينىدىن يى شاۋنىڭ قول - چوماقچىلىرى «بۇلاڭچى ئوغرىنى تۇتۇڭلار، ئۇ قاچتى! ...» دەپ ۋارقىرىشىپ قوغلاپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالغان ۋە

بۇلاڭچى دەپ جۇجەمگە ئېسىپ قاتتىق ئۇرغان ... ئۆز ئاياللىغا يى شاۋنىڭ كېلىنىنى تا مۇشۇ كەمگىچە بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن تاجى ئاخۇن ئاخىرىدا كۆڭلىكىنى سېلىپ بەدىنىدە تىغ تەگكەن ھېچقانداق جاراھەت ئىزى يوقلۇقىنى كۆرسەتكەن ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىشەنچى كۈچەيگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نىساخانغا بۇ ئەھۋاللارنىمۇ باشقىلارغا دەپ يۈرمەسلىكىنى ئەسكەرتتى ۋە سورىدى:

— تاجى ئاخۇننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى باردۇ؟

— بار.

— ئۇنداق بولسا سىز بۇگۈن ئۆيگە قايتىپ كەچتە جىمىكى ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەتىڭىزلەرگە، ئابدۇراخمان بىلەن پولات ئاخۇننىڭمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئېيتىڭ، ھەممىڭلار ئەتە ئەتىگەندە كونىشەھەرگە — يامۇلغا بېرىڭلار، ئادەم كۆپ بولسۇن، بىزنىڭ قەدىمكى بىر كونا ئادىتىمىز بارغۇ، بىرەر چوڭ مۇسىبەت ياكى دەۋا - دەستۇرغا ماڭساق، بېشىمىزغا قىل ئارغامچا يۆگەپ، بېلىمىزگە ئاق باغلاپ، ئىككى - ئۈچەيلەن بىر پارچە بورىنى تېشىپ بويىنىمىزغا كىيىپ ماڭىدىغان، ھەممىڭلار ئەتە شۇنداق قىلىڭلار، ئەتە تۆمۈر ھاجى ئاكام بىلەن ئىككىمىزمۇ بارىمىز.

ئىككىنچى كۈنى — ئەتىسى ئەتىگەندىلا نىساخان، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئابدۇراخمان، پولات ئاخۇننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولۇپ قىرىقتەك ئادەم بېشىغا قىل ئارغامچا يۆگەپ، بېلىگە ئاق پوتا باغلاپ، ئىككىسى بىر بورىنى تېشىپ تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ يېڭىشەھەرگە يېتىپ كېلىشتى. نىساخان توپنىڭ ئىچىدە كېتىۋېتىپ:

— ۋاي داد! ۋاي داد! — دەپ ۋارقىرايتتى.

دەۋاغا ماڭغان بۇ بىر توپ ئادەملەر پۈتۈن خەلقنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. ئۇلار كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا يېتىپ

بارغۇچە تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ قوشۇلغان ھېسداشلىق قىلغۇچى دەردمەن دېھقانلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، ھەر تەبىقىدىكى ئادەملەر بىر قانچە يۈزگە يەتتى. ئۇلار:

— ۋاي داد، بىزگە ئادالەت كېرەك! — دەپ ۋارقىراشقىنىدا، كونىشەھەرنىڭ تار كوچىسى لەرزىگە كېلەتتى. غەزەپلەنگەن ئامما چېرىكلەرنىڭ قورال تەڭلەپ توسۇپ باقسانلىرىغىمۇ پەرۋا قىلىشماي، يامۇل مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇدۇل قورۇ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئامبالنىڭ قوبۇلخانىسى بولغان داتاڭنىڭ ئىشىكى ئالدىنى قورشىۋالدى. ئۇلار تاجى ئاخۇن، ئابدۇراخمان، پولات ئاخۇنلارغا ناھەق جازا بېرىلگەنلىكىنى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىپ قويۇۋېتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى. كىشىلەر نىساخانىغا ئەگىشىپ «ۋاي داد، ۋاي داد! بىزگە ئادالەت كېرەك» دەپ توختىماي تۇۋلاپ چۇقان سېلىشىپ، كونا يامۇل مەھكىمىسى قورۇسىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بۇنداق بولۇشىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئامبال خۇ دارېن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

دەل شۇ چاغدا ئىككى ئاتلىق ئادەم ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى يامۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، قورۇ ئىچىگە ئىتتىك مېڭىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجى ئىدى. كىشىلەر بۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول بېرىشتى. بۇ ئىككىيلەن ئۇلۇمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىلارنىڭ ئاتىسى، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى ئېلىپ ئۇدۇللا داتاڭغا كىرىشتى. بىنانىڭ سىرتىدىكى داد ـ پەريادلار، نارازىلىق شاۋقۇنلىرى، ھەققانىيەت تەلەپ قىلغۇچى سادالار خۇددى شىددەتلىك بوراندەك گۈركىرەپ ئاق قەغەز چاپلانغان قەدىمىي نۇسخىدىكى دېرىزىلەرنى تىترىتىپ تۇراتتى. ھەققانىيەت ئالدىدا ئامبال خۇ دارېن سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك شۇمشىيىپ قالدى،

ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئاۋۋال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇرەببىلىرى ئەرز قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تاجى ئاخۇن باشلىق ئۈچ كىشىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ دەلىل - ئىسپات، پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ زاكونلاشتى. يى شاۋ چاقىرىلغان بولسىمۇ سوراقتا كەلمەي ۋەكىل ئەۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجى يى شاۋنىڭ: تاجى كېلىنىمگە زورلۇق قىلغاندا كېلىنىم چەيدۇ بىلەن چاپقان دېگىنىنى تەھقىقلەش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىن ئىككىدىن تۆت نەپەر ئادەمگە ئامبال ئىككى ئادەمنى قوشۇپ ھازىرلا زىندانغا ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلىشتى. خۇ دارىن بۇ تەلەپكە ئامالسىز قوشۇلدى. ئالتە نەپەر ئادەم يامۇل مەھكىمە قورۇسىنىڭ كەينىگە جايلاشقان زىندانغا باردى. ئۇلار سولاقخانىغا كىرىپ تاجى ئاخۇن، ئابدۇراخمان، پولات ئاخۇنلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە تاياق، قامچا تەگكەندە قالغان جاراھەت ئىزلىرى بولسىمۇ، بىرەر تىغ تېگىپ بولغان جاراھەت ئىزى كۆرۈنمەيتتى، بولۇپمۇ تاجى ئاخۇننىڭ بەدىنى بىجىرىم ئىدى. پاكىت ھەر قاچان مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەقىقەت ئالدىدا ھەقىقەت كۈشەندىلىرىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ ھەيۋىسى قاتتىق سۇندى. ئاخىر ھەققانىيەت غەلىبە قىلىپ، ئامبال خۇ دارىن تاجى ئاخۇن ۋە ئابدۇراخمان، پولات ئاخۇنلار ئۈستىدىن چىقارغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. زىنداندىكى ئۈچ كىشىنى قويۇپ بەرگۈچە پولات ئاخۇن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن يۈرىكى يېرىلىپ سولاقخانىدىلا جان ئۈزدى. تاجى ئاخۇن بىلەن ئابدۇراخمان زىنداندىن قۇتۇلۇپ سالامەت چىقتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ماڭا بۇ تارىخىي ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەرگۈچى — ئەينى زاماندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ

ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان سىراجىدىن زۇپەر شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.

— 1951 ـ يىلى، يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، — دەپ سۆزلەپ بەردى ئۇ ماڭا، — تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كەينى قورۇسىغا ئۆتكەنىدىم. بىر مەھبۇسنىڭ «ھاكىمغا ئەرزىم بار، ھاكىم بىلەن كۆرۈشىمەن!» دەپ ۋارقىراۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم، ساقچىلارغا ۋارقىرىغان جىنايەتچىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدۇم. ئىككى ساقچى جىنايەتچىنى ئېلىپ چىقتى. مەن تولۇمدەك سەمىرىپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق ئىسسىققا چىدىماي، ھاسىراپ ئاغزى كامادەك ئېچىلىپ قالغان يى شاۋنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئەرزى بارلىقىنى سوراپ، دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېگىشلىك جاۋابنى بەردىم. قاتمۇ قات قان قەرزگە بوغۇلغان بۇ مۇشتۇمزور زالىمغا نەپرەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا كۆزۈم ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان مەيدىسىدىكى ئىككى تاتۇققا چۈشتى. تاتۇقنى كۆرۈپ ئۇستازىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن تاجى ئاخۇننى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىق ۋەقەسى كۆز ئالدىمغا كەلدى:

مەن ئۇ چاغدا ئون ياشتا ئىدىم، تاجى ئاخۇننىڭ ئايالى نىساخان يىغلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئەرزىيەت ئېيتىپ دەرد تۆكۈۋاتقاندا، مەن ھويلىدا ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغانىدىم. ئەتىسى بولغان ۋەقە، گەپ ـ سۆزلەرنىمۇ تولۇق بىلەتتىم. يى شاۋنىڭ مەيدىسىدىكى تاتۇققا قاراپ ئويلاپ قالدىم ۋە بىر تۈرلۈك قىزىقىش بىلەن يى شاۋنى سوراق قىلدىم. سوراقتا پاكىت ئالدىدا ئىلاجسىز قالغان يى شاۋ ئىقرار قىلدى.

ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ئەبلەخ ئۆزاق ۋاقىتتىن بۇيان كېلىنىگە كۆز تاشلاپ، يامان غەرەزدە بولۇپ، پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن، ئوغلىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ يېرىم كېچىدە كېلىنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەن، زورلۇق قىلماقچى بولۇپ كېلىنىگە قول

ئۇزاتقاندا، كېلىنى ياسىتۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇۋالغان چەيدۇنى ئېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئىككىنى چاپقان. بۇ شەرمەندىلىكنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورققان يى شاۋ هويلىسىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ سىرتقا چۈشۈپ، قاچقان بولاڭچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان. دەل شۇ چاغدا ئايدىڭدا كەتمەن كۆتۈرۈپ ئابدۇراخماننىڭ يېرىگە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان تاجى ئاخۇننى كۆرۈپ، قايتىپ هويلىغا كىرىپ قولچوماقچىلىرىنى باشلاپ چىقىپ تاجى ئاخۇن، ئابدۇراخمان، پولات ئاخۇنلارنى تۇتتۇۋالغان. ئۇ تاجى ئاخۇننى تۈرمىگە سولىتىپ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى، يەنە كېلىنىنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىشىنى يوققا چىقارماقچى؛ ئۇزاقتىن بېرى، تارتىشىپ ئۆز يېرىگە قوشۇۋېلىشنى ئويلاۋاتقان تاجى ئاخۇننىڭ تۆت مو يېرىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولغان. «نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك، بەتنىيەت يى شاۋنىڭ جىنايى غەرىزى ئاخىر ئەمەلگە ئاشمىغان.

# ھەقيار ۋە بەختيار

1931 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باغرى يېزىسىدىكى ئۈزۈملۈك بېغىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان قورۇسىغا بىرىپ دەم ئالماقچى بولۇپ ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئايىت ھارۋىكەشكە پەيتۇننى تەييارلاشنى تاپشۇردى، ئۆزى خانىسىدا ئەپچىل، چىرايلىق خۇرۇم سومكىسىغا قەغەز، دۇۋەت، قەلەم ۋە ئوقۇۋاتقان كىتابىنى جايلاشتۇرۇپ سېلىۋاتاتتى.

ئىشىك چېكىلدى، شائىر سومكىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئىشىككە قاراپ:

— مەرھەمەت، كىرىڭ! — دېدى يۇمشاق ئاھاڭدا.

ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بوسۇغىدا ئابدۇساتتار پەيدا بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پەلەمپەيدىن ئىتتىك چىققاچ ھاسىراپ كەتكەن ئۇكىسىدىن سورىدى:

— ھە، نېمە گەپ ئۆزى؟

— مۇرتۇقتىن نەمەت خەلپىتىم كەلدى. دادام ئۆيدە يوق. ئانام ئۆزلىرىنى «پەسكە چۈشكەي» دەپ مېنى چىقاتتى، — دېدى ئابدۇساتتار.

— مانا ھازىرلا چۈشىمەن. سەن بۇ سومكىنى پەيتۇنغا سېلىپ قوي.

ئابدۇساتتار ئاكىسى سۇنغان سومكىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ ـ سەكرەپ ھويلىغا چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇندۇزدەك قاپقارا چېچىنى قولى بىلەن كەينىگە تاراپ قويۇپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىقلىق تۇرغان شىلەپىسىنى ئېلىپ

بېشىغا كىيدى. ئۇ خانىسىدىن چىقىپ پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشتى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كەڭ كارىۋاتتا شائىر نەمەت خەلپەت ئولتۇراتتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت خەلپەتكە يىراقتىنلا سالام بەردى ۋە ئالدىغا بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— قېنى ئولتۇرسىلا، خەلپىتىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كارىۋاتتىن پەسكە چۈشۈپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان نەمەت خەلپەتكە.

نەمەت خەلپەت گەۋدىلىك، يوغان، زەبەردەست كىشى ئىدى. ئۇ «يا پىرىمدىن مەدەت» دەپ چىقىۋىدى، كارىۋات غىچىرلاپ كەتتى.

— ئاستانىگە تۈنۈگۈن ئەتىگەن كەلگەنىدىم، — دېدى نەمەت خەلپەت كارىۋاتقا جايلىشىۋېلىپ، — مامۇتباي[1] ئۆيىدە بار ئىكەن، غىزالىنىپ پاراڭداشتۇق، مامۇتباينىڭ ئالغان خەۋىرىدە مەخسۇتباي ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەپتۇدەك.

— يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن مەخسۇت ئاكام بىلەن دىدار كۆرۈشكۈدەكمىز - دە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇشاللىنىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇلار بىر پەس شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سورىدى:

— كۆكۈللىرى قايسى تاماقنى خالايدىكىن؟

— ئۆزلىرى بۇ يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن خەۋەر تاپتىم، پەيتۇنمۇ تەييار بولۇپ قاپتۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت دەرۋازا ئالدىدا ئىككى ئات قوشۇپ تەخلەپ قويۇلغان پەيتۇنغا قاراپ، — ئۆزلىرى باغرىغا چىقار بولسىلا، ماڭىنى، مەنمۇ بىرگە باراي. غىزانى شۇ يەردە يېسەكمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ دېيىشىدىغان گېپىمىز ئۈچ

---

[1] مامۇتباي — مەخمۇت مۇھىتىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

كېچە - كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ، قالدى پاراڭنى يولدا كېتىۋېتىپ سۆزلىشايلى، ئىنىم.

— يوغىسۇ، خەلپىتىم، ئاتلارنى چىقىرىۋەتسىلا بولىدۇ، ئاستانىدىن بۇ يەرگە كەلگۈچە چارچاپ كەتكەنلا. بۈگۈن بۇ يەردە ياخشىراق دەم ئالىنى، باغرىنغا ئەتە چىقساقمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— رەھمەت، رەھمەت! يېقىن بولسىمۇ سەپەرگە تەرەددۇتلەنگەنىكەنمىز، يولدىن قالمايلى، ئامىن!

نەمەت خەلپەت دۇئا ياندۇرۇپ بولۇپ كارىۋاتتىن پەسكە چۈشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كارىۋاتنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ئابدۇساتتارغا قاراپ دېدى:

— بىز خەلپىتىم بىلەن باغرىنغا كەتتۇق. ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتىمىز، سەن چوڭ ئانامغا ئېيتىپ قويغىن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقىنى جۆندەپ ئولتۇرغان ئايىت ئات باقارغا نەمەت خەلپەتنىڭ ئېتىغا ياخشى قاراشنى تاپشۇردى.

ئىككى شائىر پەيتۇنغا چىقىپ ئولتۇردى.

ئۇلارنى باغرىدا خىزمەتكارلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. كەڭ، ئازادە هويلا تېپتىنچ بولۇپ ئاسايىشلىق هۆكۈم سۈرەتتى. ئىككى شائىر هاۋالىق، سالقىن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ راسا پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن شىرىن - شەربەت ئۈزۈملەردىن يېگەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار كۆپرەك ئىجادىيەت، شېئىرىيەت ئۈستىدە سۆزلىشەتتى. بەزەن ئىلهامى كېلىپ قالسا، قەغەز، قەلەم تەييار بولغاچقا شېئىرمۇ يېزىپ قويۇشاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر كۈننىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ئابدۇگۇل سالام

قىلىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— كەل، ئابدۇگۇل، پەيتىدە كەلدىڭ، قېنى بۇياققا ئۆت! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۇپىدا ئولتۇرغان سالاپەتلىك كەلگەن ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ ھېيىقىپ خىجالەت بولۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالغان ئابدۇگۇلگە قاراپ.

ئابدۇگۇل قىزارغان پېتى باراڭ ئاستىدىكى كەڭ سۇپىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت خەلپەتكە ئۇنى تونۇشتۇرۇپ دېدى:

— بىزنىڭ تۇغقانلاردىن، ئابدۇگۇل ئابدۇللا بولىدۇ. يېڭى شەھەردىكى ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىسىدە ئوقۇيدۇ. ئۆزى شېئىرىيەتكە ھەۋەس قىلىدۇ، بەزىدە مەشىق قىلىپ شېئىر - قوشاق يېزىپمۇ قويىدۇ، — ئاندىن ئۇ ئابدۇگۇلگە قاراپ نەمەت خەلپەتنى تونۇشتۇرۇپ قويدى.

نەمەت خەلپەت يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ:

— كۆرۈنۈشىدىن بۇ يىگىت زېرەك، تىرىشچاندەك قىلىدۇ، قېنى، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ئابدۇگۇل تارتىنىپراق كېلىپ سۇپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى. خىزمەتكار پارقىراپ كەتكەن يوغان مىس چەينەكتىن چىنىگە سوغۇق چاي قويۇپ ئابدۇگۇلگە سۇندى. ئابدۇگۇل ئۇسسۇزلۇقتىن بىر ئوتلاپ چىنىنى ئالدىغا قويدى.

بىر پەس سۆكۈتتىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سورىدى:

— ئابدۇگۇل، يېقىندىن بېرى شېئىر يازمىدىڭمۇ؟

ئابدۇگۇلنىڭ كەڭ، تۇرۇك كەلگەن ئاق سېرىق يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ يەكتىكىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ ئەدەپ بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا سۇندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇگۇلنىڭ شېئىرىنى قولىغا ئېلىپ زوق بىلەن زەن سېلىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ئابدۇگۇلگە قايتۇرۇپ بېرىپ دېدى:

— قېنى، ئابدۇگۇل، ئۇستازىمىز نەمەت خەلپىتىمنىڭ ئالدىدا بۇ شېئىرىڭنى بىر ئوقۇپ بەرگىنە.

ئابدۇگۇل قىزارغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، شېئىر يېزىلغان قەغەزنى مىجىقلاپ بىر پەس تۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «قېنى، تارتىنماي ئوقۇۋەرگىن» دېگەندىن كېيىنلا، قەغەزنىڭ پۇكلەنگەن جايلىرىنى تۈزەپ «ئىم» قىلىپ تامىقىنى بىر قىرىۋېتىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

بىلىم بەخت بۇلىقى،
تەشنا دىلنى قاندۇرار.
ئىگىلسەڭ مەرىپەت،
قىلۇر سېنى بەختىيار.
. . . . . . . . . . . . . . .

ئابدۇگۇل شېئىرنى ئوقۇپ بولغۇچە تەرلەپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا قوش قانىتىدىن ياسالغان چوڭ يەلپۇگۇچنى ئۇزاتتى. نەمەت خەلپەت شېئىرنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ دېدى:

— بۇ خەلق قوشاقلىرى ئىزىدىن يېزىلغان شېئىر ئىكەن. ياخشى، ئابدۇگۇل. بىزنىڭ خەلقىمىز قوشاق - بېيىتلارغا ناھايىتى باي خەلق. خەلق قوشاقلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە. شېئىر يازىمەن دېگەن ئادەم ئاشۇ خەزىنىنى ئىزدەپ قېزىشى، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىشى كېرەك.

— خەلپىتىمنىڭ بۇ سۆزى بىزگە دەستۇر بولۇپ قېلىشى كېرەك، ئابدۇگۇل، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئابدۇگۇل بېشىنى لىڭشىتىپ نەمەت خەلپەتنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەمەت خەلپەت ئابدۇگۇلگە قاراپ دېدى:

— بۇ بەش كۇپلېت شېئىرنى خېلى ياخشى يېزىپسىز. بۇنىڭدىن كېيىن مالاكىڭىز[1] ئابدۇخالىقنى ئۆلگە قىلىپ ئۇنىڭدىن ياخشى ئۆگىنىڭ.

نەمەت خەلپەتنىڭ ۋەزمىن ئاھاڭ بىلەن ھەممىرىپ ئېيتىۋاتقان ھەربىر ئېغىز سۆزىنى گوياكى قەلبىگە نەقىش قىلغاندەك ئورنىتىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقان ئابدۇگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ تەۋەززۇ بىلەن:

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن، خەلپىتىم، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت خەلپەتكە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئالدىدىكى قەغەزلەر ئىچىدىن بىر كوپىيىنى ئېلىپ نەمەت خەلپەتكە سۇنۇپ:

— بۈگۈن تاڭ سەھەردە يازغانىدىم، مالال كەلمىسە، كۆرۈپ بىرەر قۇر تەھرىرلەپ بېرەلەرمىكىن، — دېدى كەمتەرلىك بىلەن.

نەمەت خەلپەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۇنغان كۇپىيىنى قولىغا ئېلىپ:

— زۇلۇم تارىخى، — دېدى شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. نەمەت خەلپەت «ئىم!» دەپ گېلىنى بىر قىرىپ قويۇپ شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

پۈتۈن دۇنيا قۇللۇق دەۋرىنى يوق ئەيلىگەن،
پۈتۈن قۇلنى ئازاد قىلىپ توق ئەيلىگەن،
زۇلۇم ـ ستەم زوراۋاننى يوق ئەيلىگەن،
شۇل مەزمۇندا ئېلانلارنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

---

[1] مالاكا — موللا ئاكىنىڭ پىچان شېۋىسى.

بۇ ئېلاندىن جىن شۇرىنغا خەۋەر يوقمۇ؟
جىن شۇرىندا ئاڭلايدىغان قۇلاق يوقمۇ؟
قانىمىزنى ئىچىتىڭ بەدبەخ قارنىڭ ئاچمۇ؟
قان شورىغۇچ ۋەھشى قىلماس قىلغانىڭنى.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالغاندىن كېيىن مەمنۇنىيەت بىلەن دېدى:

— ئابدۇخالىق، قەلەملىرى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ جۇمۇ، بۇ شېئىرلىرى ياخشى يېزىلىپتۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنچىقمىدى. بارلىق ئاستىي جىمجىتلىققا چۆكتى. نېمىنىدۇ ئويلىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— خەلپىتىم، باياتىن ئارتۇقچە ماختىۋەتتىلە، شېئىرىيەت بابىدا نۇقسانلىرىم تېخى كۆپ، مېنىڭچە شېئىر كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن، جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشى زۆرۈردۇر. شېئىردىكى بۇ ئامىل ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. قازاقنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئاباي قۇنانبايي ئوغلىنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. راست گەپنى دېسەم، بەزىدە بۇ شېئىر مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك تۇيۇلىدۇ:

مەن شېئىرنى يازمايمەن ئەرمەك ئۈچۈن،
قالغان، قاتقان سۆزلەرنى تەرمەك ئۈچۈن.
مەن شېئىرنى يازىمەن چۈشەنگەنگە،
ئەۋلادىمغا بىر ساۋاق بەرمەك ئۈچۈن.

نەمەت خەلپەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۆزلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇلار شۇ تەقلىدتە يەنە بىر پەس پاراڭ

سېلىشقاندىن كېيىن، خىزمەتكار پەتنۇسلاردا ئەتىلىك، شىرنىلىك، خۇشبۇي پۇراپ تۇرىدىغان بادىن① قوغۇن كەلتۈردى. ئۇلار بىر ـ ئىككى تىلىمدىن قوغۇن يېيىشتى. ئارقىدىن «قۇم تاۋۇز» دەپ ئاتىلىدىغان، يېسە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇررىدە ئېرىپ كېتىدىغان تاتلىق تاۋۇز كەلتۈرۈلدى. تاۋۇزمۇ ئانچە يېيىلمىدى. خىزمەتكار پەتنۇسلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن نەمەت خەلپەت ئابدۇگۈلگە قاراپ دېدى:

— ئابدۇگۈل، سىزنىڭ بايىقى شېئىرىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزگە «بەختىـــيار» دەپ تەخەللۇس قويغۇم كېلىـــۋاتـــىدۇ. تۇرپان دىيارىمىزنىڭ پەخرى ئابدۇخالىق ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇچى. مەن ئۇنىڭغا «ھەقيار» دەپ ئات قوياي.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر .بىـــلەن ئابدۇگۈل نەمەت خەلپەتنىـــڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى. نەمەت خەلپەت گېلىنى بىر قىرئۈېتىپ قەددىنى رۇسلاپ ئابدۇگۈلگە قاراپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

بەختىيار، بەختىڭ ھەمىشە ساڭا بولسۇن ياخشى يار،
چۈنكى يازغان ئۇشبۇ نەزمەڭ ھەركىمنى ھەيران قالدۇرار.

نەمەت خەلپەت بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. ئۇ ئۇنىڭ قولى بىلەن قويۇق، قاپقارا كەكە ساقىلىنى سىلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ شېئىر ئوقۇشنى داۋام ئەتتى:

كۆڭلى غەملەر بىرلە تولغان خەلقىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن،
دۈشمىنىنى مات قىلىپ ھەر جايدا قىلدىڭ ئۇنى خار.

① بادىن — تۇرپان قوغۇنىنىڭ بىر سورتى.

بۇلبۇلى گويا پۈتۈن قۇشلار ئارا سايراشتا داڭ،
شول سىنى كۆرسە ئەگەر ھەيرانۇ قالۇر ھاڭۇ تاڭ.
بىر ئوقىنىڭ بىرگە تېگەدۇر ئىككىگە تەگمەس بىراق،
ئوقتىن ئۆتكۈر ھەر سۆزۈڭ مىڭ دۇشمەننى قىلۇر پاك[1].
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

نەمەت خەلپەت شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، سوغۇق چاي قويۇلغان چىننى قولىغا ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە باشلىدى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت خەلپەت بىلەن ئابدۇگۇلگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

تاغ ئېگىزلىكتىن چىقارماس ئات، مەگەر ئۇكان بىلەن،
سۇ تىرەنلىكتىن چىقارماس نام، شۆھرىتى مارجان بىلەن.

تۇرمۇشۇم، تۇرغان ئۆيۈم ئاۋۋال قاراشقا بەك تۆۋەن،
تۆت تەرەپكە تارىتۇر خۇش ھىد مەگەر ۋىجدان بىلەن.

سۆزلىششكە، سىردىششقا چىن يىگىت ـ مەردلەر كېرەك،
قىلمىغايمەن ئاشنالىق ئەقلى كور نادان بىلەن.
. . . . . . . . . . . . . . .

تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ئەل ـ يۇرت، زالىمنىڭ زۇلمىدىن،
چىن يىگىتلەر، ئەزىمەتلەر قۇتقۇزۇر ئىمكان بىلەن.

كۆنۈ تۈن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.

---

① پاڭ — ئوقتا ئوخشاش «پاڭ» قىلىپ دەل تېگىدۇ، دېگەن مەنىدە.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

نەمەت خەلپەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېقىملىق، جۇشقۇن ئاھاڭدا ھېسسىياتلىق ئوقۇلغان بۇ غەزىلىدىن ھوزۇر ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس «ھە، ھە» دەپ ئولتۇرغىنىدا، ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر پەيتون كېلىپ توختاپ «گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ» پاراڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەمەت خەلپەتكە قاراپ:

— ئۇزلىرى تەۋرىمەي ئولتۇرۇۋەرسىلە، مەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاي، — دەپ سۇپىدىن پەسكە چۈشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئابدۇگۇل دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، ھويلىغا ھېسامىدىن زۇپەر، ھەبىبۇللا ئەپەندى، يۇنۇسبەگلەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار قىزغىن سالاملىشىپ سۇپا يېنىغا كېلىشكە، نەمەت خەلپەتمۇ سۇپىدىن پەسكە چۈشۈپ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى.

# راھەتتى بەدەن

1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىر ئىدى. قاشتېشىدەك سۈزۈك زەڭگەر ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ھاۋا 7 — 8 ـ ئايلاردىكىگە ئوخشاش خۇددى نان يېقىشقا قىزىتىلغان تونۇردەك، نەپەسلىنىشمۇ تەسكە توختايدىغان تەپتىدىن سوۋۇپ خېلىلا سالقىنلاپ قالغانىدى.

ئىككى كۈندىن بۇيان يېزىقچىلىق قىلىدىغان خاس خانىسىدىن چىقماي قىزغىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قاتتىق چارچىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چۈشتىن كېيىن كوچىغا چىقتى. يېڭىشەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئىككى چاقىرىم چامىسىدىكى ئۇستى يېپىق بازىرىدا ئادەملەر كۆپ ئەمەس ئىدى. دۇكانلىرىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇشقان سودىگەرلەردىن باشقا، رەستىدە ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار، ئاندا ـ ساندا ئازغىنا رەخت ـ پىچەك، لازىمەتلىكلەر سېتىۋېلىۋاتقان خېرىدارلار كۆزگە چېلىقاتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدا غەم ـ ئەندىشە، مەيۇسلۇك، مىسكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بازارنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيدانچىنىڭ ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يېرىگە بىر پارچە كونا ماتانى ئالدىغا سېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلاردىكى بىر تىلەمچى بالا ئىككى يانغا ئۆزىنى ئېتىپ كۆچەپ ساپايى سوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئېيتىۋاتقان مۇناجاتى يېقىن ئەتراپتىكى ئادەملەرنى جەلپ قىلغاچقا، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇنىڭ قېشىغا ئىختىيارسىز كېلىشەتتى.

ئۈستۈپشى جۇل - جۇل، چاچلىرى ئۆسۈپ گەدىنىگە چۈشكەن، چىرايى قارىداپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىقىپ قالغان، يوغان بىر جۈپ كۆزى چوغدەك يېنىپ تۇرغان بۇ تىلەمچى بالىنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئېچىنماي قالمايتتى. تىلەمچى بالىنىڭ دەردلىك نىداسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ تۇرپاندىكى داڭلىق ئاشپۇزۇل سوۋازىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرمەكچى بولۇپ باسقان قەدىمىنى توختاتتى - دە، تىلەمچى بالا تەرەپكە بۇرۇلدى.

تىلەمچى بالا ئېيتىۋاتقان مۇناجاتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى كىشىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتەتتى. رەستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىختىيارسىز توختاپ تىلەمچى بالىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. ئورۇق، چىرايلىرى سارغايغان، ئاق بۆز كۆڭلىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئالدىدىن تال - تال قوۋۇرغا ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالغان نامرات دېھقانلار، ئالدىراش كېتىۋاتقان كاسىپلار تىلەمچىنىڭ هالىغا ئېچىنغان هالدا يانچۇقلىرىنى كولاپ تەسلىكتە بىرەر يېرىم مىس ياماقنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىشاتتى. ياخشى كىيىنىشكەن، سېمىز، پور بايلارنىڭ بەزىلىرى بىرەر ياماق، بەزىلىرى بىر ئۇچۇم ياماق تاشلىشىپ ماڭسا، بەزىلىرى ئەتەي ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ يولدىن ئەگىپ ئالدىراش كېتىشەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سالماق قەدەم تاشلاپ، تىلەمچىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىغا قۇلاق سالغاچ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. تىلەمچىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئەلەملىك نىداسى شائىرنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى:

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ، ياھۇ، يائاللا،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ، ياھۇ، يائاللا.

تىرىك تۇرۇپ دوزاخنى كۆردۈم، ياھۇ، يائاللا،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ، ياھۇ، يائاللا.

ئەي يارەنلەر، ھەركىمى، ياھۇ، يائاللا،
مەندەك يېتىم بولمىغاي، ياھۇ، يائاللا.
يۈرىكى زەرداپ بولۇپ، ياھۇ، يائاللا،
كۆڭلى دەردكە تولمىغاي، ياھۇ! يائاللا!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەلەم بىلەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى:

— ۋادەرىخا، بىچارىنىڭ تازا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتى ئىكەن، كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ بالىنى تەربىيىلىسە چوقۇم بىر ئىستېدات ئىگىسى بولۇپ چىقىدىكەن. مىڭ كەررە ئەپسۇس، بۇنداق بالىلار ھەممىلا يەردە كۆرمىگىلى كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىلىۋاتقان ئەلەملىك ھاياجىنىنى بېسىۋالدى ۋە شىمىنىڭ ئارقا يانچۇقىغا قول سېلىپ بىر كۈمۈش تەڭگىنى چىقاردى - دە، تىلەمچى بالىغا سۇنۇپ:

— مە، ئالغىن، — دېدى بالىغا قاراپ ئىچى سىرىلغان ھالدا.

تىلەمچى بالا ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ، ئالدىدا ئۆزىگە پارقىراق كۈمۈش تەڭگىنى سۇنۇپ تۇرغان يېپيېڭى، پاكىز كىيىنگەن، ئىسسىق چىراي كىشىگە قارىغىنىچە ھەيرەتتە قالدى.

— بول، تېز ئاله، شائىرنىڭ قولى تېلىپ كەتتى، — دېدى يېنىدا قاراپ تۇرغان بىر كىشى.

تىلەمچى بالا دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان، ئورۇق، ئىنچىكە قوللىرىنى سوزغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، شائىر تەڭگىنى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا سېلىپ قويۇپ دېدى:

— كەچقۇرۇن بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن، بولامدۇ؟ ئابدۇراخمان

مەخسۇم ھاجىنىڭ ئۆيى قايسى دەپ سورىساڭ، بالىلار ساڭا كۆرسىتىپ قويىدۇ، دەيدىغان گەپ بار.

تىلەمچى بالا ئۆمرىدە بۇنداق مۇلايىم، مېھرىبان، ئىسسىق چىراي، ئالىيجاناب ئادەمنى ۋە قولىدىكىدەك بۇنداق جىق پۇلنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا، ھەيرانلىقتىن تىلى سۆزگە كەلمەي خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى تۈگىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغان چاغدىلا تىلەمچى بالا ئېسىنى يىغىپ، دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى:

— ئامىن، ئىلاھا ئامىن! ھىممەتلىرىگە رەھمەت، جېنىم ئاكا! خۇدايىم ئارزۇ - تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي، بەخت - تالەيلىرى زىيادە بولغاي، دۆلەتلىرى توپپاتا غۇجامنىڭ تېغىدىنمۇ ئېگىز بولغاي...

بالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سېمىز، دوغىلاق سودىگەر يېنىدىكى ھەمراھىغا:

— قاراپ باقسىلاچۇ، خالىق شويى مۇنۇ تىلەمچىگە بىر كۈمۈش تەڭگە سەدىقە قىلغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى تىلەمچى بالىنىڭ قولىنى شەرەت قىلىپ.

قاتاڭغۇ، ئېگىز بويلۇق سودىگەر بېشىنى گىلدىڭشىتىپ:

— ھەي، «قاننىڭ قەدرىنى سالجى بىلەر، پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى» دەپ، ئۇ ئەجىر قىلىپ تاپمىغان پۇل - دە! مەخسۇم ھاجىمنىڭ پۇلىنى گادايلارغا خەيرى - ئېھسان قىلىپ تۈگىتىدۇ - دە، بۇ.

— شۇنى دېسىلىرا، چىك - چىك، — دېدى تامىقىنى چېكىلدىتىپ سېمىز سودىگەر، — بۇ تىلەمچىنى تېخى، «ئاخشامىلىقتا ئۆيگە بار» دەپ چىللاپ قويىدى. ۋاي قوۋۇزغام، بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ «پىيازنىڭ پوستى تولا، ھاماقەتنىڭ دوستى» دەپ، ھازىر جاھاندا نېمە كۆپ دېسىلە، تىلەمچى بىلەن ئوغرى كۆپ، بىرسىنى ئۆيگە چىللىغان بىلەن، قالغانلىرىنى قانداق قىلىدۇ، ھاماقەتلىكتە بۇ، ھاماقەتلىك. ھى - ھى - ھى!...

— ھا ـ ھا ـ ھا!...

ئىككى سودىگەر زاكىلىق ئارىلاش كۈلۈشۈپ، تىلەمچى بالىنىڭ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش تەڭگىگە قاراپ ئىچى ئاداپ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، سول قول تەرەپتىكى تار كوچىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تىلەمچى بالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۇزاپ، «سودىگەر كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كوچىغا بۇرۇلۇپ دۇقمۇشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. قەلبىنى ئازابلىق ھېسسىيات چۇلغىۋالغان شائىر سالماق قەدەم تاشلاپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. باياتىن ئۇ ھويلىسىدىن كوچىغا چىقىپ بىرەر مىڭ قەدەم ماڭا ـ ماڭماي ئۇنىڭغا بەش تىلەمچى ئۇچرىغانىدى، چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى بالا بولسا ئالتىنچىسى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇغان ھېسسىيات گويا توغاننى بۇزۇپ شىددەت بىلەن ئۆركەشلەپ يامرىغان كەلكۈندەك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلاپ، تېنىنى شامالغا دۇچ كەلگەن ياپراقتەك تىترىتىۋاتاتتى. غەزەپ ۋە ئەلەملىك ھېسسىياتتىن شۇدەمدە بىر يېڭى شېئىر تۇغۇلدى:

جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلماي ئۆتمەكتە ئۆمۈرلەر تامام،
«يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس»، يا يەتمىدى مېنىڭ چامام.
مىسلى كۆزنى تېگىپ جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۈزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىڭ چىدام.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇۋەن، لېكىن ۋەزمىن ئاۋاز بىلەن بۇ يالقۇنلۇق مىسرالارنى ئوقۇۋېتىپ دوقمۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتكەنىدى، «ئامىن، ئىلاھا ئامىن!» دەپ سوزۇپ ئېيتىلىۋاتقان بىر تىترەڭگۇ، ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئۇنىڭ تەپەككۇر ئاسمىنىدا يۈكسەكلىككە ئۆرلەپ پەرۋاز قىلىۋاتقان خىيال قۇشىنى ئۈچۈرۈۋەتتى.

— ئامىن، ئىلاھا ئامىن! ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تارشىدەك قېتىپ كەتكەن، ئورۇق ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىگە زور ئۈمىد بىلەن قاراپ «ئامىن، ئىلاھا ئامىن» نى تەكرارلاپ ئالدىدا تۇرغان تىلەمچىگە ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە، كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا قول سالدى. ئەستا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، كاستۇمىنىڭ يانچۇقى قۇرۇق ئىدى. ئۇ شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى تىقتۇردى، قولياغلىقتىن بۆلەك نەرسە چىقمىدى. ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن بۆز كۆڭلىكىنى تۈت يەردىن يامىغان، تامبىلى تىزىنى سەللا يېپىپ تۇرغان چاڭگا ساقال، ئوتتۇرا بوي بۇ تىلەمچىگە بىر نەزەر سېلىپ قولىنى سىلكىدى - دە، ئويلىنىپ تۇرمايلا ئۈچىسىدىكى تېخى يېقىندىلا ئورۇمچىدىكى جامال سەيپۇڭغا مەخسۇس بۇيرۇتۇپ تىكتۈرگەن قارا سارجا كاستۇمنى سالدى. ئۇ ئالدىدا تېڭىرقاپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ تۇرغان تىلەمچىگە كاستۇمنى تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن دېدى:

— ساڭا بەرگۈدەك پۇلۇممۇ يوقكەن، بۇنى كىيىۋالغىن.

تىلەمچى ھاياجانلانغىنىدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ كالپۇكلىرىنى ئۆمەللەپ گەپ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، تىلى كالۋالىشىپ:

— بۇ، بۇ— ... دېگىنىچە كاستۇمنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قايتۇرۇپ سۇندى.

— شائىر ئەپەندىم سەدىقە قىلغاندىن كېيىن ئالمامسەن، شا قاسىم، سەنمۇزە، ئۇنداق قىلساڭ شائىرىمىزنىڭ قورسىقى كۆپمەمدۇ، — دېدى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى تىلەمچىگە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شا قاسىمغا «شۇنداق» دېگەن مەنىدە بىر قاراپ قويۇپ كوچىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ ئەكبەرخاننىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمىدى. پەقەت دۇكاننىڭ ئىچىدىن

چىقىۋاتقان ئەكبەرخان:

— ۋۇي ئابدۇخالىق، ئۇياقتىن كېلىۋاتىدىلىغۇ؟ بازارغا بارغانمۇ؟ — دېگەندىلا، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا تۇرغان ئەكبەرخان بىلەن سالاملىشىپ قول ئېلىشىپ قىسقىچە هال ـ ئەهۋال سوراشتى.

— قېنى، مەرهەمەت! — ئەكبەرخان ئۇنى دۇكاننىڭ يان ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

ئىككىيلەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەكبەرخان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بىر چىنە ئۇسسۇزلۇق قويۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەۋەززۇ بىلەن ئىلتىجا قىلدى:

— شائىرىم، بىر مىنۇتقا رۇخسەت قىلسىلا ـ دە، مۇلازىم بالىنى ئىشقا بۇيرۇۋېتىپتىمەن. ئۆزۈم ماڭمىسام ئەپلەشمىگۇدەك، بازاردىن ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىرنېمە ئەپكىرەي.

— مەيلى، ئىختىيار ئۆزلىرىدە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر. ئەكبەرخان:

— هازىرلا كىرىمەن، هازىرلا، — دېگىنىچە ئالدىراش ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدىدىكى پەتنۇسقا قويۇلغان چىنىنى قولىغا ئېلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن بىر ئوتلاپ تۇرۇشىغا، دۇكاننىڭ پەشتاختىيىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

— هوي دۇكاندار ئۇستام، رەخت ئالىمەن، رەخت!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دۇكانغا چىقىپ پەشتاختاينىڭ ئالدىغا كەلدى. پەشتاختاينىڭ ئالدىدا سول بىلىكىگە گۈللۈك ئالا خۇرجۇن ئارتىۋالغان، قارا ساقاللىق، يېشى قىرىقلاردىن هالقىغان، چەكمەندىن پەشمەت ۋە تامبال كىيگەن تەمبەل بىر دېهقان جاۋەندىكى گەزماللارغا قاراپ تۇراتتى.

— رەخت ئالىمەن، رەخت، — تەكرارلىدى خېرىدار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خېرىدارغا قاراپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن «قېنى، قايسىسىدىن ئالىسەن» دېگەندەك بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— ئاۋۇ رەختىنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدى خېرىدار قىزىل شاتىۋارنى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ، ئېلىڭ، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خېرىدار كۆرسەتكەن رەختكە بىر قاراپ قويۇپ، —بۇ رەختىنىڭ ئېتى...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەل دۇدۇقلاپ قېلىپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

—بۇ رەختىنىڭ ئېتى راھىتى بەدەن.

بۇ شېئىرىي ئىسىمنى ئاڭلاپ خېرىدار كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بىر پەس كۈلگەندىن كېيىن ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ:

— ھەببەللى، گەپلىرى تازا يىلىك باستى. راھىتى بەدەندىن بەش گەز ئالاي، — دەپ پوتىسىغا چىگىۋالغان چەندازىسىدىن بىر نەچچە تەڭگىنى چىقاردى.

شۇ ئەسنادا يېمەكلىك كۆتۈرگەن ئەكبەرخان ئالدىراش يېتىپ كەلدى - دە، قولىدىكى بولاقلارنى يان ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ دۇكانغا چىقتى. ئۇ خېرىدارنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ شاتىۋارنى بەش گەز ئۆلچەپ خېرىدارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خېرىدارغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ خوشلاشتى - دە، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

# دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

1931 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن بازارغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەنجى سىڭلىسىنىڭ دەرۋازا ئالدىدىكى بۇرجەكتە غەمكىن هالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

— بۇۋىخەلچەم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسەن؟

بۇۋىخەلچەم جۇۋىرلاپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— دابايام بۇ يەرگە چىقسام، سىراجىدىن زۇپەر خەمەك يەپ مەكتەپكە كېتىۋاتقانىكەن، «خەمەكتىن بىزە بەرگىن» دېسەم، بەرمىدى. ئۆيگە كىرىپ ئانامغا «خەمەك يەيمەن» دېسەم، ئانام بىر سەر پۇل بەردى. بازارغا بارسام بىر قېرى ئادەم خەمەك سېتىۋاتقانىكەن، ئۇ ئادەمگە پۇلۇمنى بەردىم. ئۇ بوۋاي: «ئۆزىڭىزمۇ ئوينىغۇچتەك[1] يۇمىلاق، كىچىك قىزكەنسىز، خەمەكنىڭ كىچىكى تاتلىق، قىزىم» دەپ كىچىك خەمەكلەرنى تاللاپ سېۋىتىمنى توشقۇزۇپ بەردى. ئىككى خەمەكنى يېدىم، ئۈچىنى دوستۇمغا بەردىم، قالغىنىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. ئانام خەمەكلەرنى كۆرۈپ ماڭا كايىپ: «ماڭ، بۇ خەمەكلەرنى ئەپچىقىپ ئۇ قېرىغا ياندۇرۇپ بېرىپ پۇلنى ئەپكەل، بىرەرمۇ چوڭ خەمەك يوق، ھەممىسىلا تۆكىدىن ئاجرىمىغان بىرنېمىلەركەن...» دېدى. مەن ئانامدىن قورقۇپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن.

---

[1] ئوينىغۇچ — چىلكە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى ساڭگىلىتىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان سىڭلىسىنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سەمىمىي ھالدا دېدى:

— ئۇكام، ئېسىڭدىن چىقارما، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر، چۈنكى ۋاقىتنى ئالتۇنغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ۋاقىتنى قەدىرلەش كېرەك. بىر سەر پۇلنى دەپ بىر سائەت دەرستىن قالساڭ، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، ماڭ، تېز بول، جىلتەڭنى ئېسىپ مەكتىپىڭگە ماڭ.

— ئانام پۇل قېنى دېسە، نېمە دەيمەن؟

— مەن دېگەندەك قىل، ئانامغا مەن ئېيتىپ قويىمەن. تېز بول، ۋاقىت ئادەمنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. بىر سەر پۇلنىڭ كارى چاغلىق، ئۆگىنىش ۋاقتى قانچە سەر ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك.

بۇ ۋەخەلچەم «ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ھويلىغا كىردى ـ دە، سېۋەتنى بىر بۇلۇڭغا قويدى. كارىۋاتتىكى جىلتىسىنى ئېلىپ ئاكىسى بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردى.

# ئۇنى قويۇۋېتىپ، مېنى تۇتۇڭلار

1931 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاس خانىسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قاتتىق چارچىغانىدى. ئۇ كوچا ئايلىنىپ مېڭىسىنى سەگىتىپ كىرىش ئۈچۈن بازارغا چىقتى. بازاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشى پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى:

تۇرپان شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان قاتناش لىنىيىسىدىكى مۇھىم جاي بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېقىن، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئالاھىدە مۇھىم بولغاچقا، جىن شۇرېن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان چېرىكلىرىنى ئاز كۆرۈپ، 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەربىي كۈچىنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى ئەسلىدىمۇ ناھايىتى ئېغىر بولغان باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن خۇددى تاغدەك بېسىشقا باشلىدى.

1930 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۇرپ[illegible]ڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپ كەلگەن خۇ دارىن يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، پۇقرالارغا يېڭىدىن باج ـ سېلىق سېلىپ، خەلقنى ئىقتىسادىي ياقتىن تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتتى. ئۇ شەھۋەتپەرەس بولغاچقا، تۇرپان شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاخشىمى ئادەم ئەۋەتىپ مەپە بىلەن ياموۇلغا يوشۇرۇنچە ئەكەلتۈرۈپ، ئۆيىگە سولىۋېلىپ زورلۇق بىلەن ئاياغ ئاستى قىلدى. بۇ نومۇسسىز شەرمەندىچىلىككە چىداپ تۇرالمىغان

يۇقىرىلار دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئېيتىشاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇ دارىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىغا قاتتىق غەزەپلىنىپ تۇرغىنىدا، جىگەرلىك تۇمۇر جىساھاجى كېلىپ خۇ دارىنىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇنىڭ «بۇرنىنىڭ بېزى»نى ئېلىپ قويمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئېيتتى. تۇمۇر جىساھاجى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بۇ ھەقتە ئۇزاق سۆزلەشتى. ئاخىر تۇمۇر جىساھاجى خۇ دارىن بىلەن بىۋاستە زاكونلاشماقچى بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنى قەتئىي قوللىدى.

تۇمۇر جىساھاجى يامۇل مەھكىمىسىگە كىرىپ ئامبال خۇ دارىن بىلەن زاكونلاشقاندا، ھىيلىگەر، قۇۋ تۈلكە خۇ دارىن ئۆزىنىڭ يۇقىرىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلغان شەرمەندە قىلمىشىغا كۆرۈنۈشتە خىجىللىقىنى بىلدۈرۈپ، تۇۋا قىلغاندەك بولۇپ بۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بەردى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي تۇمۇر جىساھاجىغا قارا چاپلاپ، ئۇنى قولغا ئېلىپ زىندانغا تاشلىدى. بۇنىڭدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن خۇ دارىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. يۇقىرىلار ئارىسىدا زۇلۇمغا قارشى چوڭ ـ كىچىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. جەمئىيەتتە ھەر خىل زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كۈچىيىپ كەتتى. خەلق ئىچىدە فېئوداللىق سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جەمئىيەتتىكى رېئال زىددىيەتلەرنى كۆزىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلۇم، ئاسارەتكە قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ھازىرغىچە تېخى ئويغىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ كۆرەشكە ئاتلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ تۇرۇۋاتقان خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ زۇلۇمغا قارشى كۆرەشكە قوزغاش ئۈچۈن بىر

جەڭگىۋار ناخشىنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرپاندا كەڭ تارقالغان خەلق ناخشىسى «گۈل ئاچىل»غا يېڭىدىن بىر ناخشا تېكىستى يېزىپ چىقىشنى ئويلاپ يۈردى. ئۇ 1930 - يىلى يازدا باغرىدىكى ئۈزۈمزار چوڭ باغنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئۆيىدە بەش كۇپلېتلىق بىر ناخشا تېكىستى يازدى. باغرىدا قۇربان تەمبۇر ئىسىملىك بىر پېشقەدەم سازەندە بولۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەسرار ئىدى. قۇربان تەمبۇر بۇرۇن شائىر يازغان «قىزىل گۈل»، «قايدىسەن»، «ئىشقىدا پەرياد» شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى يازغان بەش كۇپلېت تېكىستىنى ئېلىپ قۇربان تەمبۇرنىڭ ئۆيىگە باردى. پېشقەدەم خەلق سازەندىسى قۇربان تەمبۇر شائىرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. چاي ئىچىلىپ داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن شائىر ساھىبخانىغا يېڭى يازغان شېئىرىنى كۆرسەتتى. ساھىبخانا قۇربان تەمبۇر بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ كۆرۈپ شائىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا بۇ تېكىستنى خەلق ناخشىسى «گۈل ئاچىل» نىڭ سوۋتوقىغا[1] سالسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ قوزۇقتا ئېسىپ قويغان تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلاپ، تۆۋەن ئاھاڭ بىلەن تېكىستنى بىر كۇپلېت، بىر كۇپلېتتىن «گۈل ئاچىل» نىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتىشقا باشلىدى. شائىر بىلەن پېشقەدەم سازەندە بىر كۈن ھەپىلىشىپ ئاخىر ناخشا تېكىستىنى «گۈل ئاچىل» نىڭ ئاھاڭىغا خېلى ئوبدانلا سېلىپ چىقتى. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، بۇ يېڭى ناخشىغا «ئاچىل» دەپ ئات قويدى.

دەسلەپتە قۇربان تەمبۇر يېڭى تېكىستكە ئاساسلانغان «ئاچىل» نى ئېيتىۋىدى، ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىدى.

---

[1] سوۋتوق — ئاھاڭ.

كىشىلەر «ئاچىل»نى كونا تېكىست بويىچە ئېيتىپ يۈردى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ قۇربان تەمبۇر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تۇي - تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىدا «ئاچىل»نى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان تېكىست بويىچە ئېيتىپ خەلق ئىچىگە تارقاتتى. كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەردىكى ئەنەيتۇللا ئەپەندىنىڭ «ھۆرىيەت مەكتىپى» ۋە كونىشەھەر نەنمۇگدىكى لىتىپ ئەپەندىنىڭ مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا «ئاچىل» نى ئۆگەتتى. 1930 - يىلى كۈزگە كەلگەندە، بۇ ناخشا بالىلارنىڭ ئاغزىدىن چوڭلارنىڭ ئاغزىغا چىقتى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ۋە باغرىدىن بۇيلۇق، يېڭىسار، چاتقال، تۇرپان قىر، يار، يەمشىلەرگىچە تارقالدى. بۇ يېڭى ناخشىنىڭ خەلقنى بىرلىك، ئىتتىپاقلىققا ئۈندەپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغۇچى جەڭگىۋار مەزمۇنى، مۇڭلۇق، لىرىك ئاھاڭى زۇلۇم - ستەمنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇڭا بۇ ناخشا ئۇزاققا قالماي تۇرپاننىڭ يېزا - سەھرالىرىغىچە كەڭ تارقىلىپ، خەلقنىڭ ياڭراق ساداسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

1931 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. «ئاچىل» ناخشىسى ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى. «ئاچىل»نىڭ جەڭگىۋار ساداسى قۇمۇل تاغلىرىدا ياڭراپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنى قورقۇنچقا سېلىۋەتتى.

1931 - يىلى يازدا، تۇرپان ئامبىلى چۇ داخەن تۇرپاندىمۇ قۇمۇلدىكىدەك قوزغىلاڭ يالقۇنىنىڭ تۇتىشىپ قېلىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ، «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتىشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتقان پۇقرالارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاشتەك تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن

دەھشەتلىك زۇلۇم ـ زورلۇق، باستۇرۇشلار باشلاندى.

شائىر سودىگەر كوچىسىدىن كۇنچىقىش تەرەپكە مېڭىپ بۇتخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئىككى يايىسى بىر دېھقانىنىڭ قولىنى قايرىپ باغلاۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قالدى. دېھقان داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ نالە قىلاتتى:

— بۇ قانداق زامان بولدى؟ ناخشا ئېيتقانغىمۇ ئادەم تۇتقان بارمۇ؟ ناخشا ئېيتىشمۇ گۇناھمۇ؟

— بۇ ئامبال جانابلىرىنىڭ يارلىقى، تولا كاپشىماي ئالدىڭغا قاراپ تېز ماڭ! — يايىلاردىن بىرى شۇنداق دېگىنىچە دېھقاننى ئالدىغا ئىتتىردى.

— توختاڭلار!

ئىككى يايى بۇ كەسكىن بۇيرۇق تەرىپىسىدىكى ۋارقىراشتىن چۆچۈپ كېتىشتى ـ دە، مېڭىپ كېتىۋاتقان جايىدا تۇرۇپ قالدى. «توختاڭلار» دېگەن ئادەم ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ ئىككى يايىنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

— بۇ ئادەمنى قانداق گۇناھى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلدىڭلار؟

يايىلار سالاپەتلىك كىيىنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۇرلۇك قىياپىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا دىققەتتە تۇرۇشتى، ئۇلاردىن بىرى:

— شويى، ئامبال جانابلىرىنىڭ «ئاچىل ناخشىسى پۇقرالارنى ھۆكۈمەتكە قارشى غەليان كۆتۈرۈشكە قوزغايدىغان ئەڭ خەتەرلىك ناخشا. كىمكى ئۇنى ئېيتسا، ئۇنداق ئادەم قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ» دېگەن يارلىقى بار. بۇ ئادەم ئامبال جانابلىرىنىڭ يارلىقىنى كۆزگە ئىلماي، «ئاچىل» ناخشىسىنى ئاشكارا ئېيتىۋاتىدۇ. بىز ئۇنى دەل ناخشا ئېيتىۋاتقانىنىڭ ئۇستىدىن تۇتۇۋالدۇق، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يايىغا قاراپ كەسكىنلىك بىلەن دېدى:

— بۇ دېھقان گۇناھسىز، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دەۋاتامدۇ؟ ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئۇنى قويۇۋېتىپ مېنى تۇتۇڭلار، «ئاچىل»

ناخشىسىنىڭ تېكىستىنى مانا مەن يازغان.

بۇ گەپ بىلەن ھېلىقى يايى دۇدۇقلاپ يەرگە قاراپ گېپىنى تاپالماي تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى يايى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا يالۋۇرغان ھالدا:

— جانابلىرى، بۇ ئادەمنى قويۇپ بەرسەكمۇ بولىدۇ. بىراق بىز گىمۇ نېمە ئامال؟ يامۇلدىن بەرگەن تەمىنات تۇرمۇش خەج ـ خىراجىتىمىزگە يېتىشمەيدۇ، ئۆيدە كىچىك بالىلىرىمىز بار. ئامبالنىڭ يارلىقىنى ئىجرا قىلمىساق، كاللىمىزنىڭ كېتىشىدىن قورقىمىز، — دېدى.

— سىلەر بۇ دېھقاننى قويۇۋېتىڭلار، تۇتۇش توغرا كەلسە، مانا مېنى تۇتۇڭلار! — دېدى تەكرارلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

يايىلار كەينىگە داجىشىپ قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىشىپ دېدى:

— ئۆزلىرىدەك يۇرت ئاتىلىرىنى تۇتۇشقا ھەددىمىزمۇ، جانابلىرى.

— بۇ دېھقاننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن يامۇلدىن بۇ توغرۇلۇق بىرەر گەپ بولسا، مېنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار، ئامبالغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن.

— خوش، جانابى شويى.

ئىككى يايى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ بولۇپ، دېھقاننى باغلاقتىن يېشىپ قويۇۋەتتى.

باغلاقتىن بوشانغان دېھقان كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا رەھمەت ئېيتىپ يولىغا راۋان بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىدىكى ئىككى يايىغا قاراپ نېمىنىدۇر ئويلىدى ـ دە، يانچۇقىدىن ئون سەر پۇل چىقىرىپ ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىۋېتىپ دېدى:

— قالايمىقان ئادەم تۇتۇپ پۇقراغا زۇلۇم سالماڭلار، كىمكى پۇقرانى قاخشىتىدىكەن، ئۇنىڭ چوقۇم سورىقى بولىدۇ، سىلەر يامان ئىش قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار.

ئىككى يايى پۇلنى بۆلۈشۈپ ئېلىپ:

— خوش، دېگەنلىرىنى بەجا كەلتۈرىمىز، جانابى شويى، — دەپ تەزىم قىلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

# رەستىدىكى ئىلھاملار

1931 ـ يىلى قىشنىڭ بىر كۈنى ئىدى. ئەكبەرخاننىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر، لىتىپ ئەپەندىلەر پاراڭلىشىپ تۇراتتى. كوچىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن چىلانتورۇق ئاتقا مىنگەن ئابلىزبەگ چىقىپ كەلدى. شائىرنىڭ خىيال قۇشى بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرىكى بىر مەنزىرىگە قاراپ ئۇچتى:

1927 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن رەستىگە چىقتى. ئۇ ئەكبەرخاننىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىۋىدى، ئەكبەرخان بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى ئوغلى مەخمۇتنى يېتىلەپ دۇكاندىن چىقتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئىككى دوست قىزغىن كۆرۈشتى.

— بىر ياققا بارامسىلا؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكبەرخاندىن.

— بۇ بالىنىڭ چېچى ئۆسۈپ قاپتۇ، ساتىراشخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم، — دېدى ئەكبەرخان.

— يۈرسىلە، چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ھېزىم ساتىراشقا بارسىلا، مەنمۇ شۇ تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

كىچىككىنە مەخمۇت شوخ، تىنىم تاپماس بالا ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپ ئوغلاقتەك دىك ـ دىك سەكرەپ، ئۆزىچە بىرنېمىلەر دەپ ناخشا توۋلاپ ئالدىدا يۈگۈرۈپ ماڭدى. ئەكبەرخان بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پاراڭلىشىپ مەخمۇتنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى، ئۇلار بۇتخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ بېرىشىغا، كونىشەھەر تەرەپتىن ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەكبەرخان ئوغلى مەخمۇتنى

ساتىراشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ سىرتتا قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قېشىغا چىقتى. بۇ چاغدا كونىشەھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناغرا ئاۋازى يېقىنلىشىپ يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا كەلدى.

— ئەتىگەندە بۇنچە ھەشەمەتلىك ناغرا چالغان قايسى بەگدۇ بۇ؟

— توي قىلغاندىمۇ ياكى بىرەر ئەمەلگە يارلىق ئالغاندىمۇ؟

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟

ئادەملەر بىر - بىرىگە قارىشىپ شۇنداق دېيىشەتتى.

رەستىدىكى دۇكاندارلار، ھۈنەرۋەن كاسىپلار، كوچىدىكى خېرىدارلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ، ناغرا ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىشىپ ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئادەتتە بەگلەر يېڭىدىن ئەمەلگە مۇشەررەپ بولسا، ئۇنى مۇبارەكلەپ ناغرا چالاتتى. ۋاڭ، خوجىلار، بەگلەر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ توينى قىلغاندىمۇ ناغرا چېلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا ئادەتتە ناغرا چېلىنمايتتى. تۇرپاندا بىر يۇرۇش ناغرا بولۇپ، ياملۇل مەھكىمىسىدە ساقلىناتتى. ياملۇل مەھكىمىسى مەنئى قىلغاچقا، ئادەتتىكى پۇقرالار توي - تۆكۈنلەردىمۇ ناغرا چالالمايتتى. ناغرا چېلىپ توي قىلىش شۇ زاماندا ناھايىتى ھەشەمەتلىك چوڭ داغدۇغا ھېسابلىناتتى.

شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرەپتىن ئارغىماق نەسىللىك قارا گىر ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقان تۆمۈر جىساھاجى رەستىدىن شەرقىي دەرۋازا تەرەپكە قارىشىپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئات ئۈستىدە گىدىيىپ خۇددى شەھەر ئالغان گېنىرالدەك ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغان تۆمۈر جىساھاجى ئۆزىگە سالام بەرگەن كىشىلەرگە جاۋاب سالام قايتۇرۇپ ئېتىنى يورغىلاتقان پېتى ھېزىم ساتىراشىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئەكبەرخان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئامانلىق سوراشتى.

— نېمە گەپ بۇ ئۆزى، ھاجىكا؟ — سورىدى ئەكبەرخان بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ناغرا ئاۋازىغا

قـۇلاق سـېلىۋېتـىپ.

— ھازىر كۆرىدىلا، ئەكبەرخان تۆرەم، ئېمىلىكىنى، — دېدى تۆمۈر جىساھاجى شەرقىي دەرۋازا تەرەپكە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ.

شۇ ئەسنادا شەرقىي دەرۋازا تەرەپتىن ئۈستىگە قىزىل شەلپەر يېپىلغان يوغان پەتنۇسنى ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق مۇھەممەت دايى (يامۇل يايىلىرىنىڭ باشلىقى) كۆرۈندى. ئۇنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنىڭ ئىچىدە تۇرغان مۇھۇر تامغىنى ئىلغا قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاڭ سەھەردىكى بۇنچە داغدۇغىلىق ناغرا ساداسىنىڭ چىقىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندى. ئۇ ئېغىز ئاچقۇچە ئەكبەرخان سورىدى:

— ھاجىكا، كىمگە يارلىق چۈشۈپتۇ؟

— ئابلىزبەگ ھاجىغا باش شاڭيۇلۇقتا يارلىق چۈشۈپتۇ. قاراشىسىلاچۇ، ئەنە ئالدىدا مۇھەممەت دايى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان پەتنۇستىكى باش شاڭيۇلۇق مۆھۈرى. ئابلىز بەگنىڭ ئۆزىمۇ كەينىدىن كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تۆمۈر جىساھاجى.

دەرۋەقە، بويىنىغا قىزىل شەلپەر، تاۋار ـ دۇردۇنلار ئارتىلغان ئاق بوز ئاتقا مىنىپ ئابلىزبەگ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېتىنى يايىلاردىن بىرى يېتىلەپ ماڭغانىدى. ئاتنىڭ ئىككى يېنىدا بەشتىن ئون يايى سوكۇلدىشىپ ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ھارۋىدا ئۇرۇلۇۋاتقان ناغرا، چېلىنىۋاتقان سۇناي ئاۋازى يېڭىشەھەرنىڭ ئۈستى يېپىق بازىرىنى تىترىتىۋەتكەنىدى.

— ھەيرانمەن، توۋا، ئابلىزبەگ بىرەر ھەرپنىمۇ تونۇمايدىغان قارا قورساق ئادەم تۇرۇپمۇ، باش شاڭيۇلۇقتا مۇشەررەپ بولۇپ قالغىنىنى، — دېدى ئەكبەرخان بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم تېپىلمىغاندەك بۇ تەۋەدە.

— باش شاڭيۇلۇق بۇ ئەمەلنى نۇرغۇن بايلار ئاچ قالغان ئىتلار بىر يالاق يۇندىنى تالاشقاندەك قاتتىق تالىشىپ كەتكەنىدى. ئاخىر ئابلىزبەگ ھاجى بۇ تالاشتا ئۇتۇپ چىقـــپتۇ ـ دە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۆمۈرجىسا ھاجىغا قاراپ.

— شۇنداق بولدى، ئاڭلىشىمچە، ئابلـــزبەگ ئوتتۇز مو

يەرنى سېتىپ ئۆيىدىكى پۇللىرىغا قوشۇپ يەرىم جىڭ ئالتۇن ھازىرلاپ، لويى - ئامباللارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، ئۇلارغا باش ئۇرۇپ پارا بېرىپ، مىڭ تەستە بۇ ئەمەلنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، — دېدى تۆمۈرجىسا ھاجى مەسخىرە ئارىلاش نەپرەت بىلەن.

— بۇ ناغرا - سۇنايىنى چالدۇرماق بەك قىممەتكە توختاپتۇ - دە، — دېدى ئەكبەرخان مەسخىرە بىلەن.

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى تۆمۈرجىسا ھاجى بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئۇ ئېتىنى نېرىدىكى بىر تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇپ «ساتىراشخانىغا كىرىپ چىقاي» دەپ ماڭدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئەكبەرخانمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئابلىزبەگكە قاراپ تۇرۇشنى خالاشماي ساتىراشخانىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئابلىزبەگ ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك كەلگەن، قىرىق ياشلاردىكى قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ بېشىغا قاما تۇماق، ئۇچىسىغا بوبرۇك پەلتۇ كىيىپ يۈرەتتى، سېرىق مىس سىمدا ئۆرۈلگەن قامچىسىنى ھەمىشە قولىدىن ئاجراتمايتتى. ئۇ كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ قامچىسىنى ئوينىتىپ ئۇدۇل كېلىپلا قالغان پۇقرانى قاتتىق ئۇراتتى. پۇقرالار ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇ باش شاڭيۇ بولۇپ بىرەر يىلغا قالمايلا تۇرپاندا ئۇنىڭغا «يىلان قامچىلىق بەگ» دېگەن ئات سىڭدى. ئۇ ساۋاتسىز كۆڭلى قارا ئادەم بولۇپ، پۇقراغا ئىنتايىن رەھىمسىز زالىم ئىدى. ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەمەلدار، بايلارنى كۆرسە خۇشامەت قىلىپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كۈچۈكلىنىپ كېتەتتى. ئۇ باش شاڭيۇ بولۇپ بىرەر يىل ئۆتمەيلا، ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق يار يېزىسىنىڭ بەگ مەھەللىسىدە ئۈچ تۈرلۈك پەرمان جاكارلىدى:

1. باش شاڭيۇنى كۆرگەن ھەربىر پۇقرا ئەللىك قەدەم نېرىدىن تەزىم قىلىپ جايىدا تۇرۇپ، باش شاڭيۇ ئۆتۈپ كەتكۈچە قىمىرلىماسلىق. 2. ئات - ئۇلاغلىق پۇقرالار باش شاڭيۇنى كۆرگەن ھامان يەرگە چۈشۈپ ئېھتىرام بىلدۈرۈش. 3. بەگ مەھەللىسىدە پۇقرالار كوچىدا ناخشا ئېيتماسلىق، قولىنى سىلىپ ماڭماي قول قوشتۇرۇپ مېڭىش.

ئابلىزبەگنىڭ بۇ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق تاياق يەپ، ئېغىر جەرىمانە تۆلەپ، ھاشار ئەمگەكلىرىگە سېلىنغاچقا، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغانلار ئاسانلىقچە چىقمايتتى. ئابلىزبەگ يامۇل مەھكىمىسىدىكى پارىخور ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ، ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ھەر يىلى يار يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان يىللىق باج ـ سېلىق، ئاشلىقىنى ھۆددىگە ئېلىۋالاتتى. ئۇ ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ دېھقانلارنى ئالداپ، يامۇلدىن چۈشۈرگەن باج ـ سېلىقنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ يىغىۋېلىپ، ھۆكۈمەتكە بولسا چۈشۈرۈلگەن ساندىكى ئاشلىقنى تاپشۇرۇۋېتىپ، ئېشىپ قالغان نۇرغۇن ئاشلىقنى ئۆزى ئەكېلىۋالاتتى. مۇشۇنداق قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئابلىزبەگ باش شاڭيۇ بولۇپ ئۈچ يىلغا بارمايلا تۇرپاندىكى چوڭ بايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئابلىزبەگنىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان دېھقانلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ھال ئېيتىپ كېلەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئابلىزبەگ بىلەن زاكونلىشىپ، ئۇنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىگە چەك قويغانىدى. شۇڭا ئابلىزبەگ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بەك يامان كۆرەتتى، بىراق ئۇنى «شەھەرنى كۆپ كۆرگەن، كۆپ بىلىدۇ زاكونچى» دەپ، ئۇنىڭدىن قورقاتتى.

ئابلىزبەگ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى كۆرۈپ يېقىنلىشىپ كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى. يۇقىرالار ئالدىدا ئۆزىنى بۇ زېمىننىڭ پادىشاھىدەك سانايدىغان بۇ يەرلىك زوراۋان ئابلىزبەگ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن كۆرۈشكۈچە پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، تىلى كالۋالىشىپ دۇدۇقلاپ كەتتى:

— ھە، ھەر قايسىلىرى تا... تا... تازا تۇگاينى تۇرۇۋاتامىلا كىن، ئەپەندىلەر؟ — دېدى ئۇ تەستە.

— ياخشى، ئۆزلىرىچۇ؟ — دەپ قويدى لىتىپ ئەپەندى ئانچىكىم.

— خۇداغا شۈكۈر، خۇداغا شۈكۈر، ھەر ... ھەر ...

ھەرقايىسىلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ— ... ئابلىزبەگ شۇنداق دەپ بولۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قىينىلىپ دۇدۇقلاپ تەرلەپ كەتتى، بىر پەستىن كېيىن ئاغزىنى ئۈمەللەپ مىتىلدىتىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تېپىۋالدى، — ھەرقايىسىلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ سايىسىدە ناھايىتى ياخشى. ھەر قايىسىلىرىغا كۆپ رەھمەت، مىڭ قەتلە رەھمەت، خۇدايىمغا ئامانەت، خوش، دارىن جانابلىرى چاقىرتىپتىكەن، شەگە كېتىۋاتىمەن.

ئابلىزبەگ خوشلىشىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، كونىشەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابلىزبەگنىڭ كەينىدىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— ھەر قايىسىلىرى كۆردىلەغۇ، بۇرادەرلەر، ئۇ ئادەمنىڭ سۆلتىگە قارىسا، بېشىدا تۇماق، ئۇچىسىدا سوكنى پەلتۇ، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك، بىر مەدەنىيەتلىك ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. بايىقى گەپلەرنى نېمە دېگۈلۈك، بۇ ئادەم بىرەر سورۇنلاردا ئاغزىغا قاق سېلىنىۋالغاندەك گەپ قىلماي ئولتۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئېغىز ئېچىپ قالىدىغان بولسا، ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بىر دۆت ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ، قامچىغا، پارىغا تايىنىپ تاپقان «ئابرۇيى» چۇشۇپ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ. «تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» دېگەن شۇ ـ دە.

— ھەيرانمەن، كۆزى يوق، كور ھۆكۈمەتتە بۇ، مۇشۇنداق نا ئەھلىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈپ چوڭ ئەمەللەرنى بېرىدۇ. بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئوغۇل بالىنى باش كۆتۈرگۈزمەيدۇ، — دېدى لىتىپ ئەپەندى غەزەپلىنىپ.

— شۇڭا، موللا روزىمەت ئاكا «بۇ جاھان بولدى بۇ قىسمەت، بۇ تاماشىنى كۆرۈڭ» دەپ مۇخەممەس يازماپتىمىدى، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ، «شۇنداق» دېگىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شائىرنىڭ چوڭقۇر ئويغا چۆككەنلىكىنى سېزىشكەن دوستلىرى ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۈنچىقماي جىم تۇرۇشتى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە پەرەز

قىلىشقاندەكلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر پەستىن كېيىن شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئەقىلسىزلىق بولۇپ سەنئەت، ھامانە پەيزى ئەھلى خار،
پەلەك ھەم ھەر زامان ئۇشبۇ ئەقىلسىزلەرنى كۆپ ئاسرار،
ئەقىلسىزلەر تېپىپ قۇۋۋەت جاھان ئاسايىشىن بۇلغار،
«كويزا سۇندۇرغان ئەزىزۇ، سۇ كەلتۇرگەن خارۇ زار»،
لېۋىمنى چىشلىبان «خەپ!» دەپ تۇرارمەن جىددىي قىياپەتتە.

زامانە زورۇ زۇمبۇنىڭ، تاماشا ھەم راسا كورنىڭ،
خېرىدارىنى خۇش قىلدى ياراپ مالى تۆھمەتخورنىڭ،
مەردكە چاپلىماق بوھتان كەسپىدۇر قەسەمخورنىڭ،
ھامان تەتۈرسىگە ماڭدى پەلەك «پېشانىسى شور»نىڭ
خەپ! ياقاڭدىن ئالمىسام، ئالۇرمەن تاڭلا قىيامەتتە.
. . . . . . . . . . .

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، شائىرنى ئىزدەپ خاس خانىسىغا كىرگەن ئەكبەرخان يۇقىرىقى مۇخەممەسنىڭ تولۇقلىنىپ چىرايلىق پوچۇركىدا يېزىلغان نۇسخىسىنى ئوقۇپ، «بەك ياخشى يېزىپتىلا، ئىجازەت بەرسىلە، كۆچۈرۈۋالسام» دېدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئەكبەرخان «دەردى دەۋران» ناملىق ئالتە كۇپلېتلىق بۇ مۇخەممەسنى چىرايلىق كۆچۈرۈۋالدى.

# شېئىرىيەت ھېكمەتنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك

1932 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ھويلىسىدىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى خاس خانىسىغا چىقتى. ئۇ ئازادە خانىغا كىرىپ ئۇچۇق تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ شەرققە نەزەر تاشلىدى.

ئۇپۇقتا يىراقتىن قارىغاندا خۇددى يالقۇنجاۋاتقان ئوتتەك قىزىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئىدىقۇت تېغى ئۈستىدىن بىر تېرەك بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش تېخى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي، زېمىنغا ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ قىزىتىشقا باشلىغانىدى. يېڭىشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭ مەسچىت ئالدىدىكى سەينادا ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتاتلىرىغا خېرىدار چىللاپ توۋلاۋاتقان باققاللار، سېتىقچى دېھقانلار، يېڭىشەھەرنىڭ سۈرەن ـ شاۋقۇن بىلەن تولغان مەنزىرىسى شائىرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. ئۇ يېڭىشەھەرنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان كونىشەھەرگە، ئۇنىڭمۇ ئىككى كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك تۇرپان مۇنارى، پايانسىز كەتكەن ئۈزۈمزار باغلارغا نەزەر سېلىپ بىر ھازا تۇردى. ئۇ شېئىرىيەت توغرىسىدا ئويلىناتتى، پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلاتتى. قۇياش نۇرى پېشانىسىنى قىزىتىشقا باشلىغاندا، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— بۈگۈن يەنە قاتتىق ئىسسىق بولىدىكەن ـ دە، — دەپ دېرىزە ئالدىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ قەغەز، دۇۋەت ـ قەلەم قويۇلغان ئۈستەلگە كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۈنۈگۈن ئاخشام بىر قەلەمدىلا يېزىپ تاشلاپ قويغان بىر غەزەل تۇراتتى.

ئۇ كوپىينىي قولىغا ئېلىپ غەزەلنــى ئالدىرىماي قايتا ئوقۇپ چىقىپ، بىرىنچى، ئىككىنچــى كۇپلېتىنىــڭ ئانچە ياخشــى چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئالدى ـ دە، شېئىرنى تۈزىتىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئىسسىپ كەتكەندە، ئۇستەلدە تۇرغان قوش قانىتىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى بىر پەس يەلپۈپ قويۇپلا يەنە ئىشلەپ كېتەتتى. ئۇ چۈشكە يېقىن شېئىرنى تۈزىتىپ بولدى ـ دە، تۈزەتكەن نۇسخىنى بىر ئوقۇپ چىقىپ، قەلەمداندا تۇرغان قەلەمنى ئېلىپ قىزىل سىياھ قۇتىسىغا پاتۇرۇپ سۇتەك ئاق قەغــەزگــە قــان رەڭــگــدىكــى «ئــارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ» دېگەن ماۋزۇنى چىرايلىق قىلىپ يازدى، ئاندىن قولىدىكى قەلەمنى ئالغان جايىغا قويۇپ قارا سىياھلىق قەلەمنى ئېلىپ شېئىرنى كۆچۈرۈشكە باشلىدى:

يار ۋەسلىگە يېتىشتۇر ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ،
بولغۇسى بىر كۈن نېسىپ دەردىمگە دەرمانىم مېنىڭ.

نائۇمىد ئوغلان ئەمەسمەن مىڭ جاپا چەكسەممۇ گەر،
ھۆرلۈكنى تاپماق ۋەتەننىڭ، ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ.

ئىستەكىڭ يورۇتقۇسى، ئۇيغۇر، سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ،
غايىلىك مەقسەت ـ نىشان، شۇلدۇر شەرەپ ـ شانىم مېنىڭ.

ئابدۇخالىق، بولما روھسىز، دەپ يۈرۈپ قىلدىم قەسەم،
كەتسىمۇ باش بۇ يولۇمدا، ئاقسىمۇ قانىم مېنىڭ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنــى كۆچۈرۈپ بولۇپ قەلەمنــى قەلەمدانغا سېلىشىغا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— مەرھەمەت! — دېدى مۇلايىمغىنا ئاھاڭدا.
ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ئابدۇساتتار كۆرۈندى.
— ھە، نېمە گەپ ئۇزى؟ — سورىدى شائىر ئىنىسىدىن.
ئابدۇساتتار تۇرگۈنلۈك بىلەن جاۋاب بەردى:

— مېھمان كەلدى، ھويلىدا ئۈزلەگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتقان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى تاقاپ پەسكە — ھويلىغا چۈشتى.

ھويلىدا ئۇنى دوستى ئابدۇراخمان قارىي بىلەن ئاق يۈزلۈك، قۇش بۇرۇن، تالىپ سۈپەت كەلگەن، يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى بىر يىگىت كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ سالامىتىنى ئىلىك ئېلىپ، ئاۋۋال ناتونۇش يىگىت بىلەن، ئاندىن ئابدۇراخمان قارىي بىلەن قىزغىن قول سىقىشىپ كۆرۈشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارنى:

— خوش، قېنى، مەرھەمەت، — دەپ مېھمانخانا ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىككىيلەن ئەدەپ بىلەن ئالدىدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىردى. مېھمانلار پاتىھە قىلغاندىن كېيىن قولىغا سۇ بېرىلىپ، ئاندىن داستىخان سېلىندى. خىزمەتكار مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىغا جانان چىنىلەردە سوغۇق چاي تۇتتى.

ئابدۇراخمان قارىي سوغۇق چايدىن ئىچىپ تۇرۇپ يېنىدا ئولتۇرغان مېھماننى تونۇشتۇردى:

— بۇ ئەزىز مېھمان قۇمۇلدىن بولىدۇ. ئىسمى شەرىپى ئېزىز نىيازى، مەن ئۇتكەن يىلى لەنجۇغا سودىغا كېتىۋېتىپ بۇ بۇرادىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ ئەسرار بولۇپ قالغان، مۆھتىرەم ئېزىز نىيازى كۆپتىن - كۆپ سىزنى سورىغان ۋە سىز بىلەن كۆرۈشمەككە ئارزۇمەنلىكىنى ئىزھار قىلغانىدى.

ئابدۇراخمان قارىينىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشال ھالدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ دېدى:

— رەھمەت سىزگە، مەنمۇ سىزدەك ئاشىقتا مەشۇقمەن، ئەمما - زە، مەشۇقلۇق ھۆددىسىدىن چىقىش لاياقىتىم يېتەرسىزرەك، شۇنداقتىمۇ مەن سىزگە ئوخشاش دوستلارنى چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن.

ئاق يىشماق يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ئېزىز نىيازى خىجالەت ئىلكىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كۆپ رەھمەت، ئۆزلىرىدەك زامانىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقىمغا ناھايىتىمۇ خۇرسەنمەن، — دېدى تەۋەززۇ بىلەن.

— قېنى، مەرھەمەت ئولتۇرۇڭ، بىز ئۇچۇن بۇنچىۋالا تەكەللۇپ سۆزلەر بىھاجەت،— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئېزىز نىيازى ئورنىغا ئولتۇردى. شۇ ئارىدا خىزمەتكار پەتنۇسلاردا قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم كەلتۈردى. ساھىبخانا مېھمانلىرىنى خالىغىنىدىن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مۇزدەك، شېرىن شەربەتلىك ياز نېمەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ يېيىشىپ، پاراڭغا چۈشتى.

سۆھبەت شېئىرىيەت ئۈستىدە باشلاندى. ئېزىز نىيازى بىر تىلىم تاۋۇزنى يەپ بولۇپ، ياغلىق بىلەن ئاغزىنى ئېرتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ شېئىر ئوقۇش ۋە يېزىشقا تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاددىي، ئۇزۇن ـ قىسقا شېئىرلارنى يېزىشنى مەشىق قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى تارتىنغان ھالدا ئىزھار قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ گويا كونا تونۇشلار ئارا بولىدىغان سۆھبەت، ئولتۇرۇشلاردىكىدەكلا بىرمۇنچە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنى كۇلدۇرۇشكە باشلىدى. ساھىبخانىنىڭ كەمتەر، خۇشخۇي ۋە قىزغىن مۇئامىلىسى ئېزىز نىيازىدىكى قورۇنۇش، تارتىنىشنى تېزلا تۈگەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زېرەكلىك بىلەن مېھمانىنىڭ كەيپىياتىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى كۆزىتىپ ئولتۇرغاچقا، ئېزىز نىيازىغا قاراپ:

— قېنى، يازغان شېئىرىڭىزدىن بىرەرسى يېنىڭىزدا بولسا كۆرۈپ باقايىنى، — دېدى.

ئېزىز نىيازى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، يانچۇقىدىن شېئىر يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىككى قوللاپ شائىرغا سۇندى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېزىز نىيازىنىڭ قومۇل ۋاڭنىڭ زۇلمى، بەگلەر، تەييار تاپ بايلار توغرىسىدا ۋە ياشلارغا قارىتا يېزىلغان بۇ ھەجۋىي شېئىرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتى ـ دە ، ئۆزىگە

زور ئۇمىدتە ئىخلاسمەنلىك بىلەن قاراپ ئولتۇرغان ئېزىز نىيازىغا ئىلھام بېرىپ:

— بۇ شېئىرىڭىز بولىدىكەن، تىرىشىپ سەئى ئىجتىھات قىلسىڭىز، كەلگۈسىدە ياخشى شائىر بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىسىز، — دېدى.

بۇنداق باھانى كۈتمىگەن ئېزىز نىيازى قاتتىق تەسىرلىنىپ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. ئېزىز نىيازى قويۇن دەپتىرىنى چىقىرىپ ئۇستازىنىڭ لېكسىيىسىنى يېزىۋېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك شائىرنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇدۇللۇق يېزىپ ئولتۇردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— تىرىشىش، سەئى ئىجتىھات قىلىش، بەل قويۇۋەتمەي ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىش — مەقسەتكە يېتىشنىڭ داغدام يولىدۇر. ھېچكىم تۇغما شائىر بولغان ئەمەس، ھەممىسى تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن كەلگەن. چەت تىللاردىن ئاز - تولا سەۋىيە بولغاندا، شېئىرىيەت زىننىتى تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. مەسىلەن، ئۇستاز نەۋائى، فۇزۇلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرسەك، بۇنى ئوچۇق ھېس قىلىمىز. ئۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانغا مەشھۇر يۇقىرى دەرىجىلىك شائىر ۋە پەيلاسوپلىرى ئانا تىلىدىن باشقىمۇ چەت تىللارنى بىلگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا مىقياسىدا زور ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. مانا شۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئوقۇش كېرەك.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزلەشتىن توختاپ مېھماننى ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزىمۇ سوغۇق چايدىن بىر ئوتلاپ چىنىنى داستىخانغا قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئىجادىيەت يارىتىشتا مەقسەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىل سەنئىتى ھەم ئالاھىدە مۇھىمدۇر. ئەدەبىياتتا تىل سەنئىتى — ھەربىر مىللەتنىڭ ئەينىكى.

دېمەك، ياخشى ئەسەر سىزدەك ھەۋەسكارلارغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. شېئىر بولسۇن، نەسر بولسۇن، جانلىق، ئەمەلىي بولسا،

ئوقۇغانلار قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، پايدىلىنالايدۇ. ئەرەبلەر شېئىرغا بەك يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ شېئىر ھەققىدە مۇنداق بىر سۆزى بار: «شېئىرىيەت ھېكمەتنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك، شۇنداقلا باشقىلارنى ئۆزىگە سېھرىي كۈچ بىلەن جەلپ قىلىشىمۇ كېرەك». بىر ئەزەربەيجان شائىرى شۇنداق دەيدۇ: «شېئىرىي پىكىر شۇ قەدەر جەزبىلىك ۋە قۇدرەتلىكتۇركى، ئۇنىڭ يېنىدا باشقىلار سۇنۇق ۋە روھسىز كۆرۈنىدۇ». بۇ ھەقتە مىسال كەلتۇرسەك گەپ جىق، ئۇلارنى شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىق شائىرنىڭ تىرىشچانلىق روھىغا باغلىق.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، خىزمەتكار چەينەك كۆتۈرۈپ كىردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزىدىن توختاپ، خىزمەتكارغا يېنىدا تۇرغان قۇش قانىتىدىن ياسالغان يوغان يەلپۈگۈچنى شەرەت قىلىۋىدى، ئۇ چەينەكنى داستىخانغا قويۇپ يەلپۈگۈچنى ئېلىپ تەرلەپ كەتكەن مېھمانلارنى يەلپۈشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى چىنىلەرگە ئۆزى چاي قويۇۋېتىپ، ئېزىز نىيازىدىن قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى سورىدى. ئېزىز نىيازى شائىرغا قۇمۇلنىڭ ئەھۋالىنى قىسقا، مېغىزلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېزىز نىيازىغا قاراپ دېدى:

— قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زالىملىقى، ياشلارنىڭ غاپىللىقى توغرىسىدا يازغان ھەجۋىي شېئىرىڭىز ئوبدان يېزىلىپتۇ، مۇشۇنداق شېئىرلارنى كۆپ يېزىش كېرەك. بىزدىكى غەپلەت بالاسىدىن بېتىۋاتقان ئېزىلىش، مەھكۇملۇق نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە؟! بىچارە مىللەتنى باش كۆتۈرتمەي بولۇۋاتقان ئۇگالچىلىقلارنىڭ ئاساسىي ئاملى يۇقىرىسى فېئودال مىلتارىستلار بولۇپ، يۇرتىمىزدىكىلىرى جاڭجۇڭ، دوتەي، شەتەي، لويى، دارېن، ئۆزىمىزدىن چىققان زالىملاردىن ۋاڭ، بەگ، جىسا، شاڭيۇلارغا ئوخشاش خائىن، قانخورلار، ئەمما بىزدە بۇنداقلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا ئىقتىدارلىق، باتۇر يۈرەك قەھرىمانلار بار بولسىمۇ، باش كۆتۈرتمىگەنلەر يەنىلا يۇقىرىدىكى

ساتقۇنلار، كەلگۈسىدە يۇقىرىقىلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ھۆرلۈك، باياشات كۈنلەرگە يېتىشىدىغان نۇرلۇق كۈنلەر ئالدىمىزدا. بۇ ھەقتە ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسى ئەۋلاد ئۇلۇغ ئۈمىد تۇغىنى تىكلەشكە ھازىر تۇرۇپتۇ.

ئەمدى، مەدەنىيەتتىن بىخەۋەر شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلگەن بېخىل بايلارغا كەلسەك، ئۇلارغا لەنەت، نەپرەت! ئۇلار خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇشتەك خوتۇن بېدىكلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۈچ - تۆت خوتۇن ئالغانلىقىغا خۇش بولۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار مەدەنىي - مائارىپ، دارىلمۇئەللىمىن، دارىلئېتام دېگەندىن تامامەن بىخەۋەر، دۇنيادىن بىخەۋەر مۇشۇنداقلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر.

دىنىي ئالىملىرىمىزدىن تېخى ئۈمىد يوق، مۇنەۋۋەر ئەمەس، ئىلىم ئوقۇشتىكى كۆزقاراشلىرىدا پەقەت دىنىي ئىلىمنى ئاساسىي ئىلىم دەپ، پەن ئىلىمگە تۆۋەن نەزەردە قارايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق زىيانلىق قاراشلىرى نەتىجىسىدە ياش ئەۋلادلىرىمىز ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قېلىپ، يامان ئاقىۋەتلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، خىزمەتكار كىرىپ تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاماقنى ئەكىرىشنى بۇيرۇدى. تاماق داستىخىنى سېلىنىپ لېگەنلەردە راسا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پېتىر مانتا كەلتۈرۈلدى، ساھىبخانا مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

مەززىلىك پېتىر مانتىنى ئىككى مېھمان ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن ئېزىز نىيازى قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا تەڭلا ھويلىغا چىقتى. ئۇلار ھويلىدا شامالدىغاچ، بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرۇشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسى ئابدۇساتتارنى يېنىغا چاقىرىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى خاس خانىغا چىقىپ چۈشتىن بۇرۇن كۆچۈرۈپ قويغان «ئارزۇ - ئارمانىم مېنىڭ» دېگەن غەزەلنى ئېلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئابدۇساتتار ھايالشىمايلا، چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن بىر ۋاراق كوپىينى ئېلىپ چۈشتى. ئابدۇخالىق

ئۇيغۇر كوپىينى قولىغا ئېلىپ دېدى:

— قەدىرلىك ئېزىز نىيازى، بۇگۈنكى غەنىيمەت ئۇچرىشىشىمىزنىڭ نامۇ نىشانى سۈپىتىدە بۇ غەزەلنى سىزگە تەقدىم قىلاي.

خۇشال بولغىنىدىن ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى باسالمىغان ئېزىز نىيازى ھەشقاللا، رەھمەت ئېيتىپ، كوپىينى ئىككى قوللاپ ئېھتىرام بىلەن ئېلىۋېتىپ دېدى:

— ئۇستازىم، بۇ يوللۇقلىرىنىڭ قىممىتى مەن ئۇچۇن قانچە سەرلەپ ئالتۇندىنمۇ ئارتۇق.

— قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، يېڭىلىقلار بولسا، خەت ئارقىلىق يېزىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەۋەززۇ بىلەن تۇرغان ئېزىز نىيازىغا.

ئېزىز نىيازى بۇنى چىن قەلبىدىن ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىردىنلا نېمىنىدۇر ئويلاپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئېزىز نىيازىغا قاراپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ھىممىتىڭدىن، غەيرىتىڭدىن ئۆل، لېكىن ئايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر، قايرىلمىغىل.

مانىئىڭ[1] كۆپ بولسىمۇ، قورقماي ئۈزۈپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇ تاش، دەريا ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل.

ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە، ياغەرق بول، يا تاپ گۆھەر،
شىرنە يولۋاس كەبى باسقىن ئىزىڭدىن يانمىغىل.

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ، سەككىز تەرەپ تىغ تەگلىسە،
ئېلىشىپ قانغا بويال، نومۇسنى ھەرگىز ساتمىغىل.

---

[1] مانىئىڭ ـ توسقۇنلۇق، توسالغۇ.

كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۇ نىچۇك بولغاي كېيىن دەپ، يوق خىيالغا قالمىغىل.

سەن ۋەتەن، مىللەت دېسەڭ، تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر، ئالىي نىشان، كۆلچەك بۆلاقغا قانمىغىل.

ئەي نىيازى، ئابدۇخالىقنىڭ سۆزى دەپ ئېتىبار قىلماي قىلىپ،
ئۇشبۇ ۋىجداننى كېيىن پۇتمەس ئازابقا سالمىغىل.

زېھنى ئۆتكۈر، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولغان ئېزىز نىيازى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ غەزىلىنى قەلب خاتىرىسىگە ئۆچمەس نەقىش قىلىپ ئورنىتىۋالدى.

(ئېزىز نىيازى يۇقىرىقى ئىككى پارچە شېئىرنى 1986 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى مەخمۇت زەئىدىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.)

# ئىككى خەمەك، ئىككى كۆرە بۇغداي

بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بازار ئارىلاپ قايتىپ كېلىپ هويلىدا قولىنى يۇيۇۋاتاتتى. دەرۋازىدىن ئون ياشلاردىكى ئىنىسى ئابدۇساتتار بىلەن يەتتە ياشلاردىكى سىڭلىسى بۇۋىخەلچەم يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ دېگۈدەك دەرۋازا ئالدىدا بويى ئېگىز، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن، ئۈچىسىدىكى كونا ماتا يەكتىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئالدىدىن مەيدىسىدىكى تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، ساقال - بۇرۇتلىرىغا ئاق سانجىلغان، قىرىق سەككىز ياشلاردىكى بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ هويلىغا كىرمەك بولۇپ دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە ئىككى - ئۈچ قەدەم مېڭىپ توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئازادە، خۇددى چىنىدەك پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان هويلا - ئارامنى كۆرۈپ بىردىنلا قورۇنۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغاندى. ئۇ توپا - چاڭ باسقان، زاغرا ناندەك يېرىلىپ كەتكەن، كېلەڭسىز يوغان پۇتىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقاندەك سول پۇتىنى ئوڭ پۇتىنىڭ كەينىگە يوشۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇساتتار بىلەن بۇۋىخەلچەمگە قاراپ ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە، ئۇ ئىككىسى غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ قېلىپ ئالدىغا چامداشقا پېتىنالماي تۇرغان يالاڭ ئاياغ ئادەمنى كۆردى - دە، سەمىمىي هالدا:

— كېلىڭ، مەرھەمەت! — دېدى.

بېشىدىكى قۇندۇزدەك قاپقارا چېچى پارقىراپ تۇرغان،

ئۇچىسىدىكى ئاق پاڭچۇ كۆڭلىكى سۇر سارجا شىمىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان، پۇتىدىكى سېرىق خۇرۇم ئايىغى ۋالىلداپ تۇرغان بۇ ئىسسىق چىراي ئادەمگە قاراپ يالاڭ ئاياغ مېھماننىڭ كۆزى قاماشقاندەك بولدى. ئۇ ھەيرانلىقتا كۆزىنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ «ياپىرىم، بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ؟ خۇددى چۆچەكلەردىكى ھۆر - پەرىزاتلارغا لايىق بىر قىران يىگىتنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ، مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلارنىڭ دېگەنلىرى يالغان ئەمەسكەن - دە، توۋا، ئابدۇخالىق نەزمىكەش دېگەن كاتتىمىز مۇشۇ ئادەم ئىكەن - دە» دېگەنلەرنى ئويلاپ دېلىغۇللۇقتا قالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولىنى ئاپئاق چۈچىلىق ياغلىقتا ئېرتىپ بولۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى - دە:

— كېلىڭ دەيمەن، ئىشىك ئالدىغا كەلگەنىكەنسىز، ھويلىغا تارتىنماي كىرىڭ، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن. ئۇ ئادەم بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قارىۋېتىپ شاپ - شۇپ قىلىپ ئۇيەر - بۇيەرنى دەسسەپ نەچچە چامداپلا، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ سالام بېرىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ ئۇنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئادەم سۇپىغا سېلىنغان، كۆزنى ئوتقاشتەك چاقنىتىپ تۇرغان يېڭى خوتەن گىلىمىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي، كىرلىشىپ قالغان ماتا - تامبىلىنىڭ ياماق سېلىنغان تىزىنى سىلاپ ئۆرە تۇرۇپ قالدى.

— قورۇنماي ئولتۇرىۋېرىڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوچۇق - يورۇق ھالدا.

ئۇ ئادەم سۇپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ گىلەمنىڭ مويىنى سىلاپ قويۇپ ئاۋايلاپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سورىدى:

— كىم بولىسىز؟ سىزنى نەدىن سورايمىز؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا مەزىن ئاخۇنۇم ئەزان ئېيتىپ قويغان ئېتىم ئەنەيتۇل، لەقىمىم يالاڭ ئاياغ، ئۆيۈم خېنىمجايدا. «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دەپ، ئەپەندىم، مەن بىر نامرات ئادەم بولغاچقا، مېنى كۆپ ئادەملەر تونۇمايدۇ، ھى - ھى - ھى! — دېدى ئەنەيتۇل ئاخۇن تامبىلىنىڭ ياماق سېلىنغان تىزىنى يەنە سىلاپ.

— ئابدۇساتتار! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسىنى چاقىردى.

— لەۋەي، ئاكا! — دېگىنىچە، ئابدۇساتتار ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسىغا بۇيرۇدى:

— ئەنەيتۇل ئاخۇنغا ئۇسسۇلۇق كەلتۈر!

— بولىدۇ، ھازىر ئەپچىقاي، — دېگىنىچە، ئابدۇساتتار ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنەيتۇلدىن سورىدى:

— نېمە ئىش بىلەن مەشغۇلسىز؟

ئەنەيتۇل پاتىڭنى قاشلاپ، يالاڭ ئاياغ پۇتىغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاتا كەسپىم — قوغۇنچىلىق، ئەپەندىم.

— بۇ يىل قوغۇنىڭىزنىڭ ھوسۇلى قانداقراق؟ قوغۇن ئوخشىدىمۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا، قىلغان ئەجرىمگە تۇشلۇق بۇ يىل قوغۇنلار ئالامەت ئوخشاپ سايىنىڭ تېشىدەك چۈشكەن. «گادايىنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۆرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، قوغۇنلارنىڭ بۆرۈننى بازارغا ساتقىلى ئاپارسام، يامۇلنىڭ چېرىكلىرى بۇلاپ كەتتى، قارىسىلا، مەن ئاچچىقىمنى باسالماي «ئامبالغا ئەرز قىلىمەن» دېسەم، ھەقەمسايىلىرىم «بۇ چېرىكلەر دېگەن كىچىك بۇلاڭچى، ئامبال دېگەن ئۆزى چوڭ بۇلاڭچى

تۇرسا، ئوغرى ئوغرىنىڭ قاياشى دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، ھەي ھېقىيىسىز[1] يالاڭ ئاياغ، دۇمبەڭ قىچىشىپ تاياق يېگۈڭ كەلگەن بولسا، يامۇلغا ئەرز قىل» دېۋىدى، قورقۇپ ئۇن چىقىرالمىدىم. ۋادارىخا، قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ؟ كۈندىن ـ كۈنگە يۇرت قىستاڭچىلىق، پۇقرالارنىڭ كۈن ئالمىقىمىز تەس بولۇۋاتىدۇ. ھەي، بىز نامرات خەلقنىڭ دەردىگە كىم يېتىدۇ؟ ئەرزىنى كىم ئاڭلايدۇ دەيلا!

ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغ ئېغىر ئۇھ تارتىپ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ جىمىپ قالدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇتقان چىنىنى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ، غۇرتلا قىلىپ بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىپ بولۇپ پىيالىنى ئالدىدىكى پەتنۇسقا قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «قېنى، سۆزلەڭ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئېڭىكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇي ئىگىسىنىڭ ئۇنى كەمسىتمەيلا قالماستىن، بەلكى تەڭ كۆرۈپ، ئوچۇق ـ يورۇق، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشى ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغنى تارتىنىش، قورۇنۇش ۋە ئۇزىنى پەس كۆرۈش ئىلكىدىن ئازاد قىلدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بېشارىتىنى چۈشىنىپ، دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— يامۇلنىڭ چېرىكلىرىنىڭ زورىدىن بىزنىڭ كۈنىمىز بەك تەس بوپكەتتى. ئاگالقى ئازنە ئاخشىمى خۇپتەن نامىزىدىن يېنىپ كېلىپ ئالچۇقتا[2] ياتقانىدىم. تۆت چېرىك پەيدا بولۇپ ئايدىڭدا قوغۇنلۇقنى دەسسەپ، چەيلەپ بىساپا قىلىپ تۇگەشتۇرۇۋەتتى. بىر ـ ئىككىنى يېگەن بولسا مەيلىدى، ئۇنداق قىلماي ئۇزىدىغاننى ئۇزۇپ، ئۇرۇپ ـ چېقىپ، تاشلاپ، ئېتىپ ناھايىتى جىق زىيان سالدى. بىر ئۇينىڭ بىر يىللىق تىرىكچىلىكى

---

① ھېقىيىسىز — ئەقىلسىز.

② ئالچۇق — قوغۇنلۇققا قارايدىغان ساتما.

شۇ قوغۇن بىلەن بولىدىغان تۇرسا، مەن ئالتە ئاي ياز قان ـ تەر ئاققۇزۇپ ئەمدى شۇنچە قىلسام، بۇلاڭچى چېرىكلەر ئاشۇنداق قىلدى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋىدىم، ئۇلار غانجۇراپ① قالغان ئىتلاردەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇرۇپ ھالىمدىن كەتكۈزدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يامۇل چېرىكلىرىنىڭ بۇنداق زوراۋانلىقىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ سۇپىدىن يەرگە چۈشۈپ، سۇپىنىڭ ئالدىدا قولىنى كەينىگە قىلىپ بىر نەچچە قېتىم ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ ئەنەيتۇل ئاخۇننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى ـ دە:

— سىزگە قاتتىق ئۇگالچىلىق بوپتۇ، يامۇلنىڭ ئۇ ئەبگا چېرىكلىرىنىڭ ئۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ پۇخراغا زورلۇق ـ زۇمبۇلۇق قىلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا قەتئىي يول قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك، — دېدى قولىنى شىلتىپ قەتئىيلىك بىلەن.

— بەللى، ئاغزىلىرىغا مۇشتتەك ناۋۇتىم بولغان بولسا سېلىپ قويۇردۇمغۇ ھازىر، — دېدى ئەنەيتۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىنىنى بىرى ـ بىرىگە سۇركەپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ:

— قېنى ئولتۇرۇڭ، پاراڭلىشىمىز، — دېۋىدى، ئەنەيتۇل جايىغا ئولتۇردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە ئۇسسۇزلۇق قويۇۋېتىپ دېدى:

— يەنە قانداق دېشۋارچىلىقتا ئۇچرىدىڭىز؟

ئەنەيتۇل ئورنىدىن قوپۇپ ئىككى پۇكۈلۈپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— مېنىڭدەك بىر يالاڭغىداقنىڭ دەردى ـ سەرىمنى ئاڭلاپ ھالىمنى سورىغانلىقلىرىغا مىڭ مەرتەم رەھمەت! بۆزنىڭ ئۇزۇلگەن

---

① غانجۇراپ — غالجىر بولۇپ قالغان دېگەن مەنىدە.

يېپى تولا، نامراتنىڭ گېپى تولا، دەپ، جىق گەپ قىلىۋەتتىم.

— ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلىڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئەنەيتۇل «خوش، شۇنداق» دەپ ئورنىغا ئولتۇرۇپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى:

— ھېلىغىچە بۇ قوغۇننى گۈچۈڭگە ئەپچىقىپ بىر نۆۋەت سېتىپ ئىككى تاغار بۇغداي غەملىۋالۇردۇم، ئۆتكەن يىلى كۈزدىن تارتىپ بۇ يىل ئەتىيازغىچە قۇمۇلغا لەڭ[1] توشۇش ئالۋىنىغا تۇتۇلۇپ ئېشەك ھەيدەپ تۇرپاندىن قۇمۇلغا قاتنىدىم. يول ئازابىنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ. دۇنيالىقتا ئىككى ئېشىكىم بار ئىدى، ھەر يىلى يازدا قوغۇن ئارتىپ گۈچۈڭگە ئاپىرىپ بۇغدايغا تېگىشىپ، شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان. قىشتا قۇمۇلغا لەڭ ئەپكېتىۋېتىپ يەتتە قۇدۇقتا جۇدۇنغا ئۇچراپ ئېشەكنىڭ ئىككىسىلا توڭلاپ ئۆلدى. ھېلىمۇ تەلىيىمگە خۇدايىم ساقلاپ ئۆزۈم ساق قالدىم، مانا ئەمدى ئېشەكلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ قوغۇنلىرىمنى تاغ ئارقىسىغا ئاپىرالمايۋاتىمەن.

— خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تاغچى پالگانلىرى توغرىسىدا قانداق خەۋەر ئاڭلىدىڭىز قۇمۇلدا؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىزىقىپ.

— ۋاي شائىرىم، يەتتە قۇدۇقتىكى شىبىڭ زىخۇينىڭ[2] چېرىكلىرى ھاجىمنىڭ گېپى چىقسا قورقۇپ ئىشتىنىغا سىيىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ، تاغچى پالگانلار ئۇ بىر نېمىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ چاشقان تۆشۈكى ساراي قىلىۋېتىپتۇ. ئۆتكەن يىلى 10 - ئاينىڭ دەسلىۋانىسىدا يەتتە قۇدۇققا لەڭ ئاپىرىپ كېچىسى قونۇپ قالدۇق، ئەمدى كۆزىمىزگە ئۇيقۇ ئىلىنىۋىدى: «زىۋازىلار[3] كەلدى!» دېگەن بىر چۇقان ئاڭلىنىپ، «پاڭ - پۇڭ، تاڭ - تۇڭ»

---

① لەڭ — ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ئاشلىقى دېگەن مەنىدە.

② شىبىڭ زىخۇي — شىبىڭ شىسەي.

③ زىۋازى — ئوغرى.

مىلتىقلار ئېتىلىپ، ئالەم ـ مالەم بوپكەتتى. بىز يە قېچىشنى، يە مۈكۈشنى بىلەلمەي تۇرغىنىمىزدا، ئېتىشىش توختىدى. كېيىن ئۇقساق، چېرىكلەر بىر ـ بىرىدىن چۆچۈپ ئۆزئارا ئېتىشىپ قاپتىكەن. شۇ قېتىم تاغچى پالگانلار توغرىسىدا مۇنۇ قوشاقنى ئاڭلىدىم:

تاغچىلار ئەجەب باتۇر،
تاشنىڭ ئارقىدا ياتۇر.
قولىدا پەرەڭ مىلتىق،
ئوننى قوشلاپ بىر ئاتۇر.

قۇمۇل دېگەن يەرلەردە
ئېگىز سوقەان شەر بارمۇ؟
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغان
تاغلىقلاردەك ئەر بارمۇ؟

ئەنەيتۇل ئاخۇن ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلاپ سۆزدىن توختىدى. ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئەنەيتۇل قولىدىكى پىيالىنى پىرقىرىتىپ ئولتۇرۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردىنى يەنە تۆكۈشكە باشلىدى:

— دارىن ـ ئامباللار ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ زۇلمى ئاز كەلگەندەك، باي ـ غوجاملار، يەر ئىگىلىرىمۇ بىزدەك نامراتلارنى غانجۇراپ قالغان ئىتلاردەك تەرەپ ـ تەرەپتىن تالىغىلى تۇردى. ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن بىزدەك نامرات دېھقانلارنىڭ ھازىر بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قېتىپ كەتتى. ھازىر بىزنىڭ يىلىكىمىز ئۈزۈلۈپ، ھالسىراپ، جېنىمىز تۈمشۇقىمىزغا كېلەيلا دەپ قالدى. زالىمنىڭ زۇلمىدىن ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ تۈگەشتى، بەزەنلەر ياقا ـ يۇرتلارغا كېتىشتى،

بىزدەكلەر جان تالىشىپ يۈرۈپتىمىز، كىمنىڭ قىنىمىز تۆكۈلگەن يەر دەپ، ئاھ، دەردىما! .

ئەنەيتۇل قولىدىكى چىنىنى پەتنۇسقا قويۇپ يىرىك ساقال ـ بۇرۇت باسقان يۈزىگە سىرغىپ چۈشكەن ياش تامچىلىرىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتىۋېتىپ جىمىپ قالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، سۇپىدىن پەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى ئاقىرىپ، قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالغانىدى. ئۇ بىر مىنۇتچە ئۆيلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

. . . .
تىنچ ياتقان پەقىر پۇقرا،
سەبىي مەسۇم ئوغۇل ـ قىزنىڭ،
ئىچىپ قانىنى، ئاپەتلەر —
چاچقۇچى ۋەھشىي زالىملار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر ئوقۇشتىن توختاپ ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغقا قاراپ، قەتئىيەت بىلەن قولىنى شىلتىپ دېدى:

— بۇنداق ھالەتكە خاتىمە بېرىش كېرەك. بۇنىڭغا چىداشقا زەررە تاقەت قالمىدى.

— قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجىم نۇسرەت تېپىۋاتامدۇ، بىزنىڭ بۇ تۇرپاندىمۇ ھاجىمدەك ئادەملەر چىقىپمۇ قالۇر. ئەگەچەندە ئىش شۇ يەرگە يەتسە، مانا مەن ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغ جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغ شۇنداق دەپ تارشىدەك مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە ئىككىنى ئۇرۇپ، پەتنۇستىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن ئوتلاپ سۆزدىن توختىدى.

— ئۇنداق پەيت پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئىشەنچ

بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر ھازادىن كېيىن ئەنەيتوّلدىن سورىدى:

— سىز بىر ئىش بىلەن كەلگەنمۇ؟

ئەنەيتوّل ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتقەتكەندىن كېيىن ئوڭايسىزلىنىپ دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— نې ـ نېمە، نېمە دېسەم بولۇر، دابايا بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز بالا باغرى تەرەپتىن كېلىپ قوغۇنلۇقۇمغا كىردى، ئالچۇقتا قاراپ ئولتۇرسام، بىرى بىردىن خەمەكنى ئۈزۈپ بازار تەرەپكە قاچتى. مەن «مۇشتۇمزورلارغۇ مېنى بوزەك تاپسۇن، ئەمدى مېنى ئاني تاپمىغان ئاشۇ شۇمتەكلەر قاپتىكەنمۇ» دەپ ئاچچىقىمغا پايلىماي، ئۇ ئىككىسىنى قارا كۆرۈپ كەينىدىن ماڭدىم، ئۇلار يۇگۇرگەنچە كېلىشىپ مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەستاغپۇرۇللا، مەن ئۇ باللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇكىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، ھەي، كەينىدىن قوغلايمەنمۇ، قولىغا تازا پىشقان ئوينىغۇچ تۇتقۇزۇپ قويۇردۇم.

ئەنەيتوّل يالاڭ ئاياغنىڭ قورۇق باسقان چىرايى خىجىللىقتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تامبىلىنىڭ يامىقىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئابدۇساتتار، بۇۋىخەلچەم! — چاقىردى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆيگە قاراپ.

— لەۋەي ئاكا! — دېيىشىپ، ئابدۇساتتار بىلەن بۇۋىخەلچەم بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيدىن چىقتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىغا كېلىپ ئۆزىگە «نېمە ئىش» دېگەندەك قارىشىپ تۇرغان ئۇكىلىرىدىن سورىدى:

— سىلەر باغرىدىن كېلىۋېتىپ نېمە ئىش قىلدىڭلار؟

ئىككى بالا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشتىن باشقا، گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى.

— راستىنى ئېيتىڭلار! ھە، ئابدۇساتتار گەپ قىل!

ئاكىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى تۇيغان ئابدۇساتتار «شىرت - شىرت» قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ، سىڭلىسى بۇۋىخەلچەم بىلەن بىردىن خەمەك ئۇزۇۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغدىن ئەپۇ سوراپ دېدى:

— مەن سىزگە ناماقۇل بولاي، ھازىر زىياننى تۆلەپ بېرەيلى، مەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن.

ئەنەيتۇل يالاڭ ئاياغ ئورنىدىن تۇرۇپ سۇپىدىن يەرگە چۈشۈپ قول قوشتۇرۇپ تەۋەززۇ بىلەن دېدى:

— مەن ئالدىلىرىدا بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن، مەن راستىنلا بىلمەي بۇ يەرگە كىرىپ قاپتىمەن، ھېلىغۇ ئىككى خەمەككەن، ئىككى تاغار قوغۇننى ئالغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇكىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، ئېغىز ئاچماستىم، راست گەپ، مەن ياناي.

— توختاڭ، سەل تەخىر قىلىڭ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنەيتۇلغا شۇنداق دەپ بولۇپ، غوجىدارنى چاقىردى:

— نەسرۇللا ئاكا!

باش غوجىدار نەسرۇللا ھازىر بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا بۇيرۇدى:

— بۇ ئادەمگە ئىككى كۆرە[1] بۇغداي بېرىڭ، ئۇنىڭ تاغىرىمۇ، بۇغداينى باغرىغا ئەپچىقىپ كېتىدىغان ئۇلىغىمۇ يوقكەن، ئايىت ئېشەكنى توقۇپ ئەپچىقىپ بەرسۇن، ئۇ بۇغداينى ئۆيىگە يەتكۈزۈۋالسۇن.

---

① كۆرە — ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب، بىر كۆرە ئاشلىق قىرىق جىڭغا باراۋەر.

— خوش!

ئۇلار ھويلىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى ئۇكىسىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئۇلارغا پەندى - نەسىھەت قىلىپ دېدى:

— كىشىنىڭ نەرسە - كېرىكىگە قول ئۇزاتقۇچى بولماڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، كىشىنىڭ ھەققىگە قول ئۇزارتىپ ئوغرىلىق قىلىش پەسكەشلىك، نومۇسسىزلىق، ئوغرىلار ئىنسانىي غۇرۇرىنى يوقاتقان ئىككى پۇتلۇق ھايۋانلاردۇر. دۇنيادا ئەڭ قەبىھ يامان ئىشنىڭ بىرى ئوغرىلىق، بۇگۈنكى بۇ قىلىقىڭلارنى ئىككىنچى قايتا تەكرارلىماڭلار.

# ئەڭ مۇھىم ئىش

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1926 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ ئالغاچ كەلگەنىدى. مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تۇرپاندا كىنو قويۇشنى مەنئى قىلغاچقا، شائىر بۇ ئاپپاراتنى ئۇرۇمچى ئۇچتاشتا ئولتۇرۇشلۇق جامال مۇتىئىنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەر يىلى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇمچىگە چىقىپ جامال سەيپۇڭنىڭكىدە تۇراتتى. ئۇلار كىنو قويۇپ كۆرەتتى، پاراڭلىشاتتى. ئۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە جامال سەيپۇڭنىڭكىدىن باشقا يەردە كىنو ئاپپاراتى يوق دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئەزەلدىن كىنو كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ، ئۇنى «شەيتان ئويۇنى» دەپ ئاتىشاتتى. كېيىنكى چاغلاردا جامال سەيپۇڭغا بۇ بىر لەقەم بولۇپ سىڭىشىپ قېلىپ، ئادەملەر چاقچاق - ھەزىل قىلىپ ئۇنى «جامال شەيتان» دەپمۇ ئاتىشىپ يۈردى.

1932 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇرۇمچىگە چىقتى. ئۇ سەنشىخاڭزىدىكى ئۆيىدە[①] ئۇزۇن تۇرمايلا، ئۇچتاشقا جامال سەيپۇڭنىڭ ئۆيىگە باردى. جانجىگەر ئاغىنىسىنى كۆرگەن جامال سەيپۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، شائىرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى چوڭ زىياپەت

---

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇمچى سەنشىخاڭزىدا قورۇ — جايى ۋە دۇكىنى بار ئىدى.

ئۆتكۆزۈپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كاتتا مېھمان قىلدى، زىياپەتتىن كېيىن كىنو قويۇپ بەردى. كىنو تۈگەپ مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ تارقىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. مېھمانخانىدا ساھىبخانىدىن باشقا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئۇنىڭ پېشقەدەم ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموف، لۇكچۇنلۇك سەنخۇچىڭ لەقەملىك سودىگەر نىياز قاتارلىق ئۈچەيلەن قېلىشتى.

— چاي ئەكىرىڭلار، — دېدى تاشقىرىقى ئۆيگە قاراپ جامال مۇتىئى.

— بىر مۇھىم ئىش بار مەسلىھەتلىشىدىغان، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جامال مۇتىئى بىلەن ئەلى ئىبراھىموفقا قاراپ.

— نېمە ئىش؟

ئەلى ئىبراھىموف بىلەن جامال مۇتىئى تەڭلا سورىدى سەل جىددىيلىشىپ.

دەل شۇ چاغدا جامال سەيپۇڭنىڭ سەككىز ياشلاردىكى كىچىك ئىنىسى ئىبراھىم مۇتىئى بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئاكىسى ئۇنىڭغا مېھمانلارغا چاي قۇيۇشنى بۇيرۇدى. قولى ئەپچىل ئىبراھىم كىچىكلىكىگە باقماي خۇددى چوڭ ئادەملەردەك ئەدەپ بىلەن پىيالىلەرگە چاي قويۇپ مېھمانلارغا بىر ـ بىرلەپ تۇتۇشقا باشلىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىچىككىنە ئىبراھىمغا بىر قاراپ قويۇپ دېدى:

— قۇمۇلدىن كەلگەن ئىشەنچلىك خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى بىر جەڭدە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تاغچى پالگانلىرى دۈشمەندىن ئىككى ماكسىم پىلىموت ئولجا ئاپتۇدەك. بىراق، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلار چىقماپتۇ. مۇمكىن بولسا، ماكسىم پىلىموتنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى قۇمۇلغا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن بولساق بەك ياخشى بولاتتى.

— بۇ بىر مۇھىم ئىشكەن جۇمۇ، — دېدى ساھىبخانا جامال سەيپۇلڭ.

— شۇنداق، ھازىرقى پەيتتە خوجىنىياز ھاجىمغا ياردەم بېرىشىمىز ئەڭ مۇھىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەكىتلەپ.

ئەلى ئىبراھىموفمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ دېدى:

— بىر ئادەم بار، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ.

— ئۇ كىم؟ — ئىنتىكلا سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇستازىدىن.

— سىز ئۇنى تونۇيسىز، ئابدۇخالىق، ھېلىقى تاتار مېخانىك قەييۇم ئابدۇساتتار ئوغلى ئادىتاروپ، — دېدى ئەلى ئىبراھىموف كۈلۈمسىرەپ.

ئۆتكەن يىلى كىنو ئاپپاراتى بۇزۇلۇپ قالغاندا مېخانىك ئادىتاروپ كېلىپ ئۇنى ياساپ بەرگەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئادىتاروپنىڭ سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مېخانىكى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىنتىپاقىدا قىزىل ئەسكەرلەر سېپىدە گىراژدانلار ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۇستا تېخنىك ئىكەنلىكىنى ئەلى ئىبراھىموفتىن ئاڭلىغانىدى.

— مېخانىك ئادىتاروپ سىزچە ئىشەنچلىكمۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇستازىغا قاراپ.

— ئۇ ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەم، — دېدى ئەلى ئىبراھىموف بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ قەتئىيەت بىلەن.

— ئۇ ئۆزى بۇ ئىشقا نېمە دەركىن؟

ئەلى ئىبراھىموف ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ «بىلمەيمەن» دېگەن مەنىدە مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

ئۇلار بىر پەس مەسلىھەتلىشىپ بىر پىكىرگە كېلىشتى. ئەتىلىككە مېخانىك ئادىتاروپنى مۇشۇ ئۆيگە چاقىرىپ، ئۇنىڭ

قۇمۇلغا خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا ياردەم ئۇچۇن بېرىش ـ بارماسلىقىنى ئۇقۇشۇپ باقماق بولۇشۇپ تارقىلىشتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا جامال سەيپۇڭنىڭ ئۇيىگە ئەلى ئىبراھىموف بىلەن ئىگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن مېخانىك ئادىتاروپ كىرىپ كەلدى. جامال سەيپۇڭ داستىخان سېلىپ ئىككى مېھمانغا چاي كەلتۇردى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېخانىك ئادىتاروپقا مەقسەت ـ مۇددىئانى تەپسىلىي سۆزلىدى.

مېخانىك ئادىتاروپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەربىر گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇشتەكتە تاماكا چېكىپ بىر ھازا ئويلىنىپ، ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كېيىن مۇشتەكنى قاتتىق بىر شوراپ، تاماكا ئىسىنى پۇۋلىۋېتىپ دېدى:

— مەن سىلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىڭلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن، ياردەم بېرىمەن، سىلەرنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئېرىشىشىڭلارغا تىلەكداشمەن. قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى پارتىزانلىرىغا پىلىموت ئىشلىتىش، رېمونت قىلىشنى ئۆگىتىپ قويۇشنىمۇ خالايمەن، بىراق، بىر مۇھىم ئىش بار.

— نېمە مۇھىم ئىش؟ — قىزىقىپ سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— مەن ئۇرۇمچىنى تاشلاپ قۇمۇلغا كەتسەم، — دېدى ئادىتاروپ، — ئۇيۇمدە مەلىكەخانىم ئۇچ بالام بىلەن قالىدۇ. ئۇلار پەقەت مېنىڭ ئىشلەپ تاپقان ئازغىنا پۇلۇمغىلا قاراشلىق، مەن كەتسەم، ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟

— ئادىتاروپ ئاكا، سىز ئائىلىڭىزنىڭ خەج ـ خىراجى خۇسۇسىدىن ۋايىم يېمەڭ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا، — مانا مەن ھەر ۋاقىت مەلىكەخانىمغا تۇرمۇش خىراجىتىنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ئەلى ئىبراھىموف ئادىتاروپنىڭ مۇرىسىنى يېنىك قېقىپ

تۇرۇپ دېدى:

— مەلىكەخانىم بىلەن ئۈچ بالىڭىزنىڭ ھالىدىن مانا مەن خەۋەر ئالىمەن، تۇرمۇش راسخوتىغا بولسا، ئابدۇخالىق بىلەن ئىككىمىز كاپالەتلىك قىلىمىز. دوستۇم، سىز بۇ جەھەتتىن تامامەن خاتىرجەم بولۇڭ.

— شۇنداق، ئادىتاروۋ ئاكا، ئائىلىڭىزنىڭ غېمىنى بىز يەيلى، سىز پات ئارىدا قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقىڭ، ھازىر خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى سىزدەك مېخانىكقا تولىمۇ موھتاج. ئۇنىڭ تاغچى پالگانلىرىغا ماكسىم پىلىموتنى باشقۇرۇش، قارىغا ئېتىش، بۇزۇلۇپ قالسا رېمونت قىلىپ ياساشنى ئۆگىتىپ بولۇپ، بۇ يەرگە قايتىپ كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر. ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ يانچۇقىدىن يۈز سەر كۈمۈش پۇل ئورالغان ياغلىقنى چىقىرىپ ئادىتاروۋقا بېرىۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ سىزنىڭ يول خىراجىتىڭىز بولسۇن.

ئادىتاروۋ قەتئىي ئىرادىگە كەلدى. ئۇ:

— بولىدۇ، مەن باراي، سىلەرنىڭ بۇ ئىنقىلابىڭلارنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىدە قازان شەھىرىدىن كەلگەن بىر تاتار ئوغلىنىڭمۇ ھەسسىسى بارلىقىنى ئۇنتۇمىساڭلار بولىدۇ، — دېدى كۈلۈپ.

شۇ كۈندىن باشلاپ مېخانىك ئادىتاروۋ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئارىدىن ئون كۈندەك ئۆتكەندە، ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خوجىنىياز ھاجىغا يېزىپ بەرگەن مەكتۇپىنى ئېلىپ ئۆتۈكىنىڭ چەمى ئاستىغا پۇختا يوشۇرۇپ، جىن شۇرېنىنىڭ قۇمۇلغا ئوق - دورا توشۇۋاتقان ئارقا سەپ تەمىنات قوشۇنى قاتارىغا ھارۋىكەش سىياقىدا قوشۇلۇۋېلىپ قۇمۇلغا يول ئالدى. قوشۇن ئۈزۈن يوللارنى بېسىپ قۇمۇلغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ بىر كېچىدە غىپپىدە قېچىپ كەتتى ۋە بىر قانچە كۈن يول مېڭىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ، قۇمۇل تېغىدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى ئاخىر تاپتى.

ئۇ خوجىنىياز ھاجىغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەۋەتكەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئىزھار قىلدى. خوجىنىياز ھاجى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈن تۇرپان خەلقى نامىدىن يوللىغان ئىلھامبەخش مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى، كۆڭلى شادلىققا تولۇپ، ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇدى. ئۇ مىخائىل ئادىنارۇپنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

مىخائىل ئادىنارۇپ ئۈچ كۈن ئۇبدان دەم ئالغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىككى ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئىچىدىلا بىر نەچچە تاغچى مەرگەنگە پىلىموتنى باشقۇرۇش، قارىغا ئېتىش، چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش، مايلاش، رېمونت قىلىشلارنى ئۆگىتىپ چىقتى. ئۇ تەربىيىلىگەن مەرگەنلەر پىلىموتنىلا ئەمەس، بۇزۇلغان مىلتىق، ئاپتوماتقا ئوخشاش ھەر خىل قوراللارنىمۇ رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. مىخائىل ئادىنارۇپ تەربىيىلىگەن مەرگەنلەر كېيىنكى چاغلاردا جەڭلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

مىخائىل ئادىنارۇپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ رۇخسەت قىلمىغىنىغا قارىماي، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئادىنارۇپنىڭ كۈچلۈك تەلىپى خوجىنىياز ھاجىنى ئامالسىز قالدۇرغاچقا، ئاخىر رۇخسەت قىلدى. مىخائىل ئادىنارۇپ شېڭ شىسەينىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قارىتا قوزغىغان 1932 - يىلى 12 - ئايدىكى قىشلىق ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشتى. قارلىق تاغقا يېقىنلاشقان چاغدىكى بىر قېتىملىق جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. مىخائىل ئادىنارۇپ جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇ قىيا تاغنىڭ ئۈستىگە ماكسىم پىلىموتنى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى يەر چىشلىتىپ، قالغانلىرىنى چېكىندۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئادىنارۇپ ۋە ئۇ تەربىيىلىگەن

پىلىموتچىلارنىڭ جەڭدە پىلىموت ئىشلىتىشمۇ شۇ بىر قېتىملا بولۇپ قالدى. خوجىنىياز ھاجى ئادىتارۇپنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئىنئام بەردى، بىراق جەڭدە پىلىموت ئىشلىتىشكە روخسەت قىلمىدى.

— بىزنىڭ تاغچى پالگانلار مىلتىقى بىلەن بىر ئوقتا بىر دۈشمەننى چىنەپ يىقىتىدۇ، بىر تال ئوقنىمۇ زايە كەتكۈزمەيدۇ، — دېدى خوجىنىياز ھاجى ئادىتارۇپ ۋە ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا قاراپ، — پىلىموت دېگەن بۇ قورال ئوقنىڭ ھەپسىرىكەن، بىر بېسىشتا «تاتاتلاپ» قانچە تال ئوق بىراقلا ئېتىلىدىكەن، بۇنىڭغا بىز نەدىن ئوق توشقۇزالايمىز، ھازىرچە بۇنى قويۇپ تۇرۇڭلار، كېيىنچە خۇدايىم بۇيرۇسا، نۇسرەت تېپىپ، تەمىناتىمىز ياخشىلىنىپ قالغاندا بىر گەپ بولار.

ئادىتارۇپ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار سېپىدە قېلىپ داۋاملىق جەڭگە قاتناشتى، كېيىنكى چاغدا قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن تۇرپانغا كەلدى. ئۇ يەردىن مورى، گۇچۇڭلاردىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ، خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلانغاندىمۇ قوزغىلاڭچىلار سېپىدە بولدى. ئۇ كورلىدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن باسمىچى ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا يارىدار بولۇپ دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئادىتارۇپ قۇمۇلغا كەتكەندىن كېيىن، ئۆز ۋەدىسىگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە يېتەرلىك خىراجەت بېرىپ تۇردى.

# خەلقىم كۆلگەندە كۆلىمەن

جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ خاقانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم - زورلۇق تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭغا غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1930 - يىلى يازدا «دەردى دەۋران» دېگەن مۇخەممەسدە مۇنداق يازغانىدى:

ئۆتتۈرمۇ بۇ ئۆمۈر، ئەپسۇس، ئارمانى نادامەتتە،
تېپىلماس شادلىق شەخس، ئۇمۇمەن، ھېچ ئالامەتتە،
قايان بارسام، قايان باقسام، ئۇمۇمەن، ئۇشبۇ ھالەتتە،
نەيەڭلىغ مەنپەئەت باردۇر، بۇ يەڭلىغ ئىستىقامەتتە،
چۇشەندۇرگۈچى يوقمۇ بۇنى دەۋرى جاھالەتتە.

زۇلمى ھەججاجدىن[①] ئېشىپ، قىلدى زۇلۇم ئۈست - ئۈستىگە،
ئاسارەت خورلۇقى، قۇللۇق ئىزاسى كۈندە يۈز تۈگە،
بۇيار جەبرەن ئاقارغان يۈزنى كۆرسە دەرمىلار[②] كۈگە[③] ،
بىرى - بىرىگە ياردەم بەرمىدى بۇ تەندە ھەر ئۈگە،
يېتەر زالىمنىڭ زۇلمى ئۆتتى جانىمغا ناھايەتتە.

---

① ھەججاج — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئەلگە زۇلۇم قىلىپ زالىم ئاتالغان پادشاھ ھەججاج ئىبنى يۇسۇف.
② دەرمىلار — دەرھال سۈۋاش، دەرھال مىلاش.
③ كۈگە — قازاننىڭ كۈيىسى، قارىسى.

خەلقنىڭ چېكىگە يەتكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن دىلى ئۆرتىنىپ، قەلبى پارە ـ پارە بولۇۋاتقان شائىر ئۆزىنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتىنى:

دەرد ئۈستىگە دەرد كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
زەرداب توشتى يۈرەككە،
بۇ جان قانداق پايلىغاي.

دەپ ئىپادىلىگەندى. پاك قەلبىدە لەنىتى كونا دۇنياغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى لاۋۇلداپ يانغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇشخۇي مىجەزى ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ كەم سۆز، ئويچان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شاد ـ خۇراملىق كۈلكىسى چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىنى ئاچچىق غەزەپ ـ نەپرەت ئىگىلىدى، دائىم قاپىقى تۈرۈلگەن، تىت ـ تىت بولغان ھالدا يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شائىرنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىش ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار خىلمۇ خىل چارىلەرنى قوللىنىپ ئەزىز بۇرادىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئۇنى خۇشال قىلىشقا، كۈلدۈرۈشكە تىرىشاتتى.

1932 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شائىرنىڭ دوستلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى يار يېزىسى تەرىپىدىن كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ بويىغا جايلاشقان مەنزىرىلىك ئارامگاھ — پولۇچىنىڭ تاللىقىغا باراۋەتكە تەكلىپ قىلدى. باراۋەتنى ھېسامىدىن زۇپەر، ئەكبەرخان، ھەببۇللا ئەپەندى، پولاتبايلار مەسلىھەتلىشىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇلار سورۇننى قىزىتىش ئۈچۈن شۇ زاماندا تۇرپاندا خەلق ئىچىدە «بۇرھان سوغ» دېگەن لەقەم بىلەن داڭقى چىققان، يار يېزىسىدىكى بەگ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەزىلكەش، گەپچى

بۇرهاننىمۇ تەكلىپ قىلغانىدى. باراۋەتنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغان يۇسۇپ پىپاڭ گەرچە تەكلىپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئالدىبۇرۇنلا پولۇچىنىڭ تالىقىغا بېرىۋالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرى بىلەن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ يېتىپ كېلىشكىنىدە، ئۇلارنى يۇسۇپ پىپاڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالدى. يۇسۇپ پىپاڭنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇنلا بۇ يەرگە چىقىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ھېسامىدىن زۇپەر چاقچاق قىلىپ:

— يارەنلەر، بۇرادىرىمىز يۇسۇپبايدا ئىككى خىسلەت بار دەپ تازىمۇ ئۇگال قىپتىكەنمىز، ئۇنىڭدىكى ئۈچىنچى خىسلەت مانا بۈگۈن نامايان بولدى ئەمەسمۇ، — دەپ تۇمشۇقىنى كۆتۈرۈپ بۇرنى بىلەن ئىچىگە دەم تارتىۋىدى، ھەممەيلەن پاراقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھەممىنىڭ كەينىدىن پەيتۇندىن چۈشكەن پولاتباي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ چاقچاقىغا قوشۇلدى:

— ھۆرمەتلىك دوستۇم ھېسامىدىن، يۇسۇپباينىڭ قايسى خىسلەتلىرىنى دەۋاتىدىلا؟

ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن ھەبىبۇللا ئەپەندى خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا بىر قولىدا قۇش قانىتىدىن ياسالغان چىرايلىق يەلپۈگۈچنى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن بېلىنى تايىنىپ غادىيىپ تۇرغان بۇرھانغا قاراشتى. بۇرھان بۇ قاراشنى دەرھاللا سېزىپ ئۆزىنى رۇسلاپ، يەلپۈگۈچىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى ئىككى يەلپۈپ قويۇپ، چىرايىدا روشەن ئىپچىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى:

— ۋاي ئىسست، ۋاي ئىسست! پولاتباي مەن ئۆزلىرىنى ئەقىل-پاراسەتتە خېلى كامالەتكە يەتكەن مۆتىۋەرلەردىن دەپ ھېسابلاپ كەلسەم، بۈگۈن بۇ سەيلىگاھتا تازا چاندۇرۇپ قويدىلاغۇ، — ئۇ بېشىنى چايقاپ گېپىنى داۋام قىلىپ دېدى، — ھەممىمىزگە ئايانغۇ، بىرىنچىدىن، يۇسۇپاخۇن سوخەنچى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئادەم پاشا - چۈشىن قورۇمىسىمۇ بولىدۇ،

نېمىشقا دېسەڭ، ئۇنىڭ قولى ئىتتىك ...

— ها— ها— ها!

— پىخ— خ— پىخ ...

قاتتىق كۈلكىدىن دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشلارمۇ چۇچۇپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

— ئۇچىنچىسىچۇ؟

— ئۇچىنچىسىنى تېخىچىلا ئۇقالمايۋاتىمىلا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ پۇراش سېزىمى ئۇزلىرىنىڭ قارا تايغانلىرىنىڭكىدىنمۇ ئۇتكۇر ئىكەن ئەمەسمۇ.

— ها— ها— ها!

— هى— هى— هى!

بۇرهاننىڭ بۇ چاقچىقى يۇسۇپ پىپاكنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك چىملىقتىن بىر پارچە لاينى قولىغا ئېلىپ بۇرهاننى ئۇرىمەن دەپ دوغىلاق، سېمىز گەۋدىسىنى ئىرغاڭلىتىپ يۇگۇرۇۋېدى، بۇرهان ئەپچىللىك بىلەن ئۇزىنى بىر تالنىڭ كەينىگە ئالدى. ئاچچىقىغا پايلىمىغان يۇسۇپ پىپاك ئىتتىك يۇگۇرەيمەن دەپ يەرگە قارىماي يۇگۇرۇپ بىر كۇتەككە پۇتلىشىپ قاتتىق دەلدەڭشىپ كەتتى - دە، بېشىدىكى شاپاق دوپپىسى نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك پارقىراپ تۇرغان سۇرمەل بېشىنى دەرهال ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ توتۇۋېلىپ دوپپىسىغا ئېتىلدى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە هەرىكىتىدىن ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۈلكىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇچىيى ئۇزۇلگۇدەك قاتتىق كۈلۈپ قورسىقىنى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىغان ھەببۇللا ئەپەندى قورسىقىنى تۇتقىنىچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېنىدا يەرگە ئولتۇرۇۋالدى، پولاتباي بىلەن ئەكبەرخان كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىشقىنىچە خىرىلداپ كۈلۈۋاتاتتى.

— بولدى، ئاداش، بۇ يەردە سېنى تاز دەيدىغان ھېچكىم يوق،

دوپپاڭنى ئېلىشقا ئالدىرىما، — بۇرھان شۇنداق دەپ، دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقىپ، غىپلا قىلىپ ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولغان يۇسۇپ پىپاڭ دوپپىسىنى ئالمان ـ تالمان باستۇرۇپ كىيىۋېلىپ، بىر چاڭگال لاينى بۇرھانغا ئېتىۋىدى، لاي بېرىپ ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ شىلەپىسىگە تېگىپ بېشىدىن ئۇچۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

— ئۇزۇمگە جۇرە تاپاي دەۋاتامسىز، يۇسۇپباي، ئاداشتىڭىز، ھېسامىدىننىڭ بېشىدىكى چاچنىڭ قويۇق، قارىلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەكبەرخان يۇسۇپ پىپاڭنى جىلە قىلىپ.

— بولدى، بولدى، بۇرادەرلەر، ئۇنى تاز دەپ خاپا قىلمايلى، — دېدى بۇرھان يەلپۈگۈچنى يۇلاڭلىتىپ،

— يۇگاشنى بوزەك ئەتمىسەڭ، قىيامەتتە سورىقى بار دەپ، يۇسۇپ ئاخۇن بىلەنلا بوپقالدىڭلارغۇ، قاراڭلارچۇ، ئۇ بىچارە تەرلەپ، پىشىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالدى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىيىقىدا كۈلۈپ.

— چاقچاق، يارەنلەر، چاقچاق، قېنى ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر دەرەخ سايىسىگە سېلىنغان كېگىز، كۆرپىگە ھەممەيلەننى تەكلىپ قىلىپ.

— قېنى ئولتۇرايلى، — دېيىشىپ ھەممەيلەن چۆرىدىشىپ ئورۇن ئېلىشتى. ئۇستەڭدىكى سۇدا يۇز ـ قولىنى يۇيۇپ كەلگەن يۇسۇپ پىپاڭ بۇرھاننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى سورۇن تۈزۈشۈپ ئولتۇرغان جاي پولۇچنىڭ تاللىقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى ئىدى. بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن يوغان تاللار، ئاسمان ـ پەلەككە بوي سوزغان قۇچاق يەتكۇسىز تېرەكلەر، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ تولۇپ ئېقىۋاتقان ئۇستەڭ بويىدىكى ئېگىز ئۆسكەن قويۇق ئوت ـ چۆپلەر، تاللارنىڭ شاخلىرىغا چىرمىشىپ ئۆسۈپ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلغان چىڭگىلىك، يۇگۇمەچلەر، تۈرلۈك

قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، سۇدىن چىقىۋاتقان سالقىن، ساپ ھاۋا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەلەملىك قەلب يارىسىغا مەلھەم بولۇپ، بىر پەسىلككە ئۇنى سۆيۈندۈرۈپ، خەستە كۆڭلىنى خۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۇ دوستلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا بۇرۇنقىدەك قوشۇلۇپ كەتمىدى. كاۋاپچى ئابدۇرېھىم ناۋاينىڭ ماي تەپچىپ قىزىرىپ پىشقان گۆش گىردىسىمۇ، زىرە قاتارلىق دورا ـ دەرمەك يۇراپ تۇرغان مەززىلىك كاۋاپلىرىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاغزىغا تېتىمىدى. شائىرنىڭ ئاق قاشتېشى ئۈزۈمگە ئامراقلىقىنى بىلىدىغان ئەكبەرخان ياردىكى بېغىدىن ئالايتەن بىر سېۋەت تازا مەي باغلاپ پىشقان، سۇزۇكلۇكىدىن ئىچىدىكى ئۇرۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېسىل ئاق قاشتېشى ئۈزۈمدىن ئەكەلتۇرگەنىدى. ئۇ ئەكبەرخاننىڭ كۆڭلىنى دەپلا بىر ساپاق ئۈزۈمنى قولىغا ئېلىپ تۆت-بەش تال ئۈزۈپ يەپلا قالغىنىنى داستىخانغا تاشلاپ قويدى. بۇرھان بىلەن يۈسۈپ پىياڭنىڭ سورۇندىكىلەرنى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈۋەتكەن ھەزىل ـ چاقچاقلىرىغىمۇ ئۇ مىيىقىدىلا كۈلۈپ قويۇپ، لەۋلىرىنى سەل ـ پەللا قىمىرلىتىپ لەپشىرىن بىر ئىپادە بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى. ھەببۇللا ئەپەندى پىيالىلەرگە چىرايلىق كوزىدىن مۇسەللەس قۇيۇشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ پىيالىنى بوشاتتى. شائىرنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزگەن ئەكبەرخان بۇرھانغا «قېنى سۆزلە» دەپ ئىشارەت قىلدى.

بۇرھان قولىدىكى پىيالىنى بوشىتىپ ئالدىغا قويدى ـ دە، يېنىدا تۇرغان يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قۇر قاراپ چىقىپ دېدى:

ــ يېقىندا يامۇلدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قىزىق ۋەقەنى ئاڭلاشتىلامىكىن؟

ــ قېنى، بۇرھانبەگ سۆزلىسىلە، بىز تېخى ئۇنداق قىزىق

ئىشنى ئاڭلىمىدۇق، — دېدى ھەبىبۇللا ئەپەندى.

بۇرھان يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەر قايسى كاتتىلىرىمىزغا مەلۇملۇق، ئامبال چۇداخەننىڭ يەتتە كېنىزىكى بار، ئۇلار ئامبالغا ئاش ـ تاماق، قورۇما ئەپچىقىلى ئاشخانىغا كىرىپ چىقىپ تۇرۇشىدۇ، ئامبالنىڭ تامىقىنى ئېتىشۋاتقان ھېلىقى يۈسۈپ ئاشپەز ئۆزى شوخ نېمە ئەمەسمۇ، كېنىزەك قىزلارنىڭ باشلىقىنى ئاشخانىغا كىرسىلا قىزىق گەپ، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ، گۆش ـ ماي يېگۈزۈپ ئۆزىگە مايىل قىلىۋاپتۇ، ئۆزىمۇ ئەپچىل بىرنېمە ئەمەسمۇ ئۇ. بۈرناكۈن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يۈسۈپ ئاشپەز قازانغا ياغنى قۇيۇپ، گۆش، پىيازنى سېلىشىغا ھېلىقى چىرايلىق باشلىق كېنىزەك قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ، لەرزان دەسسەپ، يۈسۈپ ئاخۇننىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن يۈسۈپ ئاخۇن خۇدىنى يوقىتىپ ئۇ چىرايلىق بىلەن شۇنداق شېرىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇكى، ئەيىۇھەنناس، قازاندىكى قورۇما كۆيۈپ ئاشخانىنىڭ ئىچىگە ئاچچىق بۇس بىر كەلگەندىلا چۆچۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. بىچارە يۈسۈپ ئاخۇن خۇددى تايغاننى كۆرگەن توشقاندەك سەكرەپ يۈرگۈدەك، ئۇ قورۇمىنى ئىككىنچى قېتىم راسلىغۇچە خېلى بىر كەم بوپتۇ. قورۇمىنى تولا كۈتۈپ چىدالمىغان چۇداخەن دەرغەزەپكە كېلىپ كېنىزەكنى بىر شاپىلاق ساپتۇ، يۈسۈپ ئاشپەزگە قاتتىق دەشنام بېرىپتۇ.

— ھا—، ھا—، ھا!

— پىخ—، پىخ!

سورۇندا كۈتۈرۈلگەن كۈلكىگە قوشۇلماي ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئەكبەرخان بىر پىيالە مۇسەللەس تۇتۇۋېتىپ دېدى:

— يارەنلەر، شائىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلىمىغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، ئۇ بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسە، قانداق؟

— ئاغزىلىرىغا ناۋات، ئەكبەرخان تۆرەم، مەنمۇ شۇنى دەي دەپ ئولتۇرغان، — دېدى يۈسۈپ پىپاڭ مايلىشاڭغۇ سىمىز يۈزىدىكى تەرلىرىنى بىلىكىدىكى پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ.

— قېنى، بۇرادەر، — دېدى ھەبىبۇللا ئەپەندىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ.

شائىر قولىدىكى پىيالىنى بىر كۆتۈرۈۋېتىپ بوشاتتى ـ دە:

— بىر نەچچە كۈندىن بېرى مېڭەمگە بىر پىكىر كېلىۋالدى، مىسىرالارمۇ كۆڭۈل دەپتىرىمگە پۈتۈلۈپمۇ قالغان، شۇغىنىسى تېخى قەغەزگە چۈشۈرۈلمىگەن، خەيرىيەت، ئاشۇ شېئىرنى ئوقۇپ باقاي، تولۇقلاپ ئالۇرمىز، — دېدى كۆپچىلىككە قاراپ.

ئولتۇرغانلار:

— قېنى ئوقۇسىلا، — دېيىشتى بىردەك.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:

يىلدىكىدىنمۇ ھاۋا ئىسسىقتا تۇرپان قىزىدى،
ئوت بولۇپ ۋاللاھۇ ئالەم نەچچە چەندان قىزىدى.

دەل ـ دەرەخلەر تاشلىدى ياپراق، كەتتى بوستان سارغىيىپ،
ئوت ئىچىدە ھۆپ ئۇرۇپ يۈسۈپ پىپاڭ قىزىدى.

بۇ مىسرالارنى ئاڭلىغان يۈسۈپ پىپاڭ تاۋكادا دو تىكىپ ھەممىنى ئۇتتۇۋالغان قىمارۋازدەك كالتە بويىنىنى سوزۇپ، مەيدىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ «شائىر مېنى شېئىرغا قېتىۋاپتۇ» دېگەندەك مەغرۇرانە ھالدا يېنىدىكىلەرگە قاراپ قويىدى.

— دۇرۇس، تازا جايىدا، — دېدى بۇرھان ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇرھانغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئوقۇشنى داۋام قىلدى:

قانچە سوغلۇق قىلسىمۇ، مۇزدەك پاراڭدىن گەپ ئېچىپ،
يەلپۈگۈچ تۇتقان غادايغان ياردا بۇرھان قىزىدى.

— ھا—، ھا—، ھا! مانا، مانا، راست كېلىشىپتۇ، — دېدى يۈسۈپ پىياك كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنىڭ داۋامىنى ئوقۇدى:

يۈسۈپ ئاشپەز چۇداخەننىڭ كېنىزىكىگە يۆلىنىپ،
ئارقىدىن تاڭگودا[1] خوپ تۈزلۈق پالاخمان[2] قىزىدى.

خۇددى ياغ ئالغان قاپاقتەك سوگۇسۇۋازنىڭ بېشى،
تەرلىدى، سۇ بولدى چىپ - چىپ تىنەتتى مېھمان قىزىدى.

مەنىسىزدۇر بۇ قىزىشلار، قىلچىمۇ نەتىجىسىز،
ئۇيغۇرا، بازغاننى ئال، تۆمۈرمۇ چاپسان قىزىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندا، سورۇن ئەھلى سۈكۈت ئىچىدە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قېلىشقانىدى. بۇ جىمجىتلىقنى بۇرھان بۇزدى:

— ئۆزلىرىگە مىڭ قەتلە رەھمەت، شائىرىم، ئۆزۈم ئاددىي

[1] تاڭگو - قىزىغان قازان.

[2] پالاخمان - قورۇما مەنىسىدە.

ئادەم بولسامۇ، ئۆزلىرىدەك كاتتا شائىر مېنى شېئىرلىرىدا تىلغا ئاپتىلا، ئۆزلەنىڭ شېئىرلىرى چوقۇم پىر ئۇستاز ھەزرىتى نەۋائى، ئابدۇرېھىم نىزارى، قىسسۇرى شېئىرلىرىغا ئوخشاش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ. «بۇغدايىنىڭ بانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك مەندەك بىر ئادەمنىمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار تىلغا ئالىدىغان بولدى ئەمدى.

بۇرھانىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان يۇسۇپ پىپاك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا تەزىم قىلدى - دە:

— رەھمەت، رەھمەت، مەنمۇ بۇرھانبەگ دېگەننى دېمەكچىدىم، — دېيىشى، ھەممەيلەن پاراقىسدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. بىر پەس ھەركىم ئۆزىچە يېنىدىكى ھەمداستىخىنى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بىر كەمدە پولاتباينىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن سورىغان سوئالى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

— ئابدۇخالىق، بىلمىدىم، سىلىگە زادى نېمە بولدى؟ خېلى زامانلار بولدى، قاپاقلىرى ئېچىلماي كەتتىغۇ. قاچانمۇ كۈلۈپ يۈرەلا؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— خەلقىم زۇلۇم - كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ، تەڭلىك، ھۆرلۈك، ئازادلىققا ئېرىشىپ، شادۇ خۇرام كۈلگەن كۈنى مەنمۇ كۈلىمەن.

# غەيرىتىڭدىن ئايلىناي

1932 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى جۈمە كۈنى ئىدى. چۈشتىن كېيىن يېڭىشەھەر قازىخانا مەسچىتىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان جامائەت نامازدىن تاراپ مەسچىتتىن چىقىشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر مەسچىتتىن چىقىپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەكبەرخان، پولاتباي، ھەبىبۇللا ئەپەندى، ئابدۇراخمان قارى، لىتىپ ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، زۇنۇن تۇمۇرى، مۇمىن ئەپەندىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىشتى. ھېسامىدىن زۇپەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ:

— بۈگۈن جۈمەگە كەلگەن جامائەت ناھايىتى كۆپكەن جۇمۇ، — دېدى مەنىلىك ھالدا.

— ئادەتتە مۇنچىلىك جىق جامائەت يىغىلمايدىغان، — دېدى ھەبىبۇللا ئەپەندى مەسچىتتىن چىقىۋاتقان نامازخانلارغا قاراپ.

— بۈگۈن ۋەز ئېيتىشنىڭ تازا پۇرسىتى كەپتۇ، — دېدى ئەكبەرخان.

— توغرا، مەنمۇ ھازىر شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— تەييارلىقلىرى بار ئىكەن - دە شائىر، — دېدى پولاتباي.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ھېسامىدىن زۇپەر:

— تۇمۇرنى قىزىقىدا سوقايلى، جامائەت تارقىماستا، مەن دەرھال ئېلان قىلىۋېتەي، — دېدى سەل جىددىيلىشىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دوستلىرى «تېز بولسىلا» دېيىشتى.

ھېسامىددىن زۇپەر جامائەتكە قاراپ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— جامائەت، ھازىر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەز ئېيتىدۇ، تارقىلىپ كەتمىگەيسىلەر!

كىشىلەر توپىدىن:

— شائىر گەز ئېيتقۇدەك، توختاڭلار! — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

ئادەملەر قازىخانا مەسچىتى ئالدىدىكى بۇ سەيناغا يىغىنلاشتى.

— پوش، پوش! مەن ئۆتۈۋالايچۇ، — ساۋۇت مەزىن بېشىدىكى يوغان سەللىسىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ ۋارقىرايتتى. ئۇ ئادەملەر توپى ئىچىدىن قىستىلىپ يۈرۈپ شائىرنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يۈسۈپ پىپاڭ، سىدىق ئوسمان، مۇپتۇل ئاخۇن، ساجىت ھاجى، بۇرھان سوغمۇ قىستىلىشىپ يۈرۈپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا يېقىنلاشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇرھان سوغ بىلەن سالاملىشىۋېتىپ:

— ئۆزلەمۇ كەپتىكەنلا ـ دە، — دېدى.

بۇرھان سوغ ئادىتى بويىچە غادايغان پېتى:

— شائىرنىڭ گەزىنى ئاڭلىماي قالساق، باغقا كىرىپ ئۈزۈم يېمەي قايتىپ چىققاندەك ئىش بولمامدۇ، ئەتىگەندىلا قاپىقىم تارتىپ تۇرغان، — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ.

— بۇ بۇرادىرىمىز كىچىچە شائىرنىڭ گەز ئېيتقىنىنى چۈشەپ چىققان گەپ، — دېدى يۈسۈپ پىپاڭ بۇرۇتىنى تولغاپ. كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بۈگۈن ئادەم بەك كۆپ يىغىلدى. بىر جوزا تېپىپ كەلسەك، شائىر ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۆزلىمىسە، چەتتە تۇرغانلار ئاڭلىماي قالۇرمىكىن، — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر ئەتراپتا تۇرغان سانجاق ـ سانجاق ئادەملەرگە قاراپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۇنۇن تۆمۈرى:

— مەن بىر جوزا ئەپكىلەي، — دەپ توپ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي ئۇ ئىككى ياشقا بىر جوزىنى كۆتۈرتۈپ كەلدى.

— قېنى، مەرھەمەت، باشلىسىلا ئەمدى، — دېيىشتى دوست ـ بۇرادەرلەر شائىرغا.

بېشىغا ئاق گۈللۈك يېشىل دوپپا، ئۈچىسىغا سۇر سارجىدىن تىكىلگەن پەلتۇ كىيگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جوزا ئۈستىگە چىقىپ مەيدانغا بىر قۇر نەزەر تاشلىدى، بەقەسەم تون كىيىپ يوغان سەللە ئورىغان ئاپئاق ساقاللىق داموللاملار، باشلىرىغا ئەپچىلگىنە سەللە ئوراپ يەكتەك كىيىشكەن تالىپلار، ھەر خىل كىينگەن دېھقانلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، سۆلەتلىك سودىگەرلەر، ئاددىي تىجارەتچىلەر، ياش باللار، جۇل ـ جۇل كىيىملىك مۇساپىرلار بولۇپ مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاممىغا يېقىندىن بۇيان بەشىنچى قېتىم نۇتۇق سۆزلىشى ئىدى. شائىرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يۇرتداشلىرىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت، پىغان ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، يۈرىكى ئۆرتىنىپ ئۆزىنى تەستە بېسىۋالدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت!» دەپ جامائەتكە سالام بەرگەندىن كېيىن، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئەزىز قېرىنداشلار، بىزنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، باتۇر ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان قان ـ تەر ئاققۇزۇپ گۈللەندۇرۇپ كەلگەن بۇ ئانا ماكانىمىز باي ـ باياشات، مەمۇرچىلىق، ئەلۋەكچىلىككە تولغان، «ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ كانى» دەپ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن جەننەتتەك بىر گۈزەل يۇرت ئىدى. كۈندۈزنىڭ كېچىسى، كۈلكىنىڭ يىغىسى بار دېگەندەك، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېندەك فېئودال مىلىتارىستلار رۇدۇپايدەك يەلكىمىزگە مىنىۋېلىپ، بۇ ئانا

ماكانىمىزغا ھۆكۈمران بولۇۋالدى، ئۇلار چاھار باغلاردىكى گۈل - گۈلىستانلارنى دەسسەپ - چەيلەپ نابۇت قىلىۋاتقان قاۋانلاردەك بىزنىڭ بەختىمىزنى پايخان قىلدى. نەپسى بالا ئەجدىھادەك مال - مۈلكىمىزنى، يەر - سۇيىمىزنى، ھەتتا يەيدىغان ئاشلىقىمىزدىن تارتىپ ھەممىنى ھاپ ئېتىپ يۇتۇۋالماقتا. ئۇنىڭغا تويمىغاندەك يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك قېنىمىزنى شوراپ بىز بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرمەكتە. بۇ مۇستەبىت زالىم ھۆكۈمرانلار يۇقىرىدا مىلتارىست ھۆكۈمەتكە، تۆۋەندە جاڭجۇن، دوتەي، شەتەي، ئامبال دېگەندەك غالچىلىرىغا تايىنىپ، بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ بېشىدا قانلىق قىلمىشلىرىنى ئوينىماقتا. ئۇلارنىڭ قىلمىغان ۋەھشىيلىكى، ئەسكىلىكى قالمىدى. بۇ ئادەم قېلىپىدىن چىققان قانخورلار خەلقىمىزنىڭ ئەدلى- ئادالەت ئۈچۈن جان تىككەن چىلانلار، لىگالار، ئامىرلار، مۆيدىن خەلىپە، ئەمەت قاتارلىق باتۇر، ئوت يۈرەك ئوغلانلىرىمىزنى ياۋۇزلارچە قەتل قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ كاللىسىنى كېسىپ كوچىلارغا ئېسىپ سازايى قىلدى ... —

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆپكىسى ئۆرلۈپ ئۇنى تىترەپ كەتتى.

غەزىپىگە پايلىماي ھېسامىدىن زۇپەر مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق توۋلىدى:

— يوقالسۇن زالىملار!

— يوقالسۇن زالىملار! — ھېسامىدىن زۇپەرگە ئەگەشكەن جامائەتنىڭ بىردەك توۋلىشى بىلەن يېڭىشەھەر بازىرى لەرزىگە كېلىپ دۇكانلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى تىترەپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزلەشنى داۋام قىلدى، مەيدان شۇنچىلىك تىمتاسلىققا چۆمگەندىكى، كىملەرنىڭدۇ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى، ئاللىكىملەرنىڭ ئازابلىق ئاھ ئۇرۇشلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

— بىزنىڭ نۇرغۇن بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىز يامۇلنىڭ زىندانلىرىدا ئېغىر جازالىنىپ ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. نۇرغۇن دېھقانلىرىمىز قۇمۇلغا ئالۋان توشۇپ ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپلا قالماي، بوران شىۋىرغان، قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭ دەۋايىنى ئاڭلايدىغان ئورۇن يوق. قېرىنداشلىرى- مىزنىڭ خۇنى بىر داچەنگمۇ ئەرزىمەيدىغان، ئەخلەت ـ چاۋادەك قەدرى يوق نەرسىمۇ؟ پۇقراغا چۈشۈۋاتقان ئالۋان ـ ياساق، باج -سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن نۇرغۇن دېھقانلار كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز يۇرتىنى تاشلاپ ياقا ـ يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ كەتتى. يامۇلدا ئەمەل تۇتقان ئامبال ـ دارېنلار پۇقرانىڭ نېمە بىلەن قانداق تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى بىلەن ھېچبىر كارى بولماي «ئالىمەن، يەيمەنلا» دەيدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلىپ، پۇقرادىن پارا ئېلىپ بايلىق توپلاپ، ئىچكىرىسىدە ئايۋان ساراي، قەسىر سالدۇرۇپ، بايلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلماقتا. مىلىتارىستلار، پارىخور ئەمەلدارلارغا تايانغان گۆرۈكەش قاراپۇزۇل جازانىخورلار يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلىۋېلىپ، دېھقانلارنى ئېغىر قەرزگە بوغۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ...

كىمدۇر بىرى: «زالىم ئەمەلدارلارنى، جازانىخورلارنى يوقىتايلى!» دەپ توۋلىدى. مەيداندىكى ئامما بىردەك قوشۇلۇپ توۋلاپ يېڭىشەھەرنى تىترىتىۋەتتى.

— بۇ زالىم مەلئۇنلار يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىۋېلىپ پۇقرانى مال ـ مۈلكىدىن، يەر، سۇدىن مەھرۇم قىلغاندىن سىرت، خەلقنىڭ بارلىق سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. بىزدە سۆز، مەتبۇئات، ئىنسانىي باراۋەرلىك، ئەركىنلىك يوق، خەلقچىلىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلالماي ئۆتمەكتە ئۇمۇرلەر تامام،

«يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس»، يا يەتمىدى مېنىڭ چامام.
مىسلى كۆزنى تېڭىپ جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۈزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىڭ چىدام.

— ئەھۋالىمىز ئەنە شۇنداق قېرىنداشلار. سىزلەرمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىزلەر، بىزنىڭ خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر ئاكىمىز تۆمۈر جىسا ھاجىم ئامبال خۇدارىنىنىڭ پاك، شەرمۇ ھايالىق خوتۇن - قىزلىرىمىزنى كېچىلىرى قول چۇماقچىلىرىغا تۇتقۇزۇپ يامۇلغا ئەكەلتۇرۇپ كېچىسى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ۋىجدانى چىدىماي، خۇدارىن بىلەن زاكونلىشىپ ئۇنىڭغا چەك قويغان. ئۇزاققا بارماي خۇدارېن دېگەن قۇۋ تۈلكە تۆمۈر جىسا ھاجىمغا يوقىلاڭ بەتنام چاپلاپ يامۇلنىڭ تۈرمىسىگە قاماپ، قاتتىق ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۇرۇپ قويغىلى تاس قالغان. سەمەر ئاخۇنلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئاتىسى تۆمۈر جىسا ھاجىمنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن چاتقالدىكى پۈتۈن بىر كارىزنى سېتىپ تۆت جىڭ ئالتۇن تەييارلاپ ئامبال خۇ دارېنغا پارا بېرىپ، مىڭ تەستە ئۇنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغان. ھازىر بىزنىڭ ھالال خوتۇن - قىزلىرىمىز ئۇ نائەھلىلەرنىڭ دەستىدىن كوچا - كويلارغىمۇ ئەركىن چىقالماس بولدى.

مەن بۇرۇن مۇشۇ يەردە يامۇلنىڭ ئىككى يايى بىر دېھقاننى تۇتۇپ باغلاۋاتقاننىڭ ئۈستىدىن چۈشكەنىدىم. «بۇ ئادەمنى نېمىشقا تۇتتۇڭلار» دېسەم، يايىلار: «بۇ يامۇل مەنئى قىلغان ئاچىل ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ئامبالنىڭ يارلىقى بويىچە تۇتتۇق» دېدى. باغلاقتىكى دېھقان: «بىزنىڭ ئەمدى ناخشا ئېيتىش ئەركىنلىكىمىزمۇ بولمىسا، زادى قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ؟!» دەپ زار - زار قاقشىدى، مەن يايىلارغا بۇيرۇپ ئۇ دېھقاننى قويدۇرۇۋەتتىم، بىزنىڭ ھالىمىز، بىزنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز ئەنە شۇ.

بىز يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ «دۇنيادىكى ئىلغار، تەرەققىي تاپقان خەلقلەرگە ئوخشاش ئالغا باسىمىز» دېسەك، بۇ زالىم ھۆكۈمەت «نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان» دەپ بىزگە مۇتلەق يول قويمىدى. قېرىنداشلار، پىچاق سۆڭەككە يەتتى. جان ھەلقۇمغا كەلدى. بۇ زۇلۇم - كۈلپەتلەرگە چىداشقا زەررە تاقىتىمىز قالمىدى. بۇ گۈزەل، ئاۋات يۇرتىمىز خانىۋەيران بولۇپ، ئازاب - كۈلپەت، زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ۋەيلۇن دوزاخىنىڭ ئۆزىگە ئايلاندى، شۇڭا قۇمۇل خەلقى خوجىنىياز ھاجىمغا ئەگىشىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارغا، زالىم ۋاڭلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. مەھشەر كۈنىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقىنىنى سەزگەن شىنجاڭنىڭ رەئىسى بولمىش جىن شۇرېن نۇرغۇن چېرىكلىرىنى كەينى - كەينىدىن قۇمۇلغا ئەۋەتىپ قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تاغچى پالگانلار خوجىنىياز ھاجىمنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇشقانسېرى نۇسرەت تېپىپ، كۈچىيىپ، نۇرغۇن چېرىكنى يوقىتىپ، ناھايىتى كۆپ قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالغان. بۇنىڭدىن جان قايغۇسىغا قالغان جىن شۇرېن خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان قاچقۇن ئاق ئورۇسلاردىن مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر تەشكىللەپ ئۆلكە چېرىكلىرىگە قوشۇپ، جەمئىي سەككىز مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا شېڭ شىسەي دېگەننى باش قوماندان قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا قۇمۇلغا ئەۋەتكەن، قوزغىلاڭچىلار ئۇرۇشقانسېرى نۇسرەت تېپىپ، شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭمۇ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن. لېكىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شېڭ شىسەي ياپونىيىدە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ناھايىتى ھىيلىگەر، ۋەھشىي، قارا نىيەت قوماندانمىش.

مەيداندا كىمنىڭدۇ: «ئاللاپاناھ بەرگەي، خوجىنىياز ھاجىمغا نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن ...» دېگىنى ئوچۇق ئاڭلاندى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىراق شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىمۇ تاغچى پالگانلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ. شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىمغا يالۋۇرۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىپتۇ. خوجىنىياز ھاجىم بولسا دۈشمەننىڭ دامىغا چۈشمەي: «بۇ زالىم مەلئۇنلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىمىغۇچە جەڭدىن قايتمايمىز» دەپتۇ.

مەيداندا: «ھەببەللى، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىپتۇ، غەيرەتلىكلارغا بارىكاللا، تاغچى پالگانلار، خۇدايىم سىلەرگە تېخىمۇ چوڭ نۇسرەت ئاتا قىلغاي!» دېگەن سادالار ياڭرىدى...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قېرىنداشلار بىز ھەم جىم ياتماي، بارلىق ئامال - چارىلەر بىلەن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا مەدەت بېرەيلى، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىزگە ئۈمىد - ئىشەنچ ئاتا قىلدى، ئۇلار قان كېچىپ، جېنىنى پىدا ئەيلەپ، بىزگە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، زالىملارنى يوقاتمىغۇچە بىزگە يورۇق كۈن يوق، ھازىر بىز تۇرپان خەلقى بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشنىڭ پەيتى كەلدى.

مەيداندا:

— يوقالسۇن زالىملار، زالىملارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورايلى! — دېگەن سادالار ياڭرىدى.

ھېسامىدىن زۇپەر جوزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىنى ئېگىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ جوزىدىن يەرگە چۈشتى، ھېسامىدىن زۇپەر:

— جامائەت، ھازىر يارلىق بۇرھان بەگ ئاكا قوشاق ئوقۇپ بېرىدۇ، — دەپ جاكارلىدى.

مەيداندا چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى، بۇرھان جوزا ئۈستىگە

چىقىپ جامائەتكە سالام بەردى. ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ «ئىم!» دەپ تامىقىنى قىرىپ قويۇپ قوشاق ئوقۇشقا باشلىدى:

هاجىمنىڭ مىنگەن ئېتى
چىلان تورۇق دىلڭ قۇلاق.
ئامۇخاسنى قاقشاتقان
شا مەخسۇت دېگەن چۇلاق.

هاجىم بىزگە باش بولۇپ،
قوزغىلاڭنى باشلىدى.
دۈشمەنلەرنىڭ باشىنى
قۇمدەك يانچىپ تاشلىدى.

هاجىم جەڭگە ماڭغاندا
ئاتلار ئۇچار شامالدەك.
چېرىكلەرنى يوقاتتى
قۇمۇل تېغىدا ساماندەك.

چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
هاجىم ئاتىدۇ باشقا.
چېرىكلەرنى يوقاتساق،
ئاغزىمىز تېگەر ئاشقا.

هاجىم ئاسقان قىلىچنىڭ،
دەستىسىدە نەقىش بار.
جەڭنى قىلماقتىن بۇلەك،
بىزگە يەنە نىم ئىش بار.
......

بۇرهان ئاكا قوشاقنى ئوقۇپ بولغاندا مەيداندا ئالقىش ياڭرىدى. ئۇ جوزىدىن پەسكە چۈشۈشكە ساۋۇت مەزىن:

— شائىر بىر نەزمە ئوقۇپ بەرسە، قانداق؟ — دېدى ئۈنلۈك هالدا.

مەيداندا: «شائىر نەزمە ئوقۇپ بەرسۇن!» دېگەن سادا كۆتۈرۈلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قېشىدا تۇرغان دوست - بۇرادەرلىرى بىردەك:

— شائىر، بىر نەزمە ئوقۇپ بەرسىلە، — دېيىشتى.

هېسامىدىن زۇپەر:

— خەپشۇك، جامائەت، هازىر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەزمە ئوقۇپ بېرىدۇ، — دېدى توۋلاپ.

مەيداندا چاۋاك ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جوزا ئۈستىگە چىقىپ جامائەتكە هۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ تەسىرلىك ئاهاڭدا «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆرمەك نېسىپ بولۇرمۇ
كۈنىنىڭ جامالىنى، ۋاي.
كۈن ئولتۇرۇپقۇ كەتتى،
چىقمايدىغۇ ئەجەب ئاي.

ئاپتاپقۇ كەتتى قولدىن،
ئۈمىد يوق يەنە ئايدىن.
تۈت ئەتراپقا باقسام مەن،
زۇلمەتتە قالغان هەر جاي.

. . . . . .

مەيدان تىمتاس، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر ئوقۇشنى داۋام قىلاتتى:

ھەممىنى قۇلۇم قىلسا،
ھايۋاندەك زۇلۇم قىلسا.
دەپسەندە كۆكۈم قىلسا،
ۋىجدان قانداق چىدىغاي!
. . . . . .
غېمىمىزنى يەيلى بىز،
نېمە دېسەك دەيلى بىز.
قول قوۋۇشتۇرۇپ «لەبەي!» دەپ،
نە قىلسا قاراپ تۇرماي.

ئۇيغۇر ئېچىپ كۆزۈڭنى،
تونۇتۇپ قوي ئۆزۈڭنى.
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
غەيرەتىڭدىن ئايلىناي.

شائىر شېئىرنى ئوقۇپ بولدى. مەيداندا «قاچانغىچە جىم ياتىمىز، ئامبال دارىنلارغا، زالىملارغا ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويايلى، يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆلەيلى» دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جامائەتنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە جوزىدىن چۈشتى. دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى ئورىۋالدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ نۇتقىدىن تەسىرلەنگەن جامائەت توپ - توپ بولۇشۇپ غۇلغۇلا قىلىپ تارقىلىشقا باشلىدى.

# خەلقنىڭ تۈنجى قوراللىق قوشۇنى

1932-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرى، «خوجىنىياز ھاجىم پىچانغا قوشۇن باشلاپ كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقۇدەك[1]» دېگەن خەۋەر تۇرپانغىمۇ تارقالدى. بۇ خەۋەر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلمىغا زەررىچىلىك تاقىتى قالمىغان خەلقنى قوزغىتىش رولىنى ئوينىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن تۇرپاننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى خەلقنىڭ قېنى قىزىپ، خۇددى بىر دۆۋە قۇرۇق ئوتۇنغا، بىر تال ئۇچقۇن چۈشۈشى بىلەنلا لاۋۇلداپ يېنىپ چوڭ يانغىنغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۆيلەردە، مەھەللە - كوچىلاردا، ئېتىز - قىرلاردا چوڭ - كىچىك جىمىكى ئادەمنىڭ ئاغزىدا «زۇلۇم تىغى گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى، ئەمدى قوزغالماي قاچان قوزغىلىمىز» دېگەن سۆزلەر تەكرارلىناتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دوست - بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە يىغىپ خەلقنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوزغاش ئۈچۈن تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ۋەزىپە تەقسىم قىلىشىۋېلىپ جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لىتىپ ئەپەندى، ئابدۇراخمان قارىيلار بىرلىكتە شائىرنىڭ «ئويغان»، «ئاچىل» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ئاق خەسگە بىر قانچە نۇسخىدىن چوڭ خەت بىلەن يېزىپ يېڭىشەھەرنىڭ خەلق توپلىنىدىغان تۆت كوچا ئېغىزى، مەدرىسە، دۇكانلارنىڭ ئالدىلىرىغا چاپلىدى. ئۇلار

---

[1] ئۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چىققان ماشىمىن، تۆمۈر بوتۇڭ، تۇرسۇنلار ئەللىكچە قوزغىلاڭچىنى باشلاپ پىچانغا كەلگەنىدى. خوجىنىياز ھاجى 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پىچانغا كەلگەن.

جامائەت يىغىلىشقان سورۇنلاردا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىشنى تەشۋىق قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلق ئىچىگە بېرىپ تەشۋىق قىلىش بىلەن خەلقنىڭ راينى تەكشۈرۈپ بىلىپ تۇرۇشقىمۇ دىققەت قىلدى. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقات ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە گەپ خەلقنى تەشكىللەشتە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇ كۆز قارىشىنى ھېسامىددىن زۇپەرگە ئېيتىۋىدى، ئۇمۇ شۇ كۆز قاراشتا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن كۆڭلىگە بىر ئوي كەلدى، ئۇ ئۆزىگە قاراپ بىر نېمە دەمدىكىن دەپ ئولتۇرغان ھېسامىددىن زۇپەرگە دېدى:

— ئۆزلىرىگە ئامبال دارىن بىر ئاز ئىشىنىدۇ، بىز ئۆزلىرىنىڭ ئامبال ئالدىدىكى ئابرۇيلىرىدىن، ئامبالنىڭ ئاشۇ بىزە بولسىمۇ ئىشەنچىسىدىن پايدىلانساقمىكىن دەيمەن.

شائىرنىڭ بۇ گېپى ھېسامىددىن زۇپەرنى سەگەكلەشتۈردى، ئۇ قىزىققان ھالدا سورىدى:

— قانداق قىلىنى دەيلا؟

— ئۆزلە ئەتىلا كونا شەھەرگە بېرىپ يامۇلغا كىرىدىلا، ئۇدۇللا ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ «ھازىر يۇرت ئىچى ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپى بار، بىز ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ يېڭىشەھەرنى قوغدىمىساق بولمايدۇ» دەيلا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— بەللى، تازا بىر گەپ بولدىغۇ بۇ، ھە ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — سورىدى ئەجەبلىنىپ ھېسامىددىن زۇپەر.

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئامبال ئۆزلەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ تەلەپلىرىگە قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزلە «بىزدە قورال ـ ياراغ يوق، ھۆكۈمەت بىرەر يۈز تال مىلتىق ئارىيەت بەرسە» دەيدىلا، ئامبال «بولىدۇ» دېسىلا ئىش پۈتكىنى.

— ئەقىللىرىگە بارىكاللا، ئابدۇخالىق! — دېدى خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ھېسامىددىن زۇپەر، — شۇنداق بولىدىغان

بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولۇردى، ئەتە ئەتىگەنلىككە مەن ئامبال بىلەن كۆرۈشەي.

مەسلىھەت بويىچە ئەتىسى ھېسامىدىن زۇپەر ئامبال بىلەن كۆرۈشتى. ئامبال ئۇنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر يەتمىش تال مىلتىق بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ھېسامىدىن زۇپەر يەتمىش مىلتىقنى تاپشۇرۇۋالغۇچە ياملۇل مەھكىمىسىگە بىر تىلخەت يېزىپ بەردى، بۇ تىلخەتكە يۇرت كاتتىلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجى بورۇن (كېپىللىك قىلغۇچى) بولۇشتى.

ھېسامىدىن زۇپەر يەتمىش مىلتىقنى ھارۋىغا بېسىپ يېڭىشەھەرگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىساھاجىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شەھەر ئىچىدىكى يۇرەكلىك، باتۇر، چاققان، ئوت يۈرەك ياشلارغا مىلتىقلارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شەھەرنى قوغداش ليەنى قىلىپ تەشكىللىدى، بۇ تۇرپاندا تەشكىللەنگەن خەلقنىڭ تۇنجى قوراللىق قوشۇنى ئىدى. بۇ قوشۇنغا ھېسامىدىن زۇپەر باشلىق بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارغا قۇمۇلدىكى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى سۆزلەپ ئىلھام بەردى. شەھەرنى قوغداش ليەنى ھەر كۈنى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. قوراللانغان ياشلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مىلتىق باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى.

12 - ئاينىڭ بېشىدا، ئاستانە — قاراغوجا دېھقانلىرى مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۇرپان شەھىرىگە كەلگەندە، ھېسامىدىن زۇپەر باشچىلىقىدىكى شەھەرنى قوغداش ليەنى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ شەھەرنى ئازاد قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

# غەلىتە تۇتقۇن

1931 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇمۇلدا پارتلىغان فېئوداللىق زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچى مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى قاتتىق سارالسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۆز تەختىنىڭ گۇمران بولۇش كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۈشكەن جىن شۇرېن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا كەينى - كەينىدىن ئەسكەر ئەۋەتكىلى تۇردى. بىراق، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆلكە چېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇشقانسېرى كۈچىيىپ، نۇسرەت تېپىپ، زورىيىپ باردى. ئىككى يىل مابەينىدە ئۇرۇمچى — قۇمۇل يولىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مۇشۇنداق نۇرغۇن چېرىك ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك تەمىناتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت بۇ كىچىك يۇرت ئۈستىگە چۈشتى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئاۋام پۇقرانىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، ئۈستى - ئۈستىلەپ باج - سېلىق يىغىپ، ئالۋان - ياساقلارنى نەچچە ھەسسىلەپ كۆپەيتىۋەتتى، بەگ - شائىيۇلار بۇ باج - سېلىقلارنى يەنە بىر ھەسسە كۆپەيتىپ يىغىپ يۇرت خەلقىنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۈچ ناھىيىدىن يىغىپ ئېلىنغان ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلەرنى قۇمۇلغا توشۇپ بېرىش ئالۋىنى يۇرت خەلقىنى «ۋاي داد!» دېگۈزۈپ جېنىدىن جاق تويغۇزدى.

1932 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى يامۇلنىڭ ئۈچ يايىسى ئىككى قوراللىق چېرىك بىلەن جىسالارنىڭ ياردىمىدە يوقسۇللۇقتىن باج - سېلىقنى تۆلىيەلمىگەن، قۇمۇل يولىدا جۇدۇن، بورانلاردا ئات - ئۇلاغلىرى ئۆلۈپ كېتىپ ئۇ يەردىن

قېچىپ كەلگەن ئاستانىلىك ئون نەچچە نامرات دېھقاننى تۇتقۇن قىلدى. ئۈچ يايى ئىككى قورالىلىق چېرىكنىڭ قوغدىشىدا بۇ كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ سوغۇقتا توڭلاپ دىر - دىر تىترەپ تۇرغان بىچارىلەرنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ قوللىرىدىن بىر - بىرىگە چېتىپ يامۇلنىڭ سولاقخانىسىغا قاماش ئۈچۈن تۇرپان شەھەر تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر تار توغرا كوچىدىن ئىككى ئاتلىق چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى، چىلانتورۇق ئات ئۈستىدىكى ئېگىز بويلۇق سېرىق ساقاللىق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئادەم قولىدىكى قامچىسىنى پۇلاڭشىتىپ:

— ھەي قېرىنداشلار، سىلەر ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ خوجىنىياز ھاجىم پىچانغا چىقتى. ھازىر پىچاندىكى چېرىكلەرنى ئۆلتۈرىدىغاننى ئۆلتۈرۈپ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ يېگىرمە بەش ياشلاردىكى ھەمراھى:

— بوينۇڭلاردىن قوينىڭ قوزىسىنى باغلىغاندەك باغلاپ ماڭسا، غىڭ قىلماي جىم تۇرامسىلەر؟ قوزغىلىشنىڭ ۋاقتى كەلدى! — ئۇ شۇنداق دەپلا قېشىدىكى چېرىكنىڭ گېلىنى سىققان پېتى ئېگەردىن يۇلۇۋالدى - دە، مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ «پاك» لا قىلىپ ئېتىۋەتتى. ئېگىز بويلۇق ئاتلىق بولسا قولىدىكى قامچىسى بىلەن يەنە بىر چېرىكنى قامچىلاشقا باشلىدى. باش - كۆزى يېرىلىپ قانغا بويالغان چېرىك مۈرىسىدىكى مىلتىقىنى ئالغۇچە ھېلىقى ياش يىگىت چېرىكتىن تارتىۋالغان مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى، بۇ چېرىكمۇ ئۆلۈك ئىتتەك يەرگە گۇپپىدە چۈشتى. ھويلىلىرىدا، ئۆيىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىدىن قاراپ، مارىشىپ تۇرۇشقان ئادەملەر كەينى - كەينىدىن كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى، قوللىرى باغلاقتىن بوشىتىلغان تۇتقۇنلارمۇ «ئۇر - سۇق!» دەپ ۋارقىراشقان پېتى توپقا قوشۇلۇپ ئۈچ يايىنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ھايت - ھۇيت دېگۈچە جايلىۋەتتى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كېلىشتى. بىر پەستىلا كىشىلەر

كەلكۈندەك كۆپىيىپ بىر نەچچە يۈزگە يەتتى. شۇ ئەسنادا بىشىغا ئىگىز كۆلا، ئۇچىسىغا ئالا ـ بۇلىماچ جەندە كىيىپ، قولىغا ئەگرى ـ بۈگرى ھۆررەكلىرى بار غەلىتە ھاسا تۇتقان چار ساقاللىق توكۇر ئىشان بىر سۇپىغا چىقىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئەيىۇھەنناس، ئىشتىنگلار ئاموخاس! ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار، مەن تۈيۈق ئەسھا بۇلكەفتىن كەلدىم، تۈيۈق غوجام بىزگە ئىسلام ئىچىڭلار دەپ بىشارەت بەردى، مۆمىن مۇسۇلمانلار ھازىردىن باشلاپ كۆپپارلارنى ئۆلتۈرۈپ ئىسلام ئاچىمىز، غازات قىلىمىز، — دەپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ مەھەللىنىڭ ئۇ چىتىگە ماڭدى. توپلاشقان ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى قىيقاس ـ سۈرەن بىلەن ئىشانغا ئەگەشتى، مەھەللىنىڭ شىمالىدا خېلى يىللاردىن بۇيان شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئالتە ئۆيلۈك خەنزۇ يۇقرا بار ئىدى. ئۇلاردىن ۋاڭ زەي دىگىنى گۆرۈخانا ئاچاتتى، ياڭ گىچەن دىگىنى بولسا جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىناتتى، قالغان تۆت ئائىلىلىك تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق ۋە تىرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نامراتلاردىن ئىدى.

توكۇر ئىشان باشلىغان ئادەملەر توپى گۆرۈكەش ۋاڭ بىلەن جازانىخور ياڭنىڭ دۇكانلىرىنى بۇلاپ پاك ـ پاكىز قۇرۇقداپ قويۇپ ئوت قويۇۋىتىشتى. ئۇلارنى ئۇرۇپ بىر دەمدىلا چالا ئۆلۈك سىنىغا كىرگۈزۈپ قويدى. بالا ـ چاقىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپمۇ تاياق ـ توقماقتىن قۇتۇلالمىدى. بىر نەچچە ئادەم جازانىخور ياڭنىڭ دۇكىنىدىن تېپىلغان ھېسابات دەپتىرىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى، بىر قانچە سوپى، مۇرتلار چولاق ئىشاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇلارغا ئىمان ئېيتقۇزىمىز دەپ قالغان تۆت ئۆيلۈك خەنزۇنى ئارىغا ئېلىپ ئاغزى ـ بۇرنىغا ئۇرۇۋاتاتتى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەخسۇت مۇھىتى ئىنىسى مەخمۇت مۇھىتى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. مەخسۇت مۇھىتى ئىتىنى دېۋىتىپ توپنى يېرىپ چولاق ئىشاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋارقىرىدى:

— توختاڭلار، قولۇڭلارنى تارتىڭلار!

ئادەملەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ مەخسۇت مۇھىتىنى كۆرۈپ

توختاپ قىلىشتى، مەخسۇت مۇھىتى چۆچۈپ كەتكەن ئىشانغا قاراپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ نەدىن كەلدىڭىز؟ — دېدى.

— مەن ئالائىدىن مەخسۇم بولىمەن، تۆيۈق غوجام بىزگە ئىسلام ئېچىشقا بېشارەت بەردى. مانا ئەمدى بىز ھازىردىن باشلاپ ئىسلام ئاچىمىز! — دەپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ يەرگە ئۇرۇپ توپا قاينىتىشقا باشلىدى.

— ھەي ئىشان، تۇرپاندا ئىسلام ئېچىلغىلى ئالتە - يەتتە يۈز يىل بولۇپ كەتتى-غۇ، سىز يەنە نېمە قىلماقچى؟ بۇ قىلغۇاتقىنىڭلار يولسىزلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ۋارقىراپ.

— نېمە دەۋاتىسىز، مەخسۇتباي؟ — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق قارا ساقاللىق بىر سوپى ھومىيىپ، — جازانىخور گۆرۈكەشنىڭ ئەدىپىنى بەرگىنىمىز يامانمۇ؟ بۇ تائىپىلەرنىڭ بىزگە قىلغىنى ئازمۇ؟

— جازانىخور گۆرۈكەشلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال شۇنداق ئىشلارغا يول قويۇۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى يوقىتىش كېرەك! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ۋارقىراپ، — ماقۇلە، ئاۋۇ ئىككىسىنى جازانىخور، گۆرۈكەش دەپ ئۇرۇپسىلەر، بوپتۇ، مۇنۇ تۆمۈرچى ئۇستىنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر؟ ئۇمۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ ئاران كۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاجىز پۇقراغۇ؟ قولۇڭلاردىن كەلسە، پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىۋاتقان زالىم ھۆكۈمەتنى يوقىتىڭلار، قولىدا قورالى يوق تىنچ پۇقراغا تەگمەڭلار! ئاۋۇ ئىشانغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار!

مەخسۇت مۇھىتى گېپىنى تۈگىتىپ، كەينىگە قاراپ:

— قېنى بۇ ئىشان؟ — دېدى.

ئىشان كۆرۈنمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ھېلىقى جازانىخور بىلەن گۆرۈكەش خەنزۇنىڭ بۇلاپ كېتىلگەن ئات - ھارۋىلىرىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى «بالا - چاقاڭلار بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كېتىڭلار» دەپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئاندىن ھېلىقى تۆمۈرچى باشلىق تۆت ئائىلىلىك خەنزۇلارنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ كەلدى. ئەتىسى ئۇلارنىمۇ تۇرپان شەھىرىگە ھارۋا بىلەن ئاپىرىپ قويدى.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى يەنى 12 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى تۇرپان يامۇلى ئاستانە دېھقانلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر ليەن ئەسكەر ئەۋەتتى. يامۇلنىڭ چېرىكلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ خەۋىرى ئاستانىگە يېتىپ كەلگەنىدى. مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەخمۇت مۇھىتى باشلىق يۇرت كاتتىلىرى ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنىلا مۇشۇنداق بولۇشىنى مۆلچەرلىگەنىدى ۋە ئىككى كۈن ئىچىدە ئاستانە، قارا غوجىدىكى پالۋانلارنى قوراللاندۇرغاندىن تاشقىرى، جەڭگەرلىك دېھقانلارنى پالتا، ئورغاق، تاياق ـ توقماق بىلەن قوراللىنىشقا تەشكىللەپ، يامۇل چېرىكلىرى كېلىدىغان كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەن كەلگەن ھامان بىرنى قاچۇرماي يوقىتىش تەييارلىقىنى ئىشلەپ تەخمۇ تەخ بولۇپ تۇرغانىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئاش ۋاقتىدا يامۇل چېرىكلىرى ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار دېھقانلارنى «قولىدا تۆزۈك مىلتىقى يوق، تۆت توكتوك بىر نېمىلەرغۇ» دەپ كۆزگە ئىلمىدى. ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلىشىپ كېلىپ ئون ـ يىگىرمە پاي ئوق ئېتىپ ھەيۋە قىلدى، كۆرەڭلەپ كاناي چېلىپ مەھەللىگە كىردى. مەھەللە ئىچىدە ئىنسۇ جىن كۆرۈنمىگەندىن كېيىن يامۇل چېرىكلىرى ئۇدۇل مېڭىۋەردى، چېرىكلەر مەھەللە ئىچىگە تولۇق كىرىپ بولۇشىغا، بىر بۆلۈك دېھقانلار كوچىنىڭ ئىككى بېشىنى قاتتىق قورشىۋالدى، كوچىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرىغا، تام كەينىلىرىگە مۆكۈۋالغان دېھقانلار «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېگەن ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن تۆلكىگە ئېتىلغان يولۋاسلاردەك چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، پالتا، ئورغاقلار بىلەن چېپىپ، ئۇزۇن ساپلىق ئىلغاقلار بىلەن بويىنىنى، پۇتىنى ئىلىپ يىقىتتى، يىقىلغان چېرىكلەرنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىپ جايلىۋەتتى. مەھەللە ئىچىدە «ئۇر، چاپ!» ساداسى پەلەككە كۆتۈرۈلدى، يېرىم سائەت ئىچىدە بىر ليەن چېرىك تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. يۈز نەچچە تال مىلتىق، بىرمۇنچە ئوق ـ دورا غەنىيمەت ئېلىندى. بۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى

كەچتە ئىككى يۈزدىن ئوشۇق دېھقاندىن رەسمىي قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللەندى. بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنغا مەخسۇت مۇھىتى باش قوماندان، مەخمۇت مۇھىتى مۇئاۋىن قوماندان بولدى، ئەتىسىلا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرى ئاستانىلىك مەردلەرگە باركاللا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشتى. بىر مۇنچە دېھقانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشتى، بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قوزغىلاڭچىلار سېپى كېڭىيىپ بەش يۈز ئادەمدىن ئېشىپ كەتتى.

ئاستانە خەلقىنىڭ تۇنجى جەڭدىكى زور غەلىبىسى تۇرپان يېڭىشەھەردە زىلزىلە قوزغىدى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر، تۆمۈر جىساھاجى، لىتىپ ئەپەندى، ھەببۇللا ئەپەندىلەر باركاللا ئېيتىپ تەنتەنە قىلىشتى.

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ «ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچى نىسپىي ئاجىز بولغان يېڭىشەھەرنى ئېلىشىمىز كېرەك. بۇگۈن كېچىدىلا ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىغا خەۋەر يەتكۈزەيلى» دېگەن قارارغا كېلىشتى، بىر خەت يازماقچى بولۇشتى.

خەتنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازدى. خەتتە ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ غەلىبىسىگە باركاللا ئوقۇلۇپ، تەنتەنە قىلىنغاندىن كېيىن تۇرپان يېڭىشەھەردىمۇ قوزغىلاڭ تەييارلىقى پۈتكەنلىكى، شۇڭا ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كېلىدىغان جۈمە يانغان كېچىسى يېتىپ كەلسە، شەھەر ئىچىدىن ماسلىشىپ شەھەرنى بىر يولىلا ئالالايدىغانلىقى يېزىلغانىدى. بۇ خەت ئاستانىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى باشلىق قوزغىلاڭچىلار جىددىي تەييارلىققا كىرىشتى. ئۇلار جۈمە يانغان كېچىسى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا تۇرپان يېڭىشەھەرگە يېتىپ كېلىپ شەھەرنى قورشىۋالدى. شۇ كېچىسى قوزغىلاڭچىلارغا يار، يەمشى، چاتقال، باغرى، بۇيلۇق يېزىلىرىدىن يېڭى كۈچلەر كېلىپ قوشۇلغاچقا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى مىڭغا يېقىنلىشىپ قالدى، شەھەر ئىچىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر تەشكىللىگەن «شەھەرنى قوغداش لىيەنى» دېگى پىدائىيلار ئالللىقاچان بويرۇق كۈتۈپ تەييار تۇرغانىدى. بىر گۇرۇپپا پىدائىيلار

شەھەر دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان چېرىكلەرگە تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىپ ئۇلارنى بىراقلا ئۇجۇقتۇردى. بۇ شەرقىي ئۇپۇق بېلىق باغرى ئاقىرىپ سۇبھى كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. پىدائىيلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. قوزغىلاڭچىلار شىددەتلىك كەلكۈندەك شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. شەھەر ئىچىدىكى پىدائىيلار مەخسۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئاش ۋاقتى بىلەن يېڭىشەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنى تەلتۆكۈس يوقاتتى.

چۈشكە يېقىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېساممىدىن زۇپەر قازىخانا مەسچىتى ئالدىغا كېلىشىگە، تۆت قوزغىلاڭچى پىدائىي دېھقان ئەر ـ ئايال ئىككى خەنزۇنى ھەيدەپ كەلدى. كەينىدىنلا ئىككى قوزغىلاڭچى ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن باغلاپ، كونا بىر تۇماقنى چۆكـۈرۈپ كـىيـىۋالغان، يـۈزى قـارا ـ قۇرا، غەلىتە بىر تۇتقۇننى ئىتتىرگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەر ـ ئايال خەنزۇنىڭ يۈك شىڭىلىك ۋە ئۇنىڭ تەتىيى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ ئىككىسمۇ ئابدۇخالىقنى كۆرۈپ پۇت ـ قولىغا جان كىرىپ تىپىرلاپ كەتتى. يۈك شىڭىلىك دەرھال ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېساممىدىن زۇپەرگە تەزىم قىلىپ:

— خالىق شويى، ھېساممىدىنباي، سـىـزلـەر بـۇ يـەردە ئـىـكـەنـسـىـزلـەر، — دېدى.

غەلىتە تۇتقۇننى ھەيدەپ كېلىۋاتقان پىدائىيلار ئالدىغا ئۆتۈپ توختاپ قالدى.

— بۇنى نېمىشقا تۇتۇپ كەلدىڭلار؟ بۇ كىم؟ — سورىدى ھېساممىدىن زۇپەر كەينىدىن كەلگەن ئىككىيلەندىن. ئۇلاردىن بىرى:

— بۇنى كۈنچىقىش قوۋۇقتىن يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇۋالدۇق. گەپ سورىساق، دۇدۇقلاپ گەپ قىلمىدى. يۈز ـ كۆزىگە قارا سۈركەلگەچكە، كىملىكىنى تونۇيالمىدۇق. ھەرىكىتى گۇمانلىق تۇرىدۇ، — دېدى.

— سەن كىم بولىسەن؟ ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى ھېساممىدىن زۇپەر تۇتقۇندىن.

غەلىتە تۇتقۇن ئۈنچىقمىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ غەلىتە تۇتقۇنغا سەپسېلىپ قاراپ تونۇۋالغانىدەك قىلدى. ئۇ تۇتقۇننىڭ بېشىدىكى تۇماقنا قول ئۇزىتىشىغا، تۇتقۇن چاپىنىنى قايرىپ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا تەڭلىدى. شۇ ئەسنادا ھېسامىدىن زوپەر «كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئېتىلىپ بېرىپ تۇتقۇننىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنىڭ بېغىشىدىن كاپىلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. «پاڭ!» قىلىپ بىر ئوق ئاسمانغا ئېتىلدى. ئاڭغىچە ئۇنى ھەيدەپ كەلگەن ئىككى پىدائىي بۇ تۇتقۇننى يەرگە يىقىتىپ بېسىۋالدى، ھېسامىدىن زوپەر تاپانچىسىنى تارتىۋالدى. تۇتقۇننىڭ بېشىدىكى تۇمىقى دومىلاپ بېشىدىن چۈشۈپ كەتتى، شۇئان ئۇنىڭ كىملىكى ئايان بولدى.

بۇ غەلىتە تۇتقۇن يېڭىشەھەر يامۇل چېرىكلىرىنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى لىيۇ شىڭگۇي ئىدى، ھېسامىدىن زوپەر ئۇنى شۇ يەردىلا سوراق قىلدى. مەلۇم بولدىكى، قوزغىلاڭچىلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە ھايات قېلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن لىيۇ شىڭگۇي ئارقا كوچىغا كىرىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرقىي قوۋۇقتىن چىقىپ كونىشەھەرگە قېچىپ كېتىۋاتقانىكەن.

— بۇ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئەبلەخنى چىڭ باغلاڭلار، سەل تۇرۇپ جاجىسىنى بېرىمىز، — دېدى ھېسامىدىن زوپەر ئىككى پىدائىيغا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نېرىسىدا تۇرغان يۇڭ شىڭسىڭغا قاراپ:

— يۇڭ شەنشىڭ[1] ، — دەپ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى، ھېسامىدىن زوپەر باش لىڭشىتىپ قويۇپ:

— يۇڭ ئەپەندىغۇ بۇ، — دېدى.

— بۇ ئىككىسىنى نېمە گۇناھى ئۈچۈن تۇتتۇڭلار؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۆت پىدائىيغا قاراپ.

ئۇلاردىن ئېگىز بويلۇق، قارا ساقاللىق بىر ئادەم:

— بۇلارمۇ دۈشمەن بولغانىدىكىن تۇتتۇق... بۇلارنىمۇ ئاتىمىز، — دېدى كەسكىن سۆزلەپ — بۇلارمۇ خەنزۇ تۇرسا،

---

(1) يۇڭ شەنشىڭ — يۇڭ ئەپەندى.

گۇناھىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۈك شىگىسنىڭ ئايالى قورقۇپ ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى.

— بۇ گەپ توغرا بولمىدى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، — خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس. پەقەت خەنزۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانلار، مىلىتارىستلار، زالىم ئەمەلدارلار، مانا ماۋۇ قاچقۇن ليۇ لەنجاڭدەك قانخورلار، فېئودالىزمنىڭ ھامىيلىرى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. ئۇلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زۇلمى چېكىدىن ئاشتى. بۇنداقلارنى يوقاتمىساق، بىزگە ياخشى كۈن يوق، خەنزۇلارنىڭ ئىچىدىكى نامرات دېھقانلار، ئىشلەمچىلەر، مۇنۇ يۈك شەنشىڭغا ئوخشاش خىزمەتچىلەر، سودىگەر ـ تىجارەتچىلەر بىزگە دۈشمەن ئەمەس. چۈنكى بۇلار بىزگە زۇلۇم سالمىغان، بەلكى بۇلارمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئېزىلىشكە ئۇچرىغان، قانداق، ھېسامىدىنباي؟

ھېسامىدىن زۇپەر بېشىنى لىڭشىتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ:

— شائىر توغرا ئېيتىدۇ، بۇ ئىككىسىنى قويۇۋېتىڭلار، مۇنۇ ليۇ لەنجاڭ دېگەن ئەبلەخنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز، — دېدى پىدائىيلارغا.

پىدائىيلار يۈك شىگىسنىڭ بىلەن خوتۇنىنى قويۇۋەتتى.

— ليۇ لەنجاڭنى قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئۇنى شەدە بىر تەرەپ قىلىمىز، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر ئىككى پىدائىيغا.

ئىككى پىدائىي لىيۇ شىڭگۇينى ھەيدەپ قوماندانلىق شتاب جايلاشقان ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىسىگە قاراپ ماڭدى. يۈك شىگىسنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەرگە قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتتى. يۈك شىگىسنىڭ تۇرپان ناھىيىلىك پوچتىخانىدا ئىشلەيتتى، ئۇ ئىدىيىدە ئىلغار ئادەم ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۆتاڭدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ ئۇنىڭدىن بېيپىڭ، شاڭخەيلەردىن ئەكەلتۈرگەن «يېڭى ياشلار»، «شەرق ئەنزارى» قاتارلىق ئىلغار ژۇرناللارنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ ئوقۇيتتى. ئۇ زاماندا ياڭ زېڭشىن ھەر قانداق

يېڭى كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ شىڭشىڭشا چېگرىسىدىن كىرىشىگە يول قويمايتتى. يۇڭ شىڭسىڭ پوچتىخانىدا ئىشلەش بىلەن بىرگە قوشۇمچە دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال ئېلىپ چىققۇچە بىر ئاماللار بىلەن يوشۇرۇنچە يېڭى كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنى ئېلىپ چىقاتتى. ئۇ شۇ يوللار بىلەن ئابدۇخالىققا «كاڭشى لۇغىتى»، «ئوكيانۇس» قاتارلىق كىتابلارنى شاڭخەيدىن ئەكېلىپ بەرگەنىدى. يۇڭ شىڭسىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېننىڭ «يېڭىلىق، دېموكراتىيە، ئىلغارلىققا قەتئىي يول قويماسلىق»، «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا تۇغدۇرۇپ، بىر - بىرىگە بەنت قىلىپ قويۇپ، ئۈستىدىن باشقۇرۇش»، «يېڭى مائارىپنى چەكلەش» تەدبىر - سىياسەتلىرىنى ياقتۇرمايتتى.

يېڭىشەھەرنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىن ئىدى، ئۆزىنىڭ ئامان قېلىشىغا كۆزى يەتمىگەن يۇڭ شىڭسىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يوشۇرۇنچە ئابدۇراخمان مەخسۇملارنىڭ ھويلىسىغا كەلدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارنى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن يۇڭ شىڭسىڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇ يەردە بىر قانچە كۈن يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بەك ئالدىراش بولۇپ ئۆيىگە ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ، ئازراق ئولتۇرۇپلا، يەنە چىقىپ كېتەتتى. ئۇ يېڭىشەھەرنىڭ ۋەزىيىتى سەل تىنجىغان ھامان يۇڭ شىڭسىڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويدى.

# يىگىت جەڭدە سىنىلىدۇ

1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، قوزغىلاڭچىلار يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى. ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا بىر پىدائىي كېلىپ «ئۇزلەنى مەخسۇت مۇھىتى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بىللە ئېلىپ كەتتى.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قايتىپ ·كەلدى. ئۇ ھويلىغا ئىتتىك كىرىپلا:

— ئايىت، نەدىسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

ئات باقار ئايىت:

— خوش، لەببەي! — دېگىنىچە ھازىر بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەسكىن بۇيرۇدى:

— تورۇق ئاتنى توقۇپ تەييارلىغىن!

ئايىت ئات باقار شائىرنىڭ بۇنچىۋالا جىددىيلەشكىنىنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنىدى. ئۇ بىردەمدىلا ئاتنى توقۇپ ئېغىلدىن ھويلىغا يېتىلەپ چىقتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ تۆردىكى ئۆيگە قاراپ چاقىردى:

— ئابدۇقەييۇم!

— لەببەي ئاكا! — دېگىنىچە ئابدۇقەييۇم ھويلىغا چىقتى.

— ئابدۇقەييۇم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — ھەقىقىي يىگىت جەڭدە سىنىلىدۇ، يىگىتلەرنى سىنايدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. مەن ھازىر قوماندانلىق شتابىدا ئېچىلغان مەجلىستىن قايتىپ كەلدىم، ئۈرۈمچىدىن چىن شۇرېن تۆرپانغا جازا ئەترىتى ئەۋەتىپتۇ، مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەبگا

چېرىكلەر پوتلىسىنى ئېقىتىپ مۇشۇ تاپلاردا يارغولغا كېلىپ قالدى بولغاي، مانا بۇ قورالنى ئال.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ، دراپ پەلتۇسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر تاپانچىنى چىقىرىپ ئابدۇقەييۇمغا سۇندى.

ئابدۇقەييۇم ئاكىسىنىڭ قولىدىن قورالنى ئىككى قوللاپ ئالدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ چوڭقۇر قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ دېدى:

— ئاتقا مىن، جەڭگە ئاتلان! مېنىڭ ئۇكام بولساڭ، ھەرگىز چېكىنمە! ياۋۇز دۈشمەننى تولۇق يوقىتىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتقىن!

ئابدۇقەييۇم ئاكىسىنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ:

— خوپ ئاكا، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن! — دېدى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن.

— مانا ئات، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئىنىسىگە بەردى.

تورۇق ئات مىجىت ھاجىدىن قالغان ئارغىماق نەسىللىك ئېسىل ئات ئىدى. بۇ ئاتنى ئادەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن باشقا ھېچكىم مىنمەيتتى، ئابدۇقەييۇم چاپچىپ تۇرغان ئاتقا ئەپچىللىك بىلەن مىنىۋالدى.

— ئاق يول بولسۇن، ئۇكام!

— خوش ئاكا، خوش ئانا، ئاپا، خوش، ئۇكىلىرىم! — ئابدۇقەييۇم ھويلىغا چىقىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئەرەمىسىما خېنىم، نىيازخان ئايلا ۋە ئۇكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئېتىنى تاراسلىتىپ چاپتۇرغان پېتى جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن «پاڭ - پۇڭ»، «تاڭ - تۇڭ» قىلغان مىلتىق ئاۋازلىرى كەينى - كەينىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئوق ئاۋازى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. بۇ جەڭنىڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاس خانىسىدىن ھويلىغا چىقىپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ

ئۇياقتىن - بۇياققا تىنماي مېڭىپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تازا تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابدۇقەييۇم تەرلەپ ئۇستىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاتنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرھال سورىدى:

— جەڭ تۈگىدىما؟

— ياق.

— ئەمىسە، نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟ — ئاچچىقى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئابدۇقەييۇم سول قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قولىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى.

— قولۇڭغا نېمە بولدى؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەل يۇمشاق ئاھاڭدا ئىچى ئاغرىغانلىقىنى ئىپادىلەپ.

— بىلىكىمنى ئوق سىجاپ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئابدۇقەييۇم.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قانغا بويالغان سول قولىغا زەن سېلىپ سورىدى:

— سۆڭەك ساقمۇ؟

— سۆڭەك ساق، — ئابدۇقەييۇم چىبەرقۇت تاشلىق كالتە جۇۋىسىنى ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە سالدى، ئوق ئۇنىڭ سول بىلىكىنىڭ بولجۇڭ گۆشىنى سىجاپ ئۆتۈپ يېڭىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوقنى ئېلىپ:

— بۇ يىراقتىن ئېتىلغان ئوقكەن. مە، بۇنى ساقلاپ قوي، — دېدى ئابدۇقەييۇمغا بېرىۋېتىپ.

ئۇ يانچۇقىدىن ئېھتىيات ئۈچۈن سېلىۋالغان بىر پارچە داكىنى چىقىرىپ ئۇكىسىنىڭ قولىنى تېڭىپ قويدى. ئابدۇقەييۇم جۇۋىسىنى كىيىۋالغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سورىدى:

— بىزنىڭ پىدائىيلار نەدە قالدى؟

— ھازىر جەڭ تۆمۈنەڭنىڭ پاختا زاۋۇتى ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ.

دۈشمەننى سۈرۈپ تارپېين[1] قىلىپ قوغلاپ شۇ يەرگە يېتىپ باردۇق.

ئابدۇقەييۇم شۇنداق دەپ، ئاتقا مىنىشكە تەمشىلىۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— توختا! — دەپ ئامبارغا ئىتتىك كىرىپ كەتتى ـ دە، بىردەمدىلا نۇرغۇن ئوق ئېلىپ چىقىپ ئابدۇقەييۇمغا بەردى.

ئابدۇقەييۇم ئوقنى ئېلىپ ئاتقا مىنىپ، ئاكىسى بىلەن خوشلىشىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ هويلىدىن چىقىپ كېتىپ بەش مىنۇت ئۆتۈپ ئوق ئاۋازى قايتىدىن كۈچىيىپ ئېتىشىش كەسكىنلىشىپ كەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسى ئەرەمىسىما خېنىمنىڭ توسقىنىغا قارىماي، هويلىدىن چىقىپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى يىراقلاردا ئاڭلىنىشقا باشلاپ، ناماز دېگەر ۋاقتىدا پۈتۈنلەي توختىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆڭ ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغان چاغدا هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ پەلتۇسىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىپ تۇرۇشىغا ئابدۇقەييۇم كەلدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى ئات باقارغا بەردى، ئايىت تەرلەپ كەتكەن ئاتنى يېتىلەپ سوۋۇتۇش ئۈچۈن كوچىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇقەييۇم ئۇستۇبېشى توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، روهى كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ هال سورىدى:

— ئۇكام، ساق ـ سالامەت كەلدىڭمۇ؟ جەڭ قانداق بولدى؟

— بۈگۈن ئاجايىپ قاتتىق جەڭ بولدى جۇمۇ، ئاكا، — دېدى ئابدۇقەييۇم بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئاكىسى ئۇزاتقان ياغلىق بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ

---

[1] تارپېين — تىرپىرەن دېگەن مەنىدە.

تۇرۇپ، — چېرىكمىغۇ ناھايىتى جىق كەپتۇ، نەگىلا قارىساڭ، ئىتنىڭ قۇرتىدەك چېرىك. بىزمۇ بوش كەلمىدۇق، يىراقتىكىلىرىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ، يېقىن كەلگىنىنى ئۇر توقماق، سۇر توقماق قىلىپ، قۇملۇقتا قوغلاپ يۈرۈپ ئۆلتۈردۇق. كەچقۇرۇنغا يېقىن ئۈچ چېرىك يارغولنىڭ ئىچى بىلەن قېچىشتى، پىدائىيلاردىن ئون نەچچىمىز كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ قۇم جىلغىغا بارغاندا ئۆلارنىمۇ جايلىۋەتتۇق.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۆيۈنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىنتايىن خۇش بولۇپ:

— جەڭدىكى غەيرەت - شىجائىتىڭلارغا بارىكاللا، ئۇكام، قوزغىلاڭچى پىدائىيلارنىڭ بۈگۈنكى قەھرىمانلىقى تۇرپان تارىخىنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ، — دېدى ئىپتىخار بىلەن.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ ئۆيگە كىرىشتى. كەڭ، ئازادە ئۆي ئىچى ھۇپپىدە ئىسسىق بولۇپ، گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان چويۈن مەش قىزىرىپ كەتكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا خىزمەتكار داس، چۆگۈن، لۆڭگە ئېلىپ كىردى. ئاكا - ئۇكا يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ بولۇشىغا كەچكى تاماق تەييار بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇننىڭ مۆتىۋەللىسى ئابلا رەئىس كىرىپ كەلدى. ئۇ قىسقا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا:

— ئۆزلىرىنى ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن مەخسۇت مۇھىتى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇ كۈنى ئابلا رەئىس بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، كەچتە قايتمىدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئەرەمسىما خېنىم بىلەن نىيازخان ئايلا ئايىت ھارۋىكەشنى قوزغىلاڭچىلار

شتابى جايلاشقان ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىسىگە ئەۋەتتى. ئايىت ھارۋىكەش ھايالشمايلا قايتىپ كەلدى.

— مەن مەدرىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ تۇرۇۋىدىم، — دېدى ئۇ ھارۋىكەش كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئىزھار قىلىپ، — ئىچكىرىسىدىن شوىىسى چىقتى. ئۇنى قوزغىلاڭچىلارغا مۇشاۋۇر (سەنمۇجاڭ) قىپتۇ. ئۇ: «ئىشىم بەك ئالدىراش، بۈگۈن كېچە ئۆيگە بارالمايمەن» دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيگە كەم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندىمۇ تاماقنى يەپلا يەنە ئالدىراپ چىقىپ كېتەتتى ...

# ساك چاشقىنىنى تۆشۈككە كىرگۈزۈۋەتتى

1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى تۇرپان يېڭىشەھەردە «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روزى موللىغا قارىتا بىر نەزمە يېزىپ قىلغۇي قوۋۇقىغا چاپلاپ قويۇپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلار شائىرغا بارىكاللا ئېيتتى. ئۇلار «خوي ئىش قىپتىغۇ، ئۇ بىزنىڭ يىغىمىزنى يىغلاپ، گېپىمىزنى قىپتۇ» دېيىشتى. بەزى بايلار بولسا ئەنسىرەپ: «روزى موللا دېگەن ھازىرقى چاغدا تۇرپاننىڭ ئامبىلىدىن قالسىلا يۇز ـ ئابرۇيلۇق، گېپى ئۆتكۈر ئەمەلدار، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدىغان چوڭ باي تۇرسا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇر؟!» دېيىشتى.

روزى موللا ياشلىق دەۋرىدە مەدرىسىدە ئوقۇپ موللا ئاتىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا شۆتاڭدا خەنزۇچە ئوقۇغانىدى. ئۇ شۆتاڭنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۇرپان يامۇل مەھكىمىسى ئاشلىق سېڭىنىڭ پۈتۈكچىسى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ خىزمەت ئورنىدىكى قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ يەر، سۇ بېجى ئۈچۈن سېلىق تاپشۇرۇشقا كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى چوڭ كۈرەدە ئېلىپ ھۆكۈمەتكە كىچىك كۈرەدە ئۆتكۈزەتتى. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ساڭدا ھەر يىلى نۇرغۇن ئاشلىق ئېشىپ قالاتتى. روزى موللا بۇ ئاشلىقنىڭ ئاز قىسمىنى ئامبالغا بېرىپ، كۆپ قىسمىنى ئۆزى ئالاتتى. قايسى دېھقان ئۇنىڭ ناھەق ئىشىغا بىرەر ئېغىز نارازىلىق بىلدۈرسە، روزى موللا ئۇ دېھقاندىن سېلىق ئاشنى كۆپەيتىپ ئالاتتى، بەلكى شاڭيۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەر خىل

باھانىلەرنى توقۇپ، ئۇ دېھقاننى خانىۋەيران قىلىۋېتەتتى. شۇڭا، دېھقانلار روزى موللىدىن قورقۇپ، ھەزەر ئەيلىشەتتى.

روزى موللا ساڭغا پۇتۇكچى بولۇپ تۆت - بەش يىلغا بارمايلا ناھايىتى تېز بېيىپ كەتتى. ئۇ كونا ئۆيلىرىنى چېقىپ، ئورنىنى كېڭەيتىپ، ئىككى قەۋەتلىك، ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي سالدى. 1928 - يىلى ئۇ تۇرپان ئامبىلى چىڭ دارىنغا نۇرغۇن پارە بېرىپ يېڭىشەھەرگە بىر ئاشلىق ئامبىرى سالدۇردى. بۇ ئاشلىق ئامبىرىنى يىساڭ (ئېھتىيات ئاشلىق ئامبىرى) دەپ ئاتىدى. ئۇ تۇرپاننىڭ يار، چاتقال، ئاستانە، قاراغوجا، يەمشى، باغرى، بۇيلۇق يېزىلىرىغا يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن يەتتە يۈز دادەن① ئاشلىق باج — سېلىقنى ھۆددىگە ئېلىۋالدى. باش شاڭيۇ ئابلىزبەگ ھاجى بىلەن بىرلىشىپ ئۇ سېلىقنى بىر ھەسسە كۆپەيتىپ، دېھقانلاردىن بىر مىڭ تۆت يۈز دادەن ئاشلىق يىغىۋالدى. بۇ ئاشلىقنىڭ يەتتە يۈز دادىنىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، يەتتە يۈز دادەن ئاشلىقنى ئامبال ۋە باش شاڭيۇ ئابلىزبەگ ھاجى بىلەن بۆلۈشۈۋالدى. كېيىنكى يىللارغا بارغاندا روزى موللىنىڭ تويماس نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە نائىنسابلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن قوشاقلار پەيدا بولدى.

«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روزى موللىغا قارىتا بىر نەزمە يېزىپ يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغا چاپلاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان دېھقانلار خېلى يىراق مەھەللىلەردىن شېئىردا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كېلىشتى. بەزىلەر بۇ خەۋەرگە ئىشەنمىگەنىدى، كېلىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنىدى. دەرۋەقە شەھەر دەرۋازىسىدا ئىككى تاختا قەغەزگە چوڭ قىلىپ يېزىلغان ئىككى پارچە شېئىر چاپلاقلىق

---

① دادەن — ئاشلىق ئۆلچىمى، بىر دادەن تۆت يۈز جىڭچە كېلىدۇ

تۇراتتى. بىر نەچچە دېھقان ئۇنى ئوقۇيالماي تۇرغىنىدا، ھەمدۇللا ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتقان بىر نەچچە تالىپ باللار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار دەرۋازىغا يېقىن كېلە ـ كەلمەيلا:

— ۋاي راستكەن، ۋاي راستكەن، — دېيىشىپ شېئىرنى ئوقۇشقا ئالدىراشتى.

تالىپلارنىڭ بەزىلىرى ئىچىدە پىچىرلاپ ئوقۇسا، بەزىلىرى ئۈننى چىقىرىپ ھەجىلەپ ئوقۇشاتتى.

— تالىپ ئۇكىلىرىم، ئۈنلۈك ئوقۇساڭلارا، بىزمۇ ئاڭلاپ باقساق، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان.

— ئابدۇگۇل نەزمىنى ياخشى ئوقۇيدۇ، سەن ئوقۇ، ئابدۇگۇل، — دېيىشتى تالىپلار ئوتتۇرىدا تۇرغان تالىپقا.

ئابدۇگۇل ئۆزىنى رۇسلاپ، «ئىم» قىلىپ گېلىنى بىر قىرىۋېتىپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى.:

روزى موللا، سەنمۇ ئادەم، توۋا قىل، ئەسلىڭگە يان،
چۈنكى بولدى سەن يۈلەنگەن تاش داۋانىڭ قۇم داۋان.
ئېسىڭگە ئال، خەلقىمىزگە نى زۇلۇملار ئەيلىدىڭ،
قىلما ئۈمىد، تۇتما ماتەم، ئەمدى كەتتى ئول زامان.

سەن زالىم بولۇپ خەلقكە زۇلۇم ئەيلەپ تىنمىدىڭ،
زار قاقشىتىپ خەلقنى قىلچە رەھىم قىلمىدىڭ،
ھەر كۈنۈڭنى قىلالماي كەچ، لالما ئىتتەك قانسىراپ،
ئاخىرەتكە بارغىنىڭدا كۆرەرىڭنى بىلمىدىڭ.

جىن شۈرىېندىن كەلسە بۇيرۇق بىر خىراجەت توغرۇلۇق،
سەن بىرنى يۈز قىلىپ ھەركىمگە مىڭ سەر چاپلىغان.
كىم ئۇنى چاپسان تۇگەتسە چىقۇر دوزاخ ئاستىدىن،
بولمىسا، سەن رەھىم قىلماي پۇت ـ قولىنى باغلىغان.

ئابدۇگۇل بىر شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى ـ دە، ئىككىنچى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

سەن قەدىم ئالغان خۇيۇڭنىڭ ئىشقى تانابىن كەسمىسەڭ،
ھېچ كىشى بىر پۇلغا ئالماس قەدرىڭ سېنىڭ ھېچقاچان.
راست دىلىڭدىن تۆۋە قىلساڭ ئۆتكەن ئىشىڭدىن يوق سوئال،
تۆۋىنى راست قىلمىساڭ بولمىغايسەن سەن ئامان.
«پاڭ» قىلىپ ئېتىلىپ كېتىشنى ئۆتمىغان يادىڭدا سەن،
ئول قىساس ئوقى ئېتىلسا جان بېرەر سەن شۇ زامان.

ئابدۇگۇل شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا، دېھقانلار ئۇشمۇ ئۇشتىن چۇرقىرىشىپ كېتىشتى:

— بەللى، يارايدۇ! نەزمە دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا.

— مىلتىقنىڭ ئوقىدەك، روزى مولللىنىڭ تىتىڭ تومۇرىغا تېگىپتۇ ـ دە.

— شۇڭا بىر نەچچە كۈندىن بېرى بۇ ساڭ چاشقىنىنى كۆرۈنمەپتىكەن ـ دە! ؟ ...

— شائىرنىڭ نەزمىسى ساڭ چاشقىنىنى تۆشۈككە كىرگۈزۈۋەتتى ئەمەسمۇ!

— ھا— ھا— ھا!

— ......

ئابدۇگۇل ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۇرۇمچى كوچىسىنىڭ ئالدىغا بارغىنىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، شائىر ئۇنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئابدۇگۇل نەگە بارىدىڭ؟

ئابدۇگۇل خۇش چاقچاق يىگىت ئىدى. ئۇ قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ شائىرغا جاۋاب بەردى:

— روزى مولىلىنىڭكىگە باردىم.

بۇ جاۋابقا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن شائىر ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— بۇ نىمە دېگىنىڭ؟ چاقچاق قىلىۋاتامىدىغانسەن؟

تالىپ شاگىۋ[1] ئەر[2] شاگىۋ،
مەسۇم شاگىۋ[3] سەن[4] شاگىۋ.
رەھىم قىلىڭ پۇقراغا،
ئابلىز بېگىم تۇشاگىۋ[5] .

يىساڭ ئاشنى ئالۇر،
خۇرجالاردىن يول توساپ.
ناھەق ئالۇر بۇ ئاشنى،
روزى موللا نائىنساپ.

دېگەن قوشاقلارنى مەھەللىمىزدىكى توختىنىياز بوۋايدىن ئاڭلىدىم دەپ ماڭا يادلاپ بەرمىدىڭمۇ؟

ئابدۇگۇل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي ئاكا، مەنزە روزى موللىدەك پۇقرانىڭ قارغىشىغا

---

① تالىپ شاگىۋ — تۇرپان ناھىيىسىنىڭ چاتقال، يەمشى يېزىلىرىنىڭ شاگىۋلىرى

② ئەر — خەنزۇچە «ئىككى» دېگەن سۆز.

③ مەسۇم شاگىۋ — تۇرپان ناھىيىسىنىڭ چاتقال، يەمشى يېزىلىرىنىڭ شاگىۋلىرى.

④ سەن — خەنزۇچە «ئۈچ» دېگەن سۆز.

⑤ تۇ شاگىۋ — خەنزۇچە باش شاگىۋ مەنىسىدە.

قالغان ساڭ چاشقىنىنى ئىزدەپ بارىمەنمۇ؟ مايداڭ[1] بولسۇن دەپلا دەپ قويغان، — دېدى ئۇ شەيتانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەئە، ئۇنداق بولسا زادى نەگە بېرىپ كېلىۋاتىسەن؟

— ئۆزلىرىنىڭ روزى موللىغا قارىتا يازغان ئىككى پارچە شېئىرلىرىنى دېھقانلارغا ئوقۇپ بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتىمەن.

— قايسى ئىككى پارچە شېئىرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟

— ساڭ چاشقىنىنى تۆشۈككە كىرگۈزۈۋەتكەن ئىككى شېئىرنىچۇ.

— ئابدۇگۇل، مۇئەمما ئېيتماي، گەپنى ئوچۇقلا دېمەمسەن.

— ئۆزلىرى روزى موللىنى سۆكۈپ ئىككى شېئىر يېزىپ ئۇنى قىلۋى قوۋۇقا چاپلاپ قويۇپتىكەنلا، ئاشۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ باقاي دەپ بارغان. ئابدۇخالىق ئاكا، مەن ئۇ شېئىرلىرىنى تېخى يادلاپمۇ ئالدىم.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئويلىنىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى:

بۇ ئىككى پارچە شېئىرنىڭ بىرىنچىسى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بۇتخانا ئالدىدىكى سۇۋازىنىڭ ئاشپۇزۇلىدا يېزىلغانىدى. ئۇ كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياش زىيالىي زۇنۇن تۆمۈرى بىلەن تاماق يەپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، ئاشپۇزۇلغا يارلىق ئىككى دېھقان كىرىپ ئۇلارنىڭ قېشىدىكى بىر جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىككى دېھقان ئالدىغا تاماق كەلگۈچە دەردلىرىنى تۆكۈشكىلى تۇردى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇ ئىككى دېھقاننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ، روزى موللىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن دېھقانلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، روزى موللا ئۈستىدە دەرد تۆكۈپ ئامبالغا ئەرز

[1] مايداڭ — چاقچاق، تاماشا ـ ھەزىل.

يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى.

قوشنا جوزىدا ئولتۇرغان ئىككى دېھقاننىڭ كۈلپەتلىك نىداسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ غەزەپ پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ يانچۇقىدىن قەغەز ـ قەلەم ئالدى ـ دە، دەرھاللا شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ شېئىرنى يېزىپ بولۇپ زۇنۇن تۆمۈرگە سۇندى. زۇنۇن تۆمۈرى شېئىرنى ئوقۇپ چىقىپ: «ياخشى يېزىلىپتۇ، ماڭا خاتىرە ئۈچۈن بەرسىلە» دەپ ئىلتىماس قىلىپ ئېلىۋالغانىدى. ئىككىنچى شېئىرنى بولسا، ئۇ تېخى بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن يەنە شۇ سوۋازىننىڭ ئاشپۇزۇلىدا ئىلگىرىكى شېئىرنــــى يازغان جوزىدا يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدى. مانا ھەپتە ئۆتۈپ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتپەرۋەر كىشىلەر ئۇ ئىككى پارچە شېئىرنى چوڭ خەت بىلەن يېزىپ شەھەر دەرۋازىسىغا چاپلاپتۇ.

— يەنە بىر شېئىرغا ئىلھاملىرى كەلدىغۇ، تايىنلىق، — دېدى ئابدۇگۇل ئويغا چۆمگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا.

ئابدۇگۇلنىڭ بۇ گېپى شائىرنى خىيالىدىن سەگىتتــــى. ئۇ ئابدۇگۇلگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. ئابدۇگۇل شائىرنى يەنە گەپكە تۇتۇپ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئېلىۋالسا، ياخشى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ شۇنى ئويلاپ شائىر بىــلەن خوشلاشتى.

# زەپەرنامە

1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچقۇرۇن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ شتابىدا ھېسامىددىن زۇپەر بىلەن پىدائىيلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك تەمىنات مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر پىدائىي كىرىپ ئۇرۇمچىدىن مۇسۇل مۇھىتىننىڭ مۇھىم مەلۇمات ئېلىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىددىن زۇپەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تاشقىرىغا مېڭىشىغا ئىشىكتىن مۇسۇل مۇھىتى كىرىپ كەلدى.

ئۇلار بوسۇغىدىلا سالاملىشىپ قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى. ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك، دوغىلاق، سېمىز كەلگەن مۇسۇل مۇھىتىننىڭ ئاق سېرىق يۈزى سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن، ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان ھوردا ساقال - بۇرۇتىنى ئاپئاق قىرو باغلاپ مۇز قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھاسىرىغان پېتى ئۇچىسىدىن تۈلكە تېرىسى ياقىلىق چىبەرقۇت تاشلىق يوغان جۇۋىسىنى يەشكەندە ئۇستىدىن ھور كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان چۈيۈن مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ھېسامىددىن زۇپەر مۇسۇل مۇھىتىننى مەش يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. مۇسۇل مۇھىتى مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى ئىسسىتىپ بولۇپ، بېشىدىكى قاما تۇمىقىنى ئېلىپ يېنىغا قويدى. ئۇ پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاقىر بېشىنى سىلىۋېتىپ تۇمىقىنى كىيىۋالدى - دە، ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئىككىيلەندىن سورىدى:

— مەخسۇت، مەخمۇتلار قېنى؟ ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمچۇ؟

— ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن مەخمۇت ئاكام دېگەر نامىزىغا مەسچىتكە چىقىپ كەتتى. مەخسۇت ئاكام نەمەت خەلپىتىم بىلەن باياتىن تالاغا چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— ئۇزلە ئۇدۇللا بۇ يەرگە كەلگەن ئوخشىمامدىلا؟ — سورىدى ھېسامىدىن زۇپەر.

مۇسۇل مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك، ئىش چاتاق، ئىنىلەر. جىن شۇرېن «تۇرپانلىق زىۋازىلارنى جادۇغا بېسىپ قىرىپ تاشلاڭلار» دەپ ھەربىي بۇيرۇق چىقاردى. ئىشەنچلىك خەۋەرگە قارىغاندا، بەش يۈز چېرىك ئەللىك تارانچى ھارۋىسىغا جادۇلارنى بېسىپ بۇرناكۇن ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا قاراپ قوزغىلىپتۇ. مەن بۇرناكۇن تاڭ سەھەردە بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا بۇ يەرگە قاراپ ئات سالدىم. مىنگەن ئېتىم ناھايىتى نوچى ئات ئىدى، ئۇ جانىگەر تۇنۇگۇن كەچقۇرۇن ئىككى يېرىم كۇنلۇك يولنى بىر كۇندە بېسىپ مېنى داۋانچىڭغا يەتكۈزۈپ ئاغزى - بۇرنىدىن قان كېلىپ ئۆلدى. خىزمىتى تەگدى دېگەنىبىلەن ئۇ جانىگەرنىڭ. داۋانچىڭدا ئازراق بىر نېمە يەۋېلىپلا بىر ئاغىنەمنىڭ ئېتىنى مىنىپ يالغۇز ئاياق يوللار بىلەن توختىماي مېڭىپ مانا ھازىر يېتىپ كېلىشىم، ئىنىلەر، ھېلىمۇ خۇداغا شۇكۇر ئۆزۈم ساق كەلدىم، شۇكۇر.

— جىن شۇرېن دېگەن جىننىڭ پەيلى نېمىدېگەن يامان - ھە، — دېدى غەزەپلىنىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— شۇنداق، خۇدا بىر كۆرسىتۇر ئۇ ئەبلەخقە، — دېدى مۇسۇل مۇھىتى.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى.

— يا تەقسىر، ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا بەش كۇنلۇك يولغا، ئۇزلە

ئىككى كۈندە كەلگەن بولسىلا، ئۈچۈپتىلا ـ دە، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.

— شۇنداق قىلماي بولامدۇ، ئىنىم ھېسامىدىن ئاخۇن، — دېدى مۇسۇل مۇھىتى ئوت سۈنۇۋېتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەش ئۈستىدە قايناۋاتقان يوغان مىس چەينەكتىن پىيالىگە قىزىق چاي قۇيۇپ مۇسۇل مۇھىتىغا تۇتۇپ دېدى:

— يولدا قاتتىق جاپا چېكىپتىلا، چاي ئىچسىلە، كەينىلىرىدىن كېلىۋاتقان ئۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى قانداق كۈتۈۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىشكە تېخى ۋاقىت بار.

مۇسۇل مۇھىتى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن ئوتلاپ تۇرۇشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن مەخمۇت مۇھىتى، ئارقىسىدىن نەمەت خەلپەت كىرىپ كېلىشتى. ئۇ ئىككىسى مەش ئالدىدا ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان مۇسۇل مۇھىتىنى كۆرۈپ تەڭلا:

— ئاكا! — دېيىشكىنىچە ئىتتىك بېرىپ سالاملاشتى.

مەخسۇت مۇھىتى، نەمەت خەلپەت، مەخمۇت مۇھىتىلار ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مۇسۇل مۇھىتى تېخى بەش مىنۇت بۇرۇنلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەرگە سۆزلەپ بەرگەن گەپلەرنى تەكرارلىدى.

— ھىم، تېخى تۇرپانغا كېلىپ زىۋازىلارنى قىرىپ تاشلىغۇدەك! ؟ — مەخمۇت مۇھىتى قېنى قىزىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — خۇدايىم نۇسرەت ئاتا قىلسا، ئۇ ئەبلەخلەرنى ئۈزلىرىنىڭ جادۇسىدا توغراپ تاشلۇرمىز.

— بىز دېگەن ئوغۇزخان ئەۋلادلىرى، ھېلىغۇ بەش يۈزكەن، بەش تۈمەن چېرىكمۇ قولىمىزدىن تىرىك قۇتۇلۇپ باقسۇن قېنى، — دېدى قىزىپ قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇشتىنى توگۈپ.

ھېسامىددىن زۇپەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جاسارىتىگە مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ دېدى:

— ھازىر پۈتۈن ئەل - يۇرت قوزغىلىپ كەتتى، باي ئاكا، ئەل - يۇرت قوزغالساۋاغۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ تاب[1] كېلەلمىگۈدەك جۇمۇ.

— ئون كۈن بۇرۇنقى شەھەرنى فەتىھ قىلغاندىكى جەڭنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قىيقاس - سۈرەنلىرى ھېلىمۇ قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياجان بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇ كۈنى كېچىسى «ئۇرۇمچىدىن بىر ماشىنا چېرىك ئوق - دورا بېسىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. ھېسامىددىن مېنى چاقىردى، بىز ئىككىمىز قىلچۇي قوۋۇقىغا بارساق، تۆمۈر جىساھاجى نۇرغۇن پىدائىيلار بىلەن دەرۋازا ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. ماشىنا يېتىپ كەلدى، ماشىنا توختاپ چېرىكلەر ۋارقىراشقىلى تۇردى. ئۇلار «بىز ئۈرۈمچىدىن مالىيجاڭغا ياردەم بەرگىلى كەلدۇق، دەرۋازىنى ئېچىڭلار» دېيىشتى. بىز مەسلىھەتلىشىپ دەرۋازىنى ئاچتۇق. چېرىكلەر قەھرىتان سوغۇقتا توڭۇپ ھالىدىن كەتكەچكە، ئەتراپىغا قاراشقىمۇ ماغدۇرى يەتمىدى، ماشىنا ئويمان دەڭگە كىردى. بىز «گۇنجۇتنى زىما» دېگۈچە ئون يەتتە چېرىكنى باشلىقلىرى بىلەن قوشۇپ جايلىۋېتىپ، بىر ماشىنا قورال - ياراغ، ئوق - دورىغا ئىگە بولدۇق. تاڭ سەھەردە ھېلىقى ماشىنىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىتنىڭ قۇرتىدەك دۈشمەننى شەھەر ئىچى ۋە تېشىدىكى پىدائىيلار ماسلىشىپ تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇم قىلىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ، قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچ بىلەن چېپىپ، تاياق - كالتەك بىلەن ئۇرۇپ سۇر - توقاي قىلىپ، ناماز دېگەر بولغۇچە مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتۇق.

---

① تاب — تەڭ مەنىسىدە.

— قېچىپ قۇتۇلغان چېرىكلەر پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ بارغاچقا، جىن شۇرېن چىدىماي مانا ئەمدى ئەللىك تارانچىنى ھارۋىسىغا جادۇ، ئادەم بېسىپ ئەۋەتكەن گەپ ـ تە، — دېدى نەمەت خەلپەت.

باياتىن گەپ تىڭشاپ ئۇنچىقماي ئولتۇرغان مەخسۇت مۇھىتى ئاكىسىغا قاراپ دېدى:

— ئۆزلە بىزگە بەك مۇھىم مەلۇمات ئېلىپ كېلىپتىلا، ئىككى كۈندىن بۇيان يول مېڭىپ قاتتىق چارچىغانلا، ئۆيدە غىزا تەييار بولۇپ قالدى. غىزالىنىپ ئارام ئالسىلا، ئاكا.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى مەخمۇت مۇھىتىمۇ ئاكىسىغا.

— بىز ئەلەم ئاخۇنۇم خۇپتەندىن يانغاندىن كېيىن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر ۋە مەخمۇت مۇھىتىغا قاراپ، — كېلىشۋاتقان دۇشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرىمىز، بۇنى مەسلىھەتلىشىمىز.

مۇسۇل مۇھىتى ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن قالغانلارمۇ تۇرۇشۇپ كەچلىك تاماققا چىقىپ كېتىشتى.

شۇ كېچىسى ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ جىددىي مەجلىسى چاقىرىلىپ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېلىشۋاتقان بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق «جازا قوشۇنى»غا قانداق تاقابىل تۇرۇپ، ئۇنى قانداق يوقىتىش ئۈستىدە كېڭەش بولدى، كېڭەشكە مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا ئەلەم، نەمەت خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر مەخمۇت مۇھىتى، ئابدۇللا داموللا، ماشىمىڭ قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم قاتناشتى. مەجلىستە بىرىنچى بولۇپ ھېسامىدىن زۇپەر سۆز ئېلىپ، دېدى:

— ھېلىقى بەش يۈز چېرىككەن، بەش مىڭى كەلسىمۇ بىر ھۇجۇم بىلەن يىغىشتۇرىۋاتىمىز، بۇ قېتىمقى جەڭنى بىز شەھەر پىدائىيلىرى ئۈستىمىزگە ئالساق.

— دۇشمەننىڭ كېلىشىگە يەنە ئىككى كۈن بار، — دېدى

مەخمۇت مۇھىتى، — بىز دۈشمەننى شەھەرگە يېقىنلاشتۇرماي، پىدائىيلىرىمىزنى كىندىككە بولامدۇ ياكى باشقا بىر ئەپلىك جايغا بولامدۇ، مۆكتۈرۈپ قويۇپ، دۈشمەن كېلىشىگە تويۇقسىز ھوجۇم قىلساق، خۇدايىم بۇيرۇسا، چوقۇم تەلتۆكۈس يوقىتالايمىز.

— ئىنشائاللا، بىر قىسىم كۈچىمىزنى، — دېدى ھەمدۇللا ئەلەم، — دۈشمەننىڭ كەينىگە ئەۋەتسەك، قالغان پىدائىيلار شەھەرنىڭ سىرتىدىكى شېھىتلىكتە مۆكۈپ تۇرسا، دۈشمەن شېھىتلىككە كېلىشىگە دۈشمەننىڭ ئالدى ۋە كەينىدىن تەڭلا تېگىش قىلساق، ئىنشائاللا، دۈشمەننى يوقاتمىقىمىز قىيىنغا توختىماس.

قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزى ئويلىغان جەڭ ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەربىر ئادەمنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى ئابدۇخالىقنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقىلى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى شائىرغا قاراپ.

— باياتىن ھەر قايسىلىرى ناھايىتى ياخشى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىلا، بىزدە «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولۇر» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇرۇشتا توغرا ئۇسۇل، تەدبىر قوللىنىش بەك مۇھىم. رۇسلار بۇنى ئالداش تاكتىكىسى دەيدۇ. مېنىڭچە، بىز بۇ قېتىم دۈشمەننى ئالداش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئۇجۇقتۇرۇشىمىز كېرەك. «ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن ئاتىلار سۆزى بار ئەمەسمۇ، ھازىر توڭ قىش ۋاقتى، ھاۋا سوغۇق، دۈشمەن سوغۇقتا قاتتىق توڭلاپ كېلىدۇ، بىز دۈشمەننى يوقىتىشقا ئەپلىك ئورۇننى تاللاپ، ئۇلۇغ ئوت قالاپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالغان قىياپەتكە كىرىۋالساق، توڭلاپ كەلگەن چېرىكلەر ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

ئۇلارنى يوقاتساق.

— بەللى، ئابدۇخالىق، ئەقىل - پاراسەتلىرىگە بارىكاللا، — دېدى نەمەت خەلپەت خۇشال بولۇپ، — بۇ ئۇسۇل بولىدۇ، بىز پۇختا تەييارلىق قىلساقلا، بىخۇد تۇرغان دۈشمەننى بىر يولىلا جايلىۋاتىمىز.

— ئابدۇخالىقنىڭ «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش» ھىيلىسى باياتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەڭ تەدبىرلىرىنىڭ ئىچىدە تازا ئەپچىل، ئۈنۈملۈك تەدبىردەك تۇرىدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، — بىز دۈشمەنگە قارا كۈچ بىلەنلا ئەمەس، ئەقىل - پاراسەت بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك.

قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرى بىردەك ھالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا قويغان سوغدا توڭلاپ كەلگەن چېرىكلەرنى «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش» چارىسى بىلەن يوقىتىشقا بىردەك قوشۇلدى. ئاخىرىدا ئىككى كۈندىن كېيىن بولىدىغان بۇ جەڭگە قانداق تەييارلىق قىلىش، كىم قوماندانلىق قىلىش، جەڭنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى، جەڭگە قاتنىشىدىغان پىدائىيلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

پىدائىيلار چارلىغۇچىلىرى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچقۇرۇن، دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ تۇرپاننىڭ غەربىي چىگرىسىدىكى كىندىك دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشكۈن قىلغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىپ كەلدى. دۈشمەن تۇرپان خەلقى ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا يۇرت ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەمنى تۇيۇقسىز قىرىپ تاشلاشنى قەست قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار كىندىكتە ئانچە ئۇزۇن دەم ئالمايلا تۈن قاراڭغۇسىدا تۇرپان شەھىرىگە قاراپ ئىككى يۆنىلىش بويىچە يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى غەربىي يول بىلەن يارغول ئارقىلىق، يەنە بىر بۆلىكى غەربىي جەنۇبتىكى چوڭ يول ئارقىلىق شەھەرگە يېقىنلىشىپ، ئىككى قىسىم يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدا بىرلەشمەكچى بولۇشقانىدى.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرىدىن ئابدۇرېھىم ناۋاي دۈشمەن چارلىغۇچىلىرىنىڭ چاچاڭبېي[1] غا كېلىۋاتقانلىقىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىساھاجى قاتارلىقلار قوزغىلاڭچى پىدائىيلارنى تەشكىللەپ، دۈشمەننى «ئوت قالاپ كۈتۈۋېلىش» تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، تەخ بولۇپ تۇرغانىدى.

— ھاجى ئاكا، ئۆزلە دۈشمەن چارلىغۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا بارسىلا، مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرىنى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

تۆمۈر جىساھاجى بىر نەچچە ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ دۈشمەن چارلىغۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا كەتتى. تۆمۈر جىساھاجى ئاتاقتا يامۇلنىڭ بازار باشقۇرغۇچى، ئوغرىلارنى تۇتقۇچى ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇ «ھۆكۈمەت ئادىمى» سۈپىتىدە ئۆزى مەخپىي تەييارلىۋالغان «ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى كۈتۈۋېلىش يارلىقى»نى كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قىياپىتىدە گىرىم قىلىپ ياسانغان بىر نەچچە پىدائىي بىلەن بىرگە دۈشمەن چارلىغۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى باشلاپ چاچاڭبېيغا ئېلىپ كەلدى. دەل شۇ پەيتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوزغىلاڭچى پىدائىيلار بەش ئادەم بىر توپ بولۇپ، ئەللىك يەرگە ئوتتۇن دۆۋىلەپ گۈلخان يېقىش تەييارلىقىدا تەييار تۇرۇشقانىدى، بۇ خىل «ياخشى ئەھۋال»نى كۆرگەن دۈشمەن چارلىغۇچىلىرى خۇشاللىقىدىن خاتىرجەم ھالدا كەينىگە تېز قايتىپ جازا ئەترىتىگە خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ چاغدا چاچاڭ سۈپىسىغا يېقىن مەھەللە ئىچىگە مەخمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلاردىن بەش يۈزدەك ئادەم ئورۇنلاشقان

---

[1] چاچاڭبېي — تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ ئۈچ كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، ئەمەلدارلارنى قارشى ئېلىپ چاچاڭ قىلىدىغان لەڭگەر.

بولۇپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى.

ھېسامىدىن زۇپەر باشچىلىقىدىكى تۆت يۈزدىن ئوشۇق قوزغىلاڭچى پىدائىيلار ئابلا داموللا، ئابدۇسەمى يىڭجاڭ قوماندانلىقىدىكى ئالتە يۈزدىن ئوشۇق قوزغىلاڭچى پىدائىيلار بىلەن بىرگە يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇرۇمچى — تۇرپان چوڭ يولىنىڭ بويىدىكى قەبرىستانلىق — شىپىتلىككە ئورۇنلىشىپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى.

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، تاڭ ئالدىدىكى قاتتىق سوغۇقتا غال - غال تىترەپ كەتكەن چېرىكلەر چاجاڭ سۈپىسى جايلاشقان قۇملۇقتا يېتىپ كېلىشتى. دۈشمەننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغدىلا پىدائىيلار گۈلخانلارنى يېقىۋەتكەنىدى. توڭۇپ كەتكەن چېرىكلەرنىڭ كۆزلىرىگە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان «قىشنىڭ گۈلى ئوت» تىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. تۆمۈر جىساھاجى باشلىق «ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى» چېرىكلەرنى ئوت ئىسسىنىۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. چېرىكلەر لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانلارغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. جىددىي ھەربىي يۈرۈشتە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى ئۈششىنىشىدىن ئالمايلا ئوتقا قاقلىنىشقا باشلىدى. گۈلخاننىڭ قىزىق تەپتى ھېرىققان چېرىكلەرنى ئاستا - ئاستا مۈگدەتمەكتە ئىدى. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان پىدائىيلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ياپىر!» دېگەن بىرلا بۇيرۇقى بىلەن، قولغا كۆمۈپ قويغان قىلىچ، تاياق - توقماقلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىشىپ، گۈلخان ئەتراپىدىكى چېرىكلەرگە خۇددى تاغدىن چۈشكەن يولۋاسلاردەك ئېتىلدى. چاجاڭ سۈپىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇم دۆڭلىرىنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەن پىدائىيلار زەپەر پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە گۈلخان ئەتراپىدىكى

دۈشمەنگە يوپۇرۇلدى ...

چېرىكلەر تاراسلاپ تېگىۋاتقان كالتەك زەربىسىدە ئۆشنىسىدىن مىلتىقلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، بىردەمدىلا پىدائىيلارنىڭ قىلىچلىرى بەش چېرىكنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇندەك چېرىكنىڭ پۇت - قوللىرى كالتەك زەربىسىدە سۇندى. ئۇلار نالە - پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلىشىۋاتاتتى. چېرىكلەرنىڭ مىلتىقلىرىنى قولىغا ئالغانلىرىمۇ توڭلاپ كەتكەن قولىنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ قويغاچقا، قولى سوغۇق مىلتىققا چاپلىشىپ مىلتىقلىرىنىڭ چاقمىقىنى قايرىيالماي قېلىشتى، بىر قىسىم دۈشمەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ هارۋىلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پىدائىيلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ئىككىلا تەرەپتىن ئوقلار تاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. هارۋىدىكى ئاتلارنى چىقىرىشىۋالغان بەزى دۈشمەنلەر قېچىشقا تەمشەلدى، پىدائىيلاردىن ئون نەچچىسىگە ئوق تېگىپ يارىلىنىپ يىقىلدى، بەش پىدائىي باتۇرلارچە قۇربان بولدى. دەل مۇشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە مەخمۇت مۇهىتى باشلىغان قوشۇن چاجاڭ مەهەللىسىدىن «ئاچىل» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، يەر - جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان هەيۋەت بىلەن جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى - دە، قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان دۈشمەننى قورشىۋالدى. بىر قانچە چېرىك پىدائىيلارنىڭ ئوقىنى يەپ ئۆلگەندىن باشقا يەنە ئىككى يۈز ئەللىك چېرىكنىڭ كۆپىنچىسى يەر چىشلىدى. يېرىم سائەتلىك شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار دۈشمەننى پاك - پاكىز يوقىتىپ، ئىككى يۈز ئەللىك مىلتىق، يىگىرمە نەچچە هارۋا، يەتمىش نەچچە ئات، نۇرغۇن ئوق - دورا ۋە بىر نەچچە جادۇنى غەنىيمەت ئالدى.

بۇ چاغدا يېڭىشەهەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى شېهىتلىكتە شىددەتلىك جەڭ داۋاملىشىۋاتاتتى. دۈشمەننى تولۇق يوقىتىپ جاسارىتى ئۇرغۇغان پىدائىيلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە

مەخمۇت مۇھىتىنىڭ باشچىلىقىدا جىددىي يۇرۇش قىلىپ شىھىتلىككە ياردەمگە يېتىپ باردى، بۇ چاغدا شىھىتلىكتە جەڭ ناھايىتى كەسكىن داۋام قىلىۋاتاتتى. ياردەمگە كەلگەن قوزغىلاڭچىلار قىسىملىرى شىھىتلىكنىڭ غەربىدىن كېلىپ دۈشمەننىڭ قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. قاتتىق قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان دۈشمەن قېچىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. پىدائىيلار ئىككى تەرەپتىن دۈشمەننى سۈرۈپ قورشاۋنى بارغانسېرى تارايتتى. دۈشمەننى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشتەك زەپەر پەيتى يېتىپ كېلەي دېگەن چاغدا، قېچىشقا ئۇرۇنغان چېرىكلەرنى قوغلاپ يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھېسامىدىن زۇپەرگە بوش گۆرگە مۆكۈۋالغان بىر چېرىكنىڭ ئاتقان ئوقى كېلىپ تەگدى. تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەشكىللاتچىلىرىدىن بىرى، خەلقنىڭ باتۇر پەرزەنتى ھېسامىدىن زۇپەر شەرقىي ئۇپۇق قىزىرىپ قۇياش چىقىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۆزلىرىنىڭ چېۋەر رەھبىرىگە ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرگەن پىدائىيلارنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، ئۇلار كۆزىگە كۆرۈنگەن چېرىكلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرەتتى. بىر توپ پىدائىيلار ھېلىقى بوش گۆر ئىچىگە مۆكۈۋالغان چېرىكنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، قىلىچتا چېپىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى.

قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ يەر - جاھانغا تەكشى نۇر چاچقاندا، بەش يۈز كىشىلىك جازا ئەترىتى تولۇق يوقىتىلىپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئات، هارۋا غەنىيمەت ئېلىندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېقىن سەپدىشى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇردى، شائىر شۇ قېتىمقى جەڭنى تەسۋىرلەپ «مۇزلىدى» ناملىق شېئىرىنى يەنى زەپەر نامىنى يازدى. شېئىر مۇنداق ئىدى:

سوغ زىمىستان قەھرىتاندا يولدا داۋان مۇزلىدى[1] ،
پوتلا چېرىك يولغا چىقتى، چىقتى بوران مۇزلىدى،
قار ـ شىـۋىرغان ئۇردى ـ سوقتـــــى، بولدى سەرسان، مۇزلىدى،
لىەنجاڭ يىڭجاڭى جىڭگوك[2] بولدى ۋەيران، مۇزلىدى،
پاختىلىق تامبال ئىچىدە جايى پىنھان مۇزلىدى.

جىن شۇرېن غەزەپ بىلەن ھەربىيگە بۇيرۇق قىپتىمىش،
«تۇرپانلىق زىۋازىلار»نى جادۇغا باس، دەپتىمىش،
ئەللىك ھارۋا دادوي ـ رېنما، جادۇلارنى ئەپتىمىش،
بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا بەش يۈز چېرىك كەپتىمىش،
ياۋغا قارشى سوغ كۈچەپ نەچچە چەندان مۇزلىدى.

مۇسۇل مۇھىت ئاگلاپ بۇنى ئۇرۇمچىدىن ماڭدى شۇئان،
چىقتى چىغ دەگدىن[3] چېرىك سەيپۇدا[4] سوقتى بوران،
كەلدى تۇرپانغا خەۋەر چېرىك ئاشقۇنچە داۋان[5] ،
رۇسلىنىپ «قارشى ئېلىش»قا چىقتۇق ئالدىغا تامان،
تاڭ سەھەر يارغول ئارا بۇ ھەربىي پەرمان مۇزلىدى[6]

تاقابىل تۇرۇشقا بىزدە نەيزە ـ ئورغاق تەييار ئىدى،

---

① داۋان — داۋانچىلىك داۋىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② جىڭگوك — ئەپيۇنكەش.

③ چىغ دەڭ — ئۈرۈمچى ـ تۇرپان يولىدىكى ئۆتەڭ.

④ سەيپۇ — ئۈرۈمچى ـ تۇرپان يولىدىكى ئۆتەڭ.

⑤ داۋان — داۋانچىلىك داۋىنى.

⑥ بۇ مىسرادا جىن شۇرېن چېرىكلىرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىـــقـــى تەسۋىرلەنگەن.

جاللاتلارنىڭ ئالدىدا بىزگە ھەقىقەت يار ئىدى،
جان تىكىپ ئاتلاندى يۇرت، توسماق ئۇنى بىكار ئىدى،
«توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن قەدىم سۆز بار ئىدى،
ئالدىدۇق دۇشمەننى بىز، ئۇر - ئۇردا چاشقان مۇزلىدى.

بامداد بىرلە رەپىق① ھېساندىن بولدى شېھىت،
«ۋەكەفەبىللا شېھىت»② دەپ روسۇلۇم ئاللاغا ئېيت،
ئەھلى تۇرپان ھازىدا، ئايرىلدى سەندىن، ئېست،
ھەقىقەت قۇربانىسەن، ئاللا نېسىپ قىلسۇن بېھىش،
كۆڭگۈمۇ بولدى مۇسىبەت — تۇتۇلدى ئاسمان، مۇزلىدى.

ئاقارغان تاڭ سۇبھىگە چۈشتى قىزىل قان جىلۋىسى،
ئۈجۈقۈپ بولدى شۇ كەم پالەچ چېرىكنىڭ ھەممىسى،
پاك - پاكىز چۈشتى قولغا ئوق ۋە مىلتىق جەمئىسى،
قالدى جان قايغۇسىدا لويى - ئامبال، تۇڭچىسى،
مىسلى كەچكۈزدە چىۋىندەك ھالى پەرىشان، مۇزلىدى.

شائىر بۇ شېئىرنى يېزىپ بولۇپ دوستلىرى بىلەن پىدائىيلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەردى. «مۇزلىدى» ناملىق بۇ شېئىر ھەر بىر سورۇندا ئوقۇلغان چاغلاردا چاۋاك، ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىگىچە ياڭراپ بېسىلمايتتى. بۇ شېئىرنى ھەببۇللا ئەپەندى كۆچۈرۈۋالغاندىن باشقا، ئاشۇ جەڭلەرنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىسى بولغان شائىرنىڭ ئىنىسى ئابدۇقەييۇممۇ بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالغانىدى. بۇ شېئىر كېيىنچە تۇرپاندا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ كەتتى.

① رەپىق — دوست، بۇرادەر.

② «ۋەكەفەبىللا شېھىت» — (ئەرەبچە) «ئى مۇھەممەد پەيغەمبەر، سەن خۇدانىڭ ئالدىدا مەرھۇمنى شېھىتتۇر دەپ كېپىل بولغىن.

# ئۇنىڭ ئىزىنى باس

1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كۆڭلىرى بەكمۇ ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتتى. ئۇ تۇرپان شەھەر ئىچى، يېزا - سەھرالاردا فېئوداللىق ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى، خەلق ئاممىسىنى جەڭگە ئاتلىنىشقا قوزغىدى، ئۆزى ھەم كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن تاغىسى ھەسەن ھاجى، ئىنىسى ئابدۇقەييۇملار تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى.

يېشى قىرىق بەشتىن ھالقىغان ھەسەن ھاجى جەڭگەرلىك، باتۇر، پالۋان ئادەم ئىدى. ئۇ «پىچانغا خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچى پالۋانلارنى باشلاپ چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا، كېچىلەپ چاتقالدىن تۇرپان يېڭىشەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئەتە - ئۆگۈنگە قالماي چاتقال يېزىسى تەۋەسىدىكى پالۋانلارنى يىغىپ شەھەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. تاغىسىنىڭ بۇنداق جاسارىتىگە مەمنۇن بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— چوڭ ئاتا، بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن سۆز بار. بىر قانچە پالۋانلارنىلا ئەمەس، پۈتۈن خەلقنى قوزغاش كېرەك. خەلق قوزغالغاندىلا، شىددەتلىك بوران ئەكسىيەتچى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلارنىڭ تەختىنى خۇددى غازاڭنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك گۇمران قىلىدۇ، —

دېدى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ.

شائىرنىڭ سۆزى تاغىسىنى تولىمۇ مەمنۇن قىلدى، ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك، كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدى، روھى ئۇرغۇغان بۇ ئادەم ئەتىسى چاتقالغا قايتتى. ئۇ ھايال قىلمايلا پۈتۈن خەلقنى قوزغىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى باشلىۋەتتى.

ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى. تۇرپاننىڭ يېزا ـ سەھرالىرىغا ھەمدۇللا ئەلەم داموللام ئىمزاسىدا «12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جۈمە يانغان كېچىسى قوزغىلىپ يېڭىشەھەرگە كېلىڭلار» دېگەن جەڭگىۋار بۇيرۇق تارقىتىلدى. بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان ھەسەن ھاجى يۈز ئەللىك ئەرنى باشلاپ يېرىم كېچىدە يېڭىشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يار، يەمشى، باغرى، بۇيلۇق يېزىلىرىدىن كەلگەن دېھقانلار بىلەن قوشۇلدى. ئۇلار شەھەر ئىچىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر، تۆمۈر جىساھاجى رەھبەرلىكىدىكى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق قوزغىلاڭچىنىڭ ماسلىششى بىلەن بىرلا ھۇجۇم قىلىپ تاڭ سەھەردە تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاغىسى ھەسەن ھاجىنىڭ تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ باغرىغا جايلاشقان شاپتۇللۇق دېگەن ئۆتەڭدە جىن شۇرېننىڭ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن جازا قوشۇنىغا تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ نۇرغۇن چېرىكلەرنى يوقاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى.

قوزغىلاڭچىلار جىن شۇرېن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، قارا شەھەر تەرەپلەردىن ئون كۈننىڭ ئىچىدە كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتكەن ئۈچ جازا قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار كەلتۈرۈپ زور غەلىبىگە ئېرىشتى. ئەمدى قوزغىلاڭچى قوشۇن دۈشمەننىڭ تۇرپاندىكى جاھىل قورغىنى بولغان كونىشەھەرنى ئازاد قىلىشقا ئاتلاندى.

بۇ كۈنلەردە ھەسەن ھاجى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېڭىشەھەر غەربىي دەرۋازىسىنى قوغداشقا مەسئۇل بولغانىدى. ئۇ كونىشەھەرگە يۈرۈش باشلانغانلىقىنى ئاڭلاپ قېنى قىزىپ جايىدا تۇرالماي قالدى - دە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىزدەپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ھەسەن ھاجى دەرھال كەينىگە ياندى، ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھويلىدا ئۇچرىشىپ مەقسىتىنى ئېيتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاغىسىغا قاراپ:

— ئۆزلە بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇدا جەڭگە قاتنىشىپ قاتتىق چارچىدىلا، يېڭىشەھەرنى قوغداشمۇ جەڭگە قاتناشقانغا ئوخشاشلا شەرەپلىكقۇ؟ — دېدى.

لېكىن ھەسەن ھاجى بېشىنى چايقاپ ئۇنىمىدى.

— ياق، ئۇچ كۈن بولدى، قىلىچ قوۋۇقتىن ئايرىلماي جىم تۇرۇپ يامان تىت - تىت بولۇپ كېتىپ بارىمەن، ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، ئوغلۇم، كونىشەھەرنى فەتھ قىلىشقا قاتناشمىسامىزە، ئارمانىدا كېتىمەن جۇمۇ، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاغىسىنىڭ ئاللىقاچان قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنچىقماستىن ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا جايلاشقان ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ، ئىچىدىن بىر يەشىكنى ئېلىپ چىقىپ تاغىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مانا ئوق، يەتكۈدەك ئالسىلا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاغىسىغا قاراپ.

ھەسەن ھاجى ئوقتىن يېتەرلىك ئالدى - دە، ئالدىراش تەييارلىق قىلىپ بولۇپلا قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كونىشەھەرگە ئاتلاندى. شائىر تاغىسىغا نۇسرەت تىلەپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

قوزغىلاڭچىلار 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قىشنىڭ قارا سوغۇقى تازا كۈچەيگەن تاڭ سەھەر پەيتىدە كونىشەھەرگە تۆت

تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. شەھەر سېپىلى ئېگىز، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغاچقا، چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدا قوزغىلاڭچىلار شەھەرنى ئالالماي قورشاپ يېتىپ كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

دۈشمەن كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى قوغداشقا ئەڭ كۈچلۈك لېيىنىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. دەرۋازا ئۈستىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ياسالغان كىچىك پوتەيگە ئورۇنلاشقان دۈشمەنلەر قوماچ قورۇغاندەك تاراسلىتىپ ئوق ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلارغا سېپىل تۈۋىگە بېرىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. قوزغىلاڭچىلار تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى. ھەسەن ھاجى كونىشەھەر غەربىي دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇل غەربىگە جايلاشقان بىر ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پاكارغىنا قالقان تامنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە كۆزگە چېلىقىدىغانلىكى چېرىكنى چەنلەپ ئېتىپ يىقىتىپ تۇراتتى. ئۇ كەچكىچە يەشىكتىكى ئوقنىڭ يېرىمىنى ئېتىپ بولدى، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى زايە كەتمىدى.

كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن ھاۋا ئۆزگىرىپ شىۋىرغان چىقىشقا باشلىدى. بېشىغا قاما تۇماق، ئۇچىسىغا چىبەرقۇت تاشلىق جۇۋا، پۇتىغا كېگىز ئۆتۈك كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئېگىز ئۆگزىدە بىر كۈن كەچكىچە مۆكۈپ يېتىپ جەڭ قىلغان ھەسەن ھاجى توڭلاپ تىترەشكە باشلىدى. بۇ ئاي مۇسۇلمانلارنىڭ رامزان ئېيى بولغاچقا، ھەسەن ھاجى تاڭ ئاتارغا يېقىن نىيەت قىلىپ روزا تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ غەربىي ئۇپۇققا قاراپ كۈننىڭ ئولتۇرۇپ ئىپتار ۋاقتى بولغانلىقىنى كۆردى ـ دە، قولىدىكى مىلتىقىنى يېنىغا قويۇپ جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ بېلىدىكى پوتىسىغا تۈگۈۋالغان ياغلىق توقاچنى ئالدى. «ئاۋۋال ئۇزۇم بىلەن ئېغىز ئاچاي» دەپ ئويلىغان ھەسەن ھاجى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىۋىدى، چاپاننىڭ پېشى سول پۇتىنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالغاچقا

يانچۇقىدىكى ئۇزۇمنى ئالالمىدى. ئۇ چاپاننىڭ پېشىنى پۇتى ئاستىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بىر يانغا قىڭغىيىپ سول پۇتىنى ئازراق كۆتۈرۈش نىيىتىدە ئورنىدىن قوزغالدى ـ دە، بېشى ئۆزى مۆكۈۋالغان «قالقان» دىن لوڭڭىدە ئېگىز چىقتى، دەل شۇ چاغدا كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئۈستىدىن «پاڭ» قىلىپ ئېتىلغان بىر ئوق كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى، ئۇ: «ئاللا! » دېگىنىچە يىقىلىپ جان ئۈزدى.

تاغىسىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇ تاغىسىنىڭ قانغا بويالغان جەسۇر قامىتىنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇ ئىچىدە هازا ئاچتى.

بىر پەستىن كېيىن كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئەتراپتا تۇرغان يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى پىدائىي ئارىسىدا تۇرغان ئىنىسى ئابدۇقەييۇمغا قاراپ كەسكىن ئاھاڭدا ئېيتتى:

— مەرھۇم ھەسەن ھاجى ئاتىمىز باتۇر، پالگان ئادەم ئىدى. رەھمەتلىكنى يېڭىشەھەرنى قوغداشقا قالدۇرغان بولساقمۇ، ئۆزى تەلەپ قىلىپ بۇ جەڭگە قاتناشقان، رەھمەتلىك خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ شېھىت بولدى. ئىنىم ئابدۇقەييۇم، مەرھۇمنىڭ مىلتىقىنى سەن تۇت، بۇ مىلتىق بىلەن دۈشمەننى يوقات! مەرھۇمنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ بولۇپ ھەسەن ھاجىنىڭ مىلتىقىنى ئىنىسى ئابدۇقەييۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى، ئابدۇقەييۇم مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ جەڭگە ئاتلاندى. شۇ كېچىسى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ھەتتا سىڭگىم، مۇرتۇق، تۇيۇق، ياڭخى، لۇكچۇن، لەمجىنلەردىنمۇ مىلتىق، قىلىچ، نەيزە، تاياق ـ توقماق بىلەن قوراللانغان نۇرغۇن دېھقانلار كېلىپ كونىشەھەرنى قورشىۋالغان قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن

قوزغىلاڭچىلار «ئاچىل» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، ياڭراق تەكبىر ساداسى، «ئالغا پىدائىي قەھرىمانلار!»، «قىر ـ چاپ!» دېگەن ئوتلۇق خىتابلار كونىشەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ تىترىتىۋەتتى.

دەل شۇ پەيتتە قوزغىلاڭچى پىدائىيلار شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا ئوت قويۇۋەتتى. لاۋۇلداپ يانغان ئوت كېچە ئاسمىنىنى يورۇتتى. پىدائىيلارنىڭ تەكبىر ۋە چۇقان سادالىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەن تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدە ئاق بايراق چىقاردى.

# «رەھمەتنى سەنمۇ جاڭغا ئېيتقىن»

1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، كەچقۇرۇنلۇقى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ شتاب باشلىقى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر نەچچە كۈن تىنىمسىز ئىشلەشكە توغرا كەلگەچكە، ئىشخانىدىلا ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار كونىشەھەرنى ئازاد قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئىدى. تاشقىرىدىن ھەمدۇللا ئەلەم بىلەن نەمەت خەلپەت كىرىپ كەلدى - دە، شائىرنى ئويغاتتى. ھەمدۇللا ئەلەم ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ:

— ئۆزلىرى ئارام ئالمىغىلى بىر نەچچە كۈن بولدى. كونىشەھەرمۇ، ئىنشائالالا، فەتىھ قىلىندى. بۈگۈن كېچە ئۆيلىرىگە قايتىپ ئوبدان ئۇخلاپ، ئەتە سەھەردە كەلمەملا، بۇ يەردىكى ئىشنى نەمەت خەلپىتىم بېجىرسۇن، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىنقى كۈنىلا ئۆيىگە قايتىپ، ئالماشتۇرمىغىلى بىر ھەپتىدىن ئاشقان ئىچ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئېلىۋېتىپ كېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خىزمەت بەك ئالدىراش بولغاچقا، ۋاقىت ئاجرىتالمىغانىدى.

ئۇ ھەمدۇللىغا داموللىغا ئوشۇقچە گەپ - سۆز قىلماي «ئەتە تاڭ سەھەردە كېلەي» دەپ خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىسى ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ شتابقا قايتتى. ئۇ مەدرىسە ھويلىسىغا كىرىپ، ھويلىنىڭ جەنۇبىدىكى قېرى چۈلۈك دەرىخىنىڭ يوغان شېخىغا بىر ئادەمنىڭ

ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. شائىر بىر قاراپلا ئۇنىڭ باغرىلىق ئۇيۇپ كامىل[1] ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ:

— هوي، سىز باغرىلىق ئۇيۇپ ئاكام ئەمەسمۇ؟ — دېۋىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرگەن ئۇيۇپ كامىل ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى.

ئۇ يۇلقۇنۇپ قىمىرلىۋىدى، چۈلۈكنىڭ شېخى سىلكىنىپ شىلدىرلاپ كەتتى. قەهرىتان سوغۇق قىش كۈنى بولغاچقا، ئۇيۇپ كامىل يۈزلىرى كۆكىرىپ توڭلاپ قالايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ توختىماي نالە قىلىپ زار - زار يىغلايتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا تەسەللي بېرىپ سورىدى:

— سىز نېمە گۇناھ بىلەن بۇ هالغا مۇپتىلا بولدىڭىز؟

ئۇيۇپ كامىل يىغىدىن تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قىينالغان هالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆزلە بىزنىڭ باغرىدىكى تۈگمەننى بىلىدىلا، بۇرناكۈن باغرىدىكى هەمدۇل هاجى تۈگمەنگە كەلدى. ئۇ تۈگمەننىڭ ئېرىقى بويىغا تىكىلگەن تېرەككە ئېتىنى باغلاپ قويۇپتۇ، مەن «بۇ تېرەككە ئېتىڭنى باغلىما» دېدىم. ئۇ بىر نېمە دېدى، مەن بىرنېمە دېدىم، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالدۇق. ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇملۇق، مېنىڭ ئاچچىقىم يامانراق، بىرئاز تەلۋە مىجەزىم بار. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي هەمدۇل هاجىنى قاتتىق هاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاپ قويۇپتىمەن. نەدە پايلاپ تۇرغان، ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى مېنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ مەشەگە ئەكىردى، مەن تاياقنىڭ دەردىگە چىدىماي، ئاغزىمنى بۇزۇپ ئۇلارنى تىللاپ

---

① ئۇيۇپ كامىل — تۇرپان شەهەر باغرى يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دېهقان، 1890 - يىلى تۇغۇلغان، مەن ئۇنىڭ بىلەن 1987 - يىلى 4 - ئايدا سۆهبەتلەشكەنىدىم. (ئاپتور)

قويۇپتىمەن، ئۇلار مېنى ئۇرۇپ مۇشۇ چۇلۇككە ئېسىپ قويدى، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، شائىر، خۇدايىم بەخت - تالەيلىرىنى بېرۇر، خۇدايىم رەھمەت قىلۇر، ئۇيدە ئۇششاق بالىلىرىم بار، ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇۋېتىمىز دەۋاتىدۇ، مەن توۋا قىلدىم!

ئۇيۇپ كامىل شۇنداق دەپ يەنە زارلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— ئۇيۇپ ئاكا، سىز ئازراق غەيرەت قىلىپ چىداپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا چىقىمەن، — دەپ شتابقا كىرىپ كەتتى.

شتابتا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ مەخمۇت مۇھىتى، ماشىمىڭ، ئاخۇن تۇەنجاڭ[1] قاتارلىق چوڭ - كىچىك باشلىقلىرى ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرۈپ دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ماشىمىڭ يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ:

— كېلىڭ، سەنمۇجاڭ، بىز سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغان، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخمۇت مۇھىتى باشلىق ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ ماشىمىڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ماشىمىڭدىن ھويلىدىكى چۇلۇككە ئېسىقلىق تۇرغان ئۇيۇپ كامىلنىڭ ئىشىنى سورىدى. ماشىمىڭ «سەن گەپ قىل» دېگەندەك قىلىپ ئاخۇن تۇەنجاڭغا قارىدى. ئاخۇن تۇەنجاڭ باغرىلىق دېھقانلارنىڭ ئۇيۇپ كامىل ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقىنى، ئۇنى سوراق قىلغاندا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۆزلىرىنى قاتتىق ھاقارەتلەپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئەتىگەن چۇلۇككە ئېسىپ قويغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇيۇپ كامىلنى مەن ياخشى تونۇيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق

---

① ماشىمىڭ قوشۇندىكى ئاخۇن بولۇپ، ئەسلى ئىسمى مافۇشاڭ.

ئۇيغۇر ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، — ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاغزى يامان، ئۆزى ئۇرۇشقاق، تونۇگۈنكى بولغان ئىش ئۇنى بۇنچىلا قاتتىق جازالىغۇدەكمۇ چوڭ ئىش ئەمەسكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ يىغلاپ گۇناھىغا تۆۋە قىلدى. تۆۋە قىلغان گۇناھكارنى ئاللامۇ كەچۈرىدىغۇ؟

ماشىنىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئاخۇن تۆەنجاڭغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇنى باغلاقتىن يېشىپ قويۇۋېتىڭلار!

ئاخۇن تۆەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، ئۇ ئىككى قوزغىلاڭچى ئەسكەرنى چاقىرىپ چۇلۇككە ئېسىقلىق تۇرغان ئۇيۇپ كامىلنى يېشىپ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئىككى ئەسكەر بۇيرۇقنى تېزلا ئورۇنداپ، ئۇيۇپ كامىلنى ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇيۇپ كامىل ئاخۇن تۆەنجاڭغا تەزىم قىلىپ قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.

— رەھمەتنى ئابدۇخالىق سەنمۇجاڭغا ئېيت! — دېدى ئاخۇن تۆەنجاڭ ئۇيۇپ كامىلغا، — ئۇ سېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، بىزنىڭ ئادەملەر يامان تىلىڭنىڭ كاساپىتىدىن سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولاتتى.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى ئۇيۇپ كامىل شتابتىن چىقىپ كەلگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا تەزىم قىلىپ، — خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلسۇن!

— سەن ئەمدى ئۇيۇڭگە قايتىپ كەت، — دېدى ئاخۇن تۆەنجاڭ ئۇنىڭغا، — قولۇم - قوشنىلىرىڭ بىلەن ئۇرۇشماي تىنچ - ئىناق ئۆت.

# مەن ئوغۇز ئەۋلادى، ئەلدىن ئايرىلمايمەن

كونىشەھەر ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا بىر ئايدىن بۇيانقى تەجربە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى. باشلىقلار بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشتى. يىغىندا يەنە مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا ئەلەم، مەخمۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇللا داموللا، ماشىمىڭ، نەمەت خەلپەتلەردىن تەركىب تاپقان رەسمىي قوماندانلىق شتاب قۇرۇلدى. مەخسۇت مۇھىتى باش قوماندان، ھەمدۇللا ئەلەم باش مەسلىھەتچى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەسلىھەتچى ۋە شتابىنىڭ كاتىبات خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەندى. قوزغىلاڭچى پىدائىيلار قىسىم، تۈەن، يىڭ، لىەن بويىچە تەشكىللەندى.

قىسىملار بىر نەچچە كۈن تەرتىپكە سېلىش، رەتلەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن «ئاچىل» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ پىچاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

قوزغىلاڭچى قىسىملار پىچان ناھىيە بازىرىنى ئون ئىككى كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسى كۈچلۈك، قورال ـ ياراغلىرى ۋە ئەسكىرىي كۈچى كۆپ بولغانلىقتىن ئالالمىدى. 13 ـ كۈنى تاڭغا يېقىن شىڭ شىسەينىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى قوغلىدىن كېلىپ قوزغىلاڭچى قىسىملارنىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلغاچقا، قوزغىلاڭچى قىسىملار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ئاۋۋال ماشىمىڭ قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قىسىم قارا شەھەرگە چېكىنىدى. مەخمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى قىسىمىمۇ پىچاندىن چېكىنىپ، خاندو، لەمجىن[1] ، سىڭگىم، قارا غۇجا، ئاستانىلەردە[2] شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئاخىر توقسۇنغا، ئۇ يەردىن قارا شەھەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنىسى ئابدۇقەييۇم، دوستلىرىدىن لىتىپ ئەپەندى، ھەببۇللا ئەپەندى، يۇنۇسبەگ قاتارلىق كىشىلەرمۇ مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قىسمى بىلەن بىرگە كەتتى. لىتىپ ئەپەندى توقسۇننىڭ كۆمۈش دېگەن يېرىدە بولغان جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ مەردلەرچە قۇربان بولدى.

2 ـ ئاينىڭ بېشىدا شېڭ شىسەينىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن قوشۇنى تۇرپانغا كىردى. گەرچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىساھاجى خەلقنى تەشكىللەپ دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ، شەھەرنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، دۈشمەن ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىن غايەت زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاچقا، ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرالمىدى. شېڭ شىسەي قوشۇنى تۇرپان شەھىرىنى بېسىۋالدى، شۇنداق قىلىپ تۇرپان قولدىن كەتتى.

شېڭ شىسەي قوشۇنى تۇرپانغا كېلىپلا ئەتىسى كونىشەھەردىن يېڭىشەھەرگە بىر قانچە چېرىكلەرنى ئەۋەتتى. چېرىكلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى «شېڭ زىخۇي چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى» دەپ ئارىغا ئېلىپ، كونىشەھەرگە — شېڭ شىسەينىڭ يامۇل مەھكىمىسىدە قۇرغان ۋاقىتلىق شتابىغا ئېلىپ كەتتى.

— بۇ چۆچۈرە ئىغىزغا تېتىغۇدەك مەززىلىك ئېتىلىپتۇ،

---

① خاندو، لەمجىن — پىچان ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى.

② تۇرپاننىڭ يېزىلىرى.

قارىسىلاچۇ، بىر تەخسىنى پاكىزلاپ قويدۇم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋېتىپ.

نىيازخان ئايلىمۇ ئوغلىغا ئەگىشىپ: «ئامىن، ئىلاھا ئامىن!» دەپ دۇئاغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئادەتتە تاماقنى ئاز يەيتتى. ئۇ چۆچۈرىگە ئامراق ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ بىر تەخسە چۆچۈرىنى يەپ بولغانلىقىدىن نىيازخان ئايلا بەكلا خۇش بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئۆزلەنى گاشات قىلىپ كۆڭلىمىز ئەندۈرەپلا[1] كەتتى. بەك قورقتۇق، بەك قورقتۇق ... — دېدى نىيازخان ئايلا.

شۇنداق دەۋاتقاننىڭ ئۇستىگە ئەرەمسىماخېنىم كىرىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كاڭدىن يەرگە چۈشتى - دە:

— يۇقىرى ئۆتسىلە، چوڭ ئانا، — دېدى ھۆرمەت بىلەن.

— قېنى، ئۆزلەمۇ كەلسىلە، بالام، ئولتۇرسىلا، — دېدى ئەرەمسىماخېنىم كاڭغا چىقىپ كۆرپىگە ئولتۇرۇۋېتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ ئانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەرەمسىماخېنىم سورىدى:

— چۆچۈرىنى شۇ پېتىلا ئاچىقىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ نېمىشقا يېمىدىلە؟

— بىر تەخسىنى يېدى، ئۇ ئىككىنچىسى، — دېدى نىيازخان ئايلا ئاپىسىغا چۈشەندۈرۈپ.

— ھە، بۇنداق ئىشمۇ، مەن تېخى ئاچىقىپ كېتىۋاتقان تەخسىدىكى چۆچۈرىنى كۆرۈپ «بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ» دەپ چۆچۈپ ئەندۈرەپلا كەتتىم، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىگە قاراپ.

— چۆچۈپ كەتكۈدەك ھېچ ئىش يوق، چوڭ ئانا. خاتىرجەم

---

[1] ئەندۈرەپ — ئەنسىرەپ، ئالدىراپ، تەمتىرەپ مەنىسىدە.

بولۇشسىلا، ئەتىگەندە بىر نەچچە چېرىك ئەۋەتىپ ھەيۋە بىلەن يامۇلغا چاقىرتىۋېدى، مانا يېرىم كۈندىلا قويۇپ بەردىغۇ، غەم قىلىشمىسىلا — دېدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسى بىلەن ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ.

— ھەي بالام، ھەي بالام، كونىشەھەر يولىغا قاراپ ئۆزلە كەلگۈچىلىك كۆزىمىز تېشىلگۈدەك بولدى، — دېدى ئەرەمىسىماخېنىم كۆز يېشى قىلىپ، — ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، جېنىم بالام قاچان كېلۇركىن دەپ يۈرىكىمىز قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى.

كۆز يېشىنى ئېرتىۋاتقان ئانىسىغا كۆڭۈل ئاۋۇتقۇچى سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنچىقماي گەپكە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدى.

— بالام، راست گەپ قىلسىلاچۇ، ئۆزلەنى ئۇردىمۇ؟ قىينىدىمۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئولتۇرغان جايىدىن تەۋرەپ قويۇپ تەمكىن ھالدا جاۋاب بەردى:

— تاماقتىن بۇرۇنلا ھويلىدا يامۇلدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى دەپ بەردىمغۇ، شېڭ زىخۇي ئۆز شتابىدا ئۇنى - بۇنى سورىدى، ئۇرمىدى، قىينىمىدى. مەن ئۆزلەگە قاچان يالغان ئېيتقان؟

— راستتىن شۇنداق بولغان بولسا، خۇدايىم، مۇشۇنىڭ بىلەن بالا - قازا كۆتۈرۈلۈپ كېتۇر، خۇدادىن ئۆزلەنىڭ تىنىچ - ئامانلىقلىرىنى تىلەپ ئايخان قۇشناچ بىلەن بۇۋىلەرنى چىللاپ، چوڭ خەتمىدىن ياندۇر - ياندۇر ئۈچ دۆره[1] ئۆتكۈزدۇق، بالام، ئۆزلە ھەرنېمە بولسا، خۇدايىمنىڭ رەھمىتى بىلەن يامۇلدىن يېرىم كۈندىلا قۇتۇلۇپ چىقتېلا.

ئەرەمىسىما خېنىم يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولغان بولسىمۇ

---

[1] دۆره — نۆۋەت، قېتىم.

نەۋرىسىنىڭ تۇرۇلگەن قاپقىغا قاراپ گېپىنى يۇتۇۋېتىپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغىنى بىلەن، قەلبىدە «بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بىز زادى مۇشۇنداقلا تۈگىشىپ كېتەمدۇق...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار كەينى ـ كەينىدىن تۇغۇلاتتى. شۇ مىنۇتتا ئازابلىق، ئېغىر ھېسسىيات ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئىككى كۈنگىچە تۈزۈك بىر نەرسە يېمىدى. ئەزەلدىن ئېغىر تەبىئەتلىك، كەم سۆزلۈك شائىر تېخىمۇ كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ كەتكەنىدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، شائىرنى بۇ گۇن ئەتىگەندە تۇرپانغا كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولمىغان شىېڭ شىسەي چېرىكلىرىنى ئەۋەتىپ تۇتقۇن قىلىپ يامۇلغا ئېلىپ كېلىپ قاتتىق سوراق قىلدى. ھىيلىگەر دۈشمەن ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى كۈتكەندىكىدەك جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن «تورنى كەڭرەك يېيىۋېتىپ چوڭ بېلىقلارنى بىراقلا تۇتۇش» نى قەستلەپ ئۇنى قويۇۋەتتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن قۇمۇلغا كەتكەچكە، بۇ ئائىلىدىكى چوڭ ئىشلاردا ھەممەيلەن ئەرەمسىما خېنىمنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. باياتىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاماق يەۋاتقان چاغدا، ئەرەمسىماخېنىم ئايخان قوشناچ، نىيازخان ئايلا ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەممىسى بىردەك شائىرنى «شەھەردىن چىقىرىپ كۆزدىن يىراق يەرگە ئاپىرىۋېتىش كېرەك. ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپلا چاتقالغا مېڭىپ كەتسۇن، ئەتە ئۇ يەردىنمۇ يىراقراق بىر يەرگە كېتىپ جېنىنى قۇتقۇزسۇن» دېگەن يەرگە كېلىشكەنىدى. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئات باقار ئايىتقا تورۇق ئاتنى تەييارلاپ قويۇشنى تاپشۇرغان. نىيازخان ئايلىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم گەپ تەشتى:

— خۇدايىم ھەممىمىزگە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلغاي، بالام، — دېدى ئەرەمسىماخېنىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ، — ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ، ئۇزلە بالام، بۇرنىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىقتىلا. ئۇزلەنى يامۇلغا سوراققا چاقىرىشنىڭ ئۆزى بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى. بىز مەسلىھەتلەشتۇق. بۇ دۇشمەن تارپېيىن بولۇپ كەتكۇچە بىر نەچچە ۋاق چاتقالمۇ يە ئۇنىڭدىنمۇ يىراقىمۇ، ئىشقىلىپ بىر يەرلەرگە كېتىپ جاھان تىنچلانغاندا قايتىپ كەلسىلە، بالام.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانىسىغا قاراپ بىرپەس سۇكۇتتە ئۇندىمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئىشىكتە ئابدۇساتتار پەيدا بولدى، ئۇ:

— ئانا، ئات تەييار بولدى، ئاكامنى چىقسۇن دەيدۇ، ئابدۇراخمان قارىي ئاكام ھويلىدا تۇرۇپتۇ. لوۋ سۇڭ كوچىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇدەك، — دېدى جىۋىرلاپ.

— قېنى، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، بالام، — دېدى ئەرەمسىماخېنىم.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەرەمسىما خېنىمنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارغىماق نەسلىلىك تورۇق ئاتقا يېڭى ئورۇس ئېگىرىنى توقۇپ، زىلچە خۇرجۇننى سېلىپ ئايىت ئات باقار تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئابدۇراخمان قارىي بار ئىدى. شائىر دوستى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇشىغا، ھويلىنىڭ تۆرىدىكى چوڭ ئۆيدىن ئايخان قوشناچ باشلىق ئون نەچچە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلار دۇررىدە چىقىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ تۇرۇشىغا، دەرۋازا ئالدىدا ئاتلىق ئابدۇئېمىن ھاجى پەيدا بولدى. ئۇ ئاتتىن چۈشمەستىنلا، ھويلىدىكى كىشىلەرگە سالام بېرىپ دېدى:

— ئابدۇخالىق، تېز بولسىلا، ئاتقا مىنسىلە، ھازىرلا چاتقالغا چىقىپ كېتىنى، بۇ يەردە تۇرىۋېرىپ يەنە ياخشى كۈننىڭ يامىنى

بولۇپ قالسا، قاتتىق پۇشايماندا قالمايلى، ئۇكام.

ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەممىسىلا چۇقۇرۇشۇپ كېتىشتى:

— ئاتقا مىنسىلە، ئابدۇخالىق، تېزرەك جانلىرىنى قۇتقۇزسىلا.

— قېنى، ئاتقا مىنسىلە، بۇرادەر، — دېدى ئابدۇراخمان قارىيمۇ ئالدىرىتىپ.

ئەرەمسىما خېنىم بىلەن ئايخان قۇشناچ ئەزىز نەۋرىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ دېگۈدەك ئايت ئات باقار تۇتۇپ تۇرغان ئاتنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئايت ئات باقار دېلىغۇل بولۇپ تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى:

— قېنى، مىنسىلە، — دەپ يۆلەپ ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويىدى - دە، تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى.

ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە چىققانلىقىنى سەزگەن چېچەن ئات تېپىرلاپ تىنچ تۇرالمىدى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ئەتراپىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان ئانىلىرى ئەرەمسىماخېنىم، ئايخان قۇشناچ ۋە باشقا قېرىنداشلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ:

— ھەممىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە مىڭ رەھمەت. بىز ھازىر خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. مەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى - دە، ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى.

ھويلىدا قاراپ تۇرۇشقان ئۇرۇق - تۇغقانلار ھاڭ - تاڭ بولۇشقىنىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گويا ھېچبىر ۋەقە سادىر بولمىغاندەك خاتىرجەملىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوغۇزخان دېگەن پادىشاھ ئۆتكەن. ئۇ بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاقانى ۋە مەشھۇر سەركەردىسى. ئوغۇزخان ناھايىتى باتۇر،

ئەقىللىق، چېۋەر بولۇپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ ئۆز دۇشمەنلىرى ئۈستىدىن دائىم غالىب كېلىپتۇ. ئۇ ھەر بىر جەڭ ئاخىرلاشقاندا ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى تەكشۈرىدىكەن. ئۇ ئالدى تەرىپىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەرنى شەرەپلىك ئۆلگەنلەر ھېسابلاپ ئالاھىدە نەزىر ـ چىراغ قىلىپ ئۇزىتىدىكەن. كەينى تەرىپىدىن ئوق تېگىپ ئۆلگەنلەرنى شەرمەندىلەر، بىقارارلار، قاچاقلار دەپ ھېسابلايدىكەن. ئىككى قولى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بويالغان جاللاتلار ئەزىز شەھىرىمىزنى بېسىۋالغاندا، مەن ئۇنىڭغا قارشى تاقابىل تۇرماقتا يوق، ئاتقا مىنىپ شەھەرنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخان روھىنىڭ غەزىپى مېنى ئۇرمامدۇ؟ رەھمەتلىك مەخسۇت ئاكام، قەدىردان بۇرادىرىم ھېسامىدىن، ئۇستاز ھەمدۇللا داموللام، رەھمەتلىك كىچىك ئاتام ھەسەن ھاجى ۋە نۇرغۇن شېھىتلەرنىڭ روھى ماڭا لەنەت ئوقۇمامدۇ؟ ياق، مەن ئۇنداق لەنەتكەردى قاچاق بولمايمەن.

كەڭ، تۇرۇك كەلگەن ئاق پىشماق يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتىنىڭ تىزگىنىنى كەسكىنلىك بىلەن ئايىتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

شائىرنىڭ مەردانە سۆزلىرىدىن نىمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەيۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ دىققىتىنى ئايخان قۇشناچنىڭ گېپى بۆلدى:

— گەپلىرىنى ئاڭلىدۇق، بالام، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاتقا مىنىسلە، مېنىڭ لەۋزىمنى يەردە قويمىسىلا، ئايىت ئاخۇن، ئابدۇخالىق بالامنى ئاتقا مىندۇرۇپ قوي!

ئايخان قۇشناچنىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ، چىڭ ـ چىڭ ئېيتقان گەپلىرىدىن شائىرغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ قاراپ قېلىشقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار جانلىنىپ ئۇنى قايتا ئاتقا مىنىشكە دەۋەت قىلىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنى ئاتقا مىندۇرۇپ قويماقچى بولۇپ تەمشىلىۋاتقان ئايىتقا رەھمەت ئېيتتى ـ دە، ئانىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قاراپ كەسكىن ھالدا ئېيتتى:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت! مەن بۇ ئۆيدىن ھېچنەگە كەتمەسلىكنى قارار قىلدىم. ئەل - يۇرت يىغا - زار بىلەن مۇسىبەت ئىچىدە تۇرسا، مەن كەتسەم بولامدۇ؟ بۇ ئىشنى بىز باشلىغان تۇرساق، يەنە مەن قېچىپ كەتسەم، خەلق مېنىڭ ئۈچۈن ئازاب چەكمەمدۇ؟ مەن ئوغۇز ئەۋلادى، ھەرگىزمۇ قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلالمايمەن، خەلق بېشىغا كۈن چۈشكەندە خەلقنى تاشلاپ قاچقان كىشىنى ھەقىقىي يىگىت دېگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭ تىرىكىممۇ ئەل بىلەن، ئۆلۈكۈممۇ ئەل بىلەن بولىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ئايتقا كەسكىن بۇيرۇدى:

— ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىۋېتىپ ئېغىلغا ئەكىرىپ قوي!

ئايت ئات باقار ئۇنچىقماي بېشىنى لىڭشىتتى - دە، ئاتنىڭ ئۈستىدىكى كۆرپە، زىلچە خۇرجۇننى يەرگە ئېلىپ، ئېگەرنى يېشىپ ئۆز جايىغا قويدى. ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بىر قارىۋېلىپ بېشىنى چايقىغان پېتى ئاتنى يېتىلەپ ئېغىلغا ئەكىرىپ كەتتى. ئەرەمسىماخېنىم، ئايخان قۇشناچ، نىيازخان ئايلا ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار نېمە دېيىشلىرىنى بىلىشەلمەي، پەلەمپەيلەرنى مەزمۇت دەسسەپ ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئۆزىنىڭ خاس خانىسىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتى. دوستىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاشقان ئابدۇراخمان قارىي بىلەن سۈك شاۋمۇ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ شېڭ شىسەي ئون نەچچە چېرىك ئەۋەتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى رەسمىي تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

# ئابدۇخالىق ئۆز گېپىدىن تانمىدى

1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، تاڭ سەھەر، بىر تاۋاق غىزا ۋە بىر بوٚلۇك يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرگەن نىيازخان ئايلا كونىشەھەردىكى يامۇل تۈرمىسىگە ئوغلىنى يوقلاپ باردى. ئۇنى تۈرمىنىڭ ئىشىكىدە پوستتا تۇرغان چېرىك ئىچكىرىگە كىرگىلى قويمىدى. نىيازخان ئايلا بەش سەرلىك بىر تىزنى چىقىرىپ چېرىككە بېرىۋىدى، ئۇنى گەپ ـ سۆزسىزلا ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋەتتى. نىيازخان ئايلا تۈرمە ھويلىسىغا كىرىپ ئۇ يەردىكى قېرى گوٚندىپايغا خېلى يالۋۇرغان بولسىمۇ، گوٚندىپاي:

— ياڭ فۇزىخۇي ئۇزى بىزگە «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلغان. كاللام كېتىدىغان بۇ ئىشنى قىلالمايمەن، — دەپ ئۇنى ئوغلى بىلەن كۆرۈشكىلى قويمىدى. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز يېشىنى ئاق لېچەكنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتقان نىيازخان ئايلا باغرى تاش گوٚندىپايغا بەش سەرلىك پۇلدىن بىرنى بەردى ۋە:

— مېنى كۆرۈشكىلى قويمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ يېمەكلىكلەرنى ئۆزۈڭ ئوغلۇمغا ئەكىرىپ بېرىپ، قانداق گەپ ـ سۆزى بولسا ئاڭلاپ چىقىپ ماڭا دەپ بەرگىن، — دەپ تاپىلىدى.

بەش سەرلىك پۇلنى كۆرگەن گوٚندىپاي خۇددى ئاتىسىدىن ھېيتلىق ئالغان بالىدەك خۇشال بولۇپ ھېجىيىپ سورىدى:

— خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا قانداق گەپلىرى بار؟

— مېنىڭ گېپىم شۇ: ئۆي ئىچىدىكىلەر چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز سالامەت. بالىلارنىڭ ئاتىسى قۇمۇلدىن تېخى كەلمىدى.

ھەممىمىزنىڭ غېمى ئابدۇخالىقتا، — دېدى نىيازخان ئايلا يىغىدىن ئۆزىنى تەستە تۇختىتىپ.

— بولىدۇ، بۇ نەرسىلەر بىلەن گەپلىرىنى ئابدۇخالىق شويىنىڭ ئۆزىگە ھازىرلا يەتكۈزىمەن، — ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن بىر قارىۋالغان گۇندىپاي نىيازخانغا تەزىم قىلىپ بولۇپ ئاچقۇچلىرىنى شاراقلىتىپ ئىچكىرىسىگە پايپاسلاپ كىرىپ كەتتى.

نىيازخان ئايلا خېلى ئۇزاق كۈتۈپ ئولتۇردى. بىر چاغدا گۇندىپاي قاچا ئورالغان داستىخاننى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بەردى ـ دە، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن، پىچىرلاپ دېدى:

— ئابدۇخالىق شويى «ئانام، ئاپئاق ئايلام، چوڭ ئانىملار غەم يېمىگەي، مەن سالامەت تۇرۇۋاتىمەن» دېدى، — خەت پۈتۈلگەن بىر پارچە قەغەزنى داستىخانغا ئوراپ قويىدى.

نىيازخان ئايلا داستىخاننى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتكەن پېتى، سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان ئايىت ھارۋىكەشنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە چۈش بولغانىدى. ئۇ يولبىغا تەقەززا بولۇپ قارىشىپ تۇرغان ئاپىسى ئەرەمىسىما خېنىم، قېينانىسى ئايخان قۇشناچ ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ئابدۇخالىقنىڭ گۇندىپايدىن ئېيتىپ بەرگەن گېپىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. نىيازخان ئايلا گېپىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا ئۆيگە ئابدۇگۇل كىرىپ كەلدى. ئۇ كاتىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، نىيازخان ئايلا:

— ۋاي ئابدۇگۇل، ئەجەبمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ، مەن بۈگۈن ئەتىگەندە كونىشەھەرگە ئابدۇخالىق ئاكاڭنى يوقلاپ بارغان. ئاپاملارغا ھازىر شۇ گەپنى دەپ بېرىپ ئولتۇرغان. ئابدۇخالىق ئاكاڭ بىر پارچە خەت چىقىرىپتۇ. ئۇ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ باقىنى دەپ تۇرغانىدۇق. سەن بىلگەندەكلا ئەجەب بىر ۋاقتىدا

كەلدىڭ، مە، بۇ خەتنى سەنلا ئوقۇپ بەر، — دېدى داستىخاننى يېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ.

ئابدۇگۇل خەتنى ئېلىپ ئاچتى، ئۇ قەدىردان شائىرنىڭ تونۇش پوچۇركىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئويناپ، كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— بۇ ئابدۇخالىق ئاكام يازغان بىر پارچە شېئىر ئىكەن، — دېدى ئابدۇگۇل قولىدىكى خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— شېئىر دەمسەن، ئابدۇگۇل، بوپتۇ، ئوقۇغىن، بىر ئاڭلاپ باقىنى، گوۋال بالام نېمە يازدىكىن؟ — دېدى ئەرەمسىماخېنىم ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

ئايخان قۇشناچمۇ كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى ئېرتىپ ئولتۇرۇپ:

— ئوقى، پاتراق ئوقى، ئابدۇگۇل، — دېدى.

ئابدۇگۇل ئۆزىنى رۇسلاپ شېئىرنى تەسىرلىك ئاھاڭ بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇدى:

قولۇم باغلاق، كۆزۈم تېڭىق، ئازاب چەكتى تېنىم مېنىڭ،
شۇ ئازابتا، شۇنچە دەردتە يا چىقمىدى جېنىم مېنىڭ،
. . . . . . . . . . . . . . .
گۇندىپاي ئالۋاستىلار زۇلۇم سېلىشتىن يانمىدى،
ئاڭلا، خەلقىم، ئابدۇخالىق ئۆز گېپىدىن تانمىدى.

قىيما ـ چىيما بولسىمۇ گەر شول ئازابتا بۇ تېنىم،
ئەل ئۈچۈن قۇربانى بولسام يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ.

ئابدۇگۇل شېئىرنى ئوقۇپ بولغىنىدا ئۆي ئىچى يىغا ـ زارغا چۆمگەنىدى. ئابدۇگۇلمۇ شېئىرنى ئوقۇۋېتىپلا كۆڭلى

بۇزۇلغاچقا، ئۇزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى.

بىر ھازادىن كېيىن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ ئورنىدىن تۇرغان نىيازخان ئايلا:

— ئابدۇگۇل، ئاكاڭ ئابدۇخالىق ساڭا ئامراق ئىدى. سەن ئاكاڭنىڭ بۇ نەزمىسىنى ئۇ بۇرۇن ساڭا بەرگەن نەزمىلەر بىلەن قوشۇپ ئوبدان ساقلاپ قوي، — دېدى.

ئابدۇگۇل:

— بولىدۇ، بۇ تەۋەررۇكنى چوقۇم ئوبدان ساقلايمەن، — دېدى ـ دە، شائىرنىڭ شېئىرى يېزىلغان قەغەزنى ئەپچىل قاتلاپ چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىۋالدى[1] .

---

① تۇرپاندا 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە، يېشى سەكسەنگە يېقىنلاشقان ئابدۇگۇل ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە بەرگەن بەش پارچە شېئىرىنى يادلاپ بەردى.

# سۆھبەت ئىچىدىن چىققان شېئىر

تۇرپان ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىنكى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا ئۆز بېشىدىن نى ـ نى قىسمەتلەرنى، نى ـ نى ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن. بىراق «غېرىبانە تۇرپان» ئۆز تارىخىدا 1933 ـ يىلى ئەتىيازدىكىدەك دەھشەتلىك زۇلۇم ـ كۈلپەت، مىسلىسىز چوڭ قىرغىنچىلىق، قان ـ ياشلىق مۇسىبەت ئىچىدە قالمىغان بولغىيتتى. گوياكى تەبىئەتمۇ بۇنى ھېس قىلغاندەك 3 ـ ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىزغىرىن سوغۇق شامال يۈزلەرنى ھەرىدەك چىقىپ ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. كۈندە دېگۈدەك ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، قۇياش يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئاسماندىن سېرىق توپا يېغىپ تۇرغاچقا، ئادەمنىڭ نەپسى سىقىلاتتى.

شىڭ شىسەينىڭ غالجىرلاشقان باندىت چېرىكلىرى تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق بىر قانچە يۈزلىگەن قوزغىلاڭچىلار ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى قولغا ئېلىپ تېررورلۇق يۈرگۈزگەندە، ئەكبەرخان ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يېگىنشەھەردىكى ئۆيىدىن يار يېزا بەگ مەھەللىسىدىكى قورۇسىغا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئۇ كونىشەھەردىكى يامۇلنىڭ تۈرمىسىدە ئازاب چېكىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئۆزى يوقلاپ بېرىشقا ئامال قىلالماي، ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان مۇئەتتەرخاننى ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئەۋەتىپ يوقلاپ تۇراتتى.

3 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئەكبەرخان مۇئەتتەرخاننى تۈرمىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەكبەرخاننىڭ رەپىقىسى سەنەۋەر خېنىم

ئۈستىگە پاقلاننىڭ يانپاش گۆشى بېسىلغان، مەززىلىك بىر تاۋاق پولۇنى داستىخانغا ئوراپ بەردى. مۇئەتتەرخان تامدەك كېلىدىغان يوغان ئېشەكنى مىنىپ، داستىخاننى ئالدىغا ئېلىپ كونىشەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاش ۋاقتى بولغاندا تۇرمىگە يېتىپ باردى. گۇندىپايلار ئۇنى تونۇغاچقا، گەپ - سۆزسىزلا قولىدىكى داستىخاننى تاپشۇرۇۋېلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياتقان كامېرغا ئەكىرىپ كەتتى. مۇئەتتەرخان سىرتتا كۈتۈپ قالدى. ئۇ بۈگۈن شائىرنىڭ نېمىشقىدۇر داستىخاننى ئاۋۋالقى كۈنلەردىكىدەك پاتلا چىقىرىپ بەرمىگىنىگە ھەيران بولۇپ، تۇرمىنىڭ ھويلىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇ ئاخىر زېرىكىپ بولالماي قالغان بىر چاغدا، گۇندىپاي ئەپچىل ئورىلىپ، چىڭ چېگىلگەن داستىخاننى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇ داستىخاننى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرۋازا ئالدىغا باغلاپ قويغان ئېشىكىگە مىنىپ ئۆيگە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

مۇئەتتەرخاننىڭ كېچىككەنلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ ساراسىمىگە چۈشكەن ئەكبەرخان تاقەتسىزلىك بىلەن بىر جايدا تۇرالماي قالغانىدى. چۈش قىيىلغان بىر چاغدا، مەھەللە كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا مۇئەتتەرخاننىڭ قارىسىنى كۆرگەن ئەكبەرخان:

— تېز مېڭىڭ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە قولىنى پۇلاڭلاتتى.

مۇئەتتەرخان دەرۋازا ئالدىغا كېلە - كەلمەيلا، ئەكبەرخان ئۇنىڭدىن سوراشقا باشلىدى:

— نېمە ۋەقە بولدى ئۇززى؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، — دېدى مۇئەتتەرخان ئېشەكتىن چۈشمەيلا.

— ئەمىسە، نېمىشقا بۇنچىلا ھايال بولدىڭىز؟

— ئابدۇخالىق ئاكام بۈگۈن داستىخاننى چاپسان چىقىرىپ بەرمىدى.

— قېنى داستىخان؟

— مانا، — دېدى مۇئەتتەرخان ۋە داستىخاننى سۇندى.

ئەكبەرخان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر داستىخاننى نېمىشقا ئۇزاقتا چىقىرىپ بەرگەندۇ؟ ئۇ كېسەل بولۇپ قالدىمۇ يا؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، كېسەل بولۇپ قالسا، خەۋەر بەرمەسمىدى؟ توختا، بۇنىڭدا باشقا بىر گەپ بارمىدۇ يا؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆيگە كىرىپ داستىخاننى ئاچتى. مانا كارامەت! تاۋاق ئىچىدە گۆشى يەپ بولۇنغان بىر سۆڭەك تۇراتتى. بۇ پاقلاننىڭ ئارقا پۇتىنىڭ ئوتتۇرا يىلىك سۆڭىكى ئىدى. ئەكبەرخان سۆڭەكنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ تۆشۈكىگە قارىۋىدى، يىلىكى پاك - پاكىز سۈمۈرۈۋېلىنغان بۇ سۆڭەك ئىچىدە كىچىككىنە كانايچە قىلىپ ئوراپ كىرگۈزۈۋېتىلگەن قەغەز كۆرۈندى. ئەكبەرخان، قەغەزنى ئىتتىك تارتىپ چىقارسام يىرتىلىپ كەتمىگەي، دەپ، سۆڭەكنى هويلىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بولقا بىلەن يېنىك ئۇرۇپ چېقىپ ئىككى پارچە قىلدى - دە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەغەزنى خۇددى بىر گۆھەرنى تۇتقاندەك ئاۋايلاپ ئالدى. ئۇ نەيچە قىلىپ يۆگەلگەن قەغەزنى ئەپلەپ ئېچىپ بىر قاراپلا «ۋاھ!» دەۋەتتى. چۈنكى، بۇ ئۇچ ۋاراق قەغەز چىرايلىق پوچۇركىدا يېزىلغان شېئىر بىلەن توشقۇزۇلغانىدى. ئەكبەرخان ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئادىتى بويىچە شېئىرنى ئاهاڭغا سېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆزۈم يۇمسام بىلەلمەيمەن، ئۇزۇم ئۇخلاقمۇ - ئويغاقمۇ؟
كۆزۈم هەم ئىلغىيالماس ئۇ قارامۇ ياكى بۇ ئاقمۇ؟

قوپۇرمەن، ئولتۇرۇرمەن، ئۆز - ئۆزۈمنى هېچ بىلەلمەسمەن،
بېسىپ تۇرغان يېرىم هازىر سىلىق - غىلتاڭمۇ، تايغاقمۇ؟

سۆزى قاتتىق، كۆزى قىيپاش بۇ كەلگەن دارىن - ئامبالنىڭ،
غەزەپلىك كۆزلىرى بىزدە، مەقسىتى بىزنى چاپماقمۇ؟

گۇناھسىز بىز، ئەيىبسىز بىز، بۇ شۇملار[1] ئالدىدا قىلچە،
ۋە ياكى بىز ئۇنۇپ چىققان ئۇرۇپ تاشلاشقا چاققاقمۇ؟

جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قىلىشمايمىز بۇ شۇملاردىن، ئەمەسمىز ياكى ئاسقاقمۇ.

بۇلار قىلماقتا بىزلەرگە تۈمەن ـ تۈرلۈك ھاقارەتلەر،
بىلەلمەيمەن بۇ سۆزلەرنى، قىلىنغان بىزگە چاقچاقمۇ؟

شېئىرنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەكبەرخاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، دۈشمەن تۈرمىسىدە بىر ئۇچۇم قان ئىچكۈچى كاللا كېسەر جاللاتلار ئالدىدا! مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ ئۇلارنىڭ رەزىل سۈيقەستىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارغا قارشى باتۇرلارچە ئېلىشىۋاتقان ئارسلان كەبى غەيۇر قامەت نامايان بولدى. «مىللىتىم، خەلقىم، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، ئازادلىق دەپ مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولدىلامۇ، شائىر، ئۆزلىرىگە تۈرپاندا بىر ئۆمۈر مەئىشەتلىرى ئۈچۈن زادى نېمە يېتىشمەيتتى؟ ئۆزلىرىدە پۇل دېسە پۇل، مال دېسە مال، يەر، سۇ دېسە يەر، سۇ، ئابرۇي ـ ئىناۋەت دېسە ئابرۇي ـ ئىناۋەت ... ھەممىسى بار ئىدىغۇ؟ ھەي ئېسىت!» ئەكبەر ئايىنچلىق ئاۋازدا شۇنداق ندا قىلىۋاتقاندا، ئىچكىرىكى ئۆيدىن سەنەۋەر خېنىم ئىتتىك چىقتى. ئۇ ئېرىنىڭ قولىدىكى قەغەزگە بىر قاراپلا شائىرنىڭ شېئىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ كۆز يېشى قىلدى.

ئەكبەرخان سەنەۋەر خېنىمغا «سەۋرى قىلىڭ» دېگەندەك تەرزدە قاراپ قويۇپ، قولىدىكى قەغەزنى مۇئەتتەرخانغا سۇنۇپ:

---

[1] شۇملار — ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدۇ.

— داۋامىــــــــى ســــز ئوقۇڭ، مانا بۇ يەردىن، — دېدى كۆرسىتىپ.

مۇئەتتەرخان شېئىرنى ئەكبەرخان كۆرسەتكەن يەردىن باشلاپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

ئاتايدۇ بىزنى چەنتۇ دەپ، قوشۇپ ھايۋان بىلەن بىر سەپ،
چىداشقا زەررە تاقەت يوق، ھاياتلىق بىزگە شۇنداقمۇ؟

شۇڭا ئالدۇق تاياق - توقماق ۋە ھەم پالتا، قارا مىلتىق[1] ،
باشلىدۇق بىز ئۇلۇغ جەڭنى قارا تاغلارنى ئاتلاپمۇ...

خەۋەر تاپتىم بۇ ئەھۋالدىن، قوزغالدىن پارتلىغان بۇ جەڭ،
خۇشاللىقتىن تۇرۇپ كەتتىم، ئورۇن - كۆرپەمنى تاشلاپمۇ.

داۋاملاشتى بۇ جەڭ دەھشەت، چۆچۈتۈپ ھۆكۈمرانلارنى،
(زۇلۇمدىن تارتمىغان قولنى، گۇناھسىز ئەلنى باغلاپمۇ).

. . . . . . . . . . . . . . . . .

بۇ دۈشمەن چامدىدى ئالغا، چېكىندۇق ئاز، بۇ دۈشمەندىن،
لېكىن، غايەت ئېغىر ئەھۋال، ئاسارەتتىن قۇتۇلساقمۇ.

. . . . . . . . . . . . . . .

قېنى مۇڭداشقىلى يارەي مۇۋاپىق بارمۇ بۇ دەمدە،
ۋە يا مىسكىن پېقىر ئۇيغۇر ئاسارەتتە ئۆزى تاقمۇ!؟...

. . . . . . . . . . . . . . .

شېئىرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قاتتىق ھاياجانلىنىـــــپ كەتكەن

---

[1] قارا مىلتىق — كونا شەكىلدىكى يەرلىك مىلتىق.

ئەكبەرخان ھەربىر كۆپلېت شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا «ھە، ھە» دەيتتى. مۆئەتتەرخان شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئەكبەرخان يەنە «ھە، ھە» دەپلا ئولتۇراتتى. سەنەۋەر خېنىم ئېرىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۈنچىقماي جىم ئولتۇرۇۋاتاتتى.

— ھە، جىم بولۇپ قالدىڭىزغۇ، ئاخىرىنى ئوقۇڭ! — دېدى ئەكبەرخان.

— تۈگىدى، شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتتىم، — دېدى مۆئەتتەرخان.

ئەكبەرخان بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن ھالدا بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، سەنەۋەرخېنىم بىلەن مۆئەتتەرخانغا قاراپ دېدى:

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ شېئىرنى ھازىرچە ھېچكىمگە ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزۈم سوراپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ خاتىرە سۈپىتىدە ساقلايمىز.

ئەپسۇسكى، ئەكبەرخان سۆڭەك ئىچىدىن چىققان بۇ شېئىرنىڭ شائىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شېئىرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

# ياڭراق خىتاب

1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ھاۋا تۇتۇق ئىدى. تۇرپان يامۇل مەھكىمىسىنىڭ كەينىگە جايلاشقان تۈرمىنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياتقان كامېرنىڭ ئىشىكىنى قېرى گۇندىپاي تاڭ سەھەردە ئاچتى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز قوراللىق چېرىك تىك تۇراتتى، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا چېرىكلەرنىڭ بىر ئوفىتسېرى كامېر ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، بۇياققا چىق!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۇتىغا سېلىنغان ئېغىر كىشەننى شاراقشىتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاستا مېڭىپ ئىشىككە كەلگەندە ئوفىتسېر ئۇنىڭغا:

— بۇگۈن شېڭ زىنخۇي سەن بىلەن كۆرۈشىدىكەن، ئاۋۋال چاچ - ساقىلىڭنى ئالدۇرۇۋال، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈنچىقماي تۈرمە ھويلىسىغا چىقتى. ئۇ يەردە بىر ساتىراش ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ساتىراش بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ساتىراش داستىكى سۇدا شائىرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرىنى يۇيۇپ، ئۇۋۇلاپ يۇمشاتتى - دە، ئۇستىرىسىنى كاپلىغۇچىغا ئۇچ قېتىم كاپلىۋېتىپ، ئاۋۋال چېچىنى غىرداپ پاكىز چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ساقال - بۇرۇتىنى ياساپ قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۈز — قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئوفىتسېر ئۇنى چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدا تۈرمە ھويلىسىدىكى بىر كىچىك ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۆي ئىچىگە بىر

جوزا، بىر ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. ئوفىتسېر ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. چېرىكلەر ئىشىكتە قالدى. بىر گۈندىپاي گۆش بېسىلغان بىر تاۋاق پولۇ، بىر چەينەك چاي ئېلىپ كىردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاۋاقتا قاراپلا بۇ تائامنىڭ ئۆز ئۆيىدىن ياكى يار - بۇرادەرلىرى تەرىپىدىن كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى بىلدى - دە، بىر شۇملۇقنى سېزىپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى. ئۇ ئالدىدىكى چىنىگە قويۇلغان قىزىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ چىنىنى جوزىغا قويۇپ، تاۋاقنى قولىنىڭ كەينى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ گېلى سىقىلىپ غىققىدە بولۇپ قالغانىدى.

— تاماقنى تېز يە، زىنخۇي جانابلىرى سېنى شتابتا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئوفىتسېر توڭلۇق بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنچىقماي ئورنىدىن تۇردى، ئوفىتسېر ئالدىراپ:

— مەن سېنى ئورنۇڭدىن تۇر دېمىدىمغۇ، ئاۋۋال تاماقنى يە، قورسىقىڭنى تويغاز، بولمىسا، كېيىن پۇشايماندا قالىسەن، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوفىتسېرغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ مەردانىلىك بىلەن جاراڭلىق ئاۋازدا شېئىر ئوقۇدى:

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن بۇ خىتاب!

ئوفىتسېر ھودۇقۇپ كېتىپ، كەينىگە داجىپ ئىككى - ئۈچ قەدەم مېڭىپ، ئاندىن ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ چېرىكلەرگە ۋارقىرىدى:

— بۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەددىنى رۇسلاپ تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ پۈتتىنىڭ ئۇشۇقىنىي كېسىلگەن يالاپ جاراھەتلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ھەر بىر قەدەم ئالدىغا ماڭغىنىدا كىشەننىڭ قىرى جاراھەتكە تېگىپ پۇتى زىخ سانجىغاندەك ئاغرىيتتى. جاراھەتتىن قان ئېقىپ كىشەن بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاغرىققا پىسەنت قىلماي، كۆكرىكىنى كېرىپ، مەردانە قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى، شائىرنىڭ جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرغان غەيۇر قامىتىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي چۆچۈگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كىم سىلەرنى «بۇنداق قىل» دېدى ـ ھە؟ شۇيىنىي مۇشۇنداقمۇ قىلامسىلەر؟ دەرھال پۇتىدىكى كىشەننى ئېلىۋېتىڭلار! — دېدى ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئېلىپ كىرگەن ئوفىتسېرغا كايىپ.

ئوفىتسېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىككى چېرىك كېلىپ شائىرنىڭ پۇتىدىكى كىشەننى ئېلىۋەتتى.

شېڭ شىسەي تۇلكىلىك بىلەن:

— مەرھەمەت، قېنى، ئولتۇرۇڭ، شۇيى، بىز سىز بىلەن ياخشىراق بىر سۆزلىشەيلى، — دېدى ھىجىيىپ تۇرۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورۇندۇققا ئولتۇردى. فۇگۇەن بىر پىيالە چاي ئەكېلىپ شائىرنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى.

— خوش، شۇيى، بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن مۇقەددەم مەن سىزگە ئېيتقان گەپلىرىمنى ئويلاندىڭىزمۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى ئالماپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇراتتى. شېڭ شىسەي گېپىنى قايتا تەكرارلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنلا، شائىر ۋەزمىن ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:

— ئويلىدىم.

شېڭ شىسەي ئالدىراپ كەتتى:

— ياخشى، ياخشى، قېنى، سۆزلەڭ!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتئىي ۋە سالماق هالدا دېدى:

— مېنىڭ ئۇيلىغىنىم خەلقىمىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىقى، ئىنسانىي ياشاش هوقۇقى، مەن بۇنىڭدىن بۆلەك نەرسىنى ئويلاشنى خالىمايمەن! ...

— هې— هې— هې! — شېڭ شىسەي تۈلكىلىك بىلەن كۈلگەن هالدا دېدى، — ياشلىق قىلماڭ، ئەمدىلا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپسىز، ياش جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ ئادەمنىڭ كاللىسى قىزىپ قالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، هەر سەنەمگە دەسسەپ سالىدۇ. ئابدۇخالىق ئەپەندى، هازىر دەل پەيتى، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ يار لېۋىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىڭ، هازىرمۇ كېچىكمەيسىز، پۇرسەت تېخى بار، مەن سىزگە كېپىل بولۇپ، سىزنى قۇتقۇزۇۋالاي،

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن فۇگوەن ۋە كۆزىتىپ تۇرغان چېرىكلەر دەرهال قوراللىرىنىڭ چاقمىقىنى قايرىشقا قوللىرىنى ئۇزىتىۋىدى، شېڭ شىسەي هېلىسىنىڭ چېنىپ قېلىۋاتقىنىغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا ئالىيىپ قاراپ «تىنچ تۇرۇش» قا ئىشارەت قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولىنى كەينىگە قىلىپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن دېدى:

— مەن ئۆز جېنىمغا، بىگۇناھ ئازاب چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ جېنىغا ئىچ ئاغرىتىپ مۇشۇ يولغا ماڭغان، قاچانلا بولمىسۇن، كەلگۈسىدە هامان بىر كۈنى بىز ئۆز مەقسىتىمىزگە چوقۇم يېتىمىز.

— بۇ بالىلارچە ساددا خىيال، ئابدۇخالىق ئەپەندى، سىزنى مۇشۇ هالەتتە قالدۇرۇپ تاشلاپ كەتكەن دوستلىرىڭىز ئاخىر نېمە بولىدى؟ — سوئال نەزەرى بىلەن قارىغان شېڭ شىسەي زەهەرخەندىلىك بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى، — مەخسۇت مۇهىتى، هېسامىدىن زۇپەر، هەمدۇللا داموللا ئۆلدى، مەخمۇت مۇهىتى،

يۇنۇسبەگ، نەمەت خەلپەت، ماشىمىگلار قارا شەھەرگە قاچتى. ئىچىگلاردا روزى موللا دېگەن ئادەم ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ بىز بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىپ كاتتا ئىنئامغا ئېرىشتى. بىز روزى موللىغا چوڭ ئەمەل بەرمەكچى، سىز كۆپ ئوقۇغان، شەھەر كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەمسىز، نېمىشقا روزى موللىدىن ئۆلگە ئالمايسىز؟

— ھىم، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزەپ بىلەن، — مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، ھەمدۇللا داموللام خەلقىنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى شەرىپى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ، روزى موللىغا كەلسەك، ئۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر پەسكەش، يۇندىخور ئىت، ئۇ كىم بىر پارچە سۆڭەك بەرسە شۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋشىيدۇ، مەخمۇت مۇھىتى بولسا كۈچ توپلاپ، پۇرسەت كەلگەندە سىلەرنىڭ كۆلۈڭلارنى كۆككە سورۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن ۋاقىتلىق چېكىنگەن. سىلەرنىڭ بۇنداق زوراۋانلىق قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭلاردىن جاۋاب ئالىدىغان كۈن ئۇزۇنغا قالماي يېتىپ كېلىدۇ! ...

— بەس، ئاغزىڭنى يۇم! — ئالدىدىكى جوزىغا مۇشتلاپ ۋارقىراپ كەتتى شېڭ شىسەي تۈلكىلىك نىقابىنى بىردىنلا يىرتىپ، ۋەھشىيلىك بىلەن ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، — تېخى بىزنىڭ كۆلىمىزنى كۆككە سورىماقچىمىش! ...

ئۆينىڭ ئىچىدە بىر پەس ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭغان شېڭ شىسەي يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. سۈكۈتنى يەنە شېڭ شىسەي بۇزدى:

— بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى خالىساڭ، گۇناھىڭدىن كېچىپ، ساڭا ئەمەل، مەرتىۋە بېرىمىز. ياخشى كۈن كەچۈرىسەن، قېنى تېز بول، جاۋاب بەر، مەن يەنە كۈتۈپ تۇرالمايمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەسكىنلىك بىلەن دېدى:

— يولۋاس قاچان گەندە يېگەن يۇندىخور ئىت بىلەن بىر تاۋاقتا ئاش يېگەن؟ بىلىپ قويغىنكى، توشقاندەك قورقۇپ تىتىرەپ مەھكۇم بولۇپ مىڭ يىل ياشىغاندىن، يولۋاستەك بىر كۈن ياشاش مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەۋزەل، بولدى بەس! مەن ئەمدى ئىككى قولى قېرىنداشلىرىمنىڭ قىزىل قانلىرىدا بويالغان جاللاتلار بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ياڭراق ئاۋازدا شېئىر ئوقىدى:

تۇمەن لەنەت ساڭا خەلقتىن،
قان ئىچكۈچى ۋەھشىي زالىملار.
گۇناھسىز خەلقنى قىرغان
ۋە يىرتقۇچ ۋەھشىي زالىملار.
. . . . . . . . . . . . .

ئاچچىقىدا تىترەپ كەتكەن شېڭ شىسەي:

— جاڭ لىيەنجاڭ! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلىدى.

— بار! — دەپ ھېلىقى ئوفىتسېر ھازىر بولدى.

— بۇيرۇق ئىجرا قىلىنسۇن! — دېدى شېڭ شىسەي ۋەھشىيلىك يىغىپ تۇرغان قىيسىق كۆزلىرىنى ئاخىرقى قېتىم شائىرغا تىكىپ، — بۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار! . . .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زەبەردەست قەددىنى تىك تۇتۇپ ئۆز ئورنىدا مەردانە تۇراتتى. ئىككى چېرىك كىرىپ ئۇنىڭ پۇتىغا كىشەن سالدى، ئارقىدىنلا قولىنى كەينىگە قايرىپ ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

— ماڭ! — دېدى جاڭ لىيەنجاڭ شائىرغا بۇيرۇق قىلىپ.

— توختا، — دېدى شېڭ شىسەي ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سېنىڭ ياش

جېنىڭغا ئېچىنىمەن، سېنىڭ دەيدىغان گەپ - سۆزۈڭ يوقمۇ؟

شائىر خۇددى قەپەستىكى يولۋاستەك يۇلقۇنۇپ قەھرى - غەزىپى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھىم، ئېچىنىمەن؟! بۆرە قاچان قويغا ئېچىنغان؟! تۈلكىنىڭ توخۇغا ئېچىنىشى توخۇنى ئالداپ تۇتۇۋېلىپ يەپ يوقادىن چىقىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ بىلىپ قوي! مەنمۇ بىر ئىشقا ئېچىنىمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىردىنلا گېپىدىن توختاپ جىم تۇرۇپ قالدى.

«ئاخىر بۇ ئەيۋەشكە كېلىپ قالدىمۇ، نېمە» دەپ ئويلىغان شېڭ شىسەي ئالدىراپ سورىدى:

— خوش، ئابدۇخالىق ئەپەندى، نېمىگە ئېچىنىسەن؟

— قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ تاغچى پالگانلىرى ئاتقان قىساس ئوقىنىڭ دۈت كاللاڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتمىگىنىگە ئېچىنىمەن!! — ... دېدى شائىر غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— جاڭ لىيەنجاڭ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە جايىدا تېپىرلاپ كەتتى شېڭ شىسەي، — بۇنى دەرھال ئېلىپ ماڭ!

— خوپ! — دېگىنىچە يېتىپ كەلگەن جاڭ لىيەنجاڭ سەككىز چېرىكنىڭ قورشاۋىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى شتابتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شتابتىن چىقىپ تۇرمە تەرەپكە مېڭىۋىدى، چېرىك ئۇنى سىرتقا — كوچىغا مېڭىشقا بۇيرۇدى، شائىر پۈتىدىكى كىشەننى شاراقشىتىپ كوچىغا چىقتى. كونىشەھەرنىڭ كوچىسىدا ھەر ئون قەدەمدە بىردىن چېرىك تۇرغۇزۇلغانىدى. سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىگە پىلىموت ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭ ئەجەل چاچقۇچى ئاغزى كوچىغا قارىتىلغانىدى.

— ماڭ، تېز ماڭ! — بۇ ئاۋاز كەينىدىن ئاڭلاندى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەينىگە قارىدى، ئۇ ئۆزىدىن ئون قەدەمچە كەينىدە تۆمۈر جىساھاجىنىڭ، ئۇنىڭ ئون قەدەمچە كەينىدە نەمتۇل ھاجىنىڭ، ئۇنىڭ يەنە شۇنچىلىك كەينىدە ئارىلىق قالدۇرۇپ سۇڭ شاۋ، ئابدۇراخمان قارىي، ئاۋۇت ئاخۇن، بى سىڭپۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

يالاپ كېتىۋاتقان چېرىك ۋارقىرىدى:

— ئالدىڭغا قاراپ ماڭ!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىغا قاراپ تەمكىن قەدەم تاشلاپ كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن چىقتى. يېنىغا ئېسىۋالغان ئۇزۇن قىلىچلىرىنى پۇلاڭشىتىپ، مىلتىق تۇتقان قاچاق ئورۇس ئاق باندىتلىرى كوچىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى قامال قىلىپ تۇراتتى، ئاتلىق چېرىكلەر ئاتلىرىنى قاترىتىپ شەھەرنىڭ سىرتىنى ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى كىچىككىنە رەستىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۇكانلارنىڭ ئۆگزىلىرىگە كوچىغا قارىتىپ پىلىموتلار ئورنىتىلغان، ھەر بىر پىلىموت يېنىدا بىر توپتىن چېرىكلەر تۇرۇشاتتى. شەھەردە قاتتىق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنىدى. «غېرىبانە تۇرپان» ئۆز تارىخىدا بۇنداق ۋەھشىيانە ياۋۇز تېررورلۇقنى بېشىدىن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كالتە بازاردا كېتىۋېتىپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھەربىر ئۆي، دۇكان، دەل - دەرەخلەرگە سەپسېلىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشاتتى. مانا، غەربىي دەرۋازىدىن چىقىپ بىر چاقىرىمدەك ماڭدى. ئۇلار كوچىنىڭ شىمال تەرەپ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇتخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. يول چېتىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدىكى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ كوچا تەرەپكە ئېگىلگەن شېخىغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كۆزى چۈشتى، شۇ ھامان ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون

توققۇز يىل بۇرۇن ئون ئۈچ ياش چېغىدا مۇشۇ قاپاق تېرەكنىڭ ئاشۇ ئەگمەچ شېخىغا 1914 ـ يىلىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، ئەزگۈچى ھۆكۈمران زالىم ئەمەلدارلارنى ساراسىمىگە سېلىپ غال ـ غال تىترەتكەن باتۇر ئەمەت تاماقىنىڭ كاللىسى ئېسىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەسمىدى؟! مانا ئارىدىن ئون توققۇز يىل ئۆتۈپ ئەنە شۇ ئەگرى شاخقا يەنە بىر باتۇر ئوغلان، 1932 ـ يىلىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇستازى ۋە سەپدىشى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشى ئېسىلغىنىغا ئون كۈنلا بولغانىدىغۇ؟!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلگەن ئوتتەك يالقۇنلۇق ھېسسىياتىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ھىممىتىڭدىن، غەيرىتىڭدىن ئۆل، لېكىن ئايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر، قايرىلمىغىل.
. . . . . . . . . . . . . .
ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە، ياغەرق بول، يا تاپ گۆھەر،
شىر نە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن يانمىغىل.

تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ، سەككىز تەرەپ تىغ تەڭلىسە،
ئېلىشىپ قانغا بويال، نامۇسنى ھەرگىز ساتمىغىل.
. . . . . . . . . . . . . .
سەن ۋەتەن، مىللەت دېسەڭ، تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر، ئالىي نىشان، كۆلچەك بۇلاقتا قانمىغىل.

— نىمە دەۋاتىسەن؟ گەپ قىلماي جىم ماڭ!

چېرىكنىڭ قوپال ئۈنى شائىرنى شېئىر ئوقۇشتىن توختىتىپ قويدى. ئۇ يۆتىلىدىكى ئېغىر كىشەننى شاراقشىتىپ قەدىمىنى

تېزلەتتى.

بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن كەينى تەرەپتىن تۆمۈر جىساھاجىنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يۇرت - جامائەت، ئاڭلاپ قېلىڭلار، بۇ ئېغىر كۈنلەر ئېسىڭلاردىن چىقمىسۇن! ئوغلۇم سەمەرئاخۇن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ پىچاندا شېھىت بولغان، سەمەرئاخۇننىڭ بالىلىرى مىراس مەھرۇم[1] بولۇپ قالمىسۇن، سەمەرئاخۇننىڭ بالىلىرىغا مېنىڭ يەر، سۇ، مال - مۈلكۈمدىن بىر ئوغۇللۇق مىراس قالدۇرۇلسۇن!

تۆمۈر جىساھاجى كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ ئارىلىقىغا بارغۇچە يۇقىرىقى ۋەسىيىتىنى تەكرارلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ يېنىدا يالاپ كېتىۋاتقان چېرىكلەر ئۇنى ۋارقىراشتىن توسىغان بولسىمۇ، ئۇ پىسەنت قىلمايتتى. يېڭىشەھەرگە يېقىنلاشقاندا، تۆمۈر جىساھاجى يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى، يېنىدىكى چېرىك:

— ئۈنۈڭنى چىقارما! — دەپ تۈۋلىدى.

تۆمۈر جىساھاجى قەدىمىنى توختىتىپ بىردىنلا يەرگە زوڭزايدى، شۇ ئەسنادا ھېلىقى چېرىك:

— ئورنۇڭدىن تۇر، تېز ماڭ! — دەپ ۋارقىرىدى. تۆمۈر جىساھاجى چېرىككە ئاستا:

— بېرى كەل، — دەپ شەرەت قىلدى.

چېرىك يېقىن كەلدى. تۆمۈر جىساھاجى ئۆزىنى رۇسلاپ قەھرى - غەزىپى بىلەن تويۇقسىزلا چېرىكنىڭ چاترىقىغا بىرنى تەپتى. چېرىك ئوق تەگكەن ياۋا چوشقىدەك چىرقىراپ ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى. قولىلا باغلىنىپ، پۇتىغا كىشەن سېلىنمىغان تۆمۈر جىساھاجى يەردە ياتقان چېرىكنىڭ قۇلاق تۈۋىگە قاتتىق

---

① مىراس مەھرۇم — ئىسلام شەرىئەت ئەھكامى بويىچە، ئوغلى دادىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، بالىسىغا (دادىسىنىڭ نەۋرىسىگە) مىراس تەقسىم قىلىنماي مەھرۇم قالىدۇ.

بىرنى تەپتى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىققان چېرىك خارتىلداپ جان تالاشقىلى تۇردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەينىگە قاراپ تۆمۈر جىساھاجىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ـ دە، غەزەپلىك چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ كونىشەھەر يولىغا قاراپ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. تۆمۈر جىساھاجىنىڭ كەينىدە ئەللىك قەدەمچە نېرىسىدا يەنە بىر ئادەم قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. شۇ ئەسنادا تۆمۈر جىساھاجىنىڭ قېشىغا چېرىكلەر يېغىپ كېتىشتى. تۇشمۇ تۇشتىن تېگىۋاتقان قامچا ۋە مىلتىقلارنىڭ پاينەكلىرى بىردەمدىلا قانغا بويالدى، باتۇر، قەيسەر تۆمۈر جىساھاجىنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى تىتىلىپ تونۇغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ دەھشەتلىك پاجىئەدىن ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى ياۋۇز دۈشمەنلەر يۈز، ئىككى يۈز قەدەمدە بىر ـ بىرلەپ قەتل قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى بىلدى.

مانا يېڭىشەھەر كوچىسى باشلاندى. شەھەرنىڭ قاتتىق قامال قىلىنغان دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ شەھەر كوچىسىغا قەدەم باسقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ سەبىي، بىغۇبار بالىلىق چاغلىرى، گۈزەل، جۇشقۇن ياشلىق باھارى مۇشۇ كىچىككىنە شەھەردە ياشنىغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئوتتۇز ئىككى يىللىق ھاياتىدىكى خۇشاللىق ۋە قايغۇسى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقى، قىسقىسى، ھايات ۋە ماماتىنىڭ شاھىدى بولغان بۇ ئاۋات، قاينام ـ تاشقىن، جۇشقۇن رەستە ھازىر يۈز بەرگۈسى پاجىئەگە ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك ئېغىر سۈكۈنات ئىچىگە چۆككەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەربىر دوقمۇش، ھەربىر ئۆي، ھەربىر دۇكانغا قەدەر ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا نەزەر تاشلاپ كېتىۋېتىپ، ھېسسىياتىنى باسالمىغان ھالدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

. . . . . . . . . . . . . . .

سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيمەكنى ئۆزۈمگە ئىپتىخار بىلدىم،
سېنىڭ ھەققىڭ ئۈچۈن جاننى مىڭ كەررە نەزىر قىلدىم.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىرىدى چېرىك.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر ئوقۇشتىن توختاپ چېرىككە غەزەپلىك تۇستە بىر ئالايدى - دە، پۈتىدىكى ئېغىر كىشەننى شاراقشىتىپ مەردانە قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. بۇ يەردە چېرىكلەر تېخىمۇ كۆپ ئىدى. يېڭىشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىكرەك كەلگەن مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە چېرىك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى توختاتتى. ئەتراپتا قوراللىق چېرىكلەر مىغىلداپ كەتكەنىدى. مەيداننىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئۆگزىلەرگە پىلموتلارنىڭ ئەجەل چاچقۇچى ئاغزى مەيدانغا قارىتىلىپ ئورنىتىلغانىدى. كوچىنىڭ ھەربىر ئېغىزىنى بىر نەچچىدىن ئاق ئورۇس باندىتلىرى قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ ۋەھشىيلەرچە قاتتىق قامال قىلىپ تۇراتتى.

ۋاقىت كەچ پېشىن مەزگىلى بولغانىدى. ھېلىگەر، قۇۋ شىڭ شىسەي ئۆزى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ دەسلەپتە ياڭ فۇزىخۇينى ئالدىغا چىقارغانىدى. مانا ئەمدى غالجىرلاشقان شىڭ شىسەي ماشىنا بىلەن ئۆزى يېتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈشىگە ئوتتۇزدەك چېرىك ئۇنى دەرھال ئوتتۇرىغا ئېلىپ قورشاپ تۇردى. ئاخىرقى مىنۇتلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتراپىغا بىر نەزەر سېلىپ، قەددىنى رۇسلاپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، جاراڭلىق ئاۋازدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەسىر بوپقالدىمەن دۈشمەن قولىدا،
پۇت - قولۇم باغلاندى ئۆلۈم ئالدىدا.

چېپىلسا قىلىچتا بۇ ئەزىز تېنىم،
تۆكۈلگەي زېمىنگە پاك قىزىل قېنىم.

بىزگە بار ھەرقاچان ئۆلۈم ياكۆرۈم،
ئۆلۈمدىن قورققانىنىڭ ئۆزى بىر لۆم - لۆم.
كۆتۈرگىن باشىڭنى، تىك تۇت قەددىڭنى،
جەڭ قىلىپ ئۆلسەممەن ئېچىلغاي گۈلۈم!
. . . . . . . . . . . .

جاڭ ليەنجاڭ شائىرنى شېئىر ئوقۇشتىن چەكلىمەكچى بولغانىدى، شېڭ شىسەي شەرەت قىلىپ ئۇنى توسۇپ قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرنى ئوقۇپ بولدى. جاڭ ليەنجاڭ بىر جاللاتقا بۇيرۇق بەردى. غالجىرلاشقان جاللات رەتتە ھەممىنىڭ كەينىدە تۇرغان سۇڭ شياۋنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئۇنىڭ بوينىغا بىر قىلىچ ئۇردى. خۇيزۇ خەلقىنىڭ باتۇر پەرزەنتى سۇڭ شياۋ ھەققانىيەت ئۈچۈن ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. غالجىرلاشقان بىر توپ جاللاتلار نەمتۇل ھاجىغا قول سېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ تاشلىدى. دەل شۇ چاغدا بۇ قانلىق مەيداندا خائىن روزى موللا پەيدا بولدى. ئۇنى شېڭ شىسەي بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ باش - كۆزى قانغا مىلەنگەن بەستلىك يوغان ئادەمنىڭ تۆمۈر جىساھاجى ئىكەنلىكىنى تەستە پەرق ئەتتى - دە، سوكۇلداپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى ۋە:

— ھەي تۆمۈر، ئەمدى ھالىڭ شۇمۇ، سەن تېخى مېنى ھاقارەتلەپ، يالاڭتۆشلەرنى ئۇستۇمدىن ئامبالغا ئەرز قىلىشقا قۇترىتىسىنا!؟ — دېدى.

تۆمۈر جىساھاجى بۇ خائىننىڭ بىلجىرلاشلىرىغا پىسەنت قىلماي، قەددىنى تىك تۇتقىنىچە تۇرىۋەردى. روزى موللا: ئۇ گېپىمنى ئاڭلىماي قالدى. بولسا كېرەك، دەپ يېقىن كەلدى. دەل شۇ

چاغدا تۆمۈر جىساھاجى «تۇفى!» دەپ ئاغزىدىكى قان ئارىلاش خەپرۇكنى شالاقىدە روزى موللىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى ۋە:
— روزى موللا، سەن تولا بالدۇر خۇش بولۇپ كەتمە، بۈگۈن بىزنىڭ بويىنىمىزغا تەگلەنگەن قىلىچ ئەتىلا سېنىڭ بويىنۇڭغا تەگلىنىدۇ. ئەل قىساسى مىنەلھەق. مەن سېنىڭ بىلەن خۇدايىم بۇيرۇسا مەھشەرگاھتا ھېسابلىشىمەن! — دېدى غەزەپ بىلەن.
روزى موللا قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ بىر نېمە دېگۈچە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روزى موللىنى كۆرۈپ بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇدى:

قازاندەك قارايسۇن پەلەكنىڭ يۈزى،
جاپا بىرلەن جۇپ، ۋاپا بىرلەن تاق.
ئەيسادەك[1] كىشىگە بېرىپ بىر ئېشەك،
ئېشەكتەك كىشىگە بېرىپ مىڭ بۇراق[2].

18 ـ ئەسىردە لۈكچۈن دىيارىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر ئەخمەت خوجىنىياز ئوغلى قىسسۇرىنىڭ شېئىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بار بولغان روزى موللا شائىر ئوقۇغان بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ يۈرىكىگە گويا بىر خەنجەر سانجىلغاندەك بولۇپ تىترەپ كەتتى. چېرىكلەر ئۇنى مىلتىقلىرىنى تەگلىشىپ مەيداندىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.
جاللاتلار باتۇر، قەيسەر تۆمۈر جىساھاجىغا قول سالدى. ئاخىرقى مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى قارا پاشىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە،

① ئەيسا — ئەيسا پەيغەمبەر.
② بۇراق — رىۋايەتلەردىكى ئۇچار ئات (دۇلدۇل).

غالجىرلاشقان ئاچ بۆرىدەك ئۆزىگە ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان جاللاتلارغا قاراپ قەيسەرلىك ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئاۋۋال رۇسچە، ئاندىن خەنزۇچە، ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يالقۇنلۇق نۇتقى ھەتتا تۆمۈر جىساھاجىنى بوغۇزلاۋاتقان ئىنسان قىلىپىدىن چىققان جاللاتنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتكەچكە، ئۇ تۆمۈر جىساھاجىنى چالا بوغۇزلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى، تۆمۈر جىساھاجىنىڭ قاتتىق جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شېڭ شىسەي ھېلىقى جاللاتقا ۋارقىراپ تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ جاللات ئىسىگە كېلىپ ياۋۇزلۇق بىلەن تۆمۈر جىساھاجىنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ باتۇرنىڭ قان تامچىپ تۇرغان قىپقىزىل يۈرىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئاتىنىڭ يۈرىكىدەك چوڭ ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياڭراق ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

… — بىز تۇرپاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانىدۇق. بىزنىڭ نىشانىمىز خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى، ھۆرلۈكى ۋە باراۋەرلىك، تەڭلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. خائىننىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن بىز بۇ قانلىق پاجىئەگە دۇچ كەلدۇق، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەربىي ئۇپۇققا قاراپ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — قۇياش پۈتۈن جاھاننى يورۇتقانغا ئوخشاش، ئازادلىق نۇرى كەلگۈسىدە چوقۇم جانجان زېمىنىمىزنى يورۇتىدۇ. قۇياش بۈگۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بىلەن ئەتە يەنە چىقىپ جاھاننى يورۇتقانغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز بۇ قېتىم مەغلۇپ بولغان بىلەن ئەتە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاللاتلارغا قاراپ غەزەپ بىلەن، كەسكىن

ھالدا دېدى:

— سەنلەر بىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيسلەر، بىر پۈتۈن مىللەتنى، بىر پۈتۈن خەلقنى قىرىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس! سىلەر بىر ئابدۇخالىقنى ئۆلتۈرسەڭلار، ئەتە مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئابدۇخالىقلار باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بىزنىڭ بوينىمىزغا تەڭلەنگەن بۇ قىلىچ بىلەن، ئىزباسارلىرىمىز سەنلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆزىدىن توختاپ بىر ئاز تىنىۋېلىپ ياڭراق ئاۋازى بىلەن قاتتىق توۋلىدى:

— ياشىسۇن ئەركىنلىك، ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن زۇلۇم!

بۇ ياڭراق سادا تۇرپان ئاسمىنىدا جاراڭلاپ خەلقنى كۈرەشكە چاقىرغۇچى يالقۇنلۇق خىتاب بولۇپ يىراق - يىراقلارغا كەتتى. غال - غال تىترەپ ساراسىمىگە چۈشكەن جاللاتلار قاتتىق ھودۇقۇپ كېتىشتى.

— چاپ، تېز چاپ! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى جاللاتلار باشلىقى شېڭ شىسەي ۋەھشىيلەشكەن ھالدا قۇتراپ.

ياۋۇز جاللاتلار قانسىرىغان قىلىچلىرىنى پۇلاڭشىتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ جەسۇر، مەردانە، غەيۇر قامەت ئالدىدا بىردىنلا ھودۇقۇپ قېلىشتى.

— چاپ، نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن! — دەپ ئىككىنچى قېتىم غالجىرلارچە ۋارقىرىدى جاللاتلار باشلىقى شېڭ شىسەي ئەسەبىيلەشكەن ھالدا يەرنى قاتتىق تېپىپ، ھودۇقۇپ.

جاللاتلار ۋەھشىيلەشكەن ھالدا ئاخىر زەھەرلىك قولىنى سالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ زەبەردەس گەۋدىسى قانغا بويالدى.

ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئانا يۇرت ئاسمىنىغا قاراپ «خوش قېرىنداشلار!» دەپ كۆزىنى مەڭگۈگە يۇمدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى، ئوت يۈرەك ئوغلانىنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. تاڭ ئالدىدىكى بىر نۇرلۇق يۇلتۇز مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرۇپ ئۆچتى. بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سېلىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، تاراسلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

1985 ـ يىلى ئىيۇلدا يېزىشقا باشلاپ 2003 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىردە يېزىپ تاماملىدىم. تۇرپان — ئۈرۈمچى.

نەشر قىلدۇرغۇچى: ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: زۇلەيخا ئەزىز
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: ئىمىن ھاسىل
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر داۋۇت

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئاپتورى: مۇھەممەت شاھنىياز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 16 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2004 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2004 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—4000
ISBN7 — 228 — 08741 — 0
باھاسى: 24.00 يۈەن

بار مەگەر شائىر غېرىب، يالغۇز ياتۇر كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار...

— «ياز تۈنى» دىن

ISBN 7-228-08741-0
9 787228 087419 >

ISBN 7-228-08741-0
（民文）定价：24.00元